# موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ISBN 7-228-04999-3
·672　定价：12.50元

ISBN 7-228-04999-3

www.uyghurkitap.com



# موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى

تەرجىمە قىلغۇچى : ئەركىن شېرىپ

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# مۇندەرىجە


«موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى» ھەققىدە
(كىرىش سۆز ئورنىدا) ........ 1

بىرىنچى باب
§ 1 — § 68 ........ 1

ئىككىنچى باب
§ 69 — § 103 ........ 31

ئۈچىنچى باب
§ 104 — § 126 ........ 56

تۆتىنچى باب
§ 127 — § 147 ........ 81

بەشىنچى باب
§ 148 — § 169 ........ 104

ئالتىنچى باب
§ 170 — § 185 ........ 127

يەتتىنچى باب
§ 186 — § 197 ........ 151

سەككىزىنچى باب

§ 198 — § 208 ........................................ 171

توققۇزىنچى باب

§ 209 — § 229 ........................................ 197

ئونىنچى باب

§ 230 — § 246 ........................................ 216

## « موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى » نىڭ داۋامى

بىرىنچى باب

§ 247 — § 264 ........................................ 235

ئىككىنچى باب

§ 265 — § 282 ........................................ 261

# « موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى » ھەققىدە

## ( كىرىش سۆز ئورنىدا )

« موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى » ( ئەسلى ئىسمى « Mongghol - un ni' ucha tobchiyan » ) 13 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئەدەبىي ، سالنامە شەكلىدە يېزىلغان نادىر تارىخىي ۋە ئەدەبىي ئەسەر بولۇپ ، موڭغۇللارنىڭ ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى تارىخى ، سىياسىي ، ئىجتىمائىي ، ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي ئىشلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان ئىنتايىن قىممەتلىك تارىخىي ئەسەر ، شۇنداقلا ئېلىمىز مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ۋە دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەرلەرنىڭ بىرى . ئۇنىڭ يېزىلىشى ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى مەدەنىيەت بايلىقلىرىنىڭ كونكرېت ئىپادىلىنىشى ۋە ئېلىمىزنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىنى بېيىتقانلىقى دېيىشكىمۇ بولىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ، مەن بۇ ئەسەرنىڭ تەرجىمىسىنى كىتابخانلىرىمىغا سۇنۇشتىن ئىلگىرى ، ئالدى بىلەن ئەسەر ھەققىدە ئۆزۈمنىڭ يۈزە كۆزقارىشىمنى شەرھلەپ ئۆتىمەن .

### 1 . « موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى » نىڭ ئاپتورى ۋە ئەسلى نۇسخىسى توغرىسىدا

« موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى » ئۆگەدەي خان دەۋرىدە يېزىلىپ بولغان . كىتابنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا : « چوڭ قۇرۇلتاي ئۆتكۈزۈلۈۋاتاتتى . چاشقان يىلى 7 ـ ئايدا ، ئوردىلار كەلۈرەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



دەرياسىنىڭ كۆدەگە ئارال دېگەن يەردىكى دولوغان بولداغ ۋە شىلگىنچەگ دېگەن ئىككى تاغ ئارىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان چاغدا، بۇ كىتاب يېزىلىپ بولدى » دەپ ئاخىرلاشتۇرۇلغان، يەنى ئۆگەدەي خانىنىڭ 12 ـ يىلى، مىلادىيە 1240 ـ يىلى يېزىلىپ بولغان.

« ئوردىلار ... چاغدا، بۇكىتاب يېزىلىپ بولدى » دېگەن ئەڭ ئاخىرقى سۆزدىن ئاپتورنىڭ سالاھىيىتى ئاشكارىلىنىپ تۇرىدۇ. شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئۇ ئوردا زىيالىسى ئىدى. بۇ سۆز يەنە بۇ كىتابنىڭ خاراكتېرى ئادەتتىكى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بولماستىن، بەلكى موڭغۇل خانلىقىنىڭ مەخپىي ئوردا تارىخى ئىكەنلىكىدىن بېشارەت بېرىپ تۇرىدۇ. ئەمەلىيەتتە، خەلق ئارىسىدا كىتاب ئوقۇيالايدىغان، خەت ـ ئالاقە يازالايدىغانلار بولمىغاچقا، يازغۇچى ياكى تارىخچى دېگەنلەردىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايتتى.

يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرنى ئېلىپ ئېيتقاندا، ئەھۋالدا ئۆزگىرىش بولغان. چىڭگىز خان موڭغۇللارنىڭ ھەر قايسى قەبىلىلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىلگىرى، نايمان قەبىلىسى ئاللىبۇرۇن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى قوللىنىپ، موڭغۇللارنىڭ مىللىي يېزىقى تارىخىنىڭ سەھىپىسىنى ئاچقان. 1240 ـ يىلى، تاتاتوڭا چىڭگىز خانغا بېقىنغاندىن كېيىن، موڭغۇللار ئارىسىدا ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ دائىرىسى كېڭىيىپ كەتكەن. ئىلگىرى، تاتاتوڭا « ئەقىل ـ پاراسەتلىك، پىكىر ـ مۇلاھىزىلىك، ئۆز دۆلەت تىلىنى پۇختا بىلىدىغان » بولغانلىقتىن، تاياڭ خاننىڭ تامغاچىسى، خەزىنىچىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىشەنچىسگە مۇيەسسەر بولغان. نايمانلار يوقىتىلغاندىن كېيىن، ئۇ چىڭگىز خاننىڭ تامغاچىسى بولغان ھەمدە ئۇنىڭ پەرمانى بويىچە « شاھزادە ۋە ئوغلان تېكىنلەرگە ئۇيغۇر يېزىقىدا دۆلەت تىلىنى يېزىشنى ئۆگەت »

كەن . شاھزادە ، يەنى ئۆگەدەي خاننى ، ئوغلان تېكىنلەر ، يەنى چىڭگىز خاننىڭ باشقا ئوغۇل ۋە جىيەنلىرىنى ، دۆلەت تىلى ، يەنى موڭغۇل تىلىنى كۆرسىتىدۇ . 1206 ـ يىلى ، چىڭگىز خان رەسمىي تەختكە چىققاندىن كېيىن ، دۆلەت نامى موڭغۇل دەپ ئاتالغان . تاتاتوڭانىڭ ① « دۆلەت تىلى » ئۆگەتكەن بۇ تۇركۇم ئاقسۆڭەك زىيالىيلار چىڭگىز خاننىڭ جەمەتىدىكى تۇنجى تۇركۇم زىيالىيلار بولۇپ قالغان . شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ، ئۇيغۇر يېزىقى كەڭ يولغا قويۇلۇپ ، ئومۇميۈزلۈك قوللىنىدىغان يېزىق بولۇپ قالغان .

« موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى » نىڭ 203 § تىكى بايانىغا ئاساسەن ، شىگى قۇتۇغۇ شۇ تۇركۇم زىيالىيلارنىڭ بىرى ئىدى . بەزى تەتقىقاتچىلار مۇشۇ بايانغا ئاساسەن ،شىگى قۇتۇغنى مەزكۇر كىتابنىڭ ئاپتورى دەپ قارايدىكەن . لېكىن ، بايىر ② « بۇنداق قاراشنىڭ تولۇق ئاساسى يوق ، ئادەمنىڭ تازا ئىشەنگۈسى

① تاتاتوڭا ــ تاتاتوڭغا دەپمۇ ئاتىلىدۇ . ئۇيغۇر . ئىلگىرى نايمانلارنىڭ تاياڭ خاننىڭ ئۇستازىسى بولۇپ ، ئالتۇن تامغا ۋە خەزىنە ئىشلىرىنى باشقۇراتتى . چىڭگىز خان نايمانلارنى يوقىتىپ ، تاياڭ خاننى ئۆلتۈرۈۋەتكەندە ، ئۇ تامغىنى ئېلىپ قېچىپ كەتكەن ، ئۇزۇن ئۆتمەي تۇتۇلۇپ قالغان . ئۇ تۇتۇلۇپ قالغاندىن كېيىن ، چىڭگىز خان ئۇنىڭدىن : « سەن تامغىنى ئېلىپ نەگە قاچماقچى ئىدىڭ ؟ » دەپ سورىغاندا ، ئۇ : « تامغىنى ئېلىپ قېچىش مېنىڭ مەجبۇرىيىتىم ، مەن ئىگەمنى تېپىپ ، ئۇنىڭغا بۇ تامغىنى تاپشۇرۇپ بېرىمەن ! » دېگەن . چىڭگىز خان ئۇنىڭ سەمىمىي ، ساداقەتمەنلىكىنى تەرىپلەپ ، ئۇنى موڭغۇللارنىڭ تامغىسىنى تۇتۇشقا قويىدى . يەنە شاھزادىسى ۋە ئوغلان تېكىنلىرىگە ئۇيغۇر يېزىقى ۋە تىلىنى ئۆگىتىشكە بەلگىلىدى . ئۆگەدەي تەختكە چىققاندىن كېيىن ، ئۇنى شاھ تامغىسى ۋە خەزىنىلەرنى باشقۇرۇشقا قويىدى . ئۆگەدەي خان يەنە ئۇنىڭ خوتۇنى ئوغلان تېكىنى قاراچارنىڭ ئىنىكئانىسى قىلدى . تاتاتوڭا ئەر ـ خوتۇن ئىككىلىسى ناھايىتى ئەتىۋارلاندى . ــ « شىنجاڭ تارىخى لۇغىتى » . شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1994 ـ يىل ، 1 ـ نەشرى ، 611 ـ بەت .

② بايىر ــ « موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى » نى ھازىرقى زامان موڭغۇل تىلىغا تەرجىمە قىلغۇچى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كەلمەيدۇ » دېگەن . بۇ ھەقتە مېنىڭ قولۇمدىمۇ تولۇق ماتېرىيال بولمىغاچقا ، تارىخچى ۋە تەتقىقاتچىلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن ، بايىرنىڭ ماقالىسىدىن پايدىلىنىشقا توغرا كەلدى . ئۇ مۇنداق دەپ قارىغانىدى :

« شىگى قۇتۇغ ئىلگىرى تاتارلاردىن ئىدى ، كىچىك چېغىدا موڭغۇل قوشۇنى ئۇنى تېپىۋېلىپ ، « سوۋغا » سۈپىتىدە چىڭگىز خانىنىڭ ئاپىسى ئۆلۈن ئۈجىنگە بەرگەن . ئۆلۈن ئۈجىن ئۇنى بېقىپ قاتارغا قوشقان . شۇنىڭ ئۈچۈن ، چىڭگىز خان ئۇنى ئالتىنچى ئىنىم دەپ ئاتىغان ( « موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى » ، § 135 ) .

چىڭگىز خانىنىڭ 1 ـ يىلى ( 1206 ـ يىلى ) ، چىڭگىز خان تەختكە چىققان ۋە تۆھپىكارلارنى تارتۇقلاپ مەنسەپكە قويغان چاغدا ، شىگى قۇتۇغ كىچىك بولۇپ ، كۆرسەتكەن خىزمىتى بولمىسىمۇ ، لېكىن ئۇنى يارغۇچىلىققا قويغان . ئاشۇ مەنسەپدارلار ئىچىدە ، يارغۇچىلا ئەدىب مەنسەپدار ، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى ھەربىي مەنسەپدارلار ئىدى ( « موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى » ، § 203 ) .

چىڭگىز خانىنىڭ 6 ـ يىلى ( 1211 ـ يىلى ) 4 ـ ئايدا ، چىڭگىز خان جىن خانلىقىغا كەڭ كۆلەمدە ھوجۇم قىلغان . جىن خانلىقى بىلەن ئۈچ قېتىم ئۇرۇش قىلىش ئارقىلىق ، ئاخىر 10 ـ يىلى ( 1215 ـ يىلى ) ، جىن خانلىقىنىڭ پايتەختى جۇڭدۇ ( ھازىرقى بېيجىڭ ) نى ئىشغال قىلغان ، شۇ يىلى 5 ـ ئايدا ، شىگى قۇتۇغنى جۇڭدۇ خەزىنىسىدىكى بايلىقلارنى ئۆتكۈزۈۋېلىشقا ئەۋەتەنىدى ( « يۈەن سۇلالىسى تارىخى » ، 1 ـ جىلد ، « چىڭگىز خان ھەققىدە » . بۇ ھەقتىكى ئىشلار « موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى » ، 252 § دىمۇ تەپسىلي بايان

قىلىنغان ) .

14 ـ يىلىدىن ( 1219 ـ يىلى ) 20 ـ يىلىغىچە ( 1225 ـ يىلى ) ، چىڭگىز خان قوشۇن تارتىپ خارازىمدا يەتتە يىل ئۇرۇش قىلغاندا ، شىگى قۇتۇغ ئۇرۇشقا ئىزچىل قاتناشقان . بەزىدە ئۇ چىڭگىز خاننىڭ ئالغىنچى قوشۇنىغا قوماندانلىق قىلىپ ئۇرۇش قىلغان ، جالالىدىن تەرىپىدىن بىر قېتىم مەغلۇپ قىلىنغان . بۇ ھەقتىكى ئىشلار « يۈەن سۇلالىسى تارىخى » ، 1 ـ جىلد ، « چىڭگىز خان ھەققىدە » بىلەن « موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى » دە بايان قىلىنغان .

يۇقىرىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى شىگى قۇتۇغنىڭ چىڭگىز خان دەۋرىدىكى ئىش ئىزلىرى . ئۆگەدەي خان دەۋرىدە ، 1231 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ، قارا دىۋان تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن ، شىگى قۇتۇغ ئوردىدىن يۆتكىلىپ ، موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ مەركىزىي ئورگىنىدا ئىشلىمەيدىغان بولغان .

ئۆگەدەي خاننىڭ 4 ـ يىلى ( 1232 ـ يىلى ) 3 ـ ئايدا ، شىگى قۇتۇغ بىلەن مۇقالىنىڭ چوڭ ئوغلى تاش خېنەننى بېسىۋالغان ( « يۈەن سۇلالىسى تارىخى » ، 119 ـ جىلد ، « مۇقالى ھەققىدە » ) . شۇ ئايدا ، ئۇلار مۇقالى بىلەن بىرلىشىپ ، جىن خانلىقىنىڭ نەنجىن شەھىرى ( ھازىرقى خېنەننىڭ كەيفېڭ شەھىرى ) گە ھوجۇم قىلغان ( « زەپەرنامە » گە قاراڭ ) .

ئۆگەدەي خاننىڭ 6 ـ يىلى ( 1234 ـ يىلى ) 1 ـ ئايدا ، موڭغۇل قوشۇنى جىن خانلىقىنى مەغلۇپ قىلغان . 7 ـ ئايدا ، شىگى قۇتۇغ جۇڭجۇ ( ھازىرقى خېنەن ) نىڭ يارغۇچىلىقىغا قويۇلغان ( « يۈەن سۇلالىسى تارىخى » ، 2 ـ جىلد ، « ئۆگەدەي خان ھەققىدە » ) . 5 ـ ئايدا ، دالان داباستا ئاقسۆڭەكلەر قۇرۇلتىيى ئۆتكۈزۈلۈپ ، موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ ياسىقى ئېلان

قىلىنىپ، جەنۇبىي سۇڭغا ھوجۇم قىلىش توغرىسدا بەلگىلىمە چىقىرىلغان ...

7 ـ يىلى ( 1235 ـ يىلى ) ئەتىيازدا، شىگى قۇتۇغ ئوغلان تېكىين كۈچ بىلەن پەرمانغا بىنائەن، سۇڭ خانلىقىغا ھوجۇمغا ئاتلانغان ( « يۈەن سۇلالىسى تارىخى »، 2 ـ جىلد، « ئۆگەدەي خان ھەققىدە » ). يۈەن سۇلالىسىنىڭ جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرۈشىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئۇزۇن مۇددەتلىك ئۇرۇشى مانا مۇشۇنىڭدىن باشلانغان.

ئۆگەدەي خانىنىڭ 8 ـ يىلى ( 1236 ـ يىلى ) 7 ـ ئايدا، شىگى قۇتۇغ پەرمانغا بىنائەن جۇڭجۇدىكى نوپۇسنى ئېنىقلاتىستىكا قىلىپ، 1 مىليون 100 مىڭ نوپۇسنى ئوردىغا مەلۇم قىلغان ( « يۈەن سۇلالىسىنىڭ خەت ـ چەكلىرى »، 57 ـ جىلد ۋە « يۈەن سۇلالىسىنىڭ تارىخى. ئۆگەدەي خان ھەققىدە » ). بۇ چاغدا، ئۇ جۇڭجۇدا يارغۇچىلىق ۋەزىپىدە ئىدى.

... ...

يۇقىرىقىلار شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، 1236 ـ يىلى 7 ـ ئايدا، شىگى قۇتۇغ جۇڭجۇدا يارغۇچىلىق ۋەزىپىدە ئىدى، لېكىن « موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى » 1240 ـ يىلى 7 ـ ئايدا يېزىلىپ بولغان، ئارىلىق پەقەت تۆتلا يىل. شىگى قۇتۇغقا ئوخشاش مۇھىم ھەربىي ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان ئادەمنىڭ قىسقىغىنە تۆت يىل ئىچىدە، ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلاردا موڭغۇللارنىڭ نەسلىدىن تارتىپ 1240 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ماتېرىياللارنى توپلاپ، سىستېمىلىق رەتلەپ ۋە تەتقىق قىلىپ، « موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى » دەك يىرىك ئەسەرنى يېزىپ چىقالىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ئۇلاردىن باشقا، ئۇنىڭ تۇرغان مۇھىتى، ئۈستىگە ئالغان ۋەزىپىسىمۇ ئەسەر يېزىشقا يار بەرمەيدۇ. جۇڭجۇ

تارىختىن بۇيان تالىشىپ كېلىنىۋاتقان مۇھىم جاي ئىدى. موڭغۇللار ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم ئىدى... شىگى قۇتۇغنىڭ ۋەزىپىسى جۇڭجۇدىن ئىبارەت بۇ ئىستراتېگىيىلىك ئورۇندىكى ھۆكۈمرانلىقنى مۇستەھكەملەش ھەمدە سۇڭ خانلىقى بىلەن ئۇرۇش قىلىپ، جەڭ نەتىجىلىرىنى كېڭەيتىش ئىدى. ئۇ «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى» نى يازىمەن دەپ، ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلماي، كەلۇرەن دەرياسىنىڭ كۆدەگە ئارال دېگەن يېرىگە بېرىشى مۇمكىن ئەمەس.

بۇلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى» نىڭ ئاپتورى شىگى قۇتۇغ بولۇشى مۇمكىن دەيدىغان كۆزقاراشنىڭ تولۇق ئاساسى يوق. بىزنىڭ قارىشىمىزچە، شىگى قۇتۇغ ۋە باشقا ھەرقانداق ئادەملەرنىڭ «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى» نى يازغان دېگەن كۆزقاراشتىن چىڭگىز خان ۋە ئۆگەدەي خاننىڭ پۈتۈكچىلىرى يازغان دېگەن كۆز قاراش ئاساس بولالايدۇ.

……

چىڭگىز خان ۋە ئۆگەدەي خاندىن ئىبارەت ئىككى سۇلالىدە بىر يۈرۈش پۈتۈكچىلەر گۇرۇپپىسى بار ئىدى. ئەلۋەتتە، بىز ھازىر ئۇ گۇرۇپپىدىكىلەرنىڭ تەپسىلىي ئەھۋالىنى بىلىشكە ئامالسىزمىز. لېكىن، توپلىغان ماتېرىياللىرىمىزغا ئاساسەن، ئۇنىڭ كۆلىمىنىڭ خېلى چوڭ ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز. مەسىلەن:

سەڭگىتۇ — تاڭغىتلاردىن، چىڭگىز خاننىڭ پۈتۈكچىسى، قوشۇمچە يالماچى، يەنى تۇڭچىسى. مەڭگۇ (مۆڭكە) خان دەۋرىدە، ئۇنىڭ ئوغلى تۆرچى پۈتۈكچىلىككە قويۇلغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



گەسمەلى — قوز ئوردۇدىن، ئىلگىرى قارا قىتان خانى گۇرخاننىڭ نۆكىرى ئىدى. چىڭگىز خانغا بېقىنغاندىن كېيىن، جەبە بىلەن قالدۇق نايمانلارنى يوقىتىپ، كۈچلۈك خاننى ئۆلتۈرۈشتە ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتكەنلىكتىن، پۇتۇكچىلىككە قويۇلغان. ئۆگەدەي خاننىڭ 11 ـ يىلى ( 1239 ـ يىلى ) 6 ـ ئايدا، ئۇنىڭ ئىككىنچى ئوغلى مۇلۇك پۇتۇتچىلىككە قويۇلغان. مەڭگۇ ( مۆڭكە ) 5 ـ يىلى ( 1255 ـ يىلى ) 5 ـ ئايدا، گەسمەلى قازا تاپقان.

نىمغا جوڭشەن — جۇرجىتلاردىن. جىن خانلىقىنىڭ ئاقسۆڭەكى، تۇتقۇن سالاھىتى بىلەن موڭغۇل خانلىقىغا كەلگەندىن كېيىن، چىڭگىز خاننىڭ ئىشەنچىسگە مۇيەسسەر بولۇپ، پۇتۇكچىلىككە قويۇلغان. ئۆگەدەي خاننىڭ 3 ـ يىلى ( 1231 ـ يىلى ) 8 ـ ئايدا، دىۋان سول قول ۋەزىرلىكىگە ئۆستۈرۈلگەن.

ساكىس — ئۇيغۇر. چىڭگىز خاننىڭ كىچىك ئىنىسى ئوتچىگىننىڭ پۇتۇكچىسى بولغان.

سەچەگۇر — غورۇلاس قەبىلىسىدىن. 1206 ـ يىلى، چىڭگىز خان خىزمەت كۆرسەتكەن تۆھپىكارلارنى تارتۇقلاشتا، ئۇنى مىڭبېشىلىققا قويغان، كېيىن پۇتۇكچىلىككە قويغان.

كەرەيگە — موڭغۇللارنىڭ كەرەي قەبىلىسىدىن. ئۇ چىڭگىز خاننىڭ سىرداش دوستى ۋە پۇتۇكچىبېشى ئىدى... 1206 ـ يىلى، كەرەيگەنىڭ چوڭ ئاكىسى توق بۇقا، ئۇچىنچى ئىنىسى شىرا ئوغۇل مىڭبېشىلىققا قويۇلغان. كەرەيگە قازا تاپقاندىن كېيىن، شىرا ئوغۇلنىڭ چوڭ نەۋرىسى يەسەن بۇقا پۇتۇكچىبېشىلىققا قويۇلغان.

بۇنىڭدىن شۇ ئايانكى، چىڭگىز خان ۋە ئۆگەدەي خاندىن

ئىبارەت ئىككى خانلىقنىڭ پۈتۈكچىلىرى مۇشۇ بىر نەچچە كىشىلەرلا بولماسلىقى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى تارىخ دەپتىرىگە تولۇق يېزىلمىغان بولۇشى مۇمكىن. پۈتۈكچى «خاننىڭ تارىخ يازغۇچىسى» بولغانىكەن، ئۇنداقتا ئۇلار تارىخ تەتقىق قىلىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانماي قالمايدۇ. يەككە پۈتۈكچىلىكنىلا ئالساق، ئۇ ئۆتكەن تارىخنى يېزىپ قالدۇرۇش، يەنە خاننىڭ سۆز - پەرمانلىرىنى خاتىرىلەشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق ئىدى.

......

يۇقىرىدىكىلەرنى يىغىنچاقلىغاندا، «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى» نىڭ ئاپتورى باشقىلار بولماستىن، ئۇلۇغ قول ۋەزىر جىڭقاي، پۈتۈكچىبىشى كەرەيگە، پۈتۈكچى سەچەگۈر قاتارلىقلار دەپ قارايمىز...

چۈنكى، جىڭقاي① ئۇلۇغ قول ۋەزىر، سىياسىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۇ سىياسىينىڭ سېپىنى تۇتىدىغان، ئوردا ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ئاساسلىق ۋەزىرلەرنىڭ بىرى ئىدى.

---

① جىڭقاي — (1169 — 1251) موڭغۇللارنىڭ كەرەي قەبىلىسىدىن. يەنە بىر ئېيتىمشلاردا فامىلىسى «تيەن» بولۇپ، ئۇيغۇر بايلىرىنىڭ بالىسى ئىكەن. ئىلگىرى چىڭگىز خانغا بېقىنىپ، بالجۇن دەرياسىنىڭ سۈيىنى ئىچىپ قەسەميەد قىلغان سەركەردىلەرنىڭ بىرى. ئۇرۇشتا خىزمەت كۆرسەتكەنلىكتىن، مىڭبېشىلىققا قويۇلغان. كېيىن ئەسىرلەرنى باشلاپ ئارغان (ئالتاي تېغىنىڭ شەرقىي جەنۇبى) دا بوز يەر ئۆزلەشتۇرۇپ، جىڭقاي شەھىرىنى قۇرغان. چىڭگىز خاننىڭ 15 - يىلى (1220 - يىلى)، ئەۋلىيا چۇچۇجى غەربىي يۇرتقا زىيارەتكە كېلىپ، مەزكۇر شەھەرگە كەلگەندە، ئۇ چۇچۇجىنى غەربىي يۇرتتىن ئۇزۇتۇپ قويغان. يەنە جوچى بىلەن شىمالغا يۈرۈش قىلىپ، قىپچاق، ئۇرۇس قاتارلىقلارنى بېقىندۇرغان. ئۆگەدەي خاننىڭ 3 - يىلى (1231 - يىلى)، پۈتۈكچى بولۇپ ئۆسكەن. خەنزۇلار ئۇنى دىۋان ئۇلۇغ قول ۋەزىرى دەپ ئاتايدۇ. ئۇ ئۇيغۇرچە خەت - چەكلەرگە مەسئۇل ئىدى. مەڭگۈ (مۆڭكە) خاننىڭ 2 - يىلى (1252 - يىلى)، ئۆگەدەي نىڭ خانىشى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولغانلىقتىن، ئۆلتۈرۈلگەن. — «شىنجاڭ تارىخى لۇغىتى»، 1996 - يىلى نەشرى، 717 - بەت.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



كەسپىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، پۈتۈكچىلىك ۋەزىپىسىنى قوشۇمچە ئۆتىگەن. ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدە ۋە قاتنىشىشىدا « موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى » نى يېزىش مۇقەررەر ئىدى. شۇ تىگىنىڭ « قارا تاتارلار تەزكىرىسى » دە موڭغۇل خانلىقىنىڭ خەنزۇچە خەت ـ چەكلىرىنى ئىرا چۇساي باشقۇراتتى، لېكىن كېيىنكى چاغلاردا، جىڭقاي ئۇلارنى ئۇيغۇر يېزىقىدا يازىدىغان بولۇپ، « چۇسايدىن ئېھتىيات قىلاتتى » . يوللىغ چۇساي موڭغۇل بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۆگەدەي خانىنىڭ ئىشەنچىسىگە مۇيەسسەر بولۇپ، مۇھىم ۋەزىپىنى ئۆتەپ، قارا دىۋاننىڭ ئاساسلىق ئادىمى بولۇپ قالغاچقا، ئۇنىڭدىن ئېھتىيات قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق ئىدى، دېيىلگەنىدى. بىراق، موڭغۇل خانلىقى « ئۆز ۋە يات » نى بەك پەرقلەندۈرەتتى، باشقا مىللەتلەردىن بولغان بەزى ئەمەلدارلارغا بەك ئىشىنىپ كەتمەيتتى، بۇ ئەمەلىيەت. شۇ تىگىنىڭ بايانى يەنە بىر جەھەتتىن جىڭقاينىڭ خاننىڭ ئىشەنچلىك ئادىمى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

كەرىيگەگە كەلسەك، ئۇ چىڭگىز خاننىڭ سىرداش دوستى، سىياسىي جەھەتتىكى ئادىمى بولغاچقا، ئۇنىڭدا شەك يوق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، ئۇ ھەم خانلىقنىڭ پۈتۈكچىبېشى، ھەم تارىخ ـ ئەدەبىيات گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى ئىدى. تارىخ يېزىش ئۇنىڭ كەسپى ئىدى. بۇنداق ئادەم نېمە دەپ « موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى » نى يېزىش ئىشلىرىغا قاتناشمايدىكەن ؟

سەچەگۇرمۇ ئوخشاش. دەسلەپتە ئۇ مېڭبېشىلىققا قويۇلغان، موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنى بەرپا قىلىشتا تۆھپە قوشقان ۋەزىر. كېيىن تۇرغاۋۇللار پۈتۈكچىلىكىگە يۆتكىلىپ، خاننىڭ ۋەزىرى بولۇپ، مەخسۇس پۈتۈكچىلىك خىزمىتىنى ئىشلىگەن.

مەيلى قايسى جەھەتتىن بولسۇن، «موگغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى» نى تولۇقلاشتا، ئۇنىڭ بولماسلىقى ۋە ئۇنىڭ قاتناشتۇرۇلماسلىقى مۇمكىن ئەمەس.»①

يۇقىرىقىلار بايىرنىڭ مەزكۇر كىتابنىڭ ئاپتورى ھەققىدىكى كۆزقارىشى بولۇپ، تارىخچىلار ۋە تەتقىقاتچىلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈنلا تىلغا ئېلىپ ئۆتتۇم. چۈنكى، مەزكۇر كىتاب دەسلەپتە ئۇيغۇر يېزىقىدا موگغۇلچە يېزىلغان، لېكىن ئەسلى نۇسخىسى يىتىپ كەتكەنلىكتىن، كېيىن موگغۇللار خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسى نۇسخىسىغا ئاساسەن، موگغۇلچىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن. خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسى دېگىنىمىز، مىڭ سۇلالىسىدە، خەنزۇچە بەش يۈز نەچچە خەت بىلەن ئەسلى تېكىستتىكى سۆزلەرنى جۈملىمۇجۈملە ئوقۇلۇشى بويىچە يېنىغا ئاھاڭ تەرجىمىسىنى يېزىپ ماڭغان. مەزكۇر كىتابنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى، بىرىنچى، ئاھاڭ تەرجىمىسىنى بەرگەن. يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمدەك، جۈملىمۇجۈملە ئوقولۇشى بويىچە خەنزۇچە خەت بىلەن يېنىغا ئاھاڭ تەرجىمىسىنى يېزىپ ماڭغان؛ ئىككىنچى، مەنە تەرجىمىسىنى بەرگەن. ھەر بىر سۆزلۈكنىڭ يېنىغا مەنىسىنى تەرجىمە قىلىپ، بۆلەكلەر بويىچە تەرجىمە قىلغان؛ ئۈچىنچى، ئومۇمىي تەرجىمىسىنى بەرگەن. ھەر بىر پاراگراف تۈگىگەندىن كېيىن، خۇلاسە تەرىقىسىدە ئومۇمىي تەرجىمىسىنى ئايرىم بەرگەن. بۇنداق قىلىشتىكى مەقسەت، مىڭ سۇلالىسى خانلىقى ئەلچىلىرىنىڭ موگغۇلچە سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، باردى ـ كەلدىلەردە تىل توسالغۇلىرىغا ئۇچرىماي، مەقسەت ـ مۇدىئالىرىنى بىۋاستە يەتكۈزۈش ئۈچۈن، يۇقىرىقىدەك

① «موگغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى»، موگغۇلچە نۇسخىسى. ئىچكى موگغۇل خەلق نەشرىياتى، 1981 ـ يىل 1 ـ نەشرى. بايىرنىڭ كىرىش سۆزىدىن پايدىلىنىلدى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



تەرجىمە ئاساسىدا تىل ئۆگىنىش ئۇسۇلىنى قوللانغان. مەيلى قانداق بولمىسۇن، ئەسلى نۇسخىسى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغانلىقىدا شەك يوق، ئۇنىڭ ئاپتورى باير ئوتتۇرىغا قويغانلاردىن يەنە باشقىلار چىقىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. بۇ ھەقتە كۆپ ئىزدىنىپ، تەتقىقاتىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇرىدىغان بولساق، تېخىمۇ مول ماتېرىياللارغا ئېرىشەلەيمىز.

## 2. « موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى » نىڭ مەزمۇنى ۋە خاراكتېرى توغرىسىدا

يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىدەك، « موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى » نىڭ ئالدىنقى قىسمى چىڭگىز خان دەۋرىدە، داۋامى ئۆگەدەي خان دەۋرىدە ئۇيغۇر يېزىقىدا موڭغۇلچە يېزىلغان. ئۇ موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنى قۇرغان ئۇلۇغ شەخس چىڭگىز خان ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئۆگەدەي خانىنىڭ ھەمدە باشقا كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي، بولۇپمۇ ھەربىي پائالىيەتلىرى خاتىرىلەنگەن، كىشىلەرنى مەپتۇن قىلىدىغان ئېغىز ئەدەبىياتى شەكلىدىكى نادىر ئەسەر بولۇپ، قەدىمكى كۆچمەن چارۋىچىلار جەمئىيىتىدىكى ھەر خىل شەخسلەرنىڭ ئوبرازى، ھەر قايسى ئۇرۇق، قەبىلە، ئۇلۇسلارنىڭ ئەھۋالى جانلىق تەسۋىرلەنگەن. ئەسەرنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇنى مۇنۇ بىر قانچە مەزمۇنغا بۆلۇشكە بولىدۇ:

بىرىنچى، چىڭگىز خانىنىڭ نەسىل ـ زاتى: بۇنىڭدا بىرىنچى بابتىن باشلاپ چىڭگىز خانىنىڭ تۇغۇلۇشتىن ئىلگىرىكى ئەجدادلىرىنىڭ تارىخى رىۋايەت شەكلىدە سۆزلىنىدۇ.

ئىككىنچى، چىڭگىز خانىنىڭ ئۆسمۈرلۈك دەۋرى: بۇنىڭدا چىڭگىز خانىنىڭ تۇغۇلغاندىن باشلاپ توي قىلىشتىن ئىلگىرىكى

تارىخى سۆزلىنىدۇ .

ئۈچىنچى ، چىڭگىز خاننىڭ توي قىلغاندىن كېيىن ۋاڭ خان ۋە جامۇقا بىلەن بىرلىشىشى : بۇنىڭدا چىڭگىز خاننىڭ توي قىلغاندىن باشلاپ ، ئارىلىقتا ۋاڭ خان ۋە جامۇقا بىلەن بىرلىشىشىدىن جامۇقا بىلەن بۆلۈنۈپ كېتىش جەريانى سۆزلىنىدۇ .

تۆتىنچى ، چىڭگىز خاننىڭ موڭغۇللارنىڭ ئۆز قەبىلىسىنىڭ خانلىقىغا سايلىنىپ ، دەسلەپكى تەشكىللىشى ۋە قوشنا ئۇرۇق ـ قەبىلىلەرنى قوشۇۋېلىشى : بۇنىڭدا چىڭگىز خاننىڭ ھەرقايسى ئۇرۇق ـ قەبىلىلەرنىڭ ئاقساقاللىرىنى يېنىغا تارتىشتىن موڭغۇللارنىڭ ئۆز قەبىلىسىنىڭ خانلىقىغا سايلىنىش ھەمدە بۇرى بۆكەنى ئۆلتۈرۈۋېتىش جەريانى سۆزلىنىدۇ .

بەشىنچى ، چىڭگىز خاننىڭ كۈيتەن ئۇرۇشىدا جامۇقانى مەغلۇپ قىلىشى ۋە تايچىغۇتلارنى يوقىتىشى : بۇنىڭدا 1201 ـ يىلىدىن باشلاپ ، جامۇقانىڭ ئىگىلىك تىكلىشىدىن چىڭگىز خاننىڭ تايچىغۇتلارنى يوقىتىش جەريانى سۆزلىنىدۇ .

ئالتىنچى ، چىڭگىز خاننىڭ ۋاڭ خان بىلەن ئۇرۇش قىلىشى : بۇنىڭدا چىڭگىز خاننىڭ ۋاڭ خان بىلەن دوستلۇقتىن دۈشمەنلىشىپ قېلىپ ، ئۇنى يوقىتىش جەريانى سۆزلىنىدۇ .

يەتتىنچى ، چىڭگىز خاننىڭ نايمانلارنى بويسۇندۇرۇشى ، كۈچلۈك خاننىڭ قېچىپ كېتىشىدىن جامۇقانىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشى : بۇنىڭدا چىڭگىز خاننىڭ شۇ چاغدىكى كۆچمەن چارۋىچىلار ئىچىدىكى كۈچلۈك سانىلىدىغان نايمانلارنى بويسۇندۇرۇش ، كۈچلۈك خاننىڭ مەغلۇپ بولۇپ يات يۇرتقا قېچىپ كېتىش ۋە جامۇقانىڭ پائالىيەتلىرى ھەمدە ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش جەريانى ناھايىتى تەپسىلىي سۆزلىنىدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



سەككىزىنچى، 1206 ــ يىلى، چىڭگىز خاننىڭ « چىڭگىز خان » دېگەن نام بىلەن ئاتىلىپ، ھەسسە قوشقان تۆھپىكارلارنى تارتۇقلىشى، كېزەكچىلەرنى كېڭەيتىشى: بۇنىڭدا چىڭگىز خاننىڭ « چىڭگىز خان » دېگەن نام بىلەن ئاتالغاندىن كېيىن، ئۇلۇسنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتە ھەسسە قوشقان تۆھپىكارلارنى تارتۇقلاش، توقسان بەش مىڭبېشىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ تۇرۇپ ۋەزىپىگە قويۇش، كۆرسەتكەن خىزمەتلىرىنى مەدھىيلەش، كېزەكچىلەرنى باشقىدىن رەتلەپ كېڭەيتىپ، ئۇلارنى 14 مىڭغا يەتكۈزۈپ، قاتتىق تۈزۈم بەلگىلەش جەريانى سۆزلىنىدۇ. بۇ بەلگىلىمە ۋە تۈزۈملەر ئېلىمىز تارىخىدا ئىنتايىن موھىم تارىخىي قىممەتكە ئىگە.

توققۇزىنچى، چىڭگىز خاننىڭ ئورماندىكى خەلقنى بويسۇندۇرۇشى ۋە كۆكچۇنى يوقىتىشى: بۇنىڭدا چىڭگىز خاننىڭ ئورماندىكى ھەرقايسى قەبىلىلەرنى بويسۇندۇرۇپ، قارىمىقىغا ئۆتكۈزۈۋالغاندىن كېيىن، ئەلنى قايمۇقتۇرۇپ، سۇخەنچىلىك قىلغان شامان دىنى باخشىسى كۆكچۇ ( تەب تەڭرى ) نىڭ ئىمتىيازىنى بىكار قىلىپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىش ۋە ئەلنى ئۇيۇشتۇرۇش جەريانى سۆزلىنىدۇ.

ئونىنچى، جىن خانلىقى، غەربىي شيا ۋە خارازىملارنى بېقىندۇرۇشى: چىڭگىز خان جىن خانلىقى، غەربىي شيالارنى بېقىندۇرۇپ، ئۆزىنى كۈچلەندۈرگەندىن كېيىن، ئوغلان تېكىنلىرى بىلەن خارازىمنى بويسۇندۇرۇش ۋە سەلتەنەت بىلەن ياۋروپاغا يۈرۈش قىلىپ، ئۇ يەرلەردىكى كۈچلۈك ئەللەرنى بېقىندۇرۇش جەريانى سۆزلىنىدۇ.

ئون بىرىنچى باب، چىڭگىز خاننىڭ غەربىي شيانى يوقىتىشقا قايتا يۈرۈش قىلىشى ۋە ئاغرىش بىلەن قازا تېپىشى: بۇنىڭدا چىڭگىز خاننىڭ غەربىي شيانى يوقىتىشقا قايتا يۈرۈش

قىلىشى ۋە ئاتتىن يىقىلىپ چۈشۈپ ئاغرىپ قېلىشى بىلەن قازا تېپىش جاريانى سۆزلىنىدۇ.

ئون ئىككىنچى، ئۆگەدەي خاننىڭ دادىسى چىڭگىز خاننىڭ ۋەسىيىتى بويىچە خانلىق تەختىگە چىقىپ، جىن خانلىقىنى يوقىتىش، چوڭ ئوغلىنى غەربكە ئۇرۇشقا ئەۋەتىش قاتارلىق ھەمدە خان بولغاندىن كېيىن قىلغان تۆت ياخشى ئىشى ۋە ئۆتكۈزگەن تۆت خاتالىقى ئۈستىدە توختالغانلىق جەريانى سۆزلىنىدۇ.

«موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى» چىڭگىز خاننىڭ ئىلگىرىكى يىگىرمە ئىككىنچى زاتى بۆرتە چىنو ۋە غوۋا مارالدىن باشلىنىپ، ئۆگەدەي خاننىڭ 12- يىلىغىچە بولغان 500 يىل ئۆپچۆرىسىدىكى تارىخىي تەرەققىيات جەريانى بايان قىلىنىدۇ. ئۇ بىر تەرەپتىن موڭغۇللار جەمئىيىتىنىڭ ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمى دەۋرىدىكى تۇرمۇش ئەھۋالى، ھەر قايسى ئۇرۇقلارنىڭ قانداق تەرەققىي قىلىپ قەبىلە بولۇپ ئۇيۇشقانلىق، يەنە قەبىلىدىن قانداق تەرەققىي قىلىپ قەبىلىلەر ئىتتىپاقى بولۇپ ئۇيۇشقانلىق جەريانى كونكرېت بايان قىلىنسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمىنىڭ ئىچكى قىسمىدا، قۇللۇق ئىگىدارلىق تۈزۈمىنىڭ قانداق پەيدا بولغانلىقى ۋە قانداق تەرەققىي قىلغانلىقى، قۇللارنى بولاش ئۇرۇشىنىڭ قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا يەنە قانداق تۈرتكە بولغانلىقى، ئاخىر قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ كونا شەكلىنىڭ ئورنىنى ئېلىپ، بىرلىككە كەلگەن قۇللۇق ئىگىدارلىق تۈزۈمىدىكى دۆلەتنى بەرپا قىلىش تارىخى جانلىق تەسۋىرلىنىدۇ.

شۇ چاغدىكى موڭغۇللار تەۋەسىدە شەكىللەنگەن قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنى تاتار، مەركىت، كەرەي، نايمان ۋە جامۇقا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

باشچىلىقىدىكى جادااران قاتارلىق قەبىلىلەر ئىتتىپاقى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، موڭغۇللار ئىقتىساد، مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردە بىر قەدەر قالاق ئىدى. لېكىن، بىر قەدەر قالاق بولغان موڭغۇللار تەرەققىي قىلىپ، چىڭگىز خاننىڭ ئۇلۇغ بوۋىسى قابۇل خان دەۋرىگە كەلگەندە بىخ ھالەتتىكى قۇللۇق تۈزۈمدىكى دۆلەت پەيدا بولۇشقا باشلىغان. يەنە ئامباغاي خان، قۇتۇلا خانلاردىن كېيىن، چىڭگىز خان دەۋرىگە كەلگەندە، ئۇ تەدرىجىي ئەتراپىدىكىلەرنى يوقىتىپ، ئۆز ئۇرۇقى ئىچىدىكى ۋە سىرتىدىكى دۈشمەنلەشكەنلەرنى ھەر خىل سىياسىي ۋە ھەربىي يوللار ئارقىلىق يوقاتقان. مۇشۇ خىل يوللار ئارقىلىق بارا ـ بارا كۈچەيگەندىن كېيىن، ئاخىر بۆلەك ـ تالاڭ قىلىش ئۇرۇشىنى قوللىنىپ، ھەرقايسى قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆز ئارا تالان ـ تاراج قىلىش ئۇرۇشلىرىغا خاتىمە بېرىپ، چىڭگىز خاننىڭ ئۇرۇقى ئاساس قىلىنغان قۇلدار ئاقسۆڭەكلەر ئاساسىدىكى بىرلىككە كەلگەن ئىمپېرىيىنى قۇرغان.

چىڭگىز خان موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنى قۇرغاندىن كېيىن، دۇنيانى زىلزىلىگە سالىدىغان تالان ـ تاراج خاراكتېرلىك جازا يۈرۈشىنى باشلىغان. كىتاب مەزمۇنىدىن قارىغاندا، چىڭگىز خاننىڭ جىن خانلىقىغا ئەسكەر سېلىشى، ئۇلارنىڭ ئۇنىڭ ئاتا ـ بوۋىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىك قىساسىدىن قوزغالغان. خارازىمغا بېسىپ كىرىشى، ئۇلارنىڭ ئۇنىڭ ئەۋەتكەن ئەلچىلىرىنى سەۋەبسىز ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىدىن قوزغالغان. ياۋروپاغا ئاتلىنىشى، ئۇنىڭ كونا دۈشمەنلىرىنى قوغلاش نەتىجىسىدىن بولغان. مۇشۇ جەرياندا، ئۇ يېڭىدىن گۈللەنگەن، مەركەزلەشكەن، قۇدرەت تاپقان قۇللۇق تۈزۈمدىكى دۆلەتنىڭ كونا، پادىشاھلىق، فېئوداللىق دۆلەتنى ئىستېلا قىلغانلىق تارىخىنى ياراتقان.

## 3 . « موگغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى » توغرىسىدىكى تەتقىقاتلار

« موگغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى » يۇقىرىدا بايان قىلىنغان جەھەتلەردە ئالاھىدە قىممەتكە ئىگە بولغانلىقتىن ، نەچچە يۈز يىلدىن بېرى ، جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردىكى ئالىملارنىڭ دىققەت ـ ئېتىۋارىنى قوزغاپ كەلدى . ئىگىلىگەن ماتېرىياللىرىمىزغا ئاساسەن ، ئېلىمىزدە يۈز نەچچە يىل ئىلگىرىلا خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغاندىن سىرت ، چەت ئەللەردە ھازىرغىچە ياپونچە ، روسچە ، نېمىسچە ، فرانسۇزچە ، ئېنگلىزچە ، چېخچە ، ۋېنگىرچە ، تۈركچە قاتارلىقلارغا تەرجىمە قىلىنغان . ئۇنىڭ ئۈستىگە مەزكۇر كىتابنىڭ خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسى ، لاتىنچە ترانسكرىپسىيىسى ، يەر ـ جاي ناملىرىنى دەلىللەش ، سۆزلۈكلىرىنى ئىزاھلاش قاتارلىق جەھەتلەردە نۇرغۇن مۇھاكىمە ماقالىلار ئېلان قىلىنغان ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، ئاممىباپ ئۇقۇشلۇق ۋە « ‹موگغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى › نىڭ سۆزلۈكلەر لۇغىتى » تۈزۈلگەن .

### 1 . ئېلىمىز تەتقىقاتچىلىرىنىڭ 《موگغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى》 توغرىسىدىكى تەتقىقاتى

( 1 ) يې دېخۇيىنىڭ 1908 ـ يىلدىكى نەپىس ئويما نۇسخىسى : ئەسلى كىتاب جەمئىي ئون ئىككى باب بولۇپ ، ئۇ ئون ئىككى بابلىق نۇسخىلار ئىچىدىكى ئەڭ ئاۋۋالقى نۇسخا . كىتابنىڭ ئالدىدا چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 34 ـ يىلى 8 ـ ئايدا يېزىلغان بېغىشلىما سۆزى ھەمدە يې دېخۇيىنىڭ گۇاڭشۈ 32 ـ يىلى يازغان كىرىش سۆزى ؛ ئاخىرىدا چيەن داشىن ، جاڭ مۇنىڭ خاتىمىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بار . خېنشىنىڭ نېمىسچە تەرجىمىسى ، پېللىئوتنىڭ فرانسۇزچە ( ئالتە بابلىق ) تەرجىمىسى ، شىراتورى كۇراكىچى ( 白鸟库吉 ) نىڭ لاتىنچە ئاھاڭ تەرجىمىسى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى يېڭ دېخۇيىنىڭ ئويما نۇسخىسىنى ئاساس قىلغان .

( 2 ) لى ۋېنتيەننىڭ « ‹موگغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى › نىڭ شەرھىسى » نۇسخىسى : ئۇ جەمئىي ئون بەش باب بولۇپ ، 1896 ـ يىلى ( چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 22 ـ يىلى ) ئويۇلغان . ئۇنىڭدىن باشقا يەنە شاگىخەي ۋېن رۇيلۇ تاش ئويمىسى قاتارلىقلارمۇ بار . بۇ نۇسخا ئەڭ ئومۇملاشقان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇ ئەسلى نۇسخىنىڭ خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسىنى ئاساسلانماي ، ئون ئىككى بابلىق موگغۇلچە نۇسخىسىنىڭ خەنزۇچە ئومۇمىي تەرجىمىسگە ئاساسلانغانلىقتىن ، نۇرغۇن جايلار چۈشۈپ قالغان ، ئەسلى نۇسخىسى بىلەن ماس كەلمىگەن . لى ۋېنتيەن ئەسلى نۇسخىسىنى ياخشى چۈشەنمەي ، پەرەز بويىچە قارغۇلارچە ئويغانلىقتىن ، نۇرغۇن جايلىرى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمىگەندى . ھازىرقى تەتقىقات ئۆلچىمىدىن ئېيتقاندا ، ھەقىقەتەن قايتا شەرھلەشكە توغرا كېلىدۇ .

( 3 ) گاۋ باۋچۈەننىڭ لى ۋېنتيەننىڭ « ‹موگغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى › نىڭ شەرھىسگە تۈزۈتۈش كىرگۈزۈش » نۇسخىسى : ئومۇ ئون بەش بابلىق نۇسخىنى ئاساس قىلغان . قوشۇمچە ئىزاھاتىنىلا ئويغان ، خەنزۇچە ئومۇمىي تەرجىمىسىنىڭ ئەسلى تېكىستىنى ئويمىغان . ھازىر ئۇنىڭ ئىككى خىل نۇسخىسى بار ( تەيبېي جەنۇبىي پورت مەركىزىي تەتقىقات يۇرتىنىڭ تارىخ ـ تىل تەتقىقات ئورنىدا ساقلاقلىنىۋاتىدۇ ) .

( 4 ) شېن زېڭجى ( زى پېي ) نىڭ « ‹موگغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى › نىڭ قوشۇمچە شەرھىسى » نۇسخىسى : ئەسلى

كىتاب ئىككى نۇسخا بولۇپ، لى ۋېنتيەننىڭ شەرھى نۇسخىسى ئاساسىدا جىلدلارغا بۆلۈنگەن، جەمئىي ئون بەش باب. بۇ نۇسخىغا موڭغۇلچە نۇسخىسىنىڭ خەنزۇچە ئومۇمىي تەرجىمىسى ئويۇلغان. شېن زېڭجى شۇ چاغلاردىكى غەربىي شىمال تارىخى، يەر - جايلار تارىخى بويىچە مۇتەخەسسىس ئىدى.

(5) ۋاڭ شۇرۇڭ (رېن شەن) نىڭ «‹موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى› نىڭ تىلىنى تۈزۈش» نۇسخىسى: ئۇ نەپىس كۆچۈرۈلگەن قولىيازما نۇسخىسى بولۇپ، ھازىر دۆلەتلىك مەركىزىي كۇتۇپخانىدا (تەيبېي گوشەن كىتاب ئىسكىلاتىدا) ساقلىنىۋاتىدۇ، جەمئىي سەككىز جىلد. ئۇمۇ ئون بەش بابلىق موڭغۇلچە نۇسخىسىنىڭ خەنزۇچە ئومۇمىي تەرجىمىسىنى ئاساس قىلغان. ئۇ مىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا ئىشلەنگەن «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى» نىڭ تەرجىمە تىلىنى تۈزۈپ ئاممىباپلاشتۇرۇپ، چۈشىنىشلىك ئەدەبىي تىلغا ئۆزگەرتكەن.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، ئېلىمىز ئالىملىرى، ھەسلەن، ۋاڭ گوۋېي، چېن يىنكې، چېن يۈەنئەن قاتارلىقلار مەزكۇر كىتابنى تەتقىق قىلىشتا خېلى چوڭ نەتىجىلەرنى ياراتتى. چېن يىنكې قەدىمكى موڭغۇل، مانجۇ يېزىقلىرىنى پۇختا بىلىدىغاندىن سىرت، سىمىتىنىڭ بىرلىشىپ چىقارغان نۇسخىسى «موڭغۇللارنىڭ مەنبەسى» قاتارلىقلارنى راۋان ئوقۇل يالايتتى.

## 2. چەت ئەل تەتقىقاتچىلىرىنىڭ «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى» توغرىسىدىكى تەتقىقاتى

**1) فرانسىيەدىكى تەرجىمە - تەتقىقاتى**

(1) پ. پېللىئوت (Prof. P. Pelliot 1878 — 1945).

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



پروفېسسور پېللىئوت ياۋروپا خەنزۇشۇناسلىق ساھەسىدىكى نوپۇزلۇق ژۇرنال « ئاخبارات » ( Toung Pao ) نىڭ ئاساسلىق رىياسەتچىلىرىنىڭ بىرى ، فرانسىيىدىكى خەنزۇشۇناس ، تىلشۇناس ۋە شەرق تارىخشۇناس . ئۇ دۇنياغا مەشھۇر نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغان . پېلىئوت شەرق يېزىقلىرىنى پۇختا بىلىدىغانلىقتىن ، 1913 ـ يىلىدىن ئېتىۋارەن ، « موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى » توغرىسىدىكى تەتقىقاتىنى باشلاپ ، « ئاخبارات » ژۇرنىلىدا يىپ دېخۇيىنىڭ نەپىس ئويما نۇسخىسىنى ھەمدە ئۇنىڭدىكى خاتالىقلار توغرىسىدىكى مۇھاكىمە ماقالىلىرىنى ئېلان قىلغان . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، « موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى » نىڭ قولىيازمىلىرىنى يىغىپ ، ئۇن ئىككى بابلىق نۇسخىسىنىڭ خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسىگە ، موڭغۇلچە ( ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان ) نىڭ ئوقۇلۇشىغا ئاساسەن ، يېڭىغا لاتىنچە ئوقۇلۇشىنى بەرگەن ، يەنە ئالدىنقى ئالتە بابنى فرانسۇزچىگە تەرجىمە قىلغان . ئۇنى ئۇنىڭ شاگىرتى پروفېسسور خامبىس ( Prof. L. Hambis ) 1949 ـ يىلى نەشر قىلدۇرغان ( جەمئىي 196 بەتلىك چوڭ نۇسخا ، تەيبېي جەنۇبىي مەركىزى تەتقىقاق يۇرتىنىڭ تارىخ ـ تىل تەتقىقات ئورنىدا ساقلاقلىنىۋاتىدۇ ) .

( 2 ) ئا . موستېرت ( A. Mostaert ) . پوپ موستېرت جۇڭگودا ئۇزۇن يىل تۇرغان ، ئىلگىرى ئىچكى موڭغۇلدىكى ئوردوس ، سۈيىيۈەن قاتارلىق جايلاردا دىن تارقاتقان . موڭغۇل ( ئۇيغۇر ) تىل ـ يېزىقلىرىنى ياخشى بىلىدۇ ، بېيپىڭ فۇرېن ئۇنىۋېرسىتېتىدا پروفېسسور بولغان ، « موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى » ھەققىدە ئۇزۇن مۇھاكىمە ماقالىسى يېزىپ ، « خارۋارد ئاسىيا ئىلمى » « Harward Journal of Asiatic Studies » ژۇرنىلىدا ئېلان قىلغان . ئۇنىڭ « ‹موڭغۇللارنىڭ مەخپىي

تارىخى 〉 دىكى بىرقانچە كىچىك ئويۇنلار توغرىسىدىكى تەتقىقات » دېگەن مۇھىم ماقالىسى يەنە مەزكۇر ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان ( 13 ـ جىلد ، 3 ـ 4 سانلار توپلىمى ) .

2 ) گېرمانىيىدىكى تەرجىمە ـ تەتقىقاتى

( 1 ) ئې . خېنىش ( Prof. E. Haenisch ) . پروفېسسور خېنىش سابىق بېرلىن خەنزۇشۇناس تەتقىقات ئورنىنىڭ مۇدىرى ، جوڭگو تارىخى مۇتەخەسسىسى فرانك ( Prof. Dr. Franke ، 1863 ــ 1946 ) نىڭ ئىزباسارى ، گېرمانىيە خەنزۇشۇناسى گروبې ( W. Grube ) نىڭ ئوقۇغۇچىسى ئىدى . ئۇ چىڭ سۇلالىسىنىڭ جاڭ جىدوڭ دەۋرىدىكى خۇبېي سەرۋازلار مەكتىپىدە نېمىس تىلى ئوقۇتقۇچىسى بولغان ، كېيىن يەنە موڭغۇلىيىنى ساياھەت قىلىش جەريانىدا موڭغۇل ( ئۇيغۇر ) يېزىقىنى ئۆگەنگەن . ئۇنىڭ « موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى » ، « موڭغۇللارنىڭ تارىخى » توغرىسىدىكى نۇرغۇن مۇھاكىمە ماقالىلىرى ئېلان قىلىنغان . ئاخىر 1940 ـ يىلى ، ئۇ يې دېخۇينىڭ 1908 ـ يىلىدىكى « موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى » نىڭ نەپىس ئويما نۇسخىسىنى نېمىسچىگە تەرجىمە قىلغان ( گېرمانىيە Otto Harrassowitz كىتابخانىسى تەرىپىدىن تارقىتىلغان ، جەمئىي 184 بەت ) . بۇ تەرجىمە ياۋروپادىكى ئەڭ دەسلەپكى تەرجىمە نۇسخىسى بولۇپ ، پېلىئوتنىڭ تولۇق بولمىغان تەرجىمە نۇسخىسى ( 1949 ـ يىلى ) دىن تەخمىنەن ئون يىل بۇرۇن چىققان . 1948 ـ يىلى قايتا نەشر قىلىنغان .

( 2 ) ف . لېسسىڭ ( Prof. F. Lessing ) . پروفسسور لېسسىڭ ئىلگىرى بېيپىڭ بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا نېمىس تىلى ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ، جوڭگودا ئۇزۇن يىل تۇرغان . گېرمانىيىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ، بېرلىن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قوشۇمچە تەسىس قىلىنغان شەرق تىل ـ يېزىق مەكتىپىنىڭ پروفېسسورى ، بېرلىن ئېتنوگرافىيە مۇزېيى شەرقىي ئاسىيا بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى ، كېيىن ئامېرىكا كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى بولغان . ئۇ دىلوۋا قوتوغتو بىلەن بىرلىشىپ ، « خەنزۇچە ـ موگغۇلچە ـ ئېنگلىزچە لۇغەت » تۈزگەندىن سىرت ، « موگغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى » توغرىسىدا نۇرغۇن تەتقىقات نەتىجىلىرىنى يارىتىپ ، كىشىلەرنىڭ دىققەت ـ ئېتىۋارىنى قوزغىغان .

( 3 ) ن . پوپپې ( Prof. N. Poppe ) . پروفېسسور پوپپې ئامېرىكىنىڭ غەربىدىكى سېئاتل شەھەرىدىكى ۋاشىنگتون ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى . موگغۇل ( ئۇيغۇر ) تىل ـ يېزىقلىرى مۇتەخەسسىسى بولۇپ ، ئۇنىڭ مەشھۇر « موگغۇل تىلى گراماتىكىسى » قاتارلىق ئەسەرلىرى بار . ئۇ مەخسۇس « موگغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى » نىڭ تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانمىسىمۇ ، لېكىن ئۇ توغرىسىدا نۇرغۇن مۇھاكىمە ماقالىلىرى ۋە ئوبزورلارنى يېزىپ ، نېمىسچە ، ئېنگلىزچە ئېلان قىلغان . ئۇ ئەسەرلىرىنى كۆپىنچە نېمىسچىدە يازاتتى .

**3 ) ئەنگلىيىدىكى تەرجىمە ـ تەتقىقاتى**

( 1 ) ۋ . ف . كلېۋېس ( Prof. F. W. Cleaves ) . پروفېسسور كلېۋېس خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ موگغۇل تارىخى مۇتەخەسسىسى . « خارۋارد ئاسىيا ئىلمى » ژۇرنىلىدا ئۇنىڭ « موگغۇل تاش پۈتۈكلىرىنى شەرھلەش ۋە ئىزاھلاش » ، « موگغۇل تارىخي كىتابلىرىنىڭ قايتا نەشرى توغرىسىدا » ، « خېنىشنىڭ ‹ موگغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى ›

غا باھا » قاتارلىق ماقالىلىرى ئېلان قىلىنغان . ئۇلاردىن باشقا ، ئۇ يەنە « موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى » نى ئېنگلىزچىگە تەرجىمە قىلغان .

( 2 ) خۇڭ ۋېيلىيەن ( Prof. William Hung ) .

پروفېسسور خۇڭ ۋېيلىيەن ئىلگىرى بېيپىڭ يەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى دۆلەت ئىلمى تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى ، ئەمەر تۇزۇش باشقارمىسىنىڭ رىياسەتچىسى ئىدى . 1951 - يىلى « ‹موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى › نىڭ تارقىلىشى ئۈستىدە ئىزدىنىش » دېگەن ماقالىسىنى ئېگلىزچە ئېلان قىلىپ ، بۇ ساھەدىكىلەرنى مول ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىگەن .

**4 ) روسىيىدىكى تەرجىمە - تەتقىقاتى**

( 1 ) ئا . پاللادىئۇس ( A. Palladius ، ئەسلى ئىسمى Кафаров ، 1817 — 1878 ) . ئۇ چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە بېيپىڭ روسىيەدىن تارقىتىش ئۆمىكىنىڭ پوپى بولۇپ ، خەنزۇچىغا ئۇستا ئىدى . 1866 - يىلى ياڭ شاڭۋېننىڭ ئويما نۇسخىسى « موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى » ( خەنزۇچە ئومۇمىي تەرجىمىسى ) نى رۇسچىگە تەرجىمە قىلىپ ، بېيپىڭ روسىيە پراۋوسلاۋىيە دىنى ژۇرنىلىنىڭ 4 - جىلدىدا ئېلان قىلغان . شۇ چاغلاردا ئەنگىلىيىلىك خوۋورت ( H. Howorth ) « موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى » نىڭ بارلىقىنى ئۇقماي ، « بۈيۈك موڭغۇللار تارىخى » نىڭ بىرىنچى قىسمىنى نەشر قىلدۇرغانىدى . 1872 - يىلى پاللادىئۇس جۇڭگودا « موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى » نىڭ خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمە نۇسخىسىنى تېپىپ ، موڭغۇلشۇناس پوزدنېيېفقا تەرجىمە قىلىشقا بەرگەن ، ئۇزۇن ئۆتمەي ، پاللادىئۇس ئۆلۈپ كەتكەن .

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



( 2 ) س . ئا . كوزىن ( S. A. Kozin ) . ئۇ روسىيىدىكى « موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى » نىڭ مۇتەخەسسىسى بولۇپ ، 15 يىلچە بۇ كىتابنىڭ تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ ، 1941 ـ يىلى « ‹موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى› نىڭ ئەسلى نۇسخىسى ۋە رۇسچە تەرجىمە نۇسخىسى توغرىسىدا تەتقىقات » ، « ‹موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى› نىڭ شەرھىسى ۋە خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسى » قاتارلىقلارنى نەشر قىلدۇرغان .

5 ) ياپونىيىدىكى تەرجىمە ـ تەتقىقاتى

( 1 ) ناكامى ( 那珂通世 ، 1851 ــ 1908 ) . ئۇ 1907 ـ يىلى يې دېخۇيىنىڭ نەپىس ئويما نۇسخىسى ئاساسىدىكى ۋېن تىڭشىنىڭ « موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى » نىڭ كۆچۈرمە نۇسخىسىنى ياپونچىگە تەرجىمە قىلغان ھەمدە تەپسىلىي ئىزاھاتلارنى بەرگەن .

( 2 ) شىراتورى كۇراكىچى ( 白鸟库吉 ، 1865 ــ 1942 ) . ئۇ يېقىنقى زامان ياپونىيە تارىخى تەتقىقاتىنىڭ تەشەببۇسچىسى . ئۇنىڭ داڭلىق ئەسەرلىرى ناھايىتى كۆپ ، جۈملىدىن « شەرقىي غوزلارنى تەكشۈرۈش » قاتارلىق ئەسەرلىرى خېلى چوڭ تەسىر قوزغىغان . ئۇنىڭ يەنە ئەڭ ئاخىرقى داڭلىق نادىر ئەسىرى ، يەنى « ‹موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى› نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى » ئون ئىككى باب بولۇپ ، 1942 ـ يىلى نەشر قىلىنغان ( ياپونىيە كىتاب خەزىنىسى مەجمۇئەسىنىڭ سەككىزىنچى خىلى ) .

( 3 ) كوباياشى تاكاشىرو ( 小林高四郎 ) . ئۇ ئىلگىرى بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىلىم ئالغان ھەمدە « ئالتۇن توپچى » ، « موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى » نى ياپونچىغا تەرجىمە قىلغان . ياپونىيە ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن ، تۈركىيىگە بېرىپ ، 1946 ـ يىلى ياپونىيىگە قايتىپ كەلگەن

ھەمدە «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى»نىڭ تەتقىقاتىنى داۋاملاشتۇرغان. 1951 ـ يىلى كيوتو ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات دوكتورى، كېيىن يوكوخاما دۆلەتلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى بولغان. ئۇنىڭ «〈موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى〉 توغرىسىدىكى تەتقىقات» نىڭ بىرىنچى قىسمى 1954 ـ يىلى نەشر قىلىنغان (ئەسلى كىتاب 426 بەت، توكيو ياپونىيە ئىلمىي گۈللەندۈرۈش جەمئىيىتى تەرىپىدىن تارقىتىلغان، بۇ ئۇنىڭ پىلانىدىكى تۆت ئەسىرىنىڭ بىرىنچى خىلى ئىدى). ئۇنىڭ مەزمۇنى كىرىش سۆزدىن باشقا، جەمئىي ئون بىر بابقا بۆلۈنگەن: 1. خاتىرە، دۆلەت تارىخى ۋە توپچىيان؛ 2. «Altun debter» (ئالتۇن دەپتەر) توغرىسىدا؛ 3. «Altun tobci nova» توغرىسىدا؛ 4. «زەپەرنامە» ھەققىدە؛ 5. «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى» نىڭ ئىسمى ۋە ئاپتورى ھەققىدە؛ 6. «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى» نىڭ يېزىلغان يىلى توغرىسىدا؛ 7. «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى» نىڭ خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسى بېرىلگەن يىلى توغرىسىدا؛ 8. ئوتتۇرا ئەسىردىكى موڭغۇل تىلىدىكى بىرقانچە مەسىلە توغرىسىدا؛ 9. «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى» ۋە باسما يېزىقى توغرىسىدا؛ 10. «〈موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى〉 نىڭ خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسىنىڭ 〈ئەسلى قائىدىسى〉»؛ 11. «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى» نىڭ خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسى①.

يۇقىرىقىلارنىڭ ئىچىدە، فىرانسىيىلىك پېللىئوت بىلەن موستېر، ئۇلاردىن قالسا گېرمانىيىلىك خېنىش، ياپونىيىلىك

① ياۋ سۇڭۇۋنىڭ «〈موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى〉 توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسىدىن پايدىلىنىلدى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



كوباياشى تاكاشىرو « موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى » نى ئۆز تىللىرىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدۇرغاندىن سىرت ، يەنە توختىماي ئۆزلۈكسىز ئىزدىنىپ ، دۇنيا بويىچە تەسىر قوزغايدىغان نۇرغۇن تەتقىقات نەتىجىلىرىنى يارىتىپ ، كېيىنكىلەر ئۈچۈن ئاساس سېلىپ بەرگەن ئۇلاردىن باشقا ، يېقىنقى ئون نەچچە يىل ئىچىدە ، نۇرغۇن تەتقىقات خاراكتېرلىك ئەسەرلەر ۋە ماقالىلار ئېلان قىلىنغان . مەسىلەن ، پروفېسسور ئىگور دې راچېۋىلتز ( Prof. Igor de Rachewiltz ) نىڭ لاتىنچە ئاھاڭ تەرجىمە نۇسخىسى ۋە ئىزاھلىق ئېنگلىزچە نۇسخىسى نەشر قىلىنغان ؛ ئامېرىكىدا موڭغۇل ئالىم ئۇنەنسەچەن ( Unensechen ) نىڭ ئېنگلىزچە توققوز بابنىڭ شەرھىسى ئېلان قىلىنغان ؛ موڭغۇلىيىدە دامدىڭسۇرۇڭ ( Damdingsurung ) ۋە پېرلى ( Perlee ) نىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرى ئېلان قىلىنغان . ۋېنگرىيىدە مىچېل دې فېردىناندى ( Michel de Ferdinandy ) « چىڭگىز خان » نى يازغان ھەمدە 1958 ـ يىلى نەشر قىلدۇرغان . روسىيىدە ۋ . گ . يان ( Василий Гяигорьевич Ян ، ئەسلى ئىسمى Янчевецкий ، 75 / 1874 ـــ 1954 ) « موڭغۇللارنىڭ بېسىپ كىرىشى » : « چىڭگىز خان » ( 1939 ) ، « باتۇ خان » ( 1942 ) ۋە « ‹ئاخىرقى دېڭىزغا › يۈرۈش قىلىش » ( 1955 ـ ) تىرىلوگىيىنى يازغان ①. ئۇلاردىن باشقا ، ئۇلىزنىڭ تۆرەبات ، مىركامال جالەلقان ، ئابدۇرەشىت تويلىبايلار بىرلىشىپ تەرجىمە قىلغان « موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى » نىڭ قازاقچە تەرجىمىسى 1992 ـ يىل 9 ـ ئايدا مىللەتلەر نەشرىياتى

---

① « سوۋېت ئېنسىكلوپېدىتسىيە لۇغىتى » ، جۇڭگو ئېنسىكلوپېدىتسىيە نەشرىياتى ، 1986 ـ يىل 8 ـ نەشرىدىن پايدىنىلدى .

تەرىپىدىن نەشر قىلىندى .

## 4 . « موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى » نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى توغرىسىدا

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمدەك ، « موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى » يالغۇز موڭغۇللارنىڭلا تارىخى بولماستىن ، چىڭگىز خان زامانىسىدا ۋە ئۇنىڭ ئالدى - كەينىدە بىللە ياشىغان تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ تارىخى دېيىشكىمۇ بولىدۇ . چۈنكى ، ئۇ ئۆزىدىن ئىلگىرىكى نۇرغۇن مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلغان ھەمدە ئۆز زامانىسىدىكى نۇرغۇن قەبىلە ۋە ئۇرۇقلارنىڭ تىللىرىنى قوبۇل قىلغان ۋە ساقلاپ قالغان . ئۇنىڭدا موغۇل ، بۇرىيات ، داغۇر قاتارلىق تىللاردىن باشقا ، ئۇيغۇر تىل - ئاتالغۇلىرى ناھايىتى كۆپ . ئۇ شۇ زاماندىكى ھەمدە ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى چاغلاردىكى تىل - يېزىقلىرىمىزنىڭ تارىخىي ئورنىنى نامايان قىلىپلا قالماي ، قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتى ئۈچۈن ، تۈرتكىلىك رولىنى جارى قىلدۇرغان . بۇ نۇقتا ئەسەر ئۆزىدىكى سۆزلەردىنلا مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇ ، ئۇنى تۆۋەندىكى بىر قانچە جەھەتتە چۈشەندۈرۈپ ئۆتمەكچىمەن .

بىرىنچى ، ئادەم ئىسمى ۋە يەر - جايناملىرى . مەزكۇر كىتابتا باشتىن ئاخىر ئادەم ئىسمى ۋە يەر - جاي ناملىرى شۇ ئادەمنىڭ مىجەز - خاراكتېرى ياكى شۇ جاينىڭ ئالاھىدىلىكى بويىچە قويۇلىدىغان ئوبرازلىق ئىسىملار ناھايىتى كۆپ . مەسىلەن :

كۆگسەگۇ ( ھۆگسەگۇ ) سابراغ ( Køgse' u Sabragh ، ئادەم ئىسمى ، 159 § ) ، كۆگسەگۇ ياكى ھۆگسەگۇ / ئۆكسۇگۇ ، سابراغ / سەپرا ؛ ئالاغ ئىت ( Alagh It ، ئادەم ئىسمى ، 169 § ) ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئالاغ / ئالا ، ئىت / ئىت ؛ ئالتۇن ئاشۇق ( Altun Ashuq ، ئادەم ئىسمى ، 152 § ) ، ئالتۇن / ئالتۇن ، ئاشۇق / ئۇشۇق ؛ دۇۋا سوقۇر ( Du' a Soqor ، ئادەم ئىسمى ، 4 ، 5 ، 11 § ) ، دۇۋا / دېۋە ، سوقۇر / سوقۇر ؛ ئارىغ ئۇسۇن ( Arigh Usun ، جاي نامى ، 8 § ) ، ئارىغ / ئېرىغ ، ئۇسۇن / سۇ ؛ سوغۇغ ئۇسۇن ( Sokhogh Usun ، دەريا نامى ، 158 ، 177 § ) ، سوغۇق / سوغۇق ، ئۇسۇن / سۇ ؛ تالقۇن ئارال ( Talqun Aral ، دەريا نامى ، 105 § ) ، تالقۇن / دولقۇن ، ئارال / ئارال ؛ مەنەن تۇدۇن ( Menen Tudun ، ئادەم ئىسمى ياكى ئۇرۇق نامى ، 45 § قاتارلىق ) ، مەنەن / مانان ، تۇدۇن / تۇتۇن ياكى تۇدۇن ؛ ئاشىق تېمۇر ( Ashiq Temur ، ئادەم ئىسمى ، 208 § ) ، ئاشىق / ئىششىق ، تېمۇر / تۆمۈر ۋەھاكازالار .

ئىككىنچى ، خاس ئاتالغۇلار . ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ، موڭغۇللار ناھايىتى كۆپ ئۇيغۇرچە ئەمەل - مەنسەپ ، ھۈنەر - كەسىپ ، سىياسىي - ھەربىي قاتارلىق ئاتالغۇلارنى قوبۇل قىلغان ، مەزكۇر كىتابتا ئۇنداق ئاتالغۇلار ئىنتايىن كۆپ ، ئۇنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق . شۇڭا ، بۇ يەردە خاس ئىسىم شەكلىدىكى بىر قانچە سۆزنىلا تاللاپ مىسالغا ئالىمەن . مەسىلەن :

قورچى ( Qorchi ، 192 ، 224 ، 225 ، 229 ، 245 ، 260 ، 269 ، 278 § ) ، قورچى / كەپتاۋۇللار قوشۇنى ئارىسىدىكى قورچىلار ؛ تورغاق ( Turqaq ، 208 ، 224 ، 253 § ) ، تورغاق // تورغاۋۇل / خاننىڭ قوغدىغۇچىلىرى ؛ ياساق ( Jasaq ، 153 § ) ، ياساق / قانۇن ، تۈزۈم ، بۇيرۇق ، پەرمان قاتارلىقلار ؛ ئالغىنچى ( Alginchi ، 37 ، 38 ، 276 ، 281 § ) ، ئالغىنچى / ئايغاقچى ، پايلاقچى ، تىڭتىڭچى ، رازۋېدچىك قاتارلىقلار ؛ باۋۇرچى

( Ba’ urchi ، § 124 ) ، باۋۇرچى / ئاشپەز ، خان ئاشپىزى ؛ ياغىرىنچى ( Ja’ arin ، ياغىرىن ، قۇيىنىڭ تارغىقى ، Ja’ arinchi ، § 206 ، 121 ) ، ياغىرىنچى / قويىنىڭ تارغاق سۆڭىكىدە پال ئېچىپ بېشارەت بەرگۈچى ؛ تۆلگەچى ( Tølge ، تۆلگە ، پالچىنىڭ كامالىكى ، Tølgechi ، § 201 ) ، تۆلگەچى / پالچى ، رەمچى ؛ شىرالغا ( Shirolqa ، § 13 ) ، شىرالغا / ئوۋچىلارنىڭ ياكى باشقىلارنىڭ ئوۋچىنىڭ ئالغان ئولجىسىدىن ئالىدىغان ئۈلۈشى ؛ سوۋغا ( Sauqa ، 114 ، § 135 ) ، سوۋغا / ئوۋدىن ، بازاردىن ياكى سەپەر - ساياھاتلاردىن قايتىپ كەلگەندە ھۆرمىتىنى ئىپادىلەش ، كۆڭلىنى ئېلىش ، تەبرىكلەش قاتارلىق تۈرلۈك مەقسەتلەر بىلەن بېرىلىدىغان نەرسىلەر ؛ تولاق ( Toloq ، § 189 ) ، تۆلاق / مۇراسىم ياكى نەزىر - چىراغلاردا يەرگە سالىدىغان ئاق تېكىمەت قاتارلىقلار .

ئۈچىنچى ، شېئىر ، بېيت - قوشاق ، ماقال - تەمسىللەردىمۇ قاپىيىلەشتۈرۈش ئۈچۈن نۇرغۇن ئۇيغۇرچە سۆزلەرنى ئىشلىتىلگەن . مەسىلەن :

... ...
Qada tur tobtulqu qablan metu ,
A' uriyan darun yataqu arslan metu . ( § 78 )
... ...

يۇقىرىقى شېئىرنى ئالساق ، بىرىنچى مىسرادىكى قاپلان ( qablan ) تۆۋەنكى مىسرادىكى ئارسلان ( arslan ) بىلەن قاپىيىلەشتۈرۈلگەن . بۇنداق قاپىيىلىك سۆزلەر ئىنتايىن كۆپ ، سەھىپە چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن ، بىرلا مىسالنى ئالدىم .

شۇنىڭ ئۈچۈن ، « موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى » نىڭ

تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى تارىخشۇناس، مىللەتشۇناس، تىلشۇناس قاتارلىق ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ تەتقىق قىلىشى ۋە پايدىلىنىشى ئۈچۈن، ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىشتا، بىرىنچى، ئەسلى تېكىستنى ئاساس قىلىپ، سۆز - جۈملىلەرگە ئارتۇقچە سۆز - ئىبارىلەرنى قوشماي، ئەينەن تەرجىمە قىلدىم. ئىككىنچى، يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن ئادەم ئىسىملىرى، يەر - جاي ناملىرى، ئەمەل - مەنسەپ ناملىرى، سىياسىي - ھەربىي ئاتالغۇلار، ئۇرۇق - قەبىلە ناملىرى ۋە خاس ئىسىملارنى ئەينەن ئېلىپ، قولۇمدىكى بار مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ، ئىپىلغانلىرىنىڭ ئاستىغا ئىزاھات بەردىم، ئىپىلمىغانلىرى شۇ بويىچە ئېلىندى. ئۈچىنچى، شېئىر، بېيىت - قوشاقلارنىڭ ئەسلى مەنىسىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ئۇلارنى نەسرىي يەشمە شەكلىدە تەرجىمە قىلدىم.

يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمدەك، بۇ كىتاب ئېلىمىز ۋە چەت ئەللەردىكى تارىخ - مەدەنىيەت ساھەسىدىكىلەرنىڭ دىققەت - ئېتىۋارىنى قوزغاپ كەلگەن قىممەتلىك تارىخىي كىتاب بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە تارىخ سەۋىيەمۇ چەكلىك بولغانلىقتىن، بەزى كۆزقاراش ۋە چۈشەنچىلىرىم خاتا بولۇشىمۇ مۇمكىن. شۇڭا، ئۇستاز ۋە كەسىپداشلارنىڭ بۇ كىتابنى كۆرۈش، پايدىلىنىش جەريانىدا نامۇۋاپىق دەپ قارىغانلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىشىنى چىن دىلىمدىن سورايمەن.

تەرجىماندىن

1998 - يىل 10 - ئاي، ئۈرۈمچى

# بىرىنچى باب

§ 1 ئەلقىسسە، چىنگگىز خاننىڭ نەسىل - زاتى تەڭرىنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن يارالغان بۆرتە چىنو ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى غوۋا مارال① ئىكەن. ئۇلار دېڭىز - ئوكيانلاردىن كېچىپ ئۆتۈپ، ئونون دەرياسىنىڭ② بېشىدىكى بۇرھان خالدون تېغىغا③ كېلىپ ماكانلاشقانىكەن. ئۇلار شۇ جەرياندا باتاچىخان④ دېگەن بالا كۆرگەنىكەن.

① بۆرتە چىنو، غوۋا مارال — بۆرتە چىنو «كۆك بۆرە»؛ غوۋا مارال «چىپار مارال» دېگەن مەنىدە. رىۋايەت قىلىنىشىچە، كۆك بۆرە چىرايلىق چىپار مارال بىلەن تېپىشىپ، دېڭىز - ئوكيانلاردىن كېچىپ ئۆتۈپ، ئونون دەرياسىنىڭ بويلىرى ۋە بۈيۈك بۇرھان خالدون تېغىنى ماكان تۇتقانىكەن. — تەرجىماندىن (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «ت» دەپ ئېلىندى).

② ئونون دەرياسى — دەريا نامى. هازىرقى موڭغۇلىيە بىلەن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسىدىكى ئونون دەرياسى. — ت.

③ بۇرھان خالدون تېغى — تاغ نامى. هازىرقى موڭغۇلىيە بىلەن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسىغا جايلاشقان خېنتېي تاغ تىزمىسى. — ت.

④ باتاچىخان — ئادام ئىسمى. باتاچىخان يەنى پادىچىخان. — ت.

§ 2 باتاچىخاننىڭ تامچى①، تامچىنىڭ قورىچار مەرگەن، قورىچار مەرگەننىڭ ئاغۇجىم بوروغۇل②، ئاغۇجىم بوروغۇلنىڭ سالى غاچاغۇ③، سالى غاچاغۇنىڭ يەكە نىدۇن④، يەكە نىدۇننىڭ سەم سوچى⑤، سەم سوچىنىڭ قارچۇ⑥ دېگەن ئوغلى بار ئىكەن.

① تامچى — ئادەم ئىسمى. «ئالتۇن توپچى» دا تاماچىن؛ لېكىن «موڭغۇللارنىڭ مەنبەسى» دە دەمچۇغ (بىر بۇتىنىڭ ئىسمى) دەپ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئېلىنغان . — ت .

② ئاغۇجىم بوروغول — ئادەم ئىسمى . ئاغۇجىم « كەڭ ، بىپايان » دېگەن مەنىدە . — ت .

③ سالى غاچاغۇ — ئادەم ئىسمى . « موڭغۇللارنىڭ مەنبەسى » ۋە « Rashipongsugh » دە سالى غالجىغۇ ؛ « ئالتۇن توپچى » دا سالى غالچاغۇ ؛ « ئالتۇن توپچىيا » دا غالى غالجۇغۇ دەپ ئېلىنغان . غاچاغۇ ياكى غاچىغۇ بولسۇن ، مىجەزى ئىتتىك ، سەپرا ، غالجىر مىجەز دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ . — ت .

④ يەكە نىدۇن — ئادەم ئىسمى . يەكە « چوڭ » ، نىدۇن « كۆز » دېگەن مەنىدە . « موڭغۇللارنىڭ مەنبەسى » دە نىكە نىدۇن دەپ ئېلىنغان . — ت .

⑤ سەم سوچى — ئادەم ئىسمى . كەم سۆزچى ياكى جىمغۇر دېگەن مەنىدە . — ت .

⑥ قارچۇ — ئادەم ئىسمى . « موڭغۇللارنىڭ مەنبەسى » دە قالى قارچۇ ؛ « ئالتۇن توپچى » دا قارچۇس دەپ ئېلىنغان . — ت .

3 § قارچۇنىڭ بورجىگىداي مەرگەن ① دېگەن ئوغلى ، بورجىگىداي مەرگەننىڭ موڭغۇلجىن غوۋا ② دېگەن خوتۇنى بار ئىكەن . بورجىگىداي مەرگەننىڭ تورقولجىن بايان ③ دېگەن ئوغلى ، تورقولجىن بايانىڭ بوروغچىن غوۋا ④ دېگەن خوتۇنى بار ئىكەن . تورقولجىن بايانىڭ بورولداي سۇيالبى دېگەن مالچىسى بىلەن سۇر ۋە كۆك ئىككى ئېتى بار ئىكەن . تورقولجىن بايانىڭ دۇۋا سوقۇر ⑤ بىلەن دوبۇن مەرگەن ⑥ دېگەن ئىككى ئوغلى بار ئىكەن .

① بورجىگىداي مەرگەن — ئادەم ئىسمى . بورجىگىنلارنىڭ مەرگەنى دېگەن مەنىدە . چىڭگىز خان تەۋە بولغان ئالتۇن ئۇرۇقتىكىلەر بورجىگىنتى فامىلە قىلىپ قوللانغانىدى . — ت .

② موڭغۇلجىن غوۋا — ئادەم ئىسمى . موڭغۇلجىنلارنىڭ ساھىبجامالى دېگەن مەنىدە . — ت .

③ بايان — بايلىق ياكى باي دېگەن مەنىدە . — ت .

④ بوروغچىن غوۋا — ئادەم ئىسمى . بوروغچىن « قوڭۇر چىشى قارچىغا ياكى چىشى چۈجە قارچىغا » ؛ غوۋا « چىرايلىق ، سەتەڭ ، ساھىبجامال »

دېگەن مەنىدە . — ت .

⑤ دۇۋا سوقۇر — ئادەم ئىسمى . دۇۋا « دېۋە ( de' u ) » ، رىۋايەتتىكى پېشانىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر كۆزى بار غايەت چوڭ ئادەم . سوقۇر « قارغۇ » دېگەن مەنىدە . « چىڭگىز خان ھەققىدە » دۇن سوقۇر دەپ ئېلىنغان . — ت .

⑥ دوبۇن مەرگەن — ئادەم ئىسمى . دوبۇن « موڭغۇللارنىڭ مەنبەسى » ، « ئالتۇن توپچى » ، « چىڭگىز خان ھەققىدە » ، « ئالتۇن توپچىيا » دا دوبۇ دەپ ئېلىنغان . — ت .

4 § دۇۋا سوقۇرنىڭ ماڭلىيىدە بىر كۆزى بولۇپ ، ئۈچ كۆچ ① يىراق جايدىكى نەرسىلەرنى كۆرەلەيدىكەن .

① كۆچ — مۇساپە ئۆلچىمى . ئەسلى تېكستتە « ne' urid » . موڭغۇللار جام - رابات تۈزۈمىنى بىكار قىلىشتىن ئىلگىرى . تەخمىنەن 30 چاقىرىم بىر ne' urid ھېسابلىنىدىكەن . ئەگەر چارۋىچى مىللەتلەر بىر كۆچۈشتە 30 چاقىرىم كۆچىدۇ دېسەك ، ئۇچاغدا بىر كۆچ تەخمىنەن 100 چاقىرىمغا توغرا كېلىشى مۇمكىن . — ت .

5 § بىر كۈنى ، دۇۋا سوقۇر ئىنىسى دوبۇن مەرگەننى ئەگەشتۈرۈپ بۇرھان خالدون تېغىغا چىقتى . ئۇ يىراقلارغا نەزەر سېلىپ ، بىر توپ كۆچنىڭ تۆڭگەلىك دەرياسىنى ① بويلاپ كۆچۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى .

① تۆڭگەلىك دەرياسى — دەريا نامى . تۆڭگەلىك ( Tөngelik ) « دۈگىلەك ، چەمبەر ، ھالقا » . بۇ يەردە ئايلىنىپ ئاقىدىغان دەريا دېگەن مەنىدە . — ت .

6 § — ئاۋۇ كۆچلەرنىڭ ئارىسىدىكى بىر قارا مەپىلىك ھارۋىنىڭ ئالدىدا چىرايلىق بىر قىز ئولتۇرىدۇ ، بېشى باغلانمىغان بولسا ، ساڭا ئەلچىلىككە بېرىپ باقاي ، — دەپ ئىنىسى دوبۇن مەرگەننى ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئەۋەتتى .

7 § دوبۇن مەرگەن ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ ، ئۇ قىزنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



ئايدەك چىرايلىق ئىكەنلىكىنى كۆردى ، ئۇنىڭ ئىسمى ئالان غوۋا ① بولۇپ ، بېشى تېخى باغلانمىغان ، يۈز ـ ئابرويلۇق كىشلەرنىڭ قىزى ئىكەن .

① ئالان غوۋا ــ ئادەم ئىسمى . ئالان « قىزىل » ، غوۋا « چىرايلىق ، ساھىبجامال » دېگەن مەنىدە . « موڭغۇللارنىڭ مەنبەسى » ، « ئالتۇن توپچى » دا ئالۇن غوۋا ؛ « چىڭگىز خان ھەققىدە » ئالۇڭ غوۋا ؛ « ئالتۇن توپچىيا » دا ئالاغ خاتۇن دەپ ئېلىنغان . ــ ت .

8 § ئۇلار قورىلارتاي مەرگەنىنىڭ ئۇرۇقىدىن بولۇپ ، ئېلگىرى غول بارقۇجىن ① تۆكۆمنىڭ ② خوجايىنى بارقۇداي مەرگەن ③ بارقۇجىن غوۋا ④ دېگەن قىزىنى قورى تۇمەت ⑤ ئۇرۇقىنىڭ ئاقساقىلى قورىلارتاي مەرگەنگە ياتلىق قىلغانىكەن . ئۇ قىز قورىلارتاي مەرگەنىنىڭ ⑥ خوتۇنى بارقۇجىن غوۋانىڭ قورى تۇمەتلەر تۇرۇشلۇق ئارىغ ئۇسۇن ⑦ دېگەن جايدا تۇغقان قىزى ئالان غوۋا ئىكەن .

① غول بارقۇجىن ــ جاي نامى . ھازىرقى بايقال كۆلىنىڭ شەرقىدىكى كۆلگە قۇيۇلىدىغان بىر دەريا . ــ ت .

② تۆكۆم ــ ئويمانلىق ياكى ئىككى دەريانىڭ ئارىسىدىكى ئارالنى كۆرستىدۇ . ــ ت .

③ بارقۇداي مەرگەن ــ ئادەم ئىسمى . بارقۇلارنىڭ مەرگەنى دېگەن مەنىدە . ــ ت .

④ بارقۇجىن غوۋا ــ ئادەم ئىسمى . بارقۇلارنىڭ ساھىبجامالى دېگەن مەنىدە . ــ ت .

⑤ قورى تۇمەت ــ ئۇرۇق نامى . قورى « قورۇش . چەكلەش » دېگەن مەنىدە . تۇمەت ، تۇمەننىڭ كۆپلۈك شەكلى . ــ ت .

⑥ قورىلارتاي مەرگەن ــ ئادەم ئىسمى . قورىلارنىڭ مەرگىنى دېگەن مەنىدە . ــ ت .

⑦ ئارىغ ئۇسۇن ــ دەريا نامى . « تار دەريا » ياكى « ئېرىغ ، پاكىز دەريا » دېگەن مەنىدە . ــ ت .

9 § قورىلارتاي مەرگەنلەر ئۆزلىرىنىڭ قورى تۇمەت ئۇرۇقى تۇرۇشلۇق جايلاردىكى بۇلغۇن، تىيىن قاتارلىق ياۋايى هايۋانلارنى بىر ـ بىرىدىن قىزغىنىشىپ ئوۋلاتقۇزمىغانلىقتىن، ئارىغا سوغۇقچىلىق چۈشۈپ، ئۇلار ئۆز ئالدىغا قورىلار ئۇرۇقى بولۇپ بۆلۈنۈپ چىققانىكەن. ئۇلار بۇرهان خالدۇن تېغىنىڭ يايلىقى كەڭ، ئوت ـ چۆپلىرى مۇنبەت، ياۋايى هايۋانلىرى كۆپ ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، شۇ تاغنىڭ ئىگىسى ئۇرىياڭقا ① ئۇرۇقىدىن بولغان سەمچى بايان ② دېگەن كىشىگە پاناه تارتىپ كۆچۈپ كەلگەنىكەن. دوبۇن مەرگەن شۇ چاغدا قورى تۇمەت ئۇرۇقىنىڭ ئاقساقىلى قورىلارتاي مەرگەننىڭ ئارىغ ئۇسۇندا تۇغۇلغان قىزى ئالان غوۋا بىلەن توي قىلدى. مانا بۇ دوبۇن مەرگەننىڭ ئالان غوۋا بىلەن توي قىلغانلىقىنىڭ جەريانى.

① ئۇرىياڭقا — ئۇرۇق نامى. ئۇرىياڭقاي دەپمۇ ئېلىنغان. چۈنكى، مەزكۇر كىتابنىڭ هەر قايسى پاراگرافلىرىدا ئۇرىياڭقا دېگەننى كۆپرەك ئىشلەتكەنلىكتىن، بىر خىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، باشتىن ئاخىر ئۇرىياڭقا دەپ ئېلىندى. — ت.

② سەمچى بايان — ئادەم ئىسمى. سەمچى «سىنچى، جىمغۇر» دېگەن مەنىدە. — ت.

10 § ئالان غوۋا دوبۇن مەرگەنگە ياتلىق بولغاندىن كېيىن بۇكۇنۇتەي ① بىلەن بەلگۇنۇتەي ② دېگەن ئىككى ئوغۇل تۇغدى.

① بۇكۇنۇتەي — ئادەم ئىسمى. «موڭغۇللارنىڭ مەنبەسى» دە بەگۇنتەي دەپ ئېلىنغان. — ت.

② بەلگۇنۇتەي — ئادەم ئىسمى. «موڭغۇللارنىڭ مەنبەسى» دە بەلگەتەي دەپ ئېلىنغان. — ت.

11 § دوبۇن مەرگەنىنىڭ ئاكىسى دوۋا سوقۇرنىڭ تۆت

ئوغلى ① بار ئىكەن. ئۇزۇن ئۆتمەي دۇۋا سوقۇر ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ تۆت ئوغلى تاغىسى دوبۇن مەرگەننى ئۆز قېرىندىشى قاتارىدا كۆرمەي ۋە ئۇنى قىلچە كۆزگە ئىلماي تاشلاپ كېتىپ، دۆربەن ② ئۇرۇقى بولدى. دۆربەنلەر مانا مۇشۇلارنىڭ ئەۋلادى ئىكەن.

① تۆت ئوغلى — يەنى دونوي، دوغشىن، ئەمبەگ، ئەركە. — ت.

② دۆربەن — ئۇرۇق نامى. تۆت دېگەن مەنىدە، ئۇنىڭ كۆپلۈك شەكلى دۆربەت. — ت.

§ 12 كۈنلەرنىڭ بىرىدە، دوبۇن مەرگەن توقوچاغ ئۆگدۆر دېگەن تاغقا ئوۋغا چىقىپ، ئورمانلىقتا ئولجا ئالغان بىر غونان بۇغىنىڭ قوۋۇرغىسى ۋە يۈرەك ـ جىگەرلىرىنى كاۋاپ قىلىپ ئولتۇرغان ئۇرىياڭقا ئۇرۇقىدىن بولغان بىر كىشىنى ئۇچراتتى.

§ 13 — ھەي نۆكەر، شىرالغا ① بەرمەمسەن؟ — دەپ سورىدى دوبۇن مەرگەن ئۇنىڭدىن. ئۇ:

— ماقۇل، بېرەي، — دەپ، ئۆپكە، يۈرەك ۋە تېرىلىرىنى ئېلىپ قېلىپ، گۆشنىڭ ھەممىسىنى دوبۇن مەرگەنگە بېرىۋەتتى.

① شىرالغا — ئوۋچىلارنىڭ ياكى باشقىلارنىڭ ئوۋچىنىڭ ئالغان ئولجىسىدىن ئالىدىغان ئۈلۈشى. — ت.

§ 14 دوبۇن مەرگەن بەرگەن غونان بۇغىنىڭ گۆشىنى ئارتىپ كېتىۋاتقاندا، ئالدىغا بىر بالا يېتەكلىۋالغان مۇساپىر يولۇقتى.

§ 15 — نېمە قىلىدىغان ئادەمسەن؟ — دەپ سورىدى دوبۇن مەرگەن ئۇنىڭدىن.

— مەن ماغالىغ بايانغۇداي ئۇرۇقىدىن ئىدىم، — دېدى ھېلىقى مۇساپىر، — يوقسۇللۇقتا مۇساپىر بولۇپ يۈرىمەن. ئەگەر ئۇلجاڭدىن ئازراق بەرسەڭ، مۇنۇ بالامنى ساڭا بېرىۋېتىمەن.

16 § دوبۇن مەرگەن ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ، ھېلىقى غونان بۇغىنىڭ بىر سانىنى بېرىپ، بالىسىنى ئۆي ئىشلىرىغا سېلىشقا باشلاپ كەتتى.

17 § ئۇزۇن ئۆتمەي دوبۇن مەرگەن ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇ ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، خوتۇنى ئالان غوۋا بۇغۇ ① قاتاگى، بۇقاتۇ سالجى ②، بودونچار موڭقاغ ③ دېگەن ئۈچ ئوغۇلنى تۇغدى.

① بۇغۇ قاتاگى — ئادەم ئىسمى. بۇغۇ. يەنى بۇغا. — ت.

② بۇقاتۇ سالجى — ئادەم ئىسمى. بۇقاتۇ. يەنى بۇقا. «ئالتۇن توپچى» دا بۇقاچى سالجى دەپ ئېلىنغان. — ت.

③ بودونچار موڭقاغ — ئادەم ئىسمى. يەنى دۆت بودونچار. موڭقاغ «ئەخمەق، دۆت، دېۋەڭ» دېگەن مەنىلەردە. — ت.

18 § دوبۇن مەرگەن ھايات چېغىدا تۇغۇلغان بەلگۈنۇتەي بىلەن بۇگۇنۇتەي ئالان غوۋانىڭ كەينىدىن بىر-بىرىگە:

— ئاپىمىزنىڭ يا تەگتۇش ئەر ئۇرۇق-تۇغقانلىرى، يا ئېرى يوق تۇرۇقلۇق، بۇ ئۈچ بالىنى تۇغدى. ئۆيىمىزدە ماغالىغ بايانغۇداي ئۇرۇقىدىن بولغان بىرلا كىشى بار. بۇ ئۈچ بالىنى شۇ كىشىدىن تاپقانمىدۇ؟ — دەپ گۇمانلىنىپ يۈرگەنلىكىنى ئاپىسى سېزىپ قالدى.

19 § ئەتىياز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، ئالان غوۋا قوينىڭ سۈر گۆشىنى ئوبدان پىشۇردى. بەش ئوغلى بۇگۇنۇتەي،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بەلگۈنۈتەي ، بۇغۇ قاتاگى ، بۇقاتۇ سالجى ، بودونچار موڭقاغنى قاتار ئولتۇرغۇزۇپ ، ھەر بىرىگە بىر تالدىن ئوق بېرىپ :

— سۇندۇرۇپ بېقىڭلار ! — دېدى . ئۇلار ھېچ كۈچىمەستىن ئوقنى پاسىلدىتىپ سۇندۇرۇۋەتتى . ئۇ يەنە بەش تال ئوقنى بىر باغلام چىگىپ ، ئۇلارغا :

— ئەمدى يەنە سۇندۇرۇپ بېقىڭلار ! — دېدى . ئۇلار ئۇيان قايرىپ ، بۇيان تولغاپ ، ھېچقايسىسى سۇندۇرالمىدى .

§ 20 — بالام بۇكۇنۇتەي ، بەلگۈنۈتەي ، ئىككىڭلار بۇ ئۈچ بالىنى كىمدىن تاپتىكىن دەپ گۇمانلاندىڭلار ، گۇمانىڭلار ئورۇنلۇق ، — دېدى ئالان غوۋا .

§ 21 — ھەر كۈنى كەچتە ئاقسېرىق بىر ئادەم تۈڭلۈكتىن ۋە ئىشىك ماڭلاي ياغىچى يوچۇقىدىن نۇردەك سىرغىپ كىرىپ ، قورسىقىمنى سىلايدۇ . ئۇنىڭ نۇرى قورسىقىمغا سىڭىپ كېتىدۇ . چىقىپ كېتىشىدە ، ئۇ كۈن ۋە ئاي نۇرى چۈشكەندە ① ، سېرىق ئىتتەك ئۈمۈلەپ چىقىپ كېتىدۇ . بۇنىڭ گۇمانلانغۇدەك نېمىسى بار ؟ شۇنىڭغا قارىغاندا ، بۇ بالىلار تەڭرىنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن يارالغان بولسا كېرەك .

ئۇلارنى قارا خەلققە ئوخشاتماڭلار ،
بىر كۈنى خاقان بولغان چاغدا ،
ئاندىن ئاۋام چۈشىنەر !

① بۇ يەردە تاڭ سۈزۈلەي ، ئاي پاتاي دېگەن چاغنى كۆرسەتمەكچى بولسا كېرەك . — ت .

§ 22 — بالىلىرىم ، — دېدى ئالان غوۋا بەش بالىسىغا نەسىھەت قىلىپ ، — بەشىڭلارنىڭ ھەممىسى بىر قورساقتىن

تۇغۇلغان قېرىنداشسىلەر، ھەممىڭلار باياقى بەش تال ئوقتا ئوقشايسىلەر. ئەگەر بىر - بىرىڭلاردىن ئايرىلىپ كەتسەڭلار، خەقلەر سىلەرنى باياقى يالغۇز ئوقلاردەك ئاسانلا سۇندۇرۇۋېتىدۇ. ئەگەر بىر باغلام چىگىلگەن بەش تال ئوقتەك بىر نىيەتتە ئۇيۇشساڭلار، ھېچكىم سىلەرنى تاك قىلىپ چېكەلمەيدۇ.

ئۇزۇن ئۆتمەي ئالان غوۋامۇ ئالەمدىن ئۆتتى.

23 § ئالان غوۋا ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ بەش بالىسى مال - چارۋا، ئوزۇق - تۈلۈكلەرنى بۆلۈشتى. بۈكۈنۈتەي، بەلگۈنۈتەي، بۇغۇ قاتاگى، بۇقاتۇ سالجى تۆتى ئەڭ كەنجىسى بودونچار موڭقاغىنى ئەقىلسىز، ئاجىز دەپ قاراپ، قېرىنداش قاتارىدا كۆرمەي، ئۇنىڭغا ھېچنېمە بۆلۈپ بەرمىدى.

24 § ئاكىلىرى قېرىنداش قاتارىدا كۆرمىگەندىن كېيىن: «بۇ يەردە تۇرۇۋېرىپ نېمە قىلارمەن؟ ئۆلسەم ئۆلەرمەن، ئۆلمىسەم تىرىكچىلىك قىلارمەن!» دەپ ئويلىغان بودونچار موڭقاغ يېغىر بوز چولاقنا مىنىپ، ئونون دەرياسىنى بويلاپ، بالجۇن ئارال ① دېگەن جايغا كەلدى ۋە شۇ جايدا كەپە تىكىپ تىرىكچىلىك قىلدى.

① بالجۇن ئارال — دەريا نامى. «ئالتۇن توپچى» دا بالچىر ئارال دەپ ئېلىنغان. — ت.

25 § شۇنداق تىرىكچىلىك قىلىپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بودونچار موڭقاغ قىرغاۋۇل تۇتۇپ يەۋاتقان بىر قارچىغىنى ئۇچرىتىپ قالدى. ئۇ دەرھال بوز چولاقنىڭ قۇيرۇق قىلدىن تۇزاق ياساپ، ئۇنى تۇتۇۋېلىپ ئەكىلىپ باقتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



26 § بودونچار موڭقاغ ئوزۇق ـ تۈلۈكلىرى تۈگەپ كەتكەندە، بۆرىلەردىن قېچىپ ئۆڭكۈرلەرگە يوشۇرۇنۇپ كىرىۋالغان بۇغىلارنى ئېتىپ يېدى. بەزى چاغلاردا بۆرىلەردىن ئېشىپ قالغان نەرسىلەرنى يەپ تىرىكچىلىك قىلغاندىن سىرت، قارچىغىسىنىمۇ ئاچ قويماي باقتى. شۇنداق قىلىپ يۈرۈپ، ئۇ بىر قىشنى ئۆتكۈزۈۋالدى.

27 § قىش كېتىپ ئەتىياز كەلگەندە، ياۋا غاز ـ ئۆردەكلەر كەلگەن مەزگىلدە، بودونچار موڭقاغ قارچىغىسىنى ئاچ قويۇپ بېرىپ، ياۋا غاز ـ ئۆردەكلەرنى ئوۋلاپ يېدى. ئۆلجىنىڭ كۆپلۈكىدىن يېيىشكە ئاغزى تەگمەي، دەرەخكە ئېسىپ قويغانلىرى سېسىپمۇ كەتتى.

28 § دۈيىرەن تېغىنىڭ تەسكەي تەرىپىدىن تۆڭگەلىك دەرياسىنى بويلاپ بىر تۇركۇم ئەل كۆچۈپ كەلدى. بودونچار موڭقاغ كۈندۈزلىرى ئۇلارنىڭ قېشىغا بېرىپ، قارچىغىسىنى قويۇۋېتىپ، قىمىزلىرىنى ئىچىپ، گۆشلىرىنى يېدى، كېچىلىرى كەپىسىگە قايتىپ كېلىپ تۈنىدى.

29 § ئۇلار بودونچار موڭقاغتىن قارچىغىسىنى سورىغانىدى، لېكىن ئۇ بەرمىدى. ئۇلار بودونچار موڭقاغتىن كىم بولسەن، قايسى ئۇرۇقتىن، نېمە قىلىدىغان ئادەمسەن دەپ سوراپمۇ قويمىدى. ئۇمۇ ئۇلارنىڭ نەدىن كۆچۈپ كەلگەنلىكىنى سورىماي، باردى ـ كەلدى قىلىپ يۈردى.

30 § « ئىنىم بودونچار موڭقاغ ئونون دەرياسىنى بويلاپ كەتكەنىدى » دەپ ئويلىغان ئاكىسى بۇغۇ قاتاگى ① ئۇنى ئىزدەپ

كېتىۋېتىپ ، تۆڭگەلىك دەرياسىنى بويلاپ كۆچۈپ كەلگەن
ھېلىقى ئەلگە ئۇچراپ قالدى ۋە ئۇلاردىن ئىنسىنى سوراشتۇردى .

① بوغۇ قاتاگى — ئادەم ئىسمى . ئالان غوۋانىڭ ئېرى ئۆلگەندىن كېيىن تۇغقان ئۈچ بالىسىنىڭ چوڭى ئىدى . — ت .

§ 31 — ئۆزى ۋە مىڭگەن ئېتىمۇ سەن دېگەنگە ئوخشايدىغان بىر ئادەم بار ، ئۇنىڭ يەنە قارچىغىسىمۇ بار ، — دېدى ئۇلار ، — ئۇ ھەر كۈنى قېشىمىزغا كېلىپ قىمىزلىرىمىزنى ئىچىپ كېتىدۇ . كەچلىرى نەدە يۇرۇپ ، نەدە ياتىدىغانلىقىنى بىلمەيدىكەنمىز . كۈنپېتىش تەرەپتىن شامال چىققاندا ، قارچىغىسى ئوۋلىغان ياۋا غاز - ئۆردەكلەرنىڭ پەيلىرى قاردەك توزۇپ كېتىدۇ . شۇنىڭغا قارىغاندا مۇشۇ ئەتراپتا بولسا كېرەك . ئۇنىڭ كېلىدىغان چېغىمۇ بولۇپ قالدى . بىر ئاز تەخىر قىلىپ تۇر .

§ 32 بوغۇ قاتاگى ئۇزۇن ئۆتمەي بىرىنىڭ تۆڭگەلىك دەرياسىنى بويلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى . ئۇ بىر قاراپلا ئىنىسى بودونچار موڭقاغ ئىكەنلىكىنى تونىدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇلار كۆرۈشۈپ ، تۆڭگەلىك دەرياسىنى ئۆرلەپ يول ئالدى .

§ 33 بودونچار موڭقاغ ئاكىسىنىڭ كەينىدىن كېتىۋېتىپ :
— ئاكا ، ئاكا ، تەننى باشتىن ئايرىمسۇن ، تونىنى ياقىسىدىن ! — دېدى . لېكىن ، ئاكىسى بوغۇ قاتاگى ئۇنىڭ گېپىنى چۈشەنمىدى بولغاي ، گەپ قىلماي كېتىۋەردى .

§ 34 ئۇ باياقى گېپىنى يەنە قايتىلىدى . لېكىن ، ئاكىسى يەنە گەپ قىلماي كېتىۋەردى . ئۇ يەنە قايتىلىغاندىن كېيىن ، ئاكىسى :

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



— ئەجەپ ئۇ گەپنى قايتىلاپ كەتتىڭا. بىر نېمە دېمەكچىمىدىڭ ؟ — دېدى.

35 § — تۆڭگەلىك دەرياسى بويىغا كۆچۈپ كەلگەن ھېلىقى ئەل چوڭ - كىچىك، ياخشى - يامانىنى بىلمەيدىغان بەگۋاش ئەل ئىكەن. بىز ئۇلارنى بولاپ كەلمەمدۇق، — دېدى بودونچار موڭقاغ چۈشەندۈرۈپ.

36 § — ئەگەر دېگىنىڭدەك بولسا، قايتىپ بېرىپ، بىز ئاغا - ئىنىلەر مەسلىھەتلەشكەندىن بولايلى ! — دېدى ئاكىسى بۇغۇ قاتاگى.

37 § ئۇلار قايتىپ بېرىپ، ئاغا - ئىنىلەر مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن ئاتلاندى. بودونچار موڭقاغنى ئالغىنچى ① قىلىپ ئەۋەتتى.

① ئالغىنچى — ئايغاقچى، پايلاقچى، تىڭتىڭچى، رازۋېدچىك. — ت.

38 § ئالغىنچى بودونچار بولاش جەريانىدا ئىككىقات بىر ئايالنى تۇتۇۋالدى ۋە ئۇنىڭدىن :

— نېمە قىلىدىغان ئادەمسەن ؟ — دەپ سورىدى.

— مەن جارچىغۇت ئۇرۇقى ئاداڭقانلاردىن بولىمەن، ئىسمىم ئۇرىياڭقاجىن ①، — دېدى ئۇ ئايال.

① جارچىغۇت — ئۇرۇق نامى، ئاداڭقان تارماق ئۇرۇق نامى. « ئالتۇن توپچى » دا ئۇ ئايالنىڭ ئىسمى بۇدان؛ « ئالتۇن توپچىيا » دا باراتاي دەپ ئېلىنغان. — ت.

39 § ئاغا - ئىنە بەشى ئۇ ئەلنى بېقىندۇرۇپ، ئات - ئۇلاغ،

ئوزۇق ــ تۇلۇك ، ئەل ــ جامائەت ، تۇتغار ① قاتارلىقلارغا ئىگە بولدى .

① تۇتغار ــ خىزمەتكار ، مەدىكار . ــ ت .

40 § ئۇ ئىككىسقات ئايال بودورچار موڭقاغىنىڭ ئىلكىگە ئۆتكەندىن كېيىن بىر ئوغۇل تۇغدى . ئۇ بالا يات ئورۇقتىن بولغانلىقتىن ، ئۇنىڭغا جاجىراداي دەپ ئىسىم قويدى . ئۇ جاداران ① ئورۇقىنىڭ ئەجدادى ئىدى . جاجىرادايىنىڭ ئوغلى تۇگۇگۇدەي ، تۇگۇگۇدەينىڭ ئوغلى بۇرى بولچىرۇ ② ، بۇرى بولچىرۇنىڭ ئوغلى قارا قاداغان ، قارا قاداغاننىڭ ئوغلى جامۇقا بولۇپ ، ئۇلار جاداران ③ ئورۇقى بولدى .

① جاداران ــ ئورۇق نامى . سۆز يىلتىزى جاد ، يەنى يات بولۇپ ، يات ئورۇق دېگەن مەنىدە . ــ ت .

② بۇرى بولچىرۇ ــ ئادەم ئىسمى . بۇرى « بۆرە » دېگەن مەنىدە . « ئالتۇن توپچى » دا بۇرى بۇلشقۇ دەپ ئېلىنغان . ــ ت .

③ جاداران ــ ئورۇق نامى . « ئالتۇن توپچى » دا جاچىراتاي ؛ « موڭغۇللارنىڭ مەنبەسى » دە ۋاچىراتاي ؛ « ئالتۇن توپچىيا » دا جەرچىگەت دەپ ئېلىنغان . ــ ت

41 § ئۇ ئايال بودونچارموڭقاغىنىڭ قولىدا يەنە بىر بالا تۇغدى . ئۇ بولاپ كېلىنگەن ئايالدىن تۇغۇلغان بالا بولغاچقا ، ئۇنىڭغا باغارىتاي دېگەن ئىسىم قويدى . ئۇ باغارىن ئورۇقىنىڭ ئەجدادى ئىدى . باغارىتايىنىڭ ئوغلى چىدۇغۇل بۆكە ① بولۇپ ، چىدۇغۇل بۆكەنىڭ خوتۇن ــ بالىلىرى ماناندەك كۆپ بولغاچقا ، ئۇلار مەنەن باغارىن ئورۇقى بولدى .

① بۆكە ــ ئادەم ئىسمى . بۆكە « پالۋان » دېگەن مەنىدە . ــ ت .

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



42 § بەلگۈنۈتەي بەلگۈنۈت ئۇرۇقى، بۈگۈنۈتەي ① بۈگۈنۈت ② ئۇرۇقى، بۇغۇ قاتاگى قاتاگىن ئۇرۇقى، بۇقاتۇ سالجى سالجىغۇت ئۇرۇقى، بودونچار موڭقاغ بورجىگىن ③ ئۇرۇقى بولدى.

① بۈگۈنۈتەي — ئادەم ئىسمى. 10 § دا ئەسلى تېكىستتە « بۈكۈنۈتەي » دەپ ئېلىنغان، لېكىن بۇ يەرگە كەلگەندە « بۈگۈنۈتەي » دەپ ئېلىنغان. يەنە ئەسلى تېكىستكە بويسۇنۇش ئاساسىدا « بۈگۈنۈتەي » دەپ ئېلىندى. « ئالتۇن توپچى » 71 ـ بەتتە بەگۈنۈتەي دەپ ئېلىنغان. — ت.

② بۈگۈنۈت — ئۇرۇق نامى. « ئالتۇن توپچى » 71 ـ بەتتە بەگۈنۈت دەپ ئېلىنغان. — ت.

③ بورجىگىن — ئۇرۇق نامى. بۆرە تېكىنمۇ دېيىلىدۇ (« خەنزۇچە — ئۇيغۇرچە تارىخىي ئاتالغۇلار لۇغىتى »، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1990 ـ يىل 11 ـ ئاي نەشرى). چىڭگىز خان تەۋە بولغان ئۇرۇق، يەنى « ئالتۇن ئۇرۇق » دەپ ئاتالدىغان ئۇرۇق. مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە، موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرى ئاز بىر قىسىم، مەسىلەن، قاراچىنلارنىڭ ئۇيراڭقاي ۋە شىنجاڭدىكى تورغۇتلارنىڭ كەرەي قاتارلىق ئۇرۇقلىرىدىن باشقا، قالغانلىرى مۇشۇ ئالتۇن ئۇرۇققا تەۋە، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى چىڭگىز خاننىڭ ئىنىلىرىنىڭ ئەۋلادى. بۇ ئۇرۇق موڭغۇللارغا سەككىز ئەسىرگىچە ھۆكۈمرانلىق قىلىپ كەلگەن. بورجىگىن « بور كۆزلۈكلەر » دېگەن مەنىدە. — ت.

43 § بودونچارموڭقاغنىڭ بەيبىشىسىدىن ① بارىم شىگىراتۇ قابىچى ② دېگەن بالا تۇغۇلدى. بودونچار موڭقاغ يەنە قابىچى باتۇرنىڭ ئەنچى قىزىنى ③ توقاللىققا ئالدى. ئۇنىڭدىن جەگۇرەدەي ④ دېگەن بالا تۇغۇلدى. بودونچار موڭقاغ ھايات ۋاقتىدا، جەگۇرەدەينى جۇگەلگە ⑤ باشلاپ بارغانىدى.

① بەيبىشە — ئەسلى تېكىستتە ablin eme، ئۇنىڭ ئورنى باشقا خوتۇنلاردىن يۇقىرى بولىدۇ. موڭغۇللارنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە، بەيبىشىنىڭ بالا — چاقىلىرى مەنسەپ ۋە مال — مۈلۈكلەرگە ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ.

② بارىم شىگىراتۇ قابىچى — ئادەم ئىسمى. « ئالتۇن توپچى » 17 ـ بەتتە بارىم شىكەرتۇ قابىچى؛ « چىڭگىز خان ھەققىدە » قابىچى كۈلۈگ؛ « موڭغۇللارنىڭ

مەنبەسى » دە قابىچى باغاتۇر دەپ ئېلىنغان . — ت .

③ ئەنچى قىز — ئەسلى تېكستە inje ( injes ) . بۇ يەردە كېلىن قىزغا ئاتا - ئانىسى قوشۇپ قويغان قىزنى كۆرستىدۇ . موڭغۇللانىڭ ۋە باشقا چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ ئادىتى بويىچە ، قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى قىزى ياتلىق بولغاندا ، قىزىغا چۆرە - دېدەك ، مال - چارۋا ۋە باشقا مال - مۈلۈكلەرنى قوشۇپ بېرىدۇ . — ت .

④ جەگۈرەدەي — ئادەم ئىسمى . « ئالتۇن توپچى » دا جەگۈريەدەي دەپ ئېلىنغان . — ت .

⑤ جۇگەلى — ئەسلى تېكستتە Jugeli . مالنى سويۇپ ، بېشى ، تۇياقلىرىنى تېرىسىدىن ئېلىۋەتمەي ، ئۇزۇن خادىغا ئېسىپ نەزىرلىك قىلىدىغان ، شامان دىنىدىن كىرگەن بىر خىل نەزىر - چىراغ قىلىدىغان ئادەت . — ت .

§ 44 بودونچار موڭقاغ ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ، جەگۈرەدەينىڭ ئۆيىگە ئاداڭقا ئۇرياڭقاي ئۇرۇقىدىن بىرسى كېلىپ - كېتىپ يۈرگەنلىكتىن ، قابىچى جەگۈرەدەي شۇنىڭدىن تۆرەلگەن بالا بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ ، ئۇنى ئارىغا ئالماي ، جۇگەلىدىن قوغلاپ چىقىرىۋەتكەنلىكتىن ، جەگۈرەدەي جەگۈرەيت ئۇرۇقى بولدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇ جەگۈرەيت ئۇرۇقدىكىلەرنىڭ ئەجدادى بولۇپ قالدى .

§ 45 قابىچى باتۇرنىڭ مەنەن تۇدۇن ① دېگەن ئوغلى ، مەنەن تۇدۇننىڭ قاچى كۈلۈگ ② ، قاچىن ، قاچىغۇ ، قاچۇلا ، قاچىغۇن ③ ، قارانداي ، ناچىن ① باتۇر دېگەن يەتتە ئوغلى بار ئىدى .

① مەنەن تۇدۇن — ئادەم ئىسمى . مەنەن « مانان » ، تۇدۇن « تۇتۇن » . « ئالتۇن توپچى » دا ماقا تۇدۇن ؛ « چىڭگىز خان ھەققىدە » ماقا تۇدەن دەپ ئېلىنىپ ، ئۇنى بىكىر باتۇرنىڭ بالىسى . قابىچى كۈلۈگنىڭ نەۋرىسى دېيىلگەن . « موڭغۇللارنىڭ مەنبەسى » دە ماقا تۇدان ، « ئالتۇن توپچىيا » دا ماقاكارۇدا دەپ ئېلىنىپ ، بەكتەر باتۇرنىڭ دادىسى دېيىلگەن . « Rashipongsugh » دا ماقاتۇبدان دەپ ئېلىنغان . — ت .

② قاچى كۈلۈگ — ئادەم ئىسمى . كۈلۈگ « جەسۇر . قەيسەر » دېگەن

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



مەنىدە . ــــ ت .

③ قاچغۇن ـــ ئادەم ئىسمى . قاچغۇن « قاتغۇن » دېگەن مەنىدە . ـــ ت .

④ ناچىن ـــ ئادەم ئىسمى . ناچىن « لاچىن » . ـــ ت .

46 § قاچى كۈلۈگنىڭ قايدۇ دېگەن ئوغلىنى نومۇلۇن ئانا تۇغدى . قاچىننىڭ ئوغلى نوياگىتاي ① بولۇپ ، ئۇ نويان ② سۈپەت بولغانلىقتىن ، نوياگىن ئۇرۇقى بولدى . قاچىغۇننىڭ ئوغلى بارۇلاتاي ③ بولۇپ ، ئۇ بەستىلىك ، ئەمما ئاچكۆزرەك بولغانلىقتىن ، بارۇلاس ④ ئۇرۇقى بولدى . قاچۇلانىڭ ئوغۇللىرىمۇ ئاچكۆزرەك بولغانلىقتىن ، ئۇلارغا چوڭ بارۇلا ۋە كىچىك بارۇلا دېگەن لەقەم قويۇلدى . شۇنىڭ بىلەن ئەردەمتۇ ⑤ بارۇلا ۋە تۆدۆگەن ⑥ بارۇلا قاتارلىقلار بارۇلاس ئۇرۇقى بولدى . قارانداينىڭ ئوغۇللىرى ئالدىغا كەلگەنلەرنى بۇلاپ ـ تالاپ يەيدىغان خامۇشراق باللار بولغانلىقتىن ، ئۇلار بوداغات ئۇرۇقى بولدى . قاچىغۇننىڭ ئوغلى ئادارگىداي بولۇپ ، ئاغا ـ ئىنىلەر ئارىسىدا پىتنە ـ پاسات پەيدا قىلىپ تۇرىدىغانلىقتىن ، ئادارگىن ئۇرۇقى بولدى . ناچىن باتۇرنىڭ ئوغۇللىرى ئۇرۇغۇتاي ۋە ماڭغۇتاي بولۇپ ، ئۇلار ئۇرۇغۇت ئۇرۇقى ۋە ماڭغۇت ئۇرۇقى بولدى . ناچىن باتۇرنىڭ بەيبىشىسىدىن شىجۇغۇتاي ۋە دوغۇلاتاي دېگەن ئوغۇل تۇغۇلدى .

① نوياگىتاي ـــ ئادەم ئىسمى . نوياگىتاينىڭ كۆپلۈك شەكلى نوياگىن . ـــ ت .

② نويان ـــ بەگ ، بايۋەتچە ، ئاقسۆڭەك قاتارلىق مەنىدە . ـــ ت .

③ بارۇلاتاي ـــ ئادەم ئىسمى . « ئالتۇن توپچى » 17 ـ بەتتە بارىلۇتاي دەپ ئېلىنغان . ـــ ت .

④ بارۇلاس ـــ ئۇرۇق نامى . بارۇلاس . بارۇلانىڭ كۆپلۈك شەكلى . « ئالتۇن توپچى » 17 ـ بەتتە بارۇلاسقۇ دەپ ئېلىنغان . ـــ ت .

⑤ ئەردەمتۇ بارۇلا ـــ ئادەم ئىسمى . ئەردەمتۇ « قابىلىيەتلىك » دېگەن

مەنىدە . — ت .

⑥ تۆدۆگەن بارۇلا — ئادەم ئىسمى . تۆدۆگەن « يۆگەكتىكى بوۋاق » دېگەن مەنىدە . — ت .

47 § قايدۇنىڭ بايشۇڭقۇر دوغشىن ①، چارغاي لىڭقۇ ②، چاۋجىن ئۆرتەگەي دېگەن ئۈچ ئوغلى بار ئىدى . بايشوڭقورنىڭ ئوغلى تۇنبىناي سەچەن ③، چارغاي لىڭقۇنىڭ ئوغلى سەڭگۇم ④ بىلگە ، ( سەڭگۇم بىلگەنىڭ بالىسى ) ⑤ ئامباغاي قاتارلىقلار تايچىغۇت ئۇرۇقى بولدى . چارغاي لىڭقۇ ئۆز يەڭگىسىنى خوتۇنلۇققا ئېلىپ ، ئۇنىڭدىن تۇغۇلغان بالىسىغا بەسۇتەي دەپ ئىسىم قويغانلىقتىن ، ئۇلار بەسۇت ئۇرۇقى بولدى . چاۋجىن ئۆرتەگەينىڭ بالىلىرى ئۆرونار ، قوڭقوتان ، ئارۇلات ، سۇنىت ، قاپتورقاس ، گەنىگەس ئۇرۇقى بولدى .

① بايشۇڭقۇر دوغشىن — ئادەم ئىسمى . بايشۇڭقۇر « باي شۇڭقار » ، دوغشىن « ۋەھشىي ، يىرتقۇچ » . « موڭغۇللارنىڭ مەنبەسى » دە شىڭقۇر دوغشىن دەپ ئېلىنغان . — ت .

② چارغاي لىڭقۇ — ئادەم ئىسمى . چارغاي « شاخ - يوپۇرماقلىرى بۇك - باراقسان » دېگەن مەنىدە . « ئالتۇن توپچى » 19 - بەتتە چارغاي لىڭقۇۋا دەپ ئېلىنغان . — ت .

③ سەڭگۇم — ئادەم ئىسمى . سەڭگۇم ( Seŋgum ) « سانغۇن » دېگەن مەنىدە . — ت .

④ تۇنبىناي سەچەن — ئادەم ئىسمى . سەچەن « چېچەن ، ئەقىللىق » دېگەن مەنىدە . « ئالتۇن توپچى » دا تۇمبىقاي سەچەن ؛ « ئالتۇن توپچىيا » دا تۇمبىقاي خان ؛ « موڭغۇللارنىڭ مەنبەسى » دە تۇمبىقاي سەچەن ؛ « Rashipongsugh » دا تۇمبەي خان ناچىن دەپ ئېلىنغان . — ت .

⑤ بۇ يەردە سۆز چۈشۈپ قالغان بولۇشى مۇمكىن ، 52 § دا سەڭگۇم بىلەن ئامباغاينىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا : « ... سەڭگۇم بىلگەنىڭ ئوغلى ئامباغاي خان پۈتكۈل موڭغۇلنى ئىدارە قىلدى » دېيىلگەن . بۇنىڭدىن ئاتا - بالىلىق مۇناسىۋىتى ئېنىق چىقىپ تۇرغانلىقتىن ، سۆز قوشۇلدى . — ت .

www.uyghurkitap.com



48 § تۇنبىناي سەچەننىڭ قابۇل خان ①، سەم سەچۇلە ② دېگەن ئىككى ئوغلى بار ئىدى. سەم سەچۇلەنىڭ بۇلتەچۇ باتۇر ③ دېگەن ئوغلى بار ئىدى. قابۇل خاننىڭ يەتتە ئوغلى بولۇپ، ئەڭ چوڭىنىڭ ئىسمى ئۆكىن بارقاغ، قالغانلىرى بارتام باتۇر ④، قۇتۇغتۇ مۆڭگۈر ⑤، قۇتۇلا قاغان، قۇلان ⑥، قاداغان ۋە تۆدۆگەن ئۆتچىگىن ⑦ ئىدى.

① قابۇل خان — ئادەم ئىسمى. قابۇل «قۇبۇل» دېگەن مەنىدە. — ت.

② سەم سەچۇلە — ئادەم ئىسمى. سەم «جىمغۇر، كەم سۆز». «ئالتۇن توپچى» 19 - بەتتە قام قاچۇلا دەپ ئېلىنغان. — ت.

③ بۇلتەچۇ باتۇر — ئادەم ئىسمى. «ئالتۇن توپچى» 19 - بەتتە بۇلتەچۇ باتۇرنىڭ بالىسى مەرگەن سەچەن دېيىلگەن. — ت.

④ بارتام باتۇر — ئادەم ئىسمى. بارتام «مۇشكۇل: يەڭگىلى بولماسلىق؛ يېڭىلمەس»، بارتام باتۇر «يېڭىلمەس باتۇر» دېگەن مەنىدە. — ت.

⑤ قۇتۇغتۇ — ئادەم ئىسمى. قۇتۇغتۇ «قۇتلۇق» دېگەن مەنىدە. — ت.

⑥ قۇلان — ئادەم ئىسمى. «ئالتۇن توپچى» دا قۇلان باتۇر دەپ ئېلىنغان. — ت.

⑥ تۆدۆگەن ئۆتچىگىن — ئادەم ئىسمى. تۆدۆگەن «زاكا، يۆگەك»، ئوتچىگىن «ئوت تەگەن. كەنجى بالا». شۇ چاغدىكى ئىجتىمائىي تۈزۈمگە ئاساسەن، كەنجى بالا دادىسىنىڭ مال - دۇنيالىرىغا ۋارىسلىق قىلىدىغان بولغاچقا، بالىنىڭ ئەڭ كىچىكى «ئوتچىگىن» دەپ ھۆرمەتلەپ ئاتىلاتتى.

49 § ئۆكىن بارغاقنىڭ قۇتۇغتۇ جۇركى ① دېگەن ئوغلى بار ئىدى. قۇتۇقتۇ جۇركىنىڭ سەچە بەگ ② ۋە تايچۇ دېگەن ئىككى ئوغلى بار ئىدى. ئۇلار جۇركى ③ ئۇرۇقى بولدى.

① قۇتۇغتۇ جۇركى — ئادەم ئىسمى. جۇركى «يۈرەك». قەدىمكى تىلدا «ج» بىلەن «ي» باشتا كەلگەندە ئالماشتۇرۇپ ئوقۇلۇۋېرىلىدۇ. مەسىلەن، جۇرەك دەپمۇ، يۇرەك دەپمۇ ئوقۇلىدۇ. لېكىن، ئەسلى تېكىست 122 §، 139 § دا سورقاتۇ جۇركى دەپمۇ ئېلىنغان. «ئالتۇن توپچى» 19 - بەتتە جورىغتۇ جۇركە دەپ ئېلىنغان. — ت.

② سەچە بەگ — ئادەم ئىسمى. ئەسلى تېكستتە «سەچە بەكى» (Seche Beki) دەپ ئېلىنغان. بەكى «بەگ» دېگەن سۆز بولغاچقا، باشتىن ئاخىر بەگ دەپ ئېلىندى. 122 §، 137 § دا «ساچا بەكى» دەپ ئېلىنغان. قەدىمكى تىلدا «سە» بىلەن «سا» مۇ ئالماشتۇرۇلۇپ ئوقۇلۇۋېرىلىدۇ. — ت.

③ جۈركى — ئۇرۇق نامى. «ئالتۇن توپچى» دا جۈركەن دەپ ئېلىنغان. — ت.

50 § بارتام باتۇرنىڭ ① مەڭگەتۇ قىيان ②، نەگۇن تايشى ③، يەسۈگەي باتۇر ④، دارىتاي ئوتچىگىن دېگەن تۆت ئوغلى بار ئىدى. قۇتۇغتۇ مۆڭگۈرنىڭ ئوغلى بۈرى بۆكە ⑤ ئىدى. ئونون دەرياسى بويىدىكى ئورمانلىقتا ئۆتكۈزۈلگەن تويدا، بەلگۈتەينىڭ مۈرىسىنى چېپىۋەتكەن مۇشۇ بۈرى بۆكە ئىدى.

① بارتام باتۇر — ئادەم ئىسمى. بارتام باتۇرنىڭ تۆت ئوغلىنىڭ مەڭگەتۇ، نەگۇن، يەسۈگەي، داغارىتاي. قىيان، تايشى، باتۇر، ئوتچىگىن دېگەن ئىسىملىرىنىڭ ھەممىسى بىر خىل ھۆرمەت نامى، ئۆز ئىسمى ئەمەس. — ت.

② مەڭگۇتۇ قىيان — ئادەم ئىسمى، مەڭگۇتۇ «مەڭگە» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مەڭگە «مەڭ: يۈزدە مېڭى بار» دېگەن مەنىدە. 120 § دا مۆڭكەتۇ قىيان دەپ ئېلىنغان، مۆڭكە «مەڭگۈ» دېگەن مەنىدە. «موڭغۇللارنىڭ مەنبەسى» دە «مەڭگەتۇ سەچەن» دەپ ئېلىنغان. — ت.

③ نەگۇن تايشى — ئادەم ئىسمى. نەگۇن ئىسىم، تايشى خەنزۇچىدىكى «太子». «ئالتۇن توپچى» دا «نەگۇن تايجى» دەپ ئېلىنغان. تايشى تەدرىجىي تايجىگە ئۆزگەرگەن. — ت.

④ يەسۈگەي باتۇر — ئادەم ئىسمى. چىڭگىز خاننىڭ دادىسى. «ئالتۇن توپچى» 20 - بەتتە يەسۈگەينىڭ ئاپىسىنىڭ ئىسمى سۈچىگەلەجىن، موڭغۇل تارچىنغۇچىن يىسۈتەينىڭ قىزى دېيىلگەن.

⑤ بۈرى بۆكە — ئادەم ئىسمى. بۈرى «بۆرە»: بۆكە «پالۋان» دېگەن مەنىدە. ئۇنىڭ بەلگۈتەينىڭ مۈرىسىنى چېپىۋەتكەنلىكى ھەققىدىكى ھېكايە 131 §، 140 § دا بايان قىلىنىدۇ. — ت.

51 § قۇتۇلا قاغاننىڭ جوچى ①، گىرماغۇ، ئالتۇن دېگەن

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئۈچ ئوغلى بار ئىدى. قۇلان باتۇرنىڭ يەكە چەرەن دېگەن ئوغلى بولۇپ، ئۇ باداي، كىشلىك دېگەن ئىككى تارخاننىڭ ② نويانى ③ ئىدى. قاداغان، تۆدۆگەن ئىككىسى بالا ـ چاقىسىز ئۆتتى.

① جوچى ــ ئادەم ئىسمى. چىڭگىز خاننىڭ چوڭ ئوغلى بىلەن ئىسمداش. « ئالتۇن توپچى » دا « چوچى » دەپ ئېلىنغان. ــ ت.

③ تارخان ــ ئالۋان ـ ياساق، سېلىق ـ باج ۋە ھەر خىل مەجبۇرىيەتلەردىن ئازاد قىلىنغان ئىمتىيازلىق قەبىلە، كىشى ياكى مەنسەپدار. ــ ت.

① نويان ــ بۇ يەردە يەكە چەرەن باداي بىلەن كىشلىكنىڭ خوجىسى ياكى باشلىقى. باداي بىلەن كىشلىك يەكە چەرەننىڭ قۇلى ياكى يايى دېمەكچى. ــ ت.

52 § قابۇل خان پۈتۈن موڭغۇلنى ئىدارە قىلدى. ئۇ ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ يەتتە ئوغلى بولسىمۇ، لېكىن ۋەسىيىتى بويىچە سەڭگۇم بىلگەنىڭ ئوغلى ئامباغاي خان ① پۈتۈن موڭغۇلنى ئىدارە قىلدى.

① سەڭگۇم بىلگە بىلەن ئامباغاينىڭ مۇناسىۋىتى مەزكۇر پاراگرافتا ئاتا ـ بالا دەپ كۆرسىتىلگەن، لېكىن 47 § دا ئاكا ـ ئۇكا قاتارىدا تىزىلغان. موڭغۇلچە ئەسلى تېكىستنى تەھلىل قىلغاندا، مەزكۇر پاراگرافتىدىكى ئاتا ـ بالا مۇناسىۋىتى ئېنىق. لېكىن 47 § دا سۆز چۈشۈپ قالغانلىقى تۈپەيلىدىن، سەڭگۇم بىلگەنىڭ كەينىدىلا ئامباغاي قوشۇلۇپ كەلگەن. ــ ت.

53 § بۇيىر كۆلى ① بىلەن كۆلۈن كۆلى ② ئارىسىدىكى ئۇرشىغۇن دەرياسى ③ بويلىرىدا، تاتارلارنىڭ ئايرىغۇت، بۇيرۇغۇت ④ ئۇرۇقلىرى ياشايتتى. ئامباغاي خان قىزىنى ئۇلارغا ياتلىق قىلىش ئۈچۈن كېتىۋاتقاندا، تاتارلارنىڭ جۇيىن ئادەملىرى ⑤ ئامباغاي خاننى تۇتۇۋېلىپ، قىتانلارنىڭ ئالتۇن

خانىغا ئاپىرىپ بەرمەكچى بولغاندا، ئامباغاي خان:

— قابۇل خانىنىڭ يەتتە ئوغلىنىڭ ئوتتۇرانچىسى قۇتۇلا بىلەن ئون بالامنىڭ ئوتتۇرانچىسى قاداغان تايشىغا بېرىپ ئېيتقىن، — دېدى بەسۇت ئۇرۇقىدىن بولغان بالا قاچىغا، — ئەل سوراپ، ئۇلۇس باشقۇرۇپ كېلىۋاتقان خان تۇرۇقلۇق، ياتلىق بولىدىغان قىزىمنى ئۆز قولۇم بىلەن تاپشۇرۇپ بېرىمەن دەپ، تاتارلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدىم. ئېسىڭلاردا بولسۇنكى:

بەش بارماقلىرىڭلارنىڭ تىماقلىرى قايرىلىپ،
ئون بارماقلىرىڭلار تىتىلىپ كەتسمۇ،
ئۆچۈمنى ئېلىڭلار!

① بۇيىر كۆلى — كۆل نامى. «بۇئىر» مۇ دېيىلىدۇ. هازىرقى خۇلۇن بۇئىر ئايمىقىدىكى بۇئىر كۆلى. — ت.

② كۆلۈن كۆلى — كۆل نامى. هازىرقى خۇلۇن بۇئىر ئايمىقى چېگرىسى ئىچىدىكى خۇلۇن كۆلى. — ت.

③ ئۇرشىغۇن دەرياسى — دەريا نامى. جەنۇب تەرىپى بۇئىر كۆلى، شىمال تەرىپى خۇلۇن كۆلگە تۇتىشىدىغان دەريا بولۇپ، سۇيى سۈزۈك، ئوت — چۆپلىرى مۇنبەت، دەريادا بېلىقلار ناهايىتى مول جاي. — ت.

④ ئايىرىغۇت، بۇيىرۇغۇت — ئۇرۇقناملىرى. Ayiri (Airi) «قارشىلىشىدىغان، دۈمەنلىشىدىغان، يامان، ئەسكى»: Buiru (Beiru) «تۈز بولمىغان، دۇرۇس بولمىغان، توغرا بولمىغان» دېگەن مەنىلەردە. — ت.

⑤ جۇيىن ئادەملىرى — جىن خانلىقىنىڭ شۇ چاغدىكى چېگرا قوغدىغۇچى قوشۇنى. — ت.

54 § شۇ كۈنلەردە، ئونون دەرياسىنىڭ بويىدا قارچىغا سېلىپ ئوۋ ئوۋلاۋاتقان يەسۈگەي باتۇر ئولقۇنۇغۇت ① ئۇرۇقىدىن قىز ئېلىپ كېتىۋاتقان مەركىت ② ئۇرۇقىدىن بولغان يەكە چىلەدۈنى ئۇچرىتىپ قالدى. ئۇ ئاي جامال خاتۇنغا ③ كۆزى چۈشكەن يەسۈگەي باتۇر دەرھال قايتىپ بېرىپ، ئاكىسى نەكۈن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



تايشى بىلەن ئىنىسى داغارىتاي ئوتچىگىنىنى باشلاپ كەلدى.

① ئولقۇنۇغۇت — ئۇرۇق نامى. ھوڭگىرات ئۇرۇقىغا تەۋە بولغان ئۇرۇقنىڭ بىرى. — ت.
② مەركىت — ئۇرۇق نامى. بايقال كۆلىنىڭ جەنۇبى، سېلېڭگې دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدا ياشىغان كۆچلۈك قەبىلە. — ت.
③ ئەسلى تېكستتە khatu خاتۇ (خاتۇن) دەپ ئېلىنغان. — ت.

55 § ئۆلارنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتكەن يەكە چىلەدۇ قۇلا بەيگىسىنى قامچىلاپ تاغقا قاراپ قاچتى. يەسۈگەي باتۇر ئاكا - ئۇكا ئۈچى كەينىدىن قوغلىدى. يەكە چىلەدۇ تاغ تۇمشۇقىدىن ئايلىنىپ مەپىلىك ھارۋىسىنىڭ يېنىغا كەلگەندە، ئۆلۈن ئۈجىن:

— ئۇ ئۈچىنىڭ ئەلپازىنى كۆردىڭىزمۇ؟ سىزگە زىيانكەشلىك قىلىدىغاندەك قىلىدۇ! بۇ ھەر بىر ھارۋىنىڭ ئالدىدا، ھەر بىر مەپىنىڭ ئىچىدە نى - نى ئېسىل قىز - خاتۇنلار ئولتۇرىدۇ! ئەگەر جېنىڭىز ئامان - ئېسەن قالسىلا، ئۆلارنى بىر - بىرلەپ چېكىپ تۇرۇپ ئالالايسىز! ئالغان قىزىڭىزنىڭ ئىسمىنى ئۆلۈن ئۈجىن دەپ ئاتىغايسىز! تېز قېچىڭ! ھىدىم سىزگە ھەمراھ بولسۇن، — دېدى - دە، ئۈچىسىدىكى چامچىسىنى سېلىپ ئۇنىڭغا ئۇزاتتى. ئۇ ئاتتىن قولىنى سۇنۇپ ئېلىشىغا، يەسۈگەيلەر تاغ تۇمشۇقىدىن ئايلىنىپ قوغلاپ كەلدى. ئۆلارنى كۆرگەن يەكە چىلەدۇ قۇلا بەيگىسىنى قامچىلاپ، ئونون دەرياسىنى ئۆرلەپ قاچتى.

56 § يەسۈگەي ئۈچى يەتتە چوققىنىچە ئارقىدىن قوغلاپ يېتىشەلمەي قايتىپ كەلدى. يەسۈگەي باتۇر ئۆلۈن ئۈجىننىڭ ① مەپىلىك ھارۋىسىنىڭ چۇلۋۇرىنى يېتەكلەپ، ئۇنىڭ ئاكىسى

نەگۇن تايشى ئالدىدا يول باشلاپ، ئىنىسى داغارىتاي ئوتچىگىن مەپىلىك هارۋىنىڭ كەينىدە مېڭىۋاتقاندا، ئۆلۈن ئۇجىن:

— چىلەدۇ ئاكا،

شامالدا چاچلىرىڭ چۇۋۇلۇپ،

چۆل ـ باياۋانلاردا ئاچ ـ زېرىن يۈرۈپ،

هازىر نېمە كۈنلەرنى كۆرۈۋاتقانسەن؟

ئىككى ئۆرۈم چېچىمنىڭ

بىرى تۇرار ئالدىمدا،

بىرى تۇرار كەينىمدە.

بىرى يۈرەر ئالدىغا،

بىر تارتىشار كەينىگە.

نام ـ نىشانسىز نەگە كېتىپ بارىمەن؟

دەپ زارلىنىپ يىغلاپ كەتتى. ئۇنىڭ يىغىسىدىن ئونون دەرياسى چايقىلىپ كەتتى، تاغ ـ ئورمانلار زىلزىلىگە كەلدى، داغارىتاي ئوتچىگىن:

— باغرىغا باسقان ئاشىقىڭ

تاغ ـ داۋانلاردىن ئېشىپ كەتتى؛

زار يىغلىغان مەشۇقىڭ

دەريا ـ ئېقىنلاردىن كېچىپ ئۆتتى،

قانچە يىغلاپ قاقشىساڭمۇ،

كۆرەلمەيدۇ سېنىڭ يۈزۈڭنى.

قانچە ئىزدەپ تەلمۈرسەڭمۇ،

تاپالمايسەن ئۇنىڭ يولىنى،

بەس، باسقىن ئۈنىڭنى!

دەپ تەسەللىي بەردى. شۇنداق قىلىپ يەسۈگەي باتۇر ئۆلۈن ئۇجىننى ئۆيىگە ئەكىلىپ خوتۇن قىلدى. مانا بۇ يەسۈگەي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



باتۇرنىڭ ئۆلۈن ئۈجىننى ئالغانلىقىنىڭ جەريانى .

① ئۆلۈن ئۈجىن — ئادەم ئىسمى . چىڭگىز خاننىڭ ئاپىسى . ئۈجىن « خانىم » دېگەن مەنىدە . — ت .

57 § ئامباغاي خان قولغا چۈشۈپ ، قاداغان بىلەن قۇتۇلا ئىككىسىنى تىلغا ئالغانلىقى خەۋىرى يېتىپ كەلگەندىن كېيىن ، بارلىق موڭغۇللارنىڭ تايچىغۇت ئۇرۇقلىرى ① ئونون دەرياسى بويىدىكى قورقوناغ جۇبۇردا ② قۇرۇلتاي ئۆتكۈزۈپ ، قۇتۇلانى خانلىققا سايلىدى ③ . قۇتۇلا خانلىققا سايلانغاندىن كېيىن ، شادلىققا چۆمگەن تايچىغۇتلار قورقوناغ جۇبۇردىكى بۈككىدە ئۆسكەن بىر تۈپ يوغان دەرەخ ئاستىغا دەستىرخان سېلىپ ، ئۇسسۇل - ئويۇنلارنى قانغىچە ئويناپ ، دەرەخ ئەتراپىنى تىزغىچە ئازگال ، ئوشۇققىچە توپا چىقىرىۋەتتى .

① بۇ مۇھىم يىغىلىش ئۈستىدە توختالغاندا ، بارلىق موڭغۇللارنىڭ تايچىغۇت ئۇرۇقلىرىلا تىلغا ئېلىنىپ ، باشقا ئۇرۇقلار تىلغا ئېلىنمىغان . بۇنىڭدىن تايچىغۇتلارنىڭ شۇ چاغدا موڭغۇللار بىرلەشمىسىدىكى كۈچلۈك ئۇرۇق ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ . — ت .

② قورقوناغ جۇبۇر — جاي نامى . جۇبۇر ( jubur ) « چۇبۇر » : ( 1 ) ئورمانلىق ، قويۇق ئورمان ; ( 2 ) تاغ باغرى ; ( 3 ) قوي يۇڭى . « ئالتۇن توپچى » دا قورقوغ دەپ ئېلىنغان . — ت .

③ قۇرۇلتاي ئۆتكۈزۈپ خان سايلىغانلىقى مەزكۇر كىتابتا تۇنجى بولۇپ تىلغا ئېلىنىشى . تا مۇشۇ يەرگىچە خان دەپ ئاتالغان ئۇرۇق باشلىقى جەمئىي ئۈچ : ( 1 ) موڭغۇللارنىڭ بولجىگىت ئۇرۇقىدىن قابۇل خان ; ( 2 ) بورجىگىننىڭ تارمىقى بولغان تايچىغۇت ئۇرۇقىدىن ئامباغاي خان ; ( 3 ) بورجىگىن ئۇرۇقىدىن قۇتۇلا خان . بۇنىڭدىن شۇ چاغدىكى موڭغۇللار بىرلەشمىسى ئاقساقاللىرىنىڭ كۆپىنچىسى بورجىگىت ۋە ئۇنىڭ تارمىقى بولغان تايچىغۇتلاردىن بولغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ . — ت .

58 § قۇتۇلا خان بولغاندىن كېيىن ، قاداغان تايشى بىلەن

تاتارلاردىن ئۆچ ئېلىشقا ئاتلىنىپ، تاتارلارنىڭ كۆدۈن باراقا، جالى بۇقا ① دەيدىغان ئىككىسى ② بىلەن ئۇن ئۈچ قېتىم قىرىشقان بولسىمۇ، ئامباغاي خاننىڭ ئىنتىقامىنى ئالالمىدى.

① جالى بۇقا — ئادەم ئىسمى. جالى «مەككار، ھىيلىگەر، قۇ» دېگەن مەنىدە. — ت.

② «ئالتۇن توپچى» 24 ـ بەتتە قۇتۇلا خان، قاداغان تايشى تاتارلاردىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن، كۆلتەن بارقا باتۇر، تۇمۇجىن ئۈگە، قورى بۇقا، جالى بۇقا تۆتى بىلەن قىرىشتى دېيىلگەن. — ت.

§ 59 تاتارلار بىلەن قىرىشقاندا، يەسۈگەي باتۇرلار تاتارلاردىن تېمۇرچىن ئۈگە، قورى بۇقا قاتارلىقلارنى تۇتۇپ كەلگەندە، ئېغىر ئاياغ بولۇپ يۈرگەن ئۆلۈن ئۇجىن ئونون دەرياسىنىڭ دەلىگۈن بولداغ ① دېگەن يېرىدە چىڭگىز خاننى ② تۇغدى. ئۇ تۇغۇلغاندا ئوڭ ئالقىنىدا ئوشۇقتەك بىر پارچە ئۇيما قاننى سىقىمداپ تۇغۇلغانىدى. ئۇ تاتارلاردىن تېمۇرچىن ئۈگەنى تۇتۇپ كەلگەندە تۇغۇلغاچقا، ئۇنىڭغا تېمۇرچىن ③ دېگەن ئىسىم قويدى.

① دەلىگۈن بولداغ — جاي نامى. دەلىگۈن «سېيرىنىڭ يىلىنى»: بولداغ «ئىدىر، تۆپىلىك، دۆڭ» دېگەن مەنىدە. — ت.

② چىڭگىز خاننىڭ تۇغۇلغان يىل، ئاي، كۈنى ھەققىدە مەزكۇر كىتابتا تىلغا ئېلىنمىغان. لېكىن «ئالتۇن تۇپچى» 25 ـ بەتتە: «ئات (1161 ـ) يىلى باش يازنىڭ 16 ـ كۈنى، ئاي تولغان، كۈن قىزارغان (Ulaghan Tergel Edur) كۈنى بامدات مەزگىلىدە تۇغۇلغان»: «موڭغۇللارنىڭ مەنبەسى» 3 ـ جىلد، 6 ـ بەت تۆۋەنكى قۇردا: «ئات يىلى تۇغۇلغان»: «ئالتۇن تۇپچىيا» 68 ـ بەتتە: «ئات يىلى ھەمدە يەسۈگەي نەق 37 ياشقا كىرگەندە تۇغۇلغان»: «Rashipongsugh» 22 ـ بەتتە: «بۇت تۇغۇلۇپ 20189 ـ يىلى، باش يازنىڭ ئاي تولغان، كۈن قىزارغان (tergel edur) كۈنى، ئونون دەرياسىنىڭ دەلىگۈن بولداغ دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان» دېيىلگەن. — ت.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



③ تېمۇرچىن — تۆمۈرچى، تۆمۈر، تۆمۈردەك قاتتىق دېگەن مەنىلەردە. يەسۈگەي باتۇرنىڭ تاتارلاردىن تېمۈرچىن ئۈگەنى تۇتۇۋالغانلىقىنى خاتىرلەش ئۈچۈن قويغان ئىسمى. — ت.

60 § يەسۈگەي باتۇرنىڭ خاتۇنى ئۆلۈن ئۈجىن تېمۈرچىن، قاسار، قاچىغۇن، تېمۈگە دېگەن تۆت ئوغۇل، تېمۇلۇن دېگەن بىر قىز تۇغدى. تېمۈرچىن توققۇز ياشقا كىرگەندە، جوچى قاسار ① يەتتە ياشتا، قاچىغۇن ئەلچى بەش ياشتا، تېمۈگە ئوتچىگىن ئۈچ ياشلىق غۇنان يولۋاس، تېمۇلۇن بۆشۈكتە ئىدى ②.

① جوچى قاسار — ئادەم ئىسمى. جوچى « يىرتقۇچ ئىت » دېگەن مەنىدە. ـ ت.

② ئۆلۈننىڭ تۇغقان باللىرى توغرىسىدا « ئالتۇن توپچى » ۋە « موڭغۇللارنىڭ مەنبەسى » دە مەزكۇر كىتابتىكىسگە ئوخشاش، « چىڭگىز خان ھەققىدە » لا تېمۈرچىن، قاسار، قاچىغۇ، ئۆچىگۈ تۆتى دېيىلگەن. « ئالتۇن توپچىيا » 68 ـ بەتتە يەسۈگەي 37 ياشقا كىرگەندە، ئۆلۈن تېمۈرچىننى، 39 ياشقا كىرگەندە قاسارنى تۇغقان. تېمۇلۇن بولسا يەسۈگەي 38 ياشقا كىرگەندە بەلگۈنۇتەيىنىڭ ئاپىسى ماگقالا تۇغقان قىز دېيىلگەن. — ت.

61 § تېمۈرچىن توققۇز ياش چېغىدا، دادىسى يەسۈگەي باتۇر تېمۈرچىننى كىچىك دادىسىنىڭ قىزى بىلەن چاي ئىچۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن، ئاپىسى ئۆلۈن ئۈجىننىڭ ئاپىسى، ئولقۇنۇغۇتلار تۇرۇشلۇق جايغا ماڭدى. چەكچەر، چىقۇرگۇ دېگەن ئىككى تاغ ئارىسىغا كەلگەندە، ئوڭگىرات ① ئۇرۇقىدىن بولغان دەي سەچەن ② دېگەن كىشىگە ئۇچراپ قالدى.

① ئوڭگىرات — ئۇرۇق نامى. قونغىراتمۇ دېيىلىدۇ. « ئالتۇن توپچى » 29 ـ بەتتە قوڭغىرات؛ « چىڭگىز خان ھەققىدە » 7 ـ بەتتىمۇ قوڭغىرات دەپ ئېلىنغان. — ت.

② دەي سەچەن — ئادەم ئىسمى. دەي: ( 1 ) تاغا؛ ( 2 ) چوڭلارنى

ئاتاش ھۆرمەت سۆزى. سەچەن «چىچەن». دەي سەچەن «چىچەن تاغا» دېگەن مەنىدە. — ت.

§ 62 — يەسۈگەي قۇدا، سەپىرىڭىز نەگە؟ — دەپ سورىدى دەي سەچەن.

— مۇنۇ ئوغلۇمغا كىچىك دادىسى، ئولقۇنۇغۇت ئۇرۇقى تەرەپتىن بىرەر لايىق ئىزدەپ ماڭدىم، — دېدى يەسۈگەي باتۇر.

— بالىڭىز كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ، چىرايلىرىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان ① بالا ئىكەن! — دېدى دەي سەچەن.

① بالىلارنىڭ ئىسسىق چىراي، ئېتىكلىكىنى تەرىپلەش سۆزى. — ت.

§ 63 — يەسۈگەي قۇدا، ئاخشام بىر چۈش كۆرۈپتىمەن، — دېدى دەي سەچەن، — چۈشۈمدە ئاق شۇڭقار كۈن بىلەن ئاينى يۇلۇپ ئېلىپ، ئۇدۇل كېلىپ مۇرەمگە قوغۇدەك ئىمىش. بۇ چۈشۈمنى خەقلەردىن: «كۈن بىلەن ئاينى كۆرگىلى بولىدىغانلا نەرسە؛ لېكىن ئۇ ئاق شۇڭقار كۈن بىلەن ئاينى يۇلۇپ ئېلىپ مۇرەمگە كېلىپ قوندى. بۇ ياخشىلىقنىڭ بىشارىتىمۇ؟» دەپ سوراپ يۈرۈپتىمەن. ۋاي قۇدا، بۇ چۈشۈم ئەسلىدە ئوغلىڭىزنى باشلاپ كېلىدىغانلىقىڭىزنىڭ بىشارىتى ئىكەن ئەمەسمۇ. چۈشۈم چۈش بولسۇن! بۇ چۈشنى كۆرۈشۈمگە سىلەر قىيات ئۇرۇقىدىكىلەرنىڭ روھى مەدەت بەرگەن بولسا كېرەك.

§ 64 بىز ئوڭگىراتلار ① ئەلمىساقتىن تارتىپلا:

جىيەنلىرىمىزنىڭ
تەقى - تۇرقى سالاپەتلىك،
قىزلىرىمىزنىڭ
ھۆسن - جامالى نازاكەتلىك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئۆزگە بىلەن يۇرت ـ ماكان تالاشمايمىز ،
لېكىن گۈلگۈن ، ساھىبجامال قىزلىرىمىزنى ،
خاقانىڭلارنىڭ
ئېگىز چاقلىق ھارۋىلىرىغا ئولتۇرغۇزۇپ ،
ھارۋىلارغا قارا بۇغرا چېتىپ ،
خاتۇنلارنىڭ ئارىسىدا ئاپىرىپ قويىمىز .
ئۆزگە بىلەن ئەل ـ ئىنسان بۇلاشمايمىز ،
لېكىن گۈلگۈن ، ئايدەك گۈزەل قىزلىرىمىزنى ،
خاقانىڭلارنىڭ
قارا مەپىلىك ھارۋىلىرىغا ئولتۇرغۇزۇپ ،
ھارۋىلارغا باران بۇغرا قوشۇپ ئۆزىتىپ ،
قىزلىرىمىزنى
تۆردىكى ئورۇندا ئولتۇرغۇزۇپ ئۆزۈتۈپ قويىمىز .
بىز ئوڭگىراتلار تۆرەلگەندىن تارتىپلا :
ئاياللىرىمىز قالقاتانىنى ② تارتىپ كەلگەن ،
قىزلىرىمىز دېدەكلەرنى ئىشقا سېلىپ كەلگەن ،
جىيەنلىرىمىزنىڭ
تەقى ـ تۇرقى سالاپەتلىك ،
قىزلىرىمىزنىڭ
ھۆسن ـ جامالى نازاكەتلىك .

① ئوڭگىراتلار — يەنى قوڭغىراتلار . — ت .
② قالقاتان — ئەسلى تېكستتە Khalkhatan . قالقاتان « قالقان » . بايلارنىڭ قىز ـ ئاياللىرى بەدىنىنى يېپىش ئۈچۈن تارتىدىغان نەرسە . — ت .

§ 65 — ئوغۇللىرىمىزنىڭ نەسلى ـ نەسەبىگە قارايمىز ، قىزلىرىمىز ھۆسن ـ جامالىغا ، يەسۈگەي قۇدا ، يۇرۇڭ ، ئۆيگە

بارايلى ! مېنىڭ بىر كىچىك قىزىم بار ، ياراپ قالسا ئەجەپ ئەمەس ! — دېدى دەي سەچەن ۋە ئۇنى ئۆيىگە باشلاپ كېلىپ قوندۇردى .

66 § يەسۈگەي باتۇر ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ ، چىرايلىرىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان قىزىنى كۆرۈپ ياقتۇرۇپ قالدى . ئۇ تېمۇرچىندىن بىر ياش چوڭ بولۇپ ، ئىسمى بۆرتە ① ئىدى . يەسۈگەي باتۇر شۇ كۈنى كەچتە دەي سەچەننىڭ ئۆيىدە قونۇپ قېلىپ ، ئەتىسى ئەتىگەندە قۇدىلىققا چۈشمەكچى بولدى .

— كۆپرەك يېلىنىڭ ، يېلىندۇرۇپ بەرگەن قىزنىڭ يۈز – ئابرويى بولىدۇ ، يېلىندۇرمەي بەرگەن قىزنىڭ ئىززەت – ھۆرمىتى بولمايدۇ ، — دېدى دەي سەچەن ، — قىز بالا دېگەنغۇ تالانىڭ ئادىمى ، بوپتۇ ، قۇدىلاشساق قۇدىلىشايلى ، بىراق ئوغلىڭىزنى ئىچ كۈيئوغۇل قىلىپ قالدۇرۇپ كېتىڭ .

— بوپتۇ ، ئوغلۇمنى ئىچ كۈيئوغۇللۇققا قالدۇرۇپ كەتسەم كېتەي . بىراق ئۇ ئىتتىن قورقاتتى ، شۇڭا ھالىدىن كۆپرەك خەۋەر ئېلىپ قويارسىز ، — دېدى يەسۈگەي باتۇر ۋە كۆتەل ئېتىنى ② يارىشىقى قىلىپ بېرىپ ، تېمۇرچىننى دەي سەچەنگە قالدۇرۇپ كەتتى .

① بۆرتە — بەزى تارىخىي ئەسەرلەردە ، بۆرتەگەلجىن دەپمۇ ئېلىنىدۇ . — ت .

② كۆتۆل ئات — كۆتۆل ( kətəl ) ، كۆتەل ئاتمۇ دېيىلىدۇ . ئۇرۇشقا ئاتلانغاندا ياكى سەپەرگە چىققاندا ، ئالماشتۇرۇپ مىنىش ئۈچۈن ئەگەشتۇرۇۋالىدىغان زاپاس ئات . — ت .

67 § يەسۈگەي باتۇر شىرا كەگەر ① دېگەن جايغا كەلگەندە ، زىياپەت قىلىپ ئولتۇرغان تاتارلارغا ئۇچراپ قالدى . ئۇ ئۇسساپ كەتكەنلىكتىن ، ئاتتىن چۈشۈپ زىياپەتكە كېلىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئۆلتۈردى. ئۇنى تونىغان تاتارلار:

— يەسۈگەي قىيان كەپتۇ! — دېدى. كونا ئاداۋەتنى ساقلاپ كەلگەن تاتارلار ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ يېمەكلىكىگە زەھەر سېلىپ قويىدى. يەسۈگەي باتۇر يولغا چىقىپ بىئارام بولۇپ كەتتى. ئۈچ كۈن مېڭىپ، ئۆيگە قايتىپ كېلىپلا بىتاپ بولۇپ قالدى.

① شىرا كەگەر — جاي نامى. « سېرىق دالا »: « سېرىق چۆللۈك » دېگەن مەنىدە. — ت.

§ 68 — بەك بىئارام بولۇپ كېتىۋاتىمەن، يېنىمدا قايسىڭ بار؟ — دەپ توۋلىدى يەسۈگەي باتۇر.

— مەن بار! — دېدى قوڭقوتان ئۇرۇقىدىن بولغان چاغا ① چالىنىڭ ئوغلى مەڭلىك. يەسۈگەي باتۇر ئۇنى يېنىغا چاقىرىپ:

— بالام مەڭلىك، بالىلىرىم تېخى كىچىك، ئوغلۇم تېمۇرچىننى ئىچ كۈيئوغۇللۇققا قالدۇرۇپ، قايتار يولۇمدا تاتارلارنىڭ قەستىگە ئۇچرىدىم. پەقەت مىجەزىم بولمايۋاتىدۇ، يېتىم قالىدىغان گۆدەك ئوكىلىرىڭ ۋە تۇل قالىدىغان يەڭگەڭنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ قويارسەن! بالام مەڭلىك، تېز بېرىپ تېمۇرچىننى باشلاپ كەل! — دېدى ۋە شۇزامات كۆز يۇمدى.

① چاغا — ئادەم ئىسمى. « ئەمچەكتىكى بالا »، « كىچىك بالا » دېگەن مەنىدە. بۇ كىچىك بالىلارنى ئەركىلىتىش سۆزى. يەسۈگەي باتۇر مەڭلىكنى ئۆز قېرىندىشى كۆرۈپ، خوتۇن. بالا - چاقىلىرىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ بەرگەن. بۇنىڭدىن مەڭلىكنىڭ كىچىكىدىن تارتىپ، يەسۈگەينىڭ ئالدىدا چوڭ بولغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. — ت

# ئىككىنچى باب

69 § ئەلقىسسە ، مەگىلىك يەسۈگەي باتۇرنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە دەي سەچەننىڭ ئۆيىگە كەلدى ۋە ئۇنىڭغا :

— يەسۈگەي ئاكام تېمۇرچىننى سېغىنىپ ، كۆڭلى بىئارام بولۇپ كېتىۋاتىدۇ ، شۇڭا مېنى ئۇنى ئەكىتىشكە ئەۋەتتى ، — دېدى .

— يەسۈگەي قۇدام بالىسىنى سېغىنىپ كەتكەن بولسا ، سەن بىلەن بېرىپ كۆرۈشۈپ كەلسۇن ، ئەمما كۆرۈشۈپ بولغاندىن كېيىن يەنە قايتىپ كەلسۇن ، — دېدى . شۇنىڭ بىلەن مەگىلىك چال تېمۇرچىننى باشلاپ كەلدى .

70 § شۇ يىلى ئەتىيازدا ، ئامباغاينىڭ خاتۇنى ئۆرباي بىلەن سوقاتاي ئىككىسى ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ بېشىغا چىقىپ ، نەزىرلىك يېمەكلىكلەرنى پىششۇردى ، ئۆلۈن ئۇجىن كېچىكىپ قالدى . ئۇلار ئۇنى ساقلىمىغانلىقتىن ، ئۆلۈن ئۇجىن ئۆرباي بىلەن سوقاتايغا :

— يەسۈگەي ئۆلدى ، لېكىن بالىلىرىم چوڭ بولمىدىمۇ ؟ — دەپ كايىپ كەتتى ، — نەزىرلىك سارقىتلارنى ① ئۈلۈشتۈرگەندە ، نېمە ئۈچۈن مېنى ساقلىمايسىلەر ؟ نەزىرلىكقۇ ئۈياقتا تۇرسۇن ، بىزنى تاشلاپ كۆچۈپ كەتمەكچى بولدىڭلارمۇ تېخى !

① سارقىت — acha - sarqud · eche - ur bile’ · نەزىرلىك چاي - تاماق ياكى گۆشلەر . — ت .

71 § بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان ئۆرباي بىلەن سوقاتاي

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



جاۋابەن مۇنداق دېدى :

— چىللاپ بېرىدىغان قائىدە يوق ،
بالدۇر كەلگەن بولساڭ ،
قاتارىمىزدا
بىر كىشىلىك نەزىرلىكتىن يەر ئىدىڭ .
ساقلاپ تۇرىدىغان يوسۇن يوق ،
تەلەيلىك بولغان بولساڭ ،
قاتارىمىزدا
بىر ئۈلۈش نىسىۋەڭدىن ئالار ئىدىڭ .

ئامباغاي ئۆلگەندىن كېيىن ، سېنىڭ تىل - ئاھانىتىڭدە قالدۇقمۇ بىز ؟

§ 72 — بىر ئامال قىلىپ ، ئۇنى باللىرى بىلەن ئاۋۇلغا تاشلاپ قويۇپ كۆچۈپ كېتەيلى ! — دەپ مەسلىھەتلەشتى ئۇلار . ئەتىسى ، تايچىغۇت ئۇرۇقىدىن تارغۇتاي كىرىلتۇغ ①، تۆدۆگەن گىرتە ② قاتارلىقلارنىڭ باشچىلىقىدىكى تايچىغۇتلار ئونون دەرياسىنى بويلاپ كۆچۈشكە باشلىدى . ئۆلۈن ئۆجىننى باللىرى بىلەن تاشلاپ كۆچۈۋاتقانلارنى كۆرگەن قوڭقۇتانلاردىن چاغا چال كۆچنىڭ ئالدىنى توسۇپ نەسىھەت قىلغاندا ، تۆدۆگەن گىرتە :

— تېرەن سۇ قۇرۇپ كەتتى ،
ئېسىل گۆھەرمۇ سۇندى !

دەپ مېڭىپ . يەنە :

— سېنىڭ يولىمىزنى توسۇش ھەققىڭ يوق ! — دەپ چاغا چالنىڭ كەينىدىن بېقىنىغا نەيزە تىقىۋەتتى .

① تارغۇتاي كىرىلتۇغ — ئادەم ئىسمى . تارغۇتاي « سېمىز » ، يەنى

« سېمىز كىرىلتۇغ » دېگەن مەنىدە . — ت .

② تۆدۆگەن گىرتە — ئادەم ئىسمى . « بالىنىڭ كەنجىسى گىرتە » دېگەن مەنىدە . — ت .

§ 73 چاغا چال يارىلىنىپ ، ئۆيدە يېتىپ قالغاندا ، تېمۇرچىن ئۇنى يوقلاپ باردى .

— دانىشمەن ئاتاڭنىڭ ئىگىدارلىقىدا ياشاپ كەلگەن ئەلنى باشقىلار قايدۇرۇپ باشلاپ كېتىۋاتقاندا ، — دېدى چاغا چال تېمۇرچىنغا ، — ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ نەسىھەت قىلسام ، مېنى مۇشۇ ھالغا چۇشۇرۇپ قويدى !

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان تېمۇرچىن ئۆزىنى باسالماي ھۆركىرەپ يىغلىغىنىچە قايتىپ كەتتى . تايچىغۇتلارنىڭ ماكانىنى تاشلاپ كېتىۋاتقانلىقىغا چىداپ تۇرالمىغان ئۆلۈن ئۈجىن تۇغنى ئېلىپ ، ئاتلىق بېرىپ بىر قىسىم ئەلنى قايتۇرۇپ كەلدى ؛ بىراق ئۇلارمۇ ئۇزۇن تۇرماي ، تايچىغۇتلارنىڭ كەينىدىن يەنە كېتىپ قالدى .

§ 74 تايچىغۇتلار تۇل قالغان ئۆلۈن ئۈجىن بىلەن نارەسىدە يېتىم بالىلىرىنى تاشلاپ كۆچۈپ كەتتى .

تۇغما دانا ئۆلۈن ئۈجىن ،
گۆدەك بالىلىرىغامېھىر ئاتا قىلىپ ،
دوغداقنى ① بېشىغاچىرايلىق كىيىپ ،
ئونون دەريا بويلىرىداقاتىراپ يۈرۈپ ،
ياۋا نەشپۈتلەرنى تىرىپ بالىلىرىغا يېگۈزدى .
تۇغما پاراسەتلىك ئۆلۈن ئۈجىن ،
تەلەيلىك بالىلىرىغا بەخت ئاتا قىلىپ ،
شەمشاد نەيزىنى قولىغا ئېلىپ ،
ئونون دەريا بويلىرىدايۈگۈرۈپ يۈرۈپ ،

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



ياۋا ساماساقلارنى كولاپ بالىلىرىغا يېگۈزدى .
ئۆلۈن ئۈجىننىڭ
ياۋا ئوتياشلاردا باققان بالىلىرى ،
ئاخىر بۈيۈك خاقان بولدى ؛
مېھنەتكەش ئانا
قىزىل گۈل ساماساقلاردا باققان بالىلىرى ،
ئاخىر يوسۇنلۇق ، دانىشمەن پالۋان بولدى .

§ 75 گۈزەل ئۆلۈن ئۈجىننىڭ
ياۋا كۈدە ، ساماساقلاردا
چوڭ قىلغان باتۇر بالىلىرى ،
قەيسەر ئەزىمەت بولۇپ يېتىلدى ؛
بەقاۋۇل ئەركەك بولۇپ تونۇلدى ؛
تەڭداشسىز پالۋان بولۇپ سانالدى .
ئانىمىزنى رازى قىلايلى دېيىشىپ ،
ئانا دەريا ئونوننىڭ
قىرغاقلىرىغا كېلىشىپ ،
قارماقلارنى تاشلىشىپ ،
ئىمجان بېلىقلارنى تۇتىشتى .
يىڭنىلەردە قارماق ياسىشىپ ،
ئىنچىكە بەدەر ، سۇرۇك ② بېلىقلارنى تۇتىشاتتى .
چالمىلارنى دەرياغا تاشلىشىپ ،
چوڭ ـ كىچىك بېلىقلارنى تۇتۇشتى .
ئانىنى زارلاتماي ئوبدان بېقىشتى .

① بوغداق ــ موڭغۇل ئاياللىرى كىيىدىغان زىننەتلىك ئېگىز ئۇچلۇق بۆك . ــ ت .

② بەدەر . سۈرۈك ــ بېلىق تۈرلىرى . ــ ت .

76 § بىر كۈنى ، تېمۇرچىن، قاسار ، بەكتەر ① ، بەلگۈتەي تۆتى بىللە بېلىق تۇتىۋاتقاندا ، تېمۇرچىننىڭ قارمىقىغا كۈنجۈت سېرىق تىرنە ② ئىلىندى . بەكتەر بىلەن بەلگۈتەي ③ ئىككىسى ئۇنى تېمۇرچىن ، قاسار ئىككىسىدىن تارتىۋالدى . تېمۇرچىن بىلەن قاسار ئىككىسى ئۆيگە كېلىپ :

ــ بىز كۈنجۈت سېرىق تىرنە تۇتىۋالغانىدۇق ، ئۇنى بەكتەر بىلەن بەلگۈتەي ئىككىسى تارتىۋالدى ، ــ دەپ ئاپىسىغا چېقىشتۇردى .

ــ ئۇنداق قىلىشماڭلار ! ــ دەپ نەسىھەت قىلدى ئۆلۈن ئۈجىن ، ــ ئاغا ـ ئىنىلەر ئۇنداق قىلىشقىنىڭلار نېمىسى ؟ سايىمىزنى ھەمراھ ، قۇيرۇقىمىزنى قامچا ئېتىپ يۈرگەن مۇشۇ كۈنلەردە ، ئۆزئارا پېتىشمىساڭلار ، بىزنى مۇشۇ كۈنگە قويغان تايچىغۇتلاردىن ئۆچىمىزنى قانداق ئالالايمىز ؟ نېمشقا ئالان غوۋانىڭ بەش بالىسىدەك پېتىشمايسىلەر ، ئۇنداق تەمتەكلىك قىلماڭلار !

① بەكتەر ــ ئادەم ئىسمى . بەكتەر « ساۋۇت » دېگەن مەنىدە . ــ ت .

② كۈنجۈت سېرىق تىرنە ــ بېلىق نامى . « بەشتىللىق مانجۇچە لۇغەت » . III . ئۆستەڭ بېلىقى قىسمى ، 4477 ـ بەت . ئەسلى تېكىستتە soghosun . بىر يېرىم غېرىچ ئۇزۇنلۇقتىكى بېلىق . ــ ت .

③ بەكتەر . بەلگۈتەي ــ يەسۈگەي باتۇرنىڭ كىچىك خوتۇنىدىن تۇغۇلغان بالىلار . ــ ت .

77 § ــ تۈنۈگۈن باشاقسىز ئوقتا ئاتقان بوز تورغىيىمىزنى تارتىۋالدى ، بۈگۈن يەنە بېلىقىمىزنى تارتىۋالدى . ئۇنداق قىلىشۇرسە قانداق پېتىشىمىز ؟ ــ دەپ ، ئاپىسىنىڭ نەسىھەتىگە قۇلاق سالماي ، ئىشىكنى ① قاتتىق يېپىپ چىقىپ كەتتى . بەكتەر

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



دۆڭدە ئولتۇرۇپ توققۇز شىرغا ئاتنى بېقىپ ئولتۇرغاندا، تېمۇرچىن كەينىدە، قاسار ئالدىدا مۆكىنىپ تۇرۇپ، ساداقلىرىدىكى ئوقلىرىنى بەتلەپ ئاتماقچى بولغاندا، ئۇلارنى كۆرۈپ قالغان بەكتەر:

ــ تايچىغۇتلارنىڭ دەردىنى تارتالماي، ئۇلاردىن ئەنتىمىزنى ئالالىلى دەپ يۈرسەك، مەن كۆزلىرىڭلارغا قادالغان تىكەندەك، كېكىردىكىڭلارغا كەپتەلگەن سۆڭەكتەك پۇتلاشتىممۇ؟ سايىمىزنى ھەمراھ، قۇيرۇقىمىزنى قامچا قىلىپ يۈرسەك، نېمە دەپ يامان نىيەتتە بولىسىلەر؟ جەمەتىمىزنىڭ چىرىغىنى ئۆچۈرمەڭلار، بەلگۈتەيگىمۇ زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزگۈچى بولماڭلار! ــ دېدى ـ دە، باداشقان قۇرۇپ ئۇلارنىڭ ئېتىشىنى كۈتۈپ ئولتۇردى. تېمۇرچىن بىلەن قاسار بىرى ئالدىدىن، بىرى كەينىدىن ئېتىپ قايتىپ كەتتى.

① كىگىز ئۆي ياكى قارا ئۆينىڭ پەردە ئىشكىنى كۆرستىدۇ. ــ ت.

78 § ئۇلارنىڭ ئۆيگە كىرىشى بىلەن شۇملۇق يىغىپ تۇرغان چىرايلىرىنى كۆرگەن ئولۇن ئۆجىن:

ــ ھۇ بالاخورلار!

ئىسسىق باغرىمدىن تۇغۇلغاندا،
ئالقىنىڭدا قارا ئۇيما قان بار ئىدى!
ئۆز بالا ھەمرىيىنى ئۆزى يەيدىغان
غالجىر ئىت ئىكەنسەن،
تىك قىياغا ئۆزىنى ئاتىدىغان
قاپلان ئىكەنسەن،
يامان پەيلىنى باسالمايدىغان
ئارسلان ئىكەنسەن،

جانغا زامىن بولىدىغان
يالماۋۇز ئىكەنسەن،
ئۆز سايىسىغا ئۆزى ئېتىلىدىغان
شوڭقار ئىكەنسەن،
شەپە چىقارماي ھۇجۇم قىلىدىغان
ئىت بېلىق ئىكەنسەن،
باغرىدىكى بوتىلىقنى چىشلەيدىغان
بۇغرا ئىكەنسەن،
جۇت كۈنلىرى ماراپ ياتىدىغان
ئاچ بۆرە ئىكەنسەن،
ماگمىسا چۆجىسىنى تاشلاپ كېتىدىغان
ھاڭگىرت ئىكەنسەن،
ئۆۋىسىغا نەرسە يولاتمايدىغان
چىلبۆرە ئىكەنسەن،
قىلچە رەھىم قىلمايدىغان
باراق ① ئىكەنسەن،
ئۇدۇل كەلگەننى قويماي يەيدىغان
يولۋاس ئىكەنسەن،
سايىمىزدىن باشقا ھەمراھ يوق،
قۇيرۇقىمىزدىن باشقا قامچا يوق كۈنلەردە،
تايچىغۇت قېرىنداشلارنىڭ
دەردىنى تارتالمايۋاتقان چاغلاردا،
ئۆچ ئېلىشقا
قايسىڭ يارار ئىكەن،
تىرىكچىلىك قىلىشقا
قانداق ئامال قىلارمىز دەپ يۈرگەندە،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



نېمشقا ئۆز ئارا پېتىشمايسلەر !؟
دەپ بالىلىرىنى كونىلارنىڭ سۆزلىرىنى نەقىل كەلتۈرۈپ تىللاپ كەتتى .

① باراق — ئىت نامى . بۇدرە مويلۇق بىر خىل ئىت . — ت .

79 § ئۇزۇن ئۆتمەي تايچىغۇتلاردىن تارغۇتاي كىرىلتۇغ تۇرغاۋۇللىرىنى ① باشلاپ :

قوزىچاقلار چوڭ بولدى ،
بالاپانلارمۇ پەر قاقتى !

دەپ ئۇلارنى تۇتقىلى كەلدى . بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ قورقۇپ كەتكەن ئۆلۈن ئۇجىن بالىلىرى بىلەن ئورمانلىققا كىرىۋېلىپ ، كەپە تىكتى ؛ بەلگۇتەي دەرەخنىڭ شاخ ـ شۇمبىلىرىدا قاشا ياسىدى ؛ قاسار قاچغۇن ، تېمۇگە ، تېمۇلۇنلارنى تاش ئۆڭكۈرگە يوشۇرۇپ قويۇپ ، ئۇلار بىلەن ئېلىشتى . ئېلىشۋاتقاندا ، تايچىغۇتلار :

— تېمۇرچىن ئاكاڭنى چىقىرىپ بەر ، سەنلەرنىڭ كېرىكى يوق ! — دەپ ۋارقىراشتى . ئۇلار تايچىغۇتلارنىڭ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلىرىنى ئاڭلاپ ، تېمۇرچىننى ئاتقا مىندۇرۇپ ئورمانغا قاچۇرىۋەتتى . ئۇنىڭ قاچقانلىقىنى كۆرگەن تايچىغۇتلار كەينىدىن قوغلىدى . تېمۇرچىن تەرگۈنە تېغىدىكى قېلىن ئورمانغا كىرىپ كېتىپ غايىپ بولدى . تايچىغۇتلار يەنە قوغلاشقا جۈرئەت قىلالماي ، ئورمان ئەتراپىنى قورشاپ تۇردى .

① تۇرغاۋۇل — سۆز يىلتىزى « تۇرغاق » . تۇرغاۋۇل « قوغدىغۇچى : جېسەكچى : پوست » دېگەن مەنىدە . — ت .

80 § تېمۇرچىن ئورماندا ئۈچ كېچە تۈنەپ، ئېتىنى يېتەكلەپ چىقىپ كېتىۋاتسا، ئېگەر - توقۇملىرى ئاتتىن سىرىلىپ چۈشۈپ كەتتى. كەينىگە قارىسا ئۆمۈلدۈرۈك ۋە تارتمىلىرى تارتىقلىق، لېكىن ئېگەر - توقۇملار چۈشۈپ كەتكەن. ئۇ: «ئۆمۈلدۈرۈك، تارتمىلار تارتىقلىق تۇرسا، ئېگەر - توقۇملار قانداقسىغا چۈشۈپ كەتتىكىنە؟ تەڭرى يولۇمنى توسۇۋاتقان ئوخشىمامدۇ؟» دەپ ئويلاپ، يەنە ئۈچ كېچە تۈنىدى. ئۇ ئورماندىن يەنە چىقىپ كېتىۋاتسا، قوشتەك يوغان بىر ئاق تاش دۈملاپ چۈشۈپ يولنى توسۇۋالدى. ئۇ: «تەڭرى يەنە يولۇمنى توسۇۋاتقان ئوخشىمامدۇ؟» دەپ ئويلاپ، يەنە ئۈچ كېچە تۈنىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇ ئورماندا توققۇز كېچە ئوزۇق - تۈلۈكسىز تۈنىدى. «بۇنداق يۇرۇپ نام - نىشانسىز ئۆلۈپ كەتكەندىن كۆرە، تەۋەككۈل قىلىپ چىقىپ باقمايمەنمۇ؟» دېگەن ئويغا كەلگەن تېمۇرچىن يولنى توسۇپ ياتقان ھېلىقى قوشتەك يوغان ئاق تاشنىڭ يېنىدىكى دەل - دەرەخلەرنى سۇمچىلىق ① پىچىقى بىلەن كېسىپ يول ئېچىپ، ئېتىنى يېتەكلەپ چىقىپ تۇرۇشىغا، قورشاپ ياتقان تايچىغۇتلار ئۇنى تۇتىۋالدى.

① سۇمچىلىق — سۇمچى (sumuchi) ئوقياچى. ئوقيا ياسىغۇچى.

81 § تارغۇتاي كىرىلتۇغ تېمۇرچىننى تۇتۇپ كەلگەندىن كېيىن، ئۆز ئۇلۇسلىرىغا ئۇنى ئاۋۇل ئارىلىتىپ نۆۋەت بىلەن بىر كېچىدىن قوندۇرۇپ كۆزىتىپ چىقىشقا بۇيرۇق چۈشۈردى. ئۇ كۈنى باش يازنىڭ 16 - كۈنى، «قۇتلۇق كۈن» ① ئىدى. تايچىغۇتلار تېمۇرچىننى ئاۋاق بىر بالىغا قارىتىپ قويۇپ، ئونون دەرياسى بويىدا توي ئويناپ، كۈن پاتقاندا تارقىلىشتى. ئۇلار

www.uyghurkitap.com



تارقىلىپ كەتكەندىن كېيىن، تېمۇرچىن قولىدىكى تاقاق بىلەن ئۇ ئاۋاق بالىنى بېشىغا ئۇرۇپ ئايلاندۇرۇۋېتىپ، ئونون دەرياسى بويىدىكى ئورمانغا قېچىپ كەتتى. خەقلەرنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، دەرياغا سەكرەپ چۈشتى - دە، تاقاقنى سۇنىڭ ئېقىشىغا قويۇۋېتىپ، ئوگدىسىغا ياتقىنىچە يۈزىنىلا چىقىرىپ ئېقىپ ماگدى.

① ئەسلى تېكستتە « khula’ an tergel edur » دېيىلگەندى. « khula’ an » قىزىل. « tergel » دۈگىلەك دېگەن مەنىدە. « tergel edur » تولۇن ئاي چىققان (يەنى ھەر ئاينىڭ 15 - ياكى 16 - كۈنى) نى كۆرسىتىدۇ. ئادەتتە قۇياش تېخى پاتمىغان، ئاي ئەمدى چىققان، كۈن بىلەن ئاي تەڭ كۆرۈنىدىغان ۋاقىتنى بىلدۈرىدۇ. ئومۇمىي مەنىسىدىن قارىغاندا، بۇ كۈن ئادەتتىكى كۈن بولمىسا كېرەك. ئېھتىمال ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ روھىغا ئاتاپ نەزىر ئۆتكۈزىدىغان ياكى باشقا خاسىيەتلىك كۈن، مۇھىم بايرام كۈنى بولۇشى مۇمكىن. مەزكۇر كىتابتا مۇشۇ پاراگرافتا ۋە 193 § دا ئېنىق ۋاقىتنى تىلغان ئالغاندىن سىرت، باشقا ھېچقانداق جايدا تىلغان ئېلىنمىغان. — ت.

82 § تارقىلىپ كەتكەن تايچىغۇتلار تېمۇرچىننى قاچۇرۇپ قويغان بالىنىڭ: « تۇتقۇن قېچىپ كەتتى! » دەپ ۋاقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ، قايتىدىن يەنە يىغىلىشتى. ئۇلار سۈتتەك ئاپئاق ئايدىڭ كېچىدە، ئونون دەرياسى بويىدىكى ئورمانلارنى بىر - بىرلەپ ئاختۇردى. سۇلدۇس ① ئۇرۇقىدىن سورقان شىرا ② ئىزدەپ كېتىۋېتىپ، ئۇنى سۇدا كۆرۈپ قالدى.

— كۆزۈڭدىن ئوت يېغىپ، چىرايىڭدىن نۇر چاقناپ تۇرىدىغانلىقىڭ ئۈچۈن، تايچىغۇت قېرىنداشلىرىڭ ③ ساڭا ھەسەت قىلىشىۋاتىدۇ، قورقماي تۇرىۋەرگىن، ھېچكىمگە تىنمايمەن! — دەپ، كېتىپ قالدى ئۇ. تايچىغۇتلار:

— قايتا بىر - بىرلەپ ئاختۇرۇڭلار! — دەپ تۇرۇشىغا، سورقان شىرا:

— ھەرقايسىمىز كەلگەن يولىمىزنىڭ ئاختۇرمىغان جايلىرىنى يەنە ئوبدانراق ئاختۇرۇپ باقايلى ! — دەپ گەپ قوشتى . شۇنىڭ بىلەن ، كۆپچىلىك : « خوپ ! » دېيىشىپ كەلگەن يولى بويىچە قايتا ئىزدەپ ماڭدى . سورقان شىرا ئۇ يەردىن يەنە ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ :

— قېرىنداشلىرىڭ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ ئىزدەۋاتىدۇ ، چىقماي تۇرىۋەرگىن ، لېكىن پەخەس بول ! — دېدى - دە ، يەنە كېتىپ قالدى .

① سۇلدۇس — ئۇرۇق نامى . تايچىغۇتلارنىڭ ئارىسىدا سۇلدۇس ئۇرۇقىنىڭ بارلىقى ئۇرۇقداشلىق بىرلەشمىسى شەكىللەنگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ . — ت .

② سورقان شىرا — ئادەم ئىسمى . بەزى ماتېرىياللاردا « تورقان شىرا » دەپمۇ ئاتىلىدۇ . — ت .

③ « تايچىغۇت قېرىنداشلىرىڭ ياكى تايچىغۇت قېرىنداشلىرىمىز » دېيىشتىكى سەۋەب : دۈشمەنلەشكەن تايچىغۇتلار بىلەن چىڭگىزخان تەۋە قىيانلار بورجىگىنلاردىن ئاخىرىپ چىققانلىقتىن . مەزكۇر پاراگرافتا ۋە ئالدىنقى پاراگرافلاردا شۇنداق دەپ ئاتىغان .

§ 83 — قايتا يەنە ئىزدەپ باقايلى ! — دېيىشتى تايچىغۇتلار يەنە .

— ھەي ، تايچىغۇتلارنىڭ سەركەردىلىرى ، — دېدى سورقان شىرا ، — سىلەر ئۇنى كۈندۈزى قاچۇرۇپ قويىدۇڭلار ، بۇ يېرىم كېچىدە نەدىن تاپىمىز ؟ ئەمدى كەلگەن يولىمىز بويىچە ئىزدىمىگەن جايلارنى يەنە ئىزدەپ بېقىپ ، بولدى قىلىپ كېتەيلى ، ئەتە يىغىلىپ يەنە ئىزدەپ باقامدۇق . قولى تاقاقلىق بالا قېچىپ نەگە كېتەتتى ؟

كۆپچىلىك : « شۇنداق قىلايلى ! » دېيىشىپ ئۆيلىرىگە كېتىشتى . سورقان شىرا ئۇ يەردىن يەنە ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ :

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— بىز مۇشۇ ئىزدەش بىلەن ئۆيگە كېتىپ، ئەتە يەنە ئىزدەيدىغان بولدۇق. بىز تارقىلىپ كەتكەندىن كېيىن، ئاپاڭ بىلەن قېرىنداشلىرىڭنىڭ قېشىغا كېتۋال! ناۋادا بىرسى ئۇچراپ قالسا، مېنى كۆردۇم دېمە، ھەم ھېچبەندىگە تىنغۇچمۇ بولما! — دەپ كېتىپ قالدى.

84 § ئۇلار تارقىلىپ ئۆيلىرىگە كېتىشكەندىن كېيىن، تېمۇرچىن: « ئۆتكەندە ئۇلار مېنى ئاۋۇل ئارىلىتىپ نۆۋەت بىلەن قوندۇرۇپ كۆزەتكەندە، سورقان شىراغا قوندۇرۇپ كۆزىتىش نۆۋىتى كەلگەندە، ئىككى ئوغلى چىمباي بىلەن چىلاغۇن ماڭا ئىچى ئاغرىپ، كېچىسى قولۇمدىكى تاقاقنى بوشىتىۋېتىپ ياتقۇزغانىدى، ئەمدى سورقان شىرا مېنى كۆرۈپ ھېچكىمگە تىنماي كېتىپ قالدى. قارىغاندا ھازىر ئاشۇلارلا مېنى قۇتقۇلدۇرالىشى مۇمكىن!» دەپ ئويلاپ، ئونون دەرياسىنى بويلاپ، سورقان شىرانىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى.

85 § سورقان شىرانىڭ ئۆيىنىڭ بەلگىسى، يېڭى ساغقان قىمىزنى ساباغا تولدۇرۇپ تاڭ ئاتقۇچە سابا پىشىدىغان ئاۋاز ئىدى. تېمۇرچىن ئاشۇ ئاۋازنى نىشانلاپ مېڭىپ، سابا پىشۋاتقان ئۆيگە ئۇدۇل كىردى. ئۇنى كۆرگەن سورقان شىرا:

— ئاپاڭ بىلەن قېرىنداشلىرىڭنىڭ قېشىغا كېتۋال دېگەنىدىمغۇ؟ بۇ يەرگە يەنە نېمە دەپ كەلدىڭ؟ — دەپ سورىدى.

— تۇرۇمتايدىن قاچقان تورغاي ئوت - چۆپلەر ئارىسىغا كىرىۋېلىپ جېنىنى ساقلاپ قالالايدۇ. ئۆيىمىزگە پاناھ تارتىپ كەلگەن بالىغا ئۇنداق دېسەڭ قانداق بولغىنى؟ — دەپ دادىسىنىڭ گېپىنى بۆلدى ۋە ئۇنىڭ قولىدىكى تاقاقنى ئېچىپ، ئوتقا سېلىپ

كۆيدۇرۇۋەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى ئۆينىڭ كەينىدىكى هارۋىدىكى يۇڭنىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇپ قويۇپ، سىڭلىسى قاداغانغا ①:

— تىرىك بەندىگە تىنغۇچى بولما ! — دەپ جېكىلىدى.

① قاداغان — ئادەم ئىسمى. قاداغان « مىخ » دېگەن مەندە. قاداغان هەققىدە تۆتىنچى باب 164 § دە توختىلىدۇ. — ت.

86 § ئۈچىنچى كۈنى، تايچىغۇتلار: « ئۇنى ئارىمىزدىن بىرى يوشۇرۇپ قويغان ئوخشايدۇ، بىر - بىرىمىزنىڭ ئۆيلىرىنى ئاختۇرۇپ باقايلى ! » دەپ ئۆزئارا ئاختۇرۇشقا باشلىدى. نۆۋەت سورقان شىراغا كەلگەندە، ئۇنىڭ ئۆيلىرىنى، هارۋىلىرىنى، تۆشەكلىرىنى، هەتتا كاتىنىڭ ئاستىلىرىنىمۇ ئالا قويماي ئاختۇردى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆينىڭ كەينىگە ئۆتۈپ، هارۋىدىكى يۇڭنى چۇشۇردى، تېمۇرچىننىڭ پۇتى چىقىپ قالاي دېگەندە، سورقان شىرا:

— بۇنداق تومۇزدا، ئادەم يۇڭغا ئورىنىپ قانداق ياتالايدۇ؟ — دېدى. بۇ گەپ بىلەن ئۇلار هارۋىدىن چۈشۈپ كېتىشتى.

87 § ئۇلار كەتكەندىن كېيىن، سورقان شىرا تېمۇرچىننى يۇڭ ئارىسىدىن چىقىرىپ:

— كۈلىمىزنى كۆككە سورۇۋەتكىلى تاس قالدىڭ! ئەمدى ئاپاڭ بىلەن قېرىنداشلىرىڭنىڭ قېشىغا كېتىۋال ! — دېدى. شۇ كۈنى كېچىسى ئۇ تەل قوزىنى ① سويۇپ گۆشىنى پىشۇردى، تورسۇق - چاناچنى گۆش، قىمىزلار بىلەن لىق تولدۇردى - دە، تېمۇرچىننى ئېگەر - توقۇمسىز سۇۋاي شورا قۇلغا يايداق

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



مىندۇرۇپ ، چاقماي بەرمەي ، بىر يا ، ئىككى تال ئوق بىلەن يولغا سالدى .

① تەل قوزا — ھەم ئانىسىنى ئىمىدىغان . ھەم باشقا ساغلىقنى ئىمىدىغان قوزا . — ت .

88 § تېمۇرچىن شۇ ماڭغىنىچە ئىلگىرى ئوتاق تىكىپ ئولتۇرغان ماكانىغا كەلدى ، ئۇيەردىن يەنە ئوت - چۆپلەرنى بېسىپ ئۆتكەن ئىزلارنى بويلاپ ، ئونون دەرياسىنى ئۆرلەپ ئاپىسى ۋە قېرىنداشلىرىنى ئىزدەپ ماڭدى . كۈنپېتىش تەرەپتىن ئونون دەرياسىغا قۇيىلىدىغان كىچىك دەريا كىمۇرغا بويىغا كەلگەندە ، ئۇ يەردىكى ئىزلارنى كۆردى . ئۇ يەنە شۇ ئىزلارنى بويلاپ كىمۇرغانى ئۆرلەپ ماڭدى . ئاخىر كىمۇرغا بويىدىكى بەدەر تېغىنىڭ تۇمشۇقى يېنىدىكى قورچۇغۇي ① دەيدىغان كىچىك يېتىم تاغ يېنىدا ئاپىسى ۋە قېرىنداشلىرى بىلەن كۆرۈشتى .

① قورچۇغۇي — تاغ نامى . « ئالتۇن توپچى » 43 - بەتتە قورچاغاي دەپ ئېلىنغان . — ت .

89 § ئۇلار كۆرۈشۈپ جەم بولغاندىن كېيىن ، بۇرھان خالدۇن تېغىنىڭ كۈنگەي تەرىپىدىكى گۆرەلگۈ تېغىغا كېلىپ ، سەڭگۇر دەرياسى بويىدىكى قارا يۈرەك تېغىدىكى كۆك نۇر ① كۆلى بويىغا كېلىپ ماكانلاشتى . ئۇلار شۇ يەردە سۇغۇر ② ، كورچاشقانلارنى ئوۋلاپ تىرىكچىلىك قىلدى .

① كۆك نۇر — كۆل نامى . ئەسلى تېكىستتە Køkø Na' ur . مەنىسى « كۆك كۆل » . ھازىرقى چىڭخەي ( 青海 ) ئۆلكىسىنىڭ نامىمۇ مۇشۇ سۆزنىڭ كۆچمە تەرجىمىسى . — ت .

② سۇغۇر — ھايۋان نامى . ئەسلى تېكىستتە tarbaghan . ئىچكى موڭغۇلنىڭ شىمالى ، موڭغۇلىيەنىڭ شەرقى ۋە شىنجاڭنىڭ شىمالىدا ناھايىتى كۆپ .

شىمالىي شىنجاڭدىكى تارباغاتايدا سۈغۈر ( تارباغاتان ) ناھايىتى كۆپ بولغانلىقتىن ، « تارباغاتاي » دەپ ئاتالغان . — ت .

90 § بىر كۈنى ، بەلگۈتەي شورا قۇلا چولاقنى مىنىپ ، سۈغۈر ئوۋلىغىلى چىقىپ كەتكەندى . ئۆيىنىڭ ئەتراپىدا يايلاپ يۈرگەن سەككىز شىرغا ئاتنى قاراقچىلار بۇلاپ ھەيدەپ كەتتى . ئۆيدىكىلەر ئۇلارنىڭ كەينىدىن قوغلاپ يېتىشەلمىدى . كۈن پاتقاندا ، بەلگۈتەي ئوۋلىغان سۈغۈرلارنى شورا قۇلا چولاققا ھارغىچە ئارتىپ پىيادە كەلدى . سەككىز شىرغا ئاتنى بۇلاپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىغان بەلگۈتەي :

— مەن بېرىپ ئاتلارنى ھەيدەپ كېلەي ! — دېدى . بۇ ەپنى ئاڭلاپ ، قاسار :

— سېنىڭ چامىڭ يەتمەيدۇ ، مەن باراي ! — دېدى . تېمۇرچىن ئارىغا چۈشۈپ :

— سىلەرنىڭ چامىڭلارمۇ يەتمەيدۇ ، يەنىلا مەن باراي ! — دېدى ۋە شورا قۇلا چولاققا مىنىپ ، ئوت - چۆپلەردىكى تۇياق ئىزلىرىنى بويلاپ ، ئۇلارنىڭ كەينىدىن قوغلاپ ماڭدى . ئۈچىنچى كۈنى ئەتىگەندە ، يولدا بىر توپ يىلقا ئارىسىدا بىيە سېغىۋاتقان كېلىشكەن بىر يىگىتكە يولۇقتى ۋە ئۇنىڭدىن بۇلاپ كەتكەن ئاتلىرىنى سۈرۈشتۈردى . ئۇ بالا :

— بۈگۈن سەھەردە ، كۈن چىقىشتىن بۇرۇن ، سەككىز شىرغىنى مۇشۇ يەردىن ھەيدەپ ئۆتۈپ كەتتى . ساڭا ھەمراھ بولۇپ ئىزدىشىپ بېرەي ! — دېدى - دە ، تېمۇرچىننى ئاستىدىكى شورا قۇلا چولىقىنى قويغۇزۇۋېتىپ ، قارا سىرت تۇم بوز ئاتقا مىنگۈزدى . ئۆيدىكى دادىسىغىمۇ خەۋەر قىلماستىن ، ساغلۇنىڭ ① ئاغزىنى ئەتمەي ، ئوت - چۆپلەر ئارىسىغا تىقىپ قويدى - دە ، ئۆزى قۇلا بەيگىگە مىنىپ :

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



— نۆكەر ، خېلى جاپا تارتىپسەن ، ئوغۇل بالىنىڭ بېشىغا تالاي كۈلپەتلەر چۈشىدۇ ، مەن ساڭا ھەمراھ بولۇپ ئىزدىشىپ بېرەي . دادامنىڭ ئىسمى ناقۇ بايان . مەن ئۇنىڭ تىكەندەك يالغۇز ئوغلى ، ئىسمىم بوغورچۇ ! — دەپ تونۇشتۇرغاندىن كېيىن ، ئاتلارنىڭ ئىزلىرىنى بويلاپ ماڭدى . ئۈچىنچى كۈنى كەچ بولغاندا ، بىر كۈرەگە كېلىپ ، كۈرە ئەتراپىدا يايلاپ يۈرگەن ھېلىقى سەككىز شىرغىنى كۆرگەن تېمۇرچىن :

— نۆكەر ، سەن مۇشۇ يەردە ساقلاپ تۇر ، مەن بېرىپ ئاتلىرىمنى ھەيدەپ كېلەي ! — دېدى بوغورچۇغا . بوغورچۇ :

— ساڭا ھەمراھ بولۇپ كەلدىم . نېمە دەپ بۇ يەردە ساقلاپ تۇرىمەن ؟ — دېدى ۋە ئۇنىڭ كەينىدىن ئېتىنى چاپتۇرۇپ ، ھېلىقى شىرغا ئاتلارنى ھەيدەپ ماڭدى .

① ساغلۇ — بىيە ، تۆگىلەرنى ساغىدىغان تېرە چېلەك . — ت .

§ 91 كۈرەدىكىلەر ئۇلارنىڭ شىرغا ئاتلارنى ھەيدەپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ كەينىدىن قوغلىدى . ئۇلار ئارىسىدا تۇم بوز ئات مىنگەن ، قورۇق ① كۆتۈرۈۋالغان بىرى تويتىن ئۆزاپ يېتىشىپ كېلەي دېگەندە ، بوغورچۇ تېمۇرچىنغا :

— نۆكەر ، ئەكەل ئوقيايىڭنى ، مەن ئۇلار بىلەن ئېتىشاي ! — دېدى . تېمۇرچىن :

— مېنى دەپ يەنە زىيان - زەخمەتكە ئۇچراپ قالما ، ئۆزۈم ئېتىشاي ! — دەپ ، كەينىگە بۇرۇلۇپ ئۇلار بىلەن ئېتىشتى . تۇم بوز ئاتلىق ھېلىقى كىشى قوغلاشتىن توختاپ قالدى . قالغانلىرىمۇ ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئۇلىشىپ قالدى . بۇ چاغدا كۈن پېتىپ قاراڭغۇ چۈشكەچكە ، ئۇلار كۆزدىن غايىپ بولدى .

① قورۇق — خادا ياغاچنىڭ ئۇچىغا ئارقان باغلاپ ئات تۇتىدىغان سالما. — ت.

§ 92 تېمۇرچىن بىلەن بوغورچۇ شىرغا ئاتلارنى ھەيدەپ ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز مېڭىپ ناقۇ بايانىڭ ئۆيىگە كېلەي دېگەندە، تېمۇرچىن بوغورچۇدىن:

— نۆكەر، سەن بولمىغان بولساڭ، بۇ ئاتلارنى ئىزدەپ نەلەردە يۈرەر ئىدىم؟ شۇنىڭ بەدىلىگە بۇ ئاتلارنى بۆلۈشەيلى، نەچچىسىنى ئالىسەن؟ — دەپ سورىدى.

— سەن مېڭىپ جەبىر ـ جاپالارنى چېكىپ بۇ يەرگە كەپسەن، — دېدى بوغورچۇ، — دوستلار قاتارىدا ھەمدەمدە ئىزدىشىپ بەرگىنىمگە سەندىن بىر نەرسە تەما قىلىمەنمۇ؟ دادام داڭلىق ناقۇ باي، ئۇنىڭ ئۇستىگە مەن ئۇنىڭ تىككەندەك يالغۇز ئوغلى. دادامنىڭ يىغقان مال ـ دۇنيالىرى ماڭا يېتىپ ئاشىدۇ. ئاتنىڭ ماڭا كېرىكى يوق، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاتلىرىڭنى تەلەپ قىلسام. ساڭا قىلغان ياردىمىمنىڭ نېمە پايدىسى؟ ئالمايمەن!

§ 93 ئۇلار ناقۇ بايانىڭ ئۆيىگە كەلگەندە، ناقۇ بايان ئوغلى بوغورچۇنى يىتىپ كەتتى دەپ يىغا ـ زار قىلىپ ئولتۇرغانىكەن. بالىسىنىڭ يەردىن ئۈنگەندەك پەيدا بولغانلىقىنى كۆرۈپ، تاراملاپ تۇرۇپ ئەيىبلەپ كەتتى. بوغورچۇ:

— دادا، بۇ نېمە قىلغىنىڭ، بۇ ئاغىنەم نەچچە كۈنلۈك يەردىن ئاتلىرىنى ئىزدەپ كەپتىكەن، ئۇنىڭغا ئىزدىشىپ بەردىم. مانا ساق ـ سالامەت قايتىپ كەلدىمغۇ، — دەپ، ئېتىغا مىنىپ چۆپلەر ئارىسىغا تىقىپ قويغان ساغلىقىنى قايتۇرۇپ كەلدى. ناقۇ بايان تەل قوزىنى سويدى، ئۇنى پىشۇرۇپ، تورسۇقنى ئوزۇق ـ تۈلۈكلەر بىلەن تولدۇرۇپ، يول تەييارلىقىنى قىلىپ بولغاندىن

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



كېيىن :

— ئىككىڭلار بىر - بىرىڭلارغا ھەمراھ بولۇپ ئۆتۈڭلار ، كېيىنكى كۈنلەردىمۇ بىر - بىرىڭلارنى تاشلىۋەتمەڭلار ، — دەپ تېمۇرچىننى يولغا سالدى . ئۇ ئاتلىرىنى ھەيدەپ ئۈچ كېچە - كۈندۈز مېڭىپ ، سەڭگۈر دەرياسى بويىدىكى ئۆيىگە قايتىپ كەلدى . ئاپىسى ئۆلۈن ئۈجىن بىلەن ئىنىسى قاسارلار تىت - تىت بولۇپ ئولتۇراتتى ، ئۇلار تېمۇرچىننىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ خوشال بولۇپ كەتتى .

94 § تېمۇرچىن توققۇز يېشىدا كۆرۈشكەن پېتى ھازىرغىچە دىدارلاشمىغان دەي سەچەننىڭ قىزى بۆرتە ئۈجىن بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن ، بەلگۈتەينى باشلاپ كەلۈرەن دەرياسىنى بويلاپ ، ئۇنى ئىزدەپ ماڭدى . شۇ چاغدا ، دەي سەچەن ۋە ئۇڭگىراتلار چەكچەر ، چىقۇرغۇ دېگەن ئىككى تاغنىڭ ئارىسىدا تۇراتتى . دەي سەچەن تېمۇرچىننىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ ، خۇشاللىقىدا :

— تايچىغۇت قېرىنداشلىرىڭنىڭ ساڭا ئۆچمەنلىك قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ، سەندىن بەك ئەنسىرەپ كەتكەنىدىم . مانا ئەمدى دىدارىڭنى كۆرۈپ ، كۆڭلۈم خېلى ئەمىن تاپتى ! — دەپ ، قىزى بۆرتە ئۈجىننى تېمۇرچىنغا قوشۇپ قويدى . ئەر - خوتۇن ئىككىسى قىزنى ئۇزىتىپ يولغا چىقتى . دەي سەچەن كەلۈرەن دەرياسىنىڭ ئۇراغ چۆل دېگەن يېرىگە كەلگەندە خوشلىشىپ قايتىپ كەتتى . ئۇنىڭ خوتۇنى ، بۆرتە ئۈجىننىڭ ئاپىسى شوتان قىزىنى گۈرەلگۇ تېغى ئىچىدىكى سەڭگۈر دەرياسى بويىغىچە ئۇزىتىپ قويدى .

95 § شوتان قايتىپ كەتكەندىن كېيىن ، تېمۇرچىن

بەلگۈتەينى بوغورچۇنى نۆكەرلىككە چاقىرىپ كېلىشكە ئەۋەتتى . بەلگۈتەي بېرىپ ئۇنىڭغا تېمۇرچىنىنىڭ گېپىنى يەتكۈزگەندىن كېيىن ، بوغورچۇ دادىسىغىمۇ تىنماستىن ، دوك شورا قۇلىغا مىنىپ ، كۆك ئۆرمەك چاپىنىنى غانجۇغىلاپ ، بەلگۈتەي بىلەن يولغا چىقتى . مانا بۇ ئۇنىڭ تېمۇرچىنغا ئۆمۈرلۈك نۆكەر بولۇپ كەلگەنلىكىنىڭ جەريانى .

96 § تېمۇرچىنلار سەڭگۇر دەرياسى بويىدىن كەلۇرەن دەرياسىنىڭ بېشىدىكى بۇركى قولتۇقى بويىغا كېلىپ ماكانلاشتى . بۆرتە ئۇجىنىنىڭ ئاپىسى شوتان قىزنى ئۇزىتىشتا ئۇنىڭغا قارا بۇلغۇن تېرىسىدە تىكىلگەن جۇۋىنى قىيىن ئاتا - ئانىسى بىلەن كۆرۈشۈش سوۋغىسى ① بولسۇن دەپ تۇتقانىدى . تېمۇرچىن :

— كەرەيلەرنىڭ ② ۋاڭ خانىنى ③ خان ئاتىمىز ئاندام دەپ ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان ، بىز ئۇنى ئاتا يولىدا ئىزدەپ بارايلى ، — دەپ ، قارا بۇلغۇن جۇۋىنى ئېلىپ ، ئىنىسى قاسار ، بەلگۈتەيلەر بىلەن تۇلا دەرياسىنىڭ ④ قارا تۇن ⑤ دېگەن يېرىدە ماكان تۇتۇپ ئولتۇرغان ۋاڭ خانىنىڭ ئالدىغا كەلدى . ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن ، تېمۇرچىن :

— دادام هايات چېغىدا سىز بىلەن ئاندا ⑥ بولۇپ ئۆتۈپتىكەن ، شۇڭا سىزنى دادا يولىدا ئىزدەپ كەلدۇق . هازىر ئۆي - ئوچاقلىق بولدۇم ، شۇڭا خوتۇنۇم بىزنىڭ ئۆيدىكىلەرگە كىيگۈزۈپ قويغان مۇنۇ قارا بولغۇن جۇۋىنى سىزگە يايىي دەپ ئەكەلگەندىم ، — دەپ ، قارا بۇلغۇن جۇۋىنى ئۇنىڭغا كىيگۈزۈپ قويدى . ناهايىتى خوشال بولۇپ كەتكەن ۋاڭ خان دېدى :

— قارا بۇلغۇن جۇۋىنىڭ بەدىلىگە
پارچىلىنىپ كەتكەن توپۇڭنى توپلاپ بېرەي ،

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



قارا بۇلغۇن جۇۋىنىڭ بەدىلىگە
تېزىپ كەتكەن ئېلىڭنى يىغىپ بېرەي !
سېنىڭ ماڭا تۇتقان سوۋغاڭنى،
ئېسىمدە چىڭ ساقلاي،
ھەم كۆڭلۈمگە چىڭ پۈكەي !

① موڭغۇللارنىڭ كونا ئادىتى بويىچە، يىگىت كېلىن قىيىن ئاتا – ئانىسىنىڭ ئۆيىگە تۇنجى كىرگەندە، ئائىلىسىدىكى مەيلى قېرى – كىچىك، ئەزىز – پەس كىشىلەر بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، كىيىم – كېچەك سوۋغا قىلىدۇ. — ت.

② كەرەي — ئۇرۇق نامى. چىڭگىز خان ئېگىلىك تىكلەشتىن ئىلگىرى، موڭغۇلىيىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا ياشىغان كۈچلۈك قەبىلە. ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى ھازىرمۇ بار. ھازىرقى شىنجاڭ رايونىدىكى تورغۇتلار ۋە جەنۇبىي روسىيە ۋولگا دەرياسى ئېغىزىكى قالماقلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئۆزلىرىنى كەرەيلەر دېيىشىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاقسۆگەكلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ۋاڭ خاننىڭ ئەۋلادى. — ت.

③ ۋاڭ خان — Ong Khan، ھۆرمەت نامى. كەرەيلەرنىڭ ئاقساقىلى توغرىلنىڭ ھۆرمەت نامى بولۇپ، ئۇ تاتارلارنى جازالاشتا خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، جىن خانلىقى ئۇنىڭغا « ۋاڭ خان » دەپ نام بەرگەن. — ت.

④ تۇلا دەرياسى — دەريا نامى. تۇغلا ( Tu’ ula ) دەرياسى دېيىلىدۇ. ھازىرقى موڭغۇلىيىدىكى تۇلا دەرياسى. ئۇرخۇن دەرياسىنىڭ شاخابچىسى. — ت.

⑤ قارا تۇن — قارا تۇن ( Khara Tun ) « قارا ئورمان » دېگەن مەنىدە. — ت.

⑥ ئاندا — قەسەملەشكەن ئۆمۈرلۈك دوست. — ت.

§ 97 تېمۇرچىن ۋاڭ خان بىلەن خوشلىشىپ بۇركى دەرياسى قولتۇقىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇرىياڭقاللاردىن تۆمۈرچى چال جارچىغۇتاي كۆرىكىنى يۈدۈپ، جەلمە ① دېگەن بالىسىنى ئېلىپ، بۇرھان خالدۇن تېغىدىن كەلدى. ئۇ تېمۇرچىنغا :

— سەن ئونون دەرياسىنىڭ دەلگۈن بولداغ دېگەن يېرىدە تۇغۇلغاندا، ئۇستۇڭگە بۇلغۇن يۆگەك يېپىپ قويغانىدىم. بۇ

جەلمە ئوغلۇمنىمۇ سىلەرگە بەرمەكچى ئىدىم. بىراق، ئۇ چاغدا بالام كىچىك بولغانلىقتىن، ئۇنى ئەكەتكەنىدىم. مانا ئەمدى چوڭ بولدى، بۇنىڭدىن كېيىن ئاتلىرىڭنى تۇتۇپ، بوسۇغاڭدا خىزمەتتە بولسۇن! — دەپ، بالىسىنى تاپشۇرۇپ بەردى.

① جەلمە — چىڭگىز خاننىڭ تۆھپىكارى، تۆت كۆلۈكى (تۆت باتۇر) نىڭ بىرى. ئۇ ھەقتە كېيىنكى بابلاردا توختىلىمىز. — ت.

§ 98 ئۇلار كەلۇرەن دەرياسىنىڭ بېشىدىكى بۇركى ئەرگىدە ① خاتىرجەم تىرىكچىلىك قىلىۋاتاتتى. بىر كۈنى تاڭ سەھەردە ئۆلۈن ئۈجىننىڭ ئۆي خىزمەتچىسى غوۋاغچىن ② كەمپىر ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ:

— ئاپاي، تېز تۇرۇڭ! ئاتلارنىڭ دۈپۈرلىگەن ئاۋازلىرى ئاڭلاندى. بالاتەككۇر تايچىغۇتلار بېسىپ كېلىۋاتقان ئوخشايدۇ، تېز بولۇڭ! — دەپ ئۆلۈن ئۈجىننى ئويغاتتى.

① بۇركى ئەرگى — جاي نامى. ئەرگى «قولتۇق، قىرغاق» دېگەن مەنىدە. — ت.

② غوۋاغچىن — ئادەم ئىسمى. «ئالتۇن توپچى» 49 - بەتتە غونوجىن دەپ ئېلىنغان. — ت.

§ 99 — باللارنى چاققان ئويغات! — دېگىنىچە ئورنىدىن ھاپىلا - شاپىلا تۇردى ئۆلۈن ئۈجىن، كەينىدىنلا تېمۇرچىنلار دەررۇ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ئاتلىرىغا يۈگۈرۈشتى. تېمۇرچىن بىر ئاتقا، ئۆلۈن ئۈجىن بىر ئاتقا، قاسار بىر ئاتقا، قاچىغۇن بىر ئاتقا، تېمۇگە ئوتچىگىن بىر ئاتقا، بەلگۇتەي بىر ئاتقا، بوغورچۇ بىر ئاتقا، جەلمە بىر ئاتقا مىندى. ئۆلۈن ئۈجىن تېمۇلۇننى قۇچىقىغا ئېلىپ، كۆتۈل ئاتنى يېتەكلىۋالغانلىقتىن، بۆرتە ئۈجىنگە ئات تەگمىدى.

www.uyghurkitap.com



100 § تېمۇرچىنلار بۇرھان خالدۇن تېغىغا قاراپ قاچتى. غوۋاغچىن كەمپىر بۆرتە ئۇجىننى يوشۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن، قارا مەپىلىك هارۋىغا چىقارغۇزدى، ئالا ئۆكۈزنى قوشۇپ تۇڭگەلىگ دەرياسىنى ئۆرلەپ ماڭدى. تاڭ ئاتارغا يېقىن، ئالدى تەرەپتىن ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋاتقان چېرىكلەر غوۋاغچىننى كۆردى. ئۇلار يېقىنلىشىپ كەلگەندىن كېيىن:

— نېمە ئادەمسەن؟ — دەپ سورىدى غوۋاغچىن كەمپىردىن.

— تېمۇرچىنلارنىڭ ئۆي خىزمەتچىسى بولىمەن. ئىگەمنىڭ ئۆيىگە قوي قىرقىغىلى بارغانىدىم، هازىر قايتىپ كېتىۋاتىمەن، — دېدى غوۋاغچىن كەمپىر.

— تېمۇرچىن ئۆيىدىمۇ؟ ئۆيى نەدە؟ — دەپ سورىدى چېرىكلەر.

— ئۆيىمۇ يىراق ئەمەس، بىراق تېمۇرچىننىڭ ئۆيدە بار-يوقلۇقىنى ئۇقمايدىكەنمەن. مەن ئارقا ئۆي ① تەرەپتىن كەلدىم، — دېدى غوۋاغچىن كەمپىر.

① موڭغۇللارنىڭ ئادىتى بويىچە، توۋەن تەبىقىدىكىلەرنىڭ تۇرار جايى سول تەرەپنىڭ توۋەن (شەرقىي شىمال) تەرىپىدە بولىدۇ. ئۇلار كىرىپ چىقىشتا ئىگىسىنىڭ ئىشىكى ئالدىدىن ئۆتمەي، كەينىدىن ئۆتىدۇ. — ت.

101 § چېرىكلەر ئاتلىرىنى قامچىلاپ كەتتى. غوۋاغچىن كەمپىر ئالا ئۆكۈزنى تاياقلاپ ماڭاي دېيىشىگىلا، هارۋىنىڭ ئوقى سۇنۇپ كەتتى. ئۇنى ئوڭشاشقا كۆزى يەتمىگەن غوۋاغچىن كەمپىر:

— ئورمان تەرەپكە قاچايلى! — دەپ تۇرۇشىغا، هېلىقى چېرىكلەر بەلگۈتەينىڭ ئاپىسىنى ① پۇت-قوللىرىنى ساڭگىلىتىپ

ئاتقا ئارتىپ كەلدى ۋە غوۋاغچىن كەمپىردىن :

— ھارۋاڭدىكى نېمە ئۇ ؟ — دەپ سورىدى .

— قوي يۇڭى ، — دېدى غوۋاغچىن كەمپىر . چېرىكلەر ئارىسىدىكى چوڭراق بىرى :

— ئىنىلىرىم ، بالىلىرىم ، چۈشۈپ قاراپ بېقىڭلار ، — دەپ بۇيرىدى . ئاتتىن چۈشۈپ ، قارا مەپىلىك ھارۋىنىڭ پەردىسىنى قايرىپ ، ئىچىدە ئېسىل بىر خېنىمنىڭ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرگەن چېرىكلەر ئۇنى ھارۋىدىن سۆرەپ چۈشۈرۈپ ، غوۋاغچىن كەمپىر ئىككىسىنى بىر ئاتقا مىنگۈزدى ، تېمۇرچىننى تۇتۇش ئۈچۈن ، ئوت - چۆپلەردىكى تۇياق ئىزلىرىنى بويلاپ ، بۇرھان تېغىغا قاراپ يول ئالدى .

① مەزكۇر پاراگراپتا ۋە 112 § دا بەلگۈتەينىڭ ئاپىسى تىلغا ئېلىنغان بولسىمۇ . لېكىن ئۇنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنمىغان . « ئالتۇن توپچى » 28 - بەتتە سۆچىگەل ئەكە ؛ « موڭغۇللارنىڭ مەنبەسى » دە تاغاشى خاتۇن ؛ « Rashipongsugh » دا مەگەلە خاتۇن ؛ « ئالتۇن تېپچيا » دا ماگقالا دەپ ئېلىنغان . — ت .

102 § ئۇلار بۇرھان خالدۇن تېغىنى ئۈچ ئايلىنىپ ، تېمۇرچىنلارنى تاپالمىدى . ئەتراپنىڭ ھەممىسى سازلىق ، ئىت تۇمشۇقى ئۆتمەس قېلىن ئورمان بولغانلىقتىن ، ئۇلار شۇنچە ئۇرۇنۇپمۇ ئىچكىرىلەپ كىرەلمىدى . ئۇلار ئۇدۇيىت مەركىتلەردىن توغتوغا ، ئۇۋاس ① مەركىتلەردىن دايىر ئۇسۇن ، قاغات مەركىتلەردىن قاغاتاي دېگەن ئۈچ مەركىتلەر ئىدى . ئۇلار ئىلگىرى يەسۇگەي باتۇرنىڭ يەكە چىلەدۇدىن ئۆلۈن ئۇجىننى تارتىۋالغانلىقىدىن ئۆچ ئالغىلى كەلگەنلەر ئىدى ② . ئۇ مەركىتلەر :

— ئۆلۈننىڭ ئۆچىنى ئېلىش ئۈچۈن ، ئۇلارنىڭ ئايالىنى ئولجا ئېلىپ ، ئۆچىمىزنى ئالدۇق ، — دېيىشىپ ، بۇرھان خالدۇن

تېغىدىن قايتىپ كەلدى .

① ئۇۋاس — ئۇرۇق نامى . ئۇۋاس ( Uwas ) : ( 1 ) ئالىقان ; ( 2 ) بىر سىقىم ; ( 3 ) بىر قىسىم دېگەن مەنىلەردە . — ت

② بۇ ھەقتىدىكى ئىشلار 54 § . 55 § .56 § لاردا بايان قىلىنغان . — ت .

103 § تېمۇرچىن مەركىتلەرنىڭ كەتكەن ياكى يوشۇرۇنۇپ ياتقانلىقىنى ئېنىقلاپ كېلىش ئۈچۈن ، بەلگۈتەي ، بوغورچۇ ۋە جەلمە ئۈچىنى ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئەۋەتتى . ئۇلار مەركىتلەرنىڭ كەينىدىن ئۈچ كۈن قوغلاپ مېڭىپ ، مەركىتلەرنىڭ كەتكەنلىكىنى ئېنىقلاپ كەلگەندىن كېيىن ، تېمۇرچىن بۇرھان خالدۇن تېغىدىن چۈشتى ۋە كۆكرىكىنى كېرىپ :

— غوۋاغچىن ئانا ،
قولاقلىرىڭ سەزگۈر ئىكەن
سېسىق كۈزەننىڭكىدەك ،
كۆزلىرىڭ ئۆتكۈر ئىكەن
ئاق چاشقاننىڭكىدەك ،
بىزگە خەۋەر بەرگەن ئىدىڭ ،
جاننى بەدەر ئېلىپ قاچتىم !
ئاتنى چۈشەكتىن يېشىپ مىنىپ ،
بۇغا يولىنى بويلاپ ماڭدىم ،
چاتقاللارنى دالدا قىلدىم ،
ئۆزۈمنى بۇرھان تېغىغا ئاتتىم ،
ئامان ساقلاپ قالدىڭ بۇرھان سەن
چۈۋىن كەبى ھالسىز جېنىمنى !
جېنىمنى قوغدايمەن دەپ ،
يالغۇز ئېتىمنى مىنىپ ،

قانداغاي ئىزىنى بويلاپ ماڭدىم ،
شاخ ـ شۇمبىلارنى دالدا قىلدىم ،
ئۆزۈمنى بۇرهان تىغىغا ئاتتىم ،
ئامان ساقلاپ قالدىڭ بۇرهان سەن
پاشا كەبى ئاجىز جېنىمنى !
ئىچىمدە ساق قالارمەنمۇ دەپ
شۇ چاغدا قورقۇپ كەتكەنىدىم ،
ئەي ، جېنىمغا پاسىبان بۇرهان تىغى ،
هەر كۈنى تاڭ سەھەردە ،
سېنى يادلاپ سەجدە قىلىمەن !
ئەۋلادلاردىن ئەۋلادقا مەڭگۈ
ساڭا كۈندە سېغىنىمىز بۇرهان تىغى !

دېدى ـ دە ، بەلۋېغىنى بويىنىغا سېلىپ ① ، مالخېيىنى قولىغا ئېلىپ قەددىنى كۆتۈردى . سېغىنىش چىرىغىغا قىمىز چېچىپ ، ئۇنىڭدىن كېيىن كۈنگە قاراپ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ توققۇز قېتىم ② سەجدە قىلدى .

① موڭغۇللارنىڭ ئادىتى بويىچە ، بەلۋاغ نوپۇزنىڭ سىمۋولى بولۇپ ، ئەرلەر ئادەتتە بەلۋاغنى بېلىدىن چۈشۈرمەيدۇ . شۇڭا ، فېئوداللىق دەۋردە ، ئەرلەر « busutei » ، يەنى « بەلۋاغلىقلار » دەپ ئاتىلىدۇ . ئاياللار « busu ugei » ، يەنى « بەلباغسىزلار » دەپ ئاتىلىپ ، ئېرىنىڭ نوپۇزىغا تايىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ . ئەرلەر جىنايەت ئۆتكۈزمىسە ياكى يېڭىن ، هۆرمەتلىك تۇغقانلىرى ئۆلۈپ قالمىسلا ، هەرگىز بەلۋېغىنى ئالمايدۇ . ـــ ت .

② موڭغۇللارنىڭ ئادىتى بويىچە ، « توققۇز » سانلار ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ ، هەم ئەڭ خاسىيەتلىك ، بايلىقنىڭ سىمۋولى . شۇڭا ، توققۇز قېتىم سەجدە قىلىش ئەڭ ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرگەنلىك بولىدۇ . توققۇز خىل تارتۇقمۇ ئەڭ چوڭ تارتۇق هېسابلىنىدۇ . تارخانلارنى توققۇز قېتىم جىنايەت ئۆتكۈزسىمۇ جازالىماسلىق ئەڭ چوڭ شاپائەت قىلغانلىق بولىدۇ . ـــ ت .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## ئۈچىنچى باب

104 § ئەلقىسسە، تېمۇرچىن بۇرھان خالدۇن تېغىغا تاۋاپ قىلىپ بولغاندىن كېيىن، قاسار، بەلگۈتەيلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، تۇلا دەرياسى بويىدىكى قارا تۇن دېگەن جايدا ماكان تۇتۇپ ئولتۇرغان كەرەيلەرنىڭ ۋاڭ خانى توغرىلنى ئىزدەپ كەلدى ۋە ئۇنىڭغا:

— ئۈچ مەركىت تۇيۇقسىز باستۇرۇپ كېلىپ، خوتۇن، بالا - چاقىلىرىمنى ① بۇلاپ كەتتى! شۇنىڭ ئۈچۈن خان ئاتا سىزدىن خوتۇن، بالا - چاقىلىرىمنى قۇتۇلدۇرۇپ بېرىشكە ئىلتىپات تىلەپ كەلدىم، — دېدى.

— بۇلتۇر ساڭا دېگەنلىرىم ئېسىڭدىمۇ؟ — دېدى ۋاڭ خان توغرىل تېمۇرچىننىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، — سەن: «دادام ھايات چېغىدا سىز بىلەن ئانداشلىشىپ ئۆتۈپتىكەن، شۇ دوستلۇقىڭلار ئۈچۈن بىز سىزنى ئاتا ئورنىدا كۆرۈپ ئىزدەپ كەلدۇق» دەپ، قارا بۇلغۇن جۇۋىنى ماڭا كىيگۈزۈپ قويغاندا، ساڭا:

«قارا بۇلغۇن جۇۋىنىڭ بەدىلىگە
پارچىلىنىپ كەتكەن توپۇڭنى توپلاپ بېرەي،
قارا بۇلغۇن جۇۋىنىڭ بەدىلىگە
تېزىپ كەتكەن ئېلىڭنى يىغىپ بېرەي!
ئېسىمدە چىڭ ساقلاي،
ھەم كۆڭلۈمگە پۈكەي
سېنىڭ ماڭا تۇتقان سوۋغاڭنى»

دېمىگەنمىدىم ؟ شۇ لەۋزىمنى ئەمەل قىلىش ئۈچۈن ،

قارا بۇلغۇن جۇۋىنىڭ بەدىلىگە
مەركىتلەرنى ۋەيران قىلىپ ،
بەيبىشەڭ بۆرتە خېنىمنى
يېنىڭغا ئەكىلىپ بېرىمەن .
قارا بۇلغۇن جۇۋىنىڭ بەدىلىگە
مەركىتلەرنى گۇمران قىلىپ ،
خوتۇنۇڭ بۆرتە خېنىمنى
قولۇڭغا تۇتقۇزۇپ قويىمەن .

سەن ئادەم ئەۋەتىپ قاسارغا ئۇقتۇرۇپ قوي ، ئۇ هازىر قورقۇناغ جۇبۇردە ② . مەن ئىككى تۈمەن چېرىك چىقىرىپ ، ئوڭ قانات بولۇپ ئاتلىناي . ئىنىم جامۇقامۇ ئىككى تۈمەن چېرىك چىقىرىپ سول قانات بولۇپ ئاتلانسۇن . باش قوشىدىغان ئورنىمىزنى ، ۋاقتىنى جامۇقا بەلگىلىسۇن !

① شۇ چاغلاردا . تېمۇرچىننىڭ بالىسى يوق ئىدى . سۆزنىڭ ئورانىنى كۆچەيتىش ئۈچۈن شۇنداق دېگەن بولسا كېرەك . — ت .

② قورقوناغ جۇبۇر — جاي نامى . جىگۇر ياكى جىبۇر « تاغ باغرى ، تاغ ئېتىكى » دېگەن مەنىدە . « ئالتۇن توپچى » 54 ـ بەتتە « قورقون جىگۇر » دەپ ئېلىنغان . — ت .

§ 105 تېمۇرچىن ، قاسار ، بەلگۇتەي ئۈچى توغرىل خان بىلەن خوشلىشىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ، تېمۇرچىن قاسار ، بەلگۇتەي ئىككىسىنى جامۇقانىڭ قېشىغا ئەۋەتتى . ئۇلار بېرىپ تېمۇرچىننىڭ سۆزىنى يەتكۈزدى :

— ئۈچ مەركىت باستۇرۇپ كېلىپ ،
ئۆي ـ ماكانىنى قۇرۇقداپ كەتتى !
قەسەم ـ ئانت ئىچىشكەنىدۇققۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئۆچىمىزنى تولۇق ئېلىشقا ؟
ئۈچ مەركىت باستۇرۇپ كېلىپ ،
يۈرەك ـ يارىمنى بۇلاپ كەتتى !
ۋەدىلەشكەنىدۇققۇ تۇغقانلىشىپ
ئەنتىمىزنى تۇگەل ئېلىشقا ؟

ئۇلار يەنە قاسارغا :

ـــ ۋاڭ خان تۇغرىل خان ئاتام يەسۇگەينىڭ ئۆز ۋاقتىدا قىلغان ياخشىلىقلىرىنى قايتۇرۇش ئۈچۈن ، بىزگە ياردەملەشمەكچى بولدى ، ـــ دەپ كەرەيلەرنىڭ ۋاڭ خانىنىڭ سۆزىنى يەتكۈزدى ، ـــ ئۇ : « مەن ئىككى تۈمەن چېرىك چىقىرىپ ، ئوڭ قانات بولۇپ ئاتلىناي ، جامۇقاغا دەپ قويۇڭلار ، ئۇمۇ ئىككى تۈمەن چېرىك چىقىرىپ ، سول قانات بولۇپ ئاتلانسۇن ، باش قوشىدىغان ئورنىمىزنى ، ۋاقتىنى جامۇقا بەلگىلىسۇن ! » دېدى .

ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ، جامۇقا دېدى :

ـــ قەدىناس ئاندام تېمۇرچىن ،
ماكانىڭ تالان ـ تاراج قىلىنغانلىقىنى ئاڭلاپ ،
يۈرەك ـ باغرىم ئېزىلىپ كەتتى !
ئەزىز يارىڭ بۇلانغانلىقىنى ئاڭلاپ ،
يۈرەك ـ باغرىم پۈچىلىنىپ كەتتى !
ئەنتىمىزنى ئالماي قويمايمىز ،
ئۇدۇيىت ۋە ئۇۋاس مەركىتتىن ،
ئۇرۇق ـ تۇخۇمىنى قۇرۇتۇپ ،
بۆرتە خېنىمنى قۇتۇلدۇرۇپ كېلىمىز !
ئەنتىمىزنى ئالماي قويمايمىز ،
قاغات مەركىتتىن ،

نەسىل ـ نەسەبىنى يوقىتىپ ،
بۆرتە خېنىمنى قايتۇرۇپ كېلىمىز !

توقۇمنى قامچىلىغانىنى ئاڭلاپ ،
جەڭ دۇمباقلىرى چېلىندى دەپ ،
بۇغرا كەگەردە ①
ياشاپ يۈرگەن توغتوغا ،
قورقۇپ يۈرىكى چىقىپ كېتەر .
ساداقىنىڭ يالتىرىغىنى كۆرۈپ ،
ئورخون ② ، سەلەڭگە ③
ئارىسىدىكى تالقون ئارالدا ④
يايلاپ يۈرگەن دايىر ئۇسۇن ،
قورقۇپ تەمتىرەپ كېتەر .
قامغاقنىڭ شىلدىرلىغىنىنى ئاڭلاپ ،
قاراچى كەگەر قارا ئورمىنىدا
مۆكۈنۈپ ياتقان قاغاتاي دارمالا ،
چۆچۈپ ئەندىكىپ كېتەر .
هازىر بىز كىلغۇ دەرياسىدىن كېسىپ ئۆتەيلى . دەريا بويلىرىدا ساقال ئوت ⑤ بار ئەمەسمۇ ؟ شۇنىڭدىن سال ياساپ دەريادىن ئۆتەيلى ، بىز قورقۇپ كەتكەن توغتوغانىڭ
چاڭغىراقىدىن چۈشكەندەك بېسىپ چۈشۈپ ،
قارا ئۆيىنىڭ تىرەكلىرىنى سۇندۇرۇۋېتەيلى ،
خوتۇن ـ بالىلىرىنى بۇلاپ كىتەيلى !
قارا ئۆيىنىڭ قۇتلۇق بوسۇغىسىنى چېقىپ ،
ئەل ـ ئاۋامىلىرىنى يالاپ ئېپكېتەيلى !

① بۇغرا كەگەر — جاي نامى . كەگەر « دالا ، دەشت » دېگەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مەنىدە . — ت .

② ئورخون — دەريا نامى . هازىرقى موڭغۇلىيىدىكى ئورخون دەرياسى . — ت .

③ سەلەڭگە — دەريا نامى . هازىرقى موڭغۇلىيىدىكى سېلىنگې دەرياسى . — ت .

④ تالقون ئارال — جاي نامى . « دولقۇن ئارال » دېگەن مەنىدە . — ت .

⑤ ساقال ئوت — ئوت نامى . دەريا بويلىرىدا ئۆسىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك . — ت

§ 106 — بېرىپ تېمۇرچىن ئاندام بىلەن توغرىل ئاغامغا مۇنۇ سۆزۈمنى يەتكۈزۈپ قويۇڭلار ، — دېدى جاموقا يەنە ،

— ھەيۋەتلىك تۇغقا نەزىر قىلىپ ،
بۇقا تېرىسى يۇزلۇك دۇمباقنى
گۇم - گۇم چېلىپ ،
قارا تۇلپارنى مىنىپ ،
پۇختا بەكتەرنى ① كېيىپ ،
قاتتىق نەيزە ھەم ئۇچلۇق جەبلەرنى ② ئېلىپ ،
قاغات مەركىتنى
تامام قىرىپ تاشلاشقا تەييارلاندىم !
خاسىيەتلىك تۇغقا نەزىر قىلىپ ،
ئۆكۈز تېرىسى يۇزلۇك دۇمباقنى
گۇم - گۇم چېلىپ ،
قارا سىرت دۇلدۇلنى مىنىپ ،
تېرە قۇياقنى كېيىپ ،
ئۆتكۈر قىلىچ ھەم ئۇچلۇق ئوقلارنى ئېسىپ ،
ئۇدۇيت مەركىتنى
قويماي تارمار قىلىشقا هازىرلاندىم !

— تـوغـرىـل ئاغام چېـرىـكـلىرى بىلەن بۇرھان خالدۇن تېـغىنىڭ كۈنگەي تەرىپىنى بويلاپ مېڭىپ ، تېمۇرچىن ئاندامنىڭ ئاۋۇلـى ئارقـىـلىق كەلسۇن ، — دېدى جامۇقا ئۇلارغا يەنە ، — بىز ئونـون دەريـاسىنىڭ بېشىدىكى بوتوغان بوغورجى ③ دېگەن جايدا بـاش قـوشـايـلـى . مەن مۇشۇ يەردىن ئاتلىناي ، ئونون دەرياسىنى ئۆرلـەپ تـېمۇرچىن ئانداملىڭ ئېلىدىن بىر تۈمەن چېرىك يىغىپ ، ئۆزۈم بـىـر تـۈمـەن چـېـرىـك چـىـقىرىپ ، جەمئىي ئىككى تۈمەن چـېـرىـك بـىـلـەن ئونـون دەريـاسىنى ئۆرلەپ ئاتلىنىپ ، بوتوغان بوغورجىدا باش قوشايلى !

① بەكتەر — ساۋۇت . — ت .

② ئەسلى تېكستتە khatghurasutu . « شاپتۇل دەرىخى قوۋزىقى ئۇرالغان » دېيىلگەنىدى . — ت .

③ بـوتوغان بوغورجى — دەريا نامـى . ئونـون دەريـاسىغـا قۇيىلىدىغـان دەريا . — ت .

107 § قـاسـار ، بـەلـگـۈتـەي ئـىـكـكـى قايتىپ كەلگەندىن كـېـيـىن ، جامۇقانىڭ سۆزلىرىنى تېمۇرچىن ، يەنە توغرىل خانغىمۇ يـەتـكـۈزدى . تـوغـورىـل خـان جـامـۇقـانـىڭ سۆزلىرىدىن خەۋەر تـاپـقـانـدىـن كـېـيـىـن ، ئىككى تۈمەن چېرىكنى باشلاپ ، بۇرھان خـالـدۇن تـېـغـىـنـىڭ كۈنگەي تەرىپىدىكى كەلۈرەن دەرياسىنىڭ بۈركى قولتۇقىغا قاراپ ئاتلاندى . شۇ چاغدا تېمۇرچىنلارمۇ بۈركى قـولـتـۇقـىـدا ئىدى . تـوغـرىـل خـانـىـنـىڭ قوشۇن تـارتـىـپ كـېـلـىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپقان تېمۇرچىن ئاۋۇلدىكىلىرى بىلەن يـولنى بوشىتىپ ، تۆڭگەلىك دەرياسىنى ئۆرلەپ ، بۇرھان خالدۇن تـېـغىنىڭ كۈنگەي تەرىپىدىكى تانا ① دېگەن كىچىك دەريا بويىغا كـېـلـىـپ قـوش تـىـكـكەندىن كېيىن ، چېرىكلىرىنى باشلاپ يولغا چـىقتى ، توغرىل خانىنىڭ بىر تۈمەن چېرىكى ، ئۇنىڭ ئىنىسى جاقا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



گامبۇنىڭ ② بىر تۈمەن چېرىكى بولۇپ، جەمئىي ئىككى تۈمەن چېرىك كىمۇرغا دەرياسىنىڭ ئايىل قاراغانا دېگەن يېرىگە كېلىپ ئورۇنلاشقاندا، تېمۇرچىن ئۇلار بىلەن ئۇچراشتى.

① تانا ــ كىچىك بىر دەريانىڭ نامى. تانا «مەرۋايىت» دېگەن مەنىدە. «ئالتۇن توپچى» 57 ـ بەتتە «تاغ غوقان» دەپ ئېلىنغان. ــ ت.

② جاقا گامبۇ ــ ئادەم ئىسمى. جاقا «ياقا»؛ گامبۇ. تىبەت پادىشاھىنىڭ نامى. جاقا گامبۇنىڭ ئەسلى ئىسمى «كەرەيتاي». ــ ت.

§ 108 تېمۇرچىن، توغرىل خان، جاقا گامبۇلار ئۇچرىشىپ شۇ جايدىن قوزغالدى، ئونون دەرياسىنىڭ بېشىدىكى بوتوغان بوغورجى دېگەن يېرىگە كەلگەندە، جامۇقانىڭ بۇ يەرگە كېلىپ ساقلاپ تۇرغىنىغا ئۈچ كۈن بولغانىدى. تېمۇرچىن، توغرىل خان، جاقا گامبۇلارنىڭ چېرىكلىرى كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن جامۇقا ئىككى تۈمەن چېرىكنى سەپكە تۇرغۇزۇپ، ئۇلارنى كۈتۈۋالدى. تېمۇرچىن، توغرىل خان، جاقا گامبۇلارمۇ چېرىكلىرىنى تىزىلدۇرۇپ، ئۆزئارا تونۇشقاندىن كېيىن، جامۇقا:

ــ بوران ـ چاپقۇن بولسىمۇ،
بار دېگەن يەرگە بارىمىز؛
يامغۇر ـ يېشىن ياغسىمۇ،
خەقلەرنىڭ كەينىدە قالماي
يىغىلىشقا بارىمىز.

دەپ ۋەدىلەشمىگەنمىدۇق؟ ــ دېدى ئۇلارغا كايىپ، ــ بىز موغۇللار ۋەدىنى قەسەم دەپ بىلىدىغان خەق ئىدۇققۇ؟ ئىلگىرى «ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمايدىغانلارنى سەپتىن چىقىرىۋېتىمىز» دېيىشمىگەنمىدۇق؟

ــ ۋەدە بويىچە پۈتۈشكەن جايغا ئۈچ كۈن كېچىكىپ

كەلدۇق ، ئىنىم جامۇقا قانداق ئەيىبلىسەڭمۇ ھەقلىق ، — دەپ گۇناھىنى تونىدى توغرىل خان .

109 § ئۇلار بوتوغان بوغورجىدىن ئاتلىنىپ ، كىلغو دەرياسى بويىغا يېتىپ كەلدى . ساللارنى ياساپ ، دەريادىن ئۆتۈپ ، بۇغرا كەگەردىكى توغتوغا بەگنىڭ قارا ئۆيىگە چاڭغىراقتىن چۈشكەندەك بېسىپ كىردى .

قارا ئۆيىنىڭ تىرەملىرىنى سۇندۇرۇۋەتتى ،
ئۇنىڭ خوتۇن ـ بالىلىرىنى بۇلاپ كەتتى .
قارا ئۆيىنىڭ قۇتلۇق بوسۇغىسىنى چېقىۋەتتى ،
ئۇنىڭ ئەل ـ ئاۋاملىرىنى يالاپ كەتتى !

ئۇلار ئەسلىدە توغتوغا بەگنى شېرىن ئۇيقۇدا ياتقان چېغىدا تۇتىۋالاتتى ، لېكىن كىلغو دەرياسى بويلىرىدىكى بېلىقچى ، كىشچى ① ۋە ئوۋچىلار ئۇلارنىڭ بېسىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ، كېچىلەپ بېرىپ شېرىن ئۇيقۇدا ياتقان توغتوغا بەگكە : « دۈشمەنلەر كەلدى ! » دەپ خەۋەر بەرگەنلىكتىن ، توختوغا بەگ ئۇۋاس مەركىتلەردىن دايىر ئۇسۇننى ئېلىپ ، بىر نەچچە ئادەملىرى بىلەن سەلەڭگە دەرياسىنى بويلاپ ، بارقۇجىنغا ② قاراپ بەدەر قاچتى ③ .

① كىشچى — سۆغۈر ، قۇندۇز ، تىيىن ۋە باشقا جۇۋىلىق ھايۋانلارنى ئوۋلىغۇچى . — ت .

② بارقۇجىن — ھازىرقى بايقال كۆلىنىڭ شەرقى . بارقۇجىن دەرياسىنىڭ ۋادىسىنى كۆرسىتىدۇ . ـ ت .

③ مەركىتلەردىن قىساس ئېلىش ئۇرۇشى تېمۇرچىننىڭ ھاياتىدا تۇنجى قېتىم ئۇرۇشقا قاتنىشىشى ئىدى . ئۇ خوتۇنى بۆرتە ئۈجىننى قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن ، توغرىل خان ۋە جامۇقا بىلەن بىرلىشىپ ، مەركىتلەرنى جازالىدى . توغرىل خانمۇ قارا بولغۇن جۇۋىنى دەپ ، جامۇقامۇ ئۇنىڭ بىلەن قىيامەتلىك دوستلۇقىنى دەپ ، ئۇنىڭغا ياردەملەشكەنلىك بولماستىن ، ئەڭ مۇھىم سەۋەبى ، ھەر ئىككىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



مەركىتلەرنىڭ ئەسىرى بولغانىدى. شۇڭا، مەركىتلەر تېمۇرچىن، توغرىل خان ۋە جامۇقانىڭ ئورتاق دۈشمىنى ئىدى. — ت.

§ 110 مەركىتلەر تىرىپىرەن بولۇپ، سەلەڭگە دەرياسىنى بويلاپ قاچتى. چېرىكلىرىمىز ئالدى ـ كەينىگە قارىماي قېچىپ كېتىۋاتقان مەركىتلەرنى كەينىدىن قوغلاپ تۇتتى. تېمۇرچىن پاتىپاراق بولۇپ كەتكەن ئەلگە قاراپ: «بۆرتە! بۆرتە!» دەپ ۋارقىراپ ئىزدەپ يۈرگەندە، پاتپاراقچىلىقتا تېمۇرچىننىڭ ئاۋازىنى تونىغان بۆرتە ئۈجىن هارۋىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، غوۋاغچىن كەمپىرنى باشلاپ يۈگۈردى. شۇنچە قاراڭغۇدىمۇ تېمۇرچىننىڭ ئېتىنى تونىغان بۆرتە ئۈجىن بىلەن غوۋاغچىن كەمپىر يۈگۈرەپ بارغان پېتى ئۇنىڭ چۇلۋۇرىغا ئېسىلدى. ئايدىڭ كېچە ئىدى. بۆرتە ئۈجىننى تونىغان تېمۇرچىن دەرهال ئاتتىن چۈشۈپ، ئۇنى باغرىغا مەهكەم باستى. تېمۇرچىن شۇ كېچىسى ئادەم ئەۋەتىپ: «ئىزدىمەكچى بولغان ئادىمىمنى تاپتىم! تۈنلەپ سەپەر قىلىپ يۈرمەي، مۇشۇ يەردىلا تۈنەپ قالايلى!» دەپ، توغرىل خان بىلەن جامۇقا ئىككىسىگە خەۋەر قىلدى. مەركىتلەر تۈن بويى قېچىپ، ئايىغى يەتكەنلىكى جايلارغا بېرىپ ئورۇنلاشتى. مانا بۇ تېمۇرچىننىڭ بۆرتە ئۈجىن بىلەن ئۇچراشقانلىقى ۋە ئۇنى مەركىتلەرنىڭ قولىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىققانلىقىنىڭ جەريانى.

§ 111 دەسلەپتە، ئۇدۇيىت مەركىتلەردىن توغتوغا بەگ، ئۇۋاس مەركىتلەردىن دايىر ئۇسۇن، قاغات مەركىتلەردىن قاغاتاي دارمالا قاتارلىق ئۈچ مەركىتنىڭ ئۈچ يۈزدەك ئادىمى يەسۈگەي باتۇرنىڭ ئىلگىرى ئۆلۈن ئۈجىننى توغتوغا بەگنىڭ ئىنىسى يەكە چىلەدۇدىن بۇلاپ كەتكەنلىك قىساسىنى ئالغىلى كەلگەندە،

تېمۇرچىن قېچىپ ، بۇرھان خالدون تېغىغا يوشۇرۇنىۋالغانىدى . ئۇلار كەينىدىن قوغلاپ كېلىپ بۇرھان خالدۇن تېغىنى ئۈچ ئايلىنىپ ، تېمۇرچىننى ئىزدەپ تاپالماي ، بۆرتە ئۈجىننى تۇتۇۋېلىپ ، يەكە چىلەدۇنىڭ ئىنىسى چىلگەر بۆكەگە ئۆتكۈزۈپ بەردى . تېمۇرچىنلارنىڭ باستۇرۇپ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان چىلگەر بۆكە قېچىش ئالدىدا :

— ئاشقان ـ تاشقانلارنى يېيىشكە
يارالغان قارا قارغىغا ،
ياۋا ئۆردەك ، تۇرنىلارنى يېيىشكە
نېمە قويدى ؛
مەن بۇ يارامسىز چىلگەرگە ،
ئېسىل خېنىمغا چاڭ سېلىشقا
نېمە قويدى !
مەركىتلەرنىڭ بالاسىغا ،
مەن بۇ پەسكەش چىلگەر قالدىم !
جېنىمنى ساقلاشقا قاچاي دەيمەن ،
قاراڭغۇ ھاڭغا كىرىۋالاي دەيمەن ،
لېكىن كىم مېنى قوغداشقا قالقان بولۇر ؟
قۇرت ـ چاشقانلارنى يېيىشكە
يارالغان لەپەڭ سارغا ،
ئاققۇ ، تۇرنىلارنى يېيىشكە
نېمە قويدى ؛
مەن بۇ يالاڭ تۆش چىلگەرگە ،
بەختلىك خېنىمنى تۇتۇپ تۇرۇشقا
نېمە قويدى !
مەركىتلەرنىڭ جاپاسىغا ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



مەن بۇ نىجىس چىلگەر قالدىم !
ئامان قىلىشقا قاچاي دەيمەن ،
گۆردەك جىلغىغا كىرىۋالاي دەيمەن ،
لېكىن كىم مېنى ساقلاشقا قوروۇق بولۇر ؟
دېدى ــ دە ، ئالدى ــ كەينىگە قارىماي بەدەر قاچتى .

112 § قاغاتاي دارمالا تۇتۇپ كېلىنىپ ، بوينىغا قوۋۇق سېلىنىپ ، بۇرھان خالدون تېغىغا پالاندى . بەلگۇتەي ئاپىسىنىڭ شۇ ئاۋۇلدا ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ ئىزدەپ باردى . ئۇ ئاپىسى تۇرغان ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ ئوڭ تەرەپتىن كىرىشىگە ، قوي تېرىسىدىن تىكىلگەن يىرتىق كونا جۇۋا كىيىۋالغان ئاپىسى سول تەرەپتىن چىقىپ كېتىپ ①، تالادىكىلەرگە :
ــ ئاڭلىسام ئوغۇللىرىم خاقان بولۇپتۇ ،
لېكىن مەن بۇ جايدا يامانغا جورا بولدۇم .
كۆرۈشەي دەيمەنۇ ، يۈزۈم چىدىماس ،
سېغىنىش دەردىدە كىرىپكىلىرىم نەم .
دېدى ــ دە ، يۇگۇرگىنىچە ئورمانغا كىرىپ كەتتى . بەلگۇتەي شۇنچە ئىزدەپمۇ تاپالمىدى . دەرغەزەپكە كەلگەن بەلگۇتەي نويان : « ئاپامنى تاپ ! » دەپ ۋاقىرىغىنىچە مەركىتلەرنى ، ھەتتا بۇرھان خالدون تېغىنى قورشاپ پاراكەندە قىلغان ئۈچ يۈز مەركىتلەرنىڭ ئۇرۇق ــ ئەۋلادلىرىنىڭ كۈلىنى كۆككە سورۇۋەتتى . ئامان قالغانلىرىدىن خوتۇن ــ توقال قىلىدىغانلىرىنى خوتۇن ــ توقال ، دېدەك ــ چۆرە قىلىدىغانلىرىنى دېدەك ــ چۆرە قىلدى .

① قارا ئۆيلەرگە ئادەتتە كىگىز پەردە تارتىپ قويۇلىدۇ . غەربىي شىمال بوران ــ شامالىرى تەسىرىدىن ، ئىشىكى شەرقىي جەنۇب تەرەپكە قارىتىپ ئېچىلىدۇ . ئادەتتە ، ئۆيگە كىرگۈچى ۋە ئۆيدىن چىققۇچى كىگىز ئىشىكنى ئوڭ قولدا ئېچىپ كىرىپ چىقىدىغان بولغانلىقتىن ، كىرگۈچى ئوڭ تەرەپتىن كىرىدۇ .

چىققۇچى سول تەرەپتىن چىقىدۇ. ئوڭ، سول تەرەپنى ئايرىماي كىرگۈچى ۋە چىققۇچىلار قارشى ئېلىنمايدۇ. — ت.

§ 113 تېمۇرچىن تۇغرىل خان ۋە جامۇقاغا تەشەككۈر ئېيتىپ دېدى:

— خان ئاتام ۋە جامۇقا ئاندام،
بىزگە پاناھ بولغاچقا،
كۆك تەڭرى ۋە قارا يەر
بىزنى كۈچلۈك قىلغاچقا،
ئاتا دۈشمەن مەركىتنىڭ
ئېلىنى قىرىپ تاشلىدۇق،
كۆزلىرىنى قان ئېتىپ،
يۈرىكىنى سۇغۇردۇق.
ئۆي - ماكانىنى بۇلاپ
تۇخۇمىنى قۇرۇتتۇق.
ئۆلمەي تىرىك قالغانلىرىنى،
ئەسىر ئېلىپ قۇل قىلدۇق.

مەركىتلەر يوقىتىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلار: « ئەمدى قايتايلى! » دېيىشتى.

§ 114 ئۇدۇيىت مەركىتلەر پاتىپاراق بولۇپ قاچقاندا، چېرىكلىرىمىز شۇ جايدىن بېشىغا بۇلغۇن تۇماق، پۇتىغا بۇغا ئۆتۈك، ئۇستىگە چۆرىسىگە بۇلغۇن تېرىسى تۇتۇلغان يارغاق جۇۋا كىيىۋالغان، كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ تۇرىدىغان كۈچ دېگەن بەش ياشلىق بىر بالىنى تېپىۋېلىپ، ئۆلۈن ئۇجىنغا سوۋغا قىلدى.

§ 115 تېمۇرچىن، تۇغرىل خان ۋە جامۇقا ئۈچى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



مەركىتلەرنىڭ كەڭ ، ئازادە ئۆيلىرىنى كۆكۈم ـ تالقان قىلىۋېتىپ ، چىرايلىق قىز ـ چوكانلىرىنى ئولجا ئالدى . ئۇلار ئورخون ۋە سەلەڭگە دەرياسى ئوتتۇرىسىدىكى تالقۇن ئارالدىن چېكىنىپ چىققاندىن كېيىن ، تېمۇرچىن ، جامۇقا ئىككىسى قورقوناغ تېغى ئېتىكىدىن يول ئالدى . توغرىل خان بۇرهان خالدون تېغىنىڭ تەسكەي تەرىپىدىكى كۆكەرتۇ تېغى ئېتىكى ، قاچاغۇلاتۇ ① جىلغىسى ۋە غۇلياتۇ جىلغىسى ئارقىلىق ئوۋ ئوۋلىغاچ ، تۇلا دەرياسى بويىدىكى قارا تۇنگە قايتىپ كەلدى .

① قاچاغۇلاتۇ — جاي نامى . « ئالتۇن توپچى » 63 ـ بەتتە « قاغۇراتۇ » دەپ ئېلىنغان ھەمدە ئۇ « قابچىل » دەپ ئۆزگەرتىلگەن . قابچىل « جىلغا » دېگەن مەنىدە . — ت .

116 § تېمۇرچىن بىلەن جامۇقا قورقوناغ جۇبۇرگە كېلىپ قوش تىكىپ ماكانلاشتى . ئۇلار ئىلگىرى ئاندالاشقان چاغلىرىنى ئەسلىشىپ :

— بىر ـ بىرىمىزنى قەدىرلەپ ئۆتەيلى ! — دەپ تەكىتلەشتى . ئۇلار دەسلەپ ئاندالاشقان چاغدا ، تېمۇرچىن ئون بىر ياشتا ئىدى . شۇ چاغدا جامۇقا ئېلىك ساقىنى تېمۇرچىننىڭ تۇچ قۇيغان ساقىسى بىلەن تېگىشىپ ئاندالىشىپ ، ئونون دەرياسىدىكى مۇزدا ئوشۇق ئوينايتتى . ئەتىياز كىرگەندە ، ئۇلار ياغاچتىن ياسالغان ئوقيانى ئېتىشىپ ئويناۋاتقاندا ، جامۇقا تايىنچا مۈڭگۈزىنى چاپلىغان بۇرغىلىق ئوقىنى تېمۇرچىننىڭ ئارچا باشاقلىق ئوقى بىلەن تېگىشىپ ، يەنە ئاندالاشقانىدى . مانا بۇ ئۇلارنىڭ ئىككىنچى قېتىم ئاندالاشقانلىقىنىڭ جەريانى .

117 § — « ئاندا بولدۇق جان قوشتۇق ،
قوتۇلدۇرۇشۇپ ، قولدىشىپ ،

بىر ئۆتەيلى مەڭگۈ دوستلىشىپ »

دەيدىغان كۇنىلار ، ئۆزئارا شۇنداق بولۇش كېرەك . ھازىرمۇ ئانداللىقنى تىللىغا ئالدۇق ، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ بىر - بىرىمىزنى قەدىرلەپ شۇنداق ئۆتۈشىمىز كېرەك ، — دېدى ئۇلار بىر - بىرىگە . تېمۇرچىن مەركىتلەرنىڭ توغتوغاسىدىن ئولجا ئالغان ئالتۇن بەلۋېغىنى ئانداسى جامۇقانىڭ بېلىگە باغلاپ ، توغتوغانىڭ سەلكەش قولىسىغا مىندۇرۇپ قويىدى . جامۇقامۇ ئۇۋاس مەركىتلەرنىڭ دايىر ئۇسۇندىن ئولجا ئالغان ئالتۇن بەلۋېغىنى ئانداسى تېمۇرچىننىڭ بېلىگە باغلاپ ، دايىر ئۇسۇننىڭ قومۇش قۇلاق بوز ئېتىغا مىندۇرۇپ قويىدى . ئۇلار ئانداالشقانلىقىنىڭ شەرىپىگە قورقوناغ جۇبۇردىكى قۇلدارغا تېغىننىڭ كۈنگەي تەرىپىدىكى بۈك - باراقسان ئۆسكەن يوغان بىر قارغاي ئاستىدا زىياپەت ئۆتكۈزدى . بىر - بىرىنى ئاندا دېيىشىپ ، يېرىم كېچىگىچە ئويۇن - تاماشا قىلىشىپ ، شۇ يەردە بىر ئورۇنغا يۆگىنىشىپ ياتتى .

§ 118 تېمۇرچىن بىلەن جامۇقا بىر يېرىم يىلغىچە ئانداللىشىپ - دوستلىشىپ بىر - بىرىنى قەدىرلەپ ئۆتتى . بىر كۈنى ، ئۇلار : « بىز كۆچەيلى ! » دېدى ۋە باش يازنىڭ 16 - كۈنى ① ، « قۇتلۇق كۈنى » ② كۆچتى . تېمۇرچىن بىلەن جامۇقا ھارۋىلارنىڭ ئالدىدا كېتىۋاتقاندا ، جامۇقا دېدى :

— تېمۇرچىن ، ئاندا ، ئاندا !

تاغ باغرىغا چۈشەيلى !

بۇ جايدا ئالچىق ③ تىكىپ يىلقا باقساق

بەلەن بولۇر ،

سۇ بويىغا چۈشەيلى !

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بۇ جايدا ئېسىل ئوت ـ چۆپلەر تېپىپ يەر
قوي ـ قوزىلار .

بۇ سۆزنىڭ تېگىگە يەتمىگەن تېمۇرچىن زۇۋان سۈرمەستىن ، كۆچنىڭ كەينىدە كېلىۋاتقان ھارۋىدىكى ئاپىسىنى ساقلاپ تۇردى . ئۇ كېتىۋېتىپ ئاپىسى ئۆلۈنغا :

ــ ئاندام جامۇقا
« تاغ باغرىغا چۈشەيلى !
بۇ جايدا ئالچىق تىكىپ يىلقا باقساق
بەلەن بولۇر .
سۇ بويىغا چۈشەيلى !
بۇ جايدا ئېسىل ئوت ـ چۆپلەر تېپىپ يەر
قوي ـ قوزىلار »

دەيدۇ . ئۇنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى ھېچ چۈشەنمەستىن ، گەپ قىلماي سېنى كۈتۈپ تۇراتتىم ، ــ دېدى . ئۆلۈن ئۈجىن بىر نېمە دېگۈچە ، بۆرتە ئۈجىن :

ــ خەقلەر جامۇقانى تۇتۇرۇقسىز ئادەم دەۋاتقان ، ــ دېدى ئارىغا چۈشۈپ ، ــ ئۇنىڭ ھەقچان بىزدىن بەزگەن چېغى ، بايا دېگەنلىرى مەن قېپقالاي دېگىنىدۇ . بىز چۈشمەي كېچىلەپ بولسىمۇ يولىمىزغا مېڭىۋېرەيلى !

① قەمەرىيە 4 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى . ــ ت .

② مەزكۇر كۈن ئىككىنچى باب 81 § دا تىلغا ئېلىنغاندىن باشقا . بۇ يەردە ئىككىنچى قېتىم تىلغا ئېلىنىشى . دېمەك بۇ كۈن خاسىيەتلىك كۈن بولسا كېرەك . ــ ت .

③ ئالچىق ــ alachuq ، دەرەخنىڭ شاخ ـ شۇمبىلىرىدا ياسالغان كەپە . ساتما . ــ ت

§ 119 بۆرتە ئۈجىننىڭ سۆزىنى خوپ كۆرگەن تېمۇرچىن

ئۇ يەرگە چۈشمەي كېچىلەپ مېڭىپ، تايچىغۇتلارنىڭ يۇرتىنى بېسىپ ئۆتتى. ئۇلارنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتكەن تايچىغۇتلار جامۇقا تەرەپكە تۈنلەپ كۆچتى. تايچىغۇتلارنىڭ بەسۇت ئۇرۇقى ئاۋۇلىدىن ئادەملىرىمىز كۆكچۈ ① دېگەن بىر بالىنى تېپىۋېلىپ، ئۆلۈن ئۇجىنغا سوۋغا قىلدى.

① كۆكچۈ — ئادەم ئىسمى. كۆكچۈ ( Kokchu )، دورا ئۆسۈملۈكلىرى سودىگىرى دېگەن مەنىدە. — ت.

§ 120 شۇ كېچە، كۆچ تۈنلەپ تۇركۈملەپ كۆچۈپ كەلدى. تاڭ ئاتقاندا قارايدىغان بولسا، جالايىر ئۇرۇقىدىن ئاغا- ئىنە قاچىغۇن توغراغۇن ①، قاراغاي توغراغۇن ۋە قارالداي توغراغۇن قاتارلىق ئۈچ توغراغۇ بىللە كۆچۈپ كەپتۇ. تارغۇت ئۇرۇقىدىن ئاغا- ئىنە قاداغان دالدۇرقان قاتارلىقلارنىڭ باشچىلىقىدا بەش تارغۇت ئۇرۇقى كۆچۈپ كەپتۇ. يەنە مەڭگۈتۇ قىياننىڭ ② بالىسى ئۆڭگۈر قاتارلىقلار چاڭشىغۇت، باياغۇت ئۇرۇقلىرىنىمۇ باشلاپ كەپتۇ. بارۇلاس ئۇرۇقىدىن ئاغا- ئىنە قۇبىلاي، قۇدۇسلار كەپتۇ. ماڭغۇت ئۇرۇقىدىن ئاغا- ئىنە جەتەي، دوغولغۇ چەربى ③ ئىككىسى كەپتۇ. بوغورچۇنىڭ ئىنىسى ئۆگەرەي ① چەربى ئارۇلات ئۇرۇقىدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ، ئاكىسى بوغورچۇغا قوشۇلۇپتۇ. جەلمەنىڭ ئىنىسى چاغۇرقان ⑤ بىلەن سۇبەگەتەي باتۇر ئىككىسى ئۇرياڭقا ئۇرۇقىدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ، ئاكىسى جەلمەگە قوشۇلۇپتۇ. بەسۇت ئۇرۇقىدىن ئاغا- ئىنە دەگەي، كۈچگۈر ئىككىسىمۇ كەپتۇ. سۇلدۇس ئۇرۇقىدىن ئاغا- ئىنە چىلگۇتەي، تاكى، تايچىغۇتايلارمۇ كەپتۇ. جالايىر ئۇرۇقىدىن سەچە دوموغ ⑥ ئارقاي قاسار، بالا دېگەن ئىككى بالىسىنى ئەگەشتۈرۈپ كەپتۇ. قوڭقوتان ⑦ ئۇرۇقىدىن سۈيكەتۇ

چەربى كەپتۇ. سۈكەكەدىن جەگەي بىلەن قوڭداقورنىڭ ⑧ بالىسى سۈكەگەي جەغۈن كەپتۇ. نەگۈدەي چاغان ئۇۋالارمۇ كەپتۇ. ئۆلقۇنۇغۇت ئۇرۇقىدىن كىڭكىيادىي ⑨؛ غورولاس ئۇرۇقىدىن سەچەگۈر؛ دۆربەن ئۇرۇقىدىن موچى ⑩ بەدۈگۈنلار كەپتۇ. يىكىرەس ئۇرۇقىدىن بۇتۇ كۈيىئوغۇل بولۇش ئۈچۈن بىللە كەپتۇ. نوياگىن ئۇرۇقىدىن جۆڭسۆ ⑪ كەپتۇ. ئورونار ⑫ ئۇرۇقىدىن جىرغوغان كەپتۇ. بارۇلاس ئۇرۇقىدىن سۈغۇ سەچەن ⑬ بىلەن قاراچار بالىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ كەپتۇ. يەنە باغارىن ئۇرۇقىدىن قورچى، ئۈسۈن چال، يەنە كۆكچۈس⑭ مەنەن باغارىن ئۇرۇقىنىڭ بىر كۈرە ئادىمىنى باشلاپ كەپتۇ.

① قاچىغۇن توغۇراغۇن — ئادەم ئىسمى. «ئالتۇن توپچى» 66 — بەتتە «غاچۇغۇن ۋە توغۇراغۇن» دەپ ئايرىم ئېلىنغان. — ت.

② مەڭگۇتۇ قىيان — مەزكۇر پاراگرافتا مۆڭكەتۇ قىيان دەپ ئېلىنغان. بىرخىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، 50 § دىكىسى بويىچە مەڭگۇتۇ قىيان دەپ ئېلىندى. — ت.

③ چەربى — قەدىمكى ھەربىي ئۇنۋان نامى. چەربى «قوماندان». — ت.

① بۇ يەردە ئۆگەرەي بوغورچۇنىڭ ئىنىسى دېيىلگەن. لېكىن 92 § دا بوغورچۇنى ناقۇ باياننىڭ يالغۇز ئوغلى دېيىلگەن. شۇنىڭدىن پەرەز قىلغاندا، ئۇ بوغورچۇنىڭ بىر نەۋرە قېرىندىشى. ياكى تېمۇرچىن ئۇنىڭ بىلەن تونجى كۆرۈشكەندە تېخى تۇغۇلمىغان بولۇشى مۇمكىن. — ت.

⑤ چاغۇرقان — ئادەم ئىسمى. «ئالتۇن توپچى» 67 — بەتتە «چورخان» دەپ ئېلىنغان. — ت.

⑥ سەچە دوموغ — ئادەم ئىسمى. «ئالتۇن توپچى» 67 — بەتتە «سەرە دوموغ» دەپ ئېلىنغان. — ت.

⑦ قوڭقوتان — ئۇرۇق نامى. «ئالتۇن توپچى» 67 — بەتتە «قولغۇتان» دەپ ئېلىنغان. — ت.

⑧ قوڭداقور — ئادەم ئىسمى. «ئالتۇن توپچى» 67 — بەتتە «قوڭتاغار» دەپ ئېلىنغان. — ت.

⑨ كىڭگىيادای — « ئالتۇن توپچى »67 ـ بەتتە « كىڭگەدەي » دەپ ئېلىنغان . — ت .

⑩ موچى — ياغاچچى . — ت .

⑪ جوڭسۇ — 202 § دا جوڭشوي دەپ ئېلىنغان . « ئالتۇن توپچى » 68 ـ بەتتە « جوڭكى » دەپ ئېلىنغان . — ت .

⑫ ئورونار — ئادەم ئىسمى . « ئالتۇن توپچى » 68 ـ بەتتە « قورقور » دەپ ئېلىنغان . — ت .

⑬ سۇغۇ سەچەن — ئادەم ئىسمى . « ئالتۇن توپچى » 68 ـ بەتتە « غوۋا سەچەن » دەپ ئېلىنغان . — ت .

⑭ كۆكچۇس — « ئالتۇن توپچى » 68 ـ بەتتە « كۆك چوغ » دەپ ئېلىنغان . — ت .

121 § — بىر بۇغدا ① بودونچارنىڭ ئولجا ئالغان خوتۇنىدىن تۇغۇلغان باللارمىز ، جامۇقامۇ بىزنىڭ بىر ئانا ، بىر قورساقتىن تۇغۇلغان قېرىندىشىمىز ، شۇڭا ئۇنى تاشلىۋەتمىسەك دەيمەن ، — دىدى قورچى ، — ياغرىنچى ② مۇنۇ ئىشنى كۆز ئالدىمدا ئايان قىلدى : بىر كىر ئىنەك جامۇقانىڭ يېنىدىن ئەگىپ ئۆتۈپ ، هارۋا ئۆيلەرنى ③ ئۆرۈپ ۋەيران قىلىۋەتكەندىن كېيىن ، ئۇدۇل كېلىپ جامۇقانى ئۇسۇيمەن دەپ ، مۆڭگۈزىنى سۇندۇرىۋالدى . بىر مۆڭگۈزىدىن ئايرىلىپ قالغان كىر ئىنەك جامۇقاغا : « مۆڭگۈزۈمنى تۆلەپ بەر ! » دەپ يەرنى تېپچەكلەپ مۆرەپ ، توپىلانى سورىۋەتتى . يەنە بىر تاز ئۆكۈز ئوردىنى ئۈستىگە ئارتىپ ، قوزۇقلىرىنى سۆرەپ ، تېمۇرچىننىڭ كەينىدىن هارۋا يولىنى بويلاپ كەلدى ۋە ئۈنىگغا :

— ئاسمان ـ زېمىن باش قوشۇپ ،
تېمۇرچىننى خان قىلدى .
شۇ سەۋەبتىن مەن ساڭا
تاجۇدۆلەتنى يۈدۈپ كەلدىم .

دەپ مۆرىدى . ياغرىنچى مۇشۇ ئىشلارنى كۆز ئالدىمدا ئايان قىلىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بېشارەت بەردى . تېمۇرچىن ! سەن ئەل ئىگىسى بولغاندىن كېيىن ، ساڭا كۆز ئالدىمدا ئايان بولغان ئىشتىن بېشارەت بەرگەنلىكىم ئۈچۈن ، ماڭا قانداق بەخت ـ سائادەت ئاتا قىلىسەن ؟

— ئەگەن ئېيتقىنىڭ كەلسە ، — دېدى تېمۇرچىن ، — سېنى تۈمەنبېشى قىلىمەن .

— شۇنچە دانا ئەقىل كۆرسەتكەن ئادەمنى تۈمەنبېشى قىلساڭ ، ئۇنىڭ نېمە لەززىتى بولسۇن ؟ — دېدى قورچى ئانچە رازى بولماي ، — تۈمەنبېشىلىقنى بەرسەڭمۇ بەر ، لېكىن ئەل ئىچىدىن ئوتتۇز گۈزەلنى بىر تالدىن چېكىپ تۇرۇپ تاللىۋېلىشىمغا رۇخسەت قىلىسەن ، يەنە باشقا تەلەپلىرىمنىمۇ ئورۇندايسەن !

① بۇغدا — « مۇقەددەس » ياكى « ئەۋلىيا ، پەيغەمبەر » دېگەن مەنىدە . موڭغۇللار « تەڭرىقۇت ، پادىشاھ » نى بۇغداخان دەپ ئاتايدۇ . ھازىرمۇ چىڭگىز خاننى چىڭگىز بوغدا دەپ ئاتايدۇ . — ت .

② ياغرىنچى — قوينىڭ تارغىقىدا پال ئېچىپ بېشارەت بەرگۈچى . — ت .

③ ھارۋا ئۆيلەر — موڭغۇللار مۇقىم ماكان تۇتماي ، پەسىل بويىچە كۆچۈپ تۇرىدىغانلىقتىن ، ئادەتتە ئۆيلىرىنى ھارۋا ئۈستىگە تىكىدۇ . — ت .

122 § غۇنان قاتارلىقلار گەنىگەس ئورۇقىنىڭ بىر كۇرە ئادەملىرىنى ، دارىتاي ئوتچىگىن بىر كۇرە ئادەملىرىنى باشلاپ كەلدى . جاداران ئورۇقىدىن مۇلقالقۇمۇ ① كەلدى . يەنە ئۈجىن قاتارلىقلار ساقايىت ئورۇقىنىڭ بىر كۇرە ئادەملىرىنى باشلاپ كەلدى . جامۇقانى تاشلاپ كەلگەنلەر بارغانسېرى كۆپەيمەكتە ئىدى . تېمۇرچىنلار كىمۇرغا دەرياسىنىڭ ئايىل قاراغانا دېگەن يېرىدە قوش تىكىپ ئولتۇرغاندا ، جامۇقادىن بۆلۈنۈپ چىققان جۇركى ئورۇقىدىن سورقاتۇ جۇركىنىڭ ② بالىسى ساچا بەگ ③ ، تايچۇ ئىككىسى بىر كۇرە ئادەملەرنى ، نەگۈن تايشىنىڭ بالىسى قۇچار بەگ بىر كۇرە ئادەملەرنى ، قۇتۇلا خاننىڭ بالىسى ئالتۇن

ئوتچىگىن بىر كۈرە ئادەملەرنى باشلاپ كېلىپ، تېمۈرچىنلار بىلەن شۇ جايدا بىللە ئولتۇردى. كېيىن تېمۈرچىنلار ئۇلار بىلەن كىمۇرغا دەرياسى بويىدىكى ئايىل قاراغانا دېگەن جايدىن سەڭگۈر دەرياسى بويىدىكى قارا يۈرەك ④ تېغىنىڭ يېنىدىكى كۆك نۇر ⑤ كۆلى بويىغا كۆچۈپ كەلدى.

① مۇلقالقۇ — ئادەم ئىسمى. « ئالتۇن توپچى » 69 - بەتتە موقۇلا غوۋا دەپ ئېلىنغان. — ت.

② سورقاتۇ — ئادەم ئىسمى. سورقاتۇ ( sorqatu ). سارغاتۇ ( سېرىقلىق ). بىرىنچى باب 49 § دا قۇتۇغتۇ جۈركى دەپ ئېلىنغان. لېكىن بۇ يەردە سوقارتۇ دەپ يېزىلغانلىقتىن. ئەسلى تېكستتىكىسى بويىچە ئېلىندى. — ت.

③ ساچا بەگ — ئادەم ئىسمى. ساچا بەگ ( Sacha Beki ). بىرىنچى باب 49 § دا « سەچە بەگ » دەپ ئېلىنغان. لېكىن بۇ يەردە « ساچا بەگ » دەپ ئېلىنغانلىقتىن. ئەسلى تېكستتىكىسى بىچە ئېلىندى. — ت.

④ قارا يۈرەك — تاغ نامى. قارا يۈرەك ئەسلى تېكستتە قارا جۈرۈگە ( qara jurugе ). — ت.

⑤ كۆك نۇر — كۆل نامى. كۆك نۇر ( Kөkө Na' ur ) كۆك كۆل دېگەن مەنىدە. — ت.

§ 123 ئالتۇن، قۇچار، ساچا بەگ ئۈچى مەسلىھەتلىشىۋالغاندىن كېيىن، تېمۈرچىنغا:

— سېنى خان سايلايلى،
ئەگەر بىز گە خان بولساڭ،
دۈشمەنلەر بېسىپ كەلسە،
ئالدىڭدا ئالغىنچى بوپ ئاتلىنىپ،
گۈزەل چوكان - قىزلارنى،
ساڭا سوۋغا قىلىمىز!
ئازادە تەرمە - ئوردىلارنى،
ساڭا ئېلىپ بېرىمىز!

www.uyghurkitap.com



ياقا يۇرتلارنىڭ
گۈزەل چوكان ـ قىزلىرىنى
ساڭا ھەدىيە قىلىمىز !
ساغرىلىق تۇلپار ـ دۇلدۇللارنى ،
ساڭا تارتۇق قىلىمىز !
ۋەھشىي ئۇۋلارنى ئۇۋلىغاندا ،
ئالدىڭدا چىقىپ قورشايمىز ،
دالا ـ تۈزلەردىكى ئۇۋلارنى ،
توپى ـ توپى بىلەن ئالدىڭغا ،
يىغىپ ھەيدەپ كېلىمىز ،
جىلغا ـ سايلاردىكى ئۇۋلارنى ،
جۈپى ـ جۈپى بىلەن ئالدىڭغا ،
سۈرۈپ ھەيدەپ كېلىمىز !
ئۇرۇشقا تەييارلانغاندا ،
پەرمانىڭغا خىلاپلىق قىلساق ،
بالا ـ چاقىمىزنى ۋەيران قىلىۋەت ،
كاللىمىزنى ئېلىپ تاشلىۋەت !
نۇسرەت قۇچقاندا ،
قارشى سۆزۈڭگە چىقساق ،
خوتۇن ـ توقاللىمىزنى سەرسان قىلىۋەت ،
بىزنى چۆلگە شۇ زامان تاشلىۋەت !

دەپ قەسەم بەردى ۋە تېمۇرچىننى چىڭگىز خان ① دەپ ئاتىدى .

① چىڭگىز خان ـ تېمۇرچىن مىلادىيە 1189 ـ ( توخۇ ) يىلى « چىڭگىز خان » بولۇپ تىكلەندى . « چىڭگىز » دېگەن ئىسىم ھەققىدە خىلمۇخىل كۆز قاراشلار بار . لېكىن فرانسىيىلىك تارىخشۇناس پروفېسسور پېللىئوت ( Prof. Pelliot ، 8781 ـ 5491 ) بۇ ئىسىم ئۈستىدە ئىزدىنىپ مۇنداق دېگەن : « چىڭگىز خان » دېگەن ئىسىم خەت مەنىسىدىن ئېيتقاندا ، « دېڭىز خان »

دېگەن مەنىدە. ئۇنىڭ قارىشىچە. ( 1 ) « تېڭىز ياكى دېڭىز » ئۇيغۇرچىدىن كىرگەن سۆز بولۇپ. موڭغۇلچە « دالاي » دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى بىلەن ئوخشاش. ( 2 ) چىڭگىز خاننىڭ ئىككىنچى ئەۋلاد ۋارىسى گۈيۈك خان ئۆزىنى « دالاي خان » ( دېڭىز خان ) دەپ ئاتىغان. موڭغۇلچە « دالاي خان » دېگەن سۆز ئۇيغۇرچە « تالاي خان » دېگەن سۆز بىلەنمۇ مەنىداش ... ـــ ت.

124 § تېمۇرچىن « چىنگىز خان » دەپ ئاتالغاندىن كېيىن، بوغورچۇنىڭ ئىنىسى ئۆگەرەي چەربى قورچىلىققا ①، قاچىغۇن توغۇراغۇن قورچىلىققا، ئاغا ـ ئىنە جەتەي، دوغولغۇ چەربى ئىككىسىمۇ قورچىلىققا تەيىنلىدى. ئۆڭگۈر، سۈيكەتۇ چەربى، قاداغان دالدۇرخان ئۈچى :

ـــ سەھەردە ناشتىلىقنى
كېچىكتۈرمەي ھازىرلايمىز،
كەچلەردە نازۇ نەمەتلەرنى
كەم قىلماي تىزىۋېتىمىز،

دېگەندى، ئۇلارنى باۋۇرچىلىققا ② قويدى. دەگەي :

ـــ ئېرىك توقلىنى سويدۇرۇپ،
سەھەردە كەم قىلماستىن،
كەچلەردە كېچىكتۈرمەستىن،
ساڭا شورپا تەييارلاي.
ئالا قويلارنى باقتۇرۇپ،
ھارۋا ئاستىغا ياتقۇزىۋېتەي؛
قوڭۇر قويلارنى يايلىتىپ،
ئاۋۇل ـ ئاۋۇلغا تولدۇرىۋېتەي،
نەپسىم يامان ئادەممەن،
سېمىز كۆتەن يېگىلى،
ساڭا قويچى بولۇپ ئۆتەيمەن،

دېگەندى، ئۇنى قويچىلىققا قويدى. ئۇنىڭ ئىنىسى كۈچگۈر :

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



— هارۋىلارنى ئۆرىمەي ،
ئوقنمۇ سۇندۇرماي ،
كۆزلىگەن مەنزىلگە
تىنچ ـ ئامان ئاپىرىمەن ،

دېگەنىدى ، چىڭگىز خان :

— ئۇنداق بولسا ، سەن ئوردا هارۋىغا مەسئۇل بول . دوراي چەربى سەن تۇتغارلارغا مەسئۇل بول ، — دېدى . يەنە قۇبىلاي ، چىلگۇدەي ، قاراغاي توغۇراغۇن ئۈچى ۋە قاسارلارنى ئۇلدۇچىلىككە ③ قويۇپ :

— ئۇزۇۋىتىڭلار
ئۆكتەملىك قىلغانىنىڭ بويىننى ،
تىلىۋىتىڭلار
مەنمەنلىك قىلغانىنىڭ باغرىنى !

دېدى ئۇلارغا . يەنە :

— بەلگۇتەي ، قارالداي توغۇراغۇن ئىككىڭلار چېرىك ئاتلىرىغا مەسئۇل ئاختاچى ① بولۇڭلار ، — دېدى ئىككىسىگە . يەنە تايچىغۇتلاردىن قۇتۇ ، مورىچى ، مۇلقالقۇ ئۈچىگە :

— سىلەر يىلقىچى بولۇڭلار ، — دېدى . يەنە ئارقاي قاسار ، تاغاي ، سۈكەگەي ، چاغۇرغان تۆتىگە :

— سىلەر يىراقتا ئاتار قوغوچاقىم ، يېقىنغا ئاتار ئودورارىم ⑤ بولۇڭلار ، — دېدى . سۇبەگەتەي :

— چاشقىنىڭ بولۇپ
يىغىپ بېرەي ،
قارغاڭ بولۇپ
تالالاردىن تېرىپ بېرەي .
يوتقىنىڭ بولۇپ

يىپىنچاڭ بولاي،
كىگىزىڭ بولۇپ
بوران ـ چاپقۇندا دالدا بولاي.
دېدى چىنگىز خانغا.

① قـۇرچـى ــ قـۇرچـى ( Khorchin ) سـاغـداق ئاسـقۇچـى. مـەرگـەن، قوغدىغۇچى. ــ ت.
② بـاۋۇرچـى ــ بـاۋۇرچـى ( Ba’ urchi ). خـانـغـا غـىـزا تەيـيارلىغـۇچـى، ئاشپەز. ــ ت.
③ ئۇلـدۇچـى ــ ئۇلـدۇچـى ( ulduchi ) « قـىـلىچ ئاسقۇچى ». يەنى قوغدىغۇچى ۋە خان قورال ـ ياراغلىرىنى باشقۇرغۇچى. ــ ت.
④ ئاخـتـاچى ــ ئاختا ( aghatachin ) « ئاختىلانغان ئات ». ئاختاچى چېرىك ئاتلىرىنى باشقۇرغۇچى ئەمەلدار. ــ ت.
⑤ قـوغـوچـاق، ئودورا ــ ئوق نـامـى. بۇ جۈملىنىڭ ئومۇمىي مەنىسى: « يېنىمدا ھەمراھ. يىراقتا خەۋەرچى بولۇڭلار » دېگەندىن ئىبارەت. ــ ت.

§ 125 چـىـنـگـىـز خـان بولغاندىن كېيىن، بوغورچۇ، جەلمە ئىككىسىگە:

ــ سىلەر ئىككىڭلار
سايەمدىن باشقا بەندەم يوق چاغلاردا،
كېلىپ سايە بولۇپ
كۆڭلۈمنى ئاۋۇندۇرۇڭلار؛
قۇيرۇقمدىن باشقا قامچاق يوق كۈنلەردە،
كېلىپ قامچا بولۇپ
شاتلاندۇرۇڭلار دىلىمنى!
ئۇنتۇلمايمەن مەڭگۈ
قىلغان ياخشىلىقىڭلارنى!
دەپ بولۇپ، يەنە:
ــ سـىـلـەر ئـىـكـكـىـڭلار بـۇيـەرگـە ھەمـمـدىـن ئاۋۋال

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



كەلگەنىدىڭلار ، نېمە ئۈچۈن سىلەر بۇ ئەلنى سورىمايسىلەر ؟ —
دېدى . ئۇنىڭدىن كېيىن كۆپچىلىككە :
— كۆك تەڭرى ۋە قارا يەر مېنى دىلىڭلارغا سالغاچقا ،
جامۇقانى تاشلاپ ماڭا ھەمراھ بولغىلى كەپسىلەر ، — دېدى يەنە ،
— شۇڭا ھەر قايسىڭلارنى بۇنىڭدىن كېيىنمۇ قۇتلۇق ھەمراھلىرىم
دەپ ئەتىۋالايمەن ، ھەر جەھەتتە سىلەرگە تايىنىمەن !

§ 126 چىڭگىزخان خان بولغانلىقىنى خەۋەر قىلىش ئۈچۈن ، تاغاي ، سۇكەگەي ئىككىسىنى كەرەيلەرنىڭ ۋاڭ خانى توغرىلنىڭ ئالدىغا ئەلچىلىككە ئەۋەتتى . ئۇنىڭ خان بولغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان توغرىل خان :
— تېمۇرچىن بالامنى خان سايلاپ ناھايىتى ياخشى قىلىپسىلەر ، — دېدى ئۇلارغا ، — سىلەر موڭغۇللاردا خان بولمىسا ، قانداق بولىدۇ ؟

لەۋزىڭلاردىن ھەرگىز يانماڭلار ؛
ئىتتىپاقىڭلارنى بۇزماڭلار ؛
ئۆز ياقاڭلارنىمۇ يىتماڭلار ① !

① سۆز مەنىسىدىن قارىغاندا ، توغرىل خاننىڭ سۆزى تېخى تۈگىمىگەن ، داۋامى چۈشۈپ قالغان بولۇشى مۇمكىن . — ت .

# تۆتىنچى باب

§ 127 ئەلقىسسە، يەنە ئارقاي قاسار، چاغۇرقان ئىككىسىنى جامۇقانىڭ ئالدىغا ئەلچىلىككە ئەۋەتتى. ئۇنىڭ خان بولغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان جامۇقا:

— سىلەر بېرىپ ئالتۇن، قۇچار ئىككىسىگە مۇنۇ سۆزلىرىمنى يەتكۈزۈپ قويۇڭلار، — دېدى ئۇلارغا، — «ئالتۇن، قۇچار ئىككىڭلار تېمۇرچىن ئاندام ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا، نېمىشقا ئاندامنىڭ بىلىگە ئۇسۇپ، ئاندامنىڭ قوۋۇرغىسىغا سانجىپ ①، بىزنى ئايرىۋېتىسىلەر ② ؟ ئارىمىزغا سوغۇقچىلىق چۈشمەي چىرايلىق ئۆتكەن چاغلاردا، نېمىشقا ئۇنى خان سايلىمىغانىدىڭلار؟ هازىر ئۇنى يەنە نېمە غەرەزدە خان قىلىپ سايلىدىڭلار؟ ئالتۇن، قۇچار ئىككىڭلار لەۋزىڭلاردىن يانماي، ئاندامنى خاتىرجەم قىلىپ، ئۇنىڭ ياخشى هەمراھلىرىدىن بولۇپ ئۆتۈڭلار!»

① بۇ سۆزنىڭ مەنىسى: «ئارىغا سوغۇقچىلىق سېلىش» دېگەندىن ئىبارەت. — ت.

② ئالتۇن بىلەن قۇچارنىڭ تېمۇرچىن بىلەن جامۇقا ئىككىسىنىڭ ئارىسىغا قانداق سوغۇقچىلىق سالغانلىقى توغرىسىدا مەزكۇر كىتابتا توختالمىغان. — ت.

§ 128 ئۇزۇن ئۆتمەي، بىز ساغرى دالاسىدا ئولتۇرغاندا، جالما ① تېيغىننىڭ كۆنگەي تەرىپىدىكى ئۆلەگەي بۇلاق دېگەن جايدا ئولتۇرغان جامۇقانىڭ ئىنىسى تايچار بىزنىڭ جوچى دارمالانىڭ يىلقىلىرىنى بۇلاپ كەتتى. جوچى دارمالانىڭ هەمراھلىرى يىلقىلارنىڭ كەينىدىن قوغلاشقا جۈرئەت

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



قىلالمىغانلىقتىن، يەنە جوچى دارمالا ئۆزى يالغۇز ئۇنىڭ كەينىدىن قوغلىدى. كەچ كىرگەندە، ئۇ يىلقىلىرىنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە ئېتىنىڭ يالىسىغا چاپلىشىۋېلىپ، تويدۇرماستىن تايچارنى يولىنىغا ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋېتىپ، يىلقىلىرىنى ھەيدەپ كەلدى.

① جالما — تاغ نامى. Jalama. « ئالتۇن توپچى » 74 ـ بەتتە ئالاما دەپ ئېلىنغان. — ت.

129 § ئىنىسى تايچارنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان جاموقا قاتارلىق جاداران ئورۇقىنىڭ ئون ئۈچ قەبىلىسىدىن ① تەشكىللەنگەن ئۈچ تومەن ئاتلىق ئادىمى ئالاغوغوت ②، تورقاغوت تاغلىرىدىن ئېشىپ، چىڭگىز خانغا ھوجۇمغا ئاتلاندى. يىكىرەسلەردىن مۇلوك توتاغ ③، بورولداي ئىككىسى گۈرەلگۇ تېغىدىكى چىڭگىز خانغا خەۋەر قىلدى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان چىڭگىز خانمۇ ئون ئۈچ كورەدىن ئۈچ تومەن چېرىك تەييارلاپ، جاموقاغا قارشى ئاتلاندى. ئۇلار دالان بالجۇت دېگەن جايدا ئېلىشىپ، جاموقاغا تەڭ كېلەلمىگەن چىڭگىز خان ئونون دەرياسىنىڭ بويىدىكى جەرەن ① جىلغىسىغا چېكىنىپ يوشۇرۇنۇۋالدى.

— بىز ئۇلارنى ئونون دەرياسى بويىدىكى جەرەن جىلغىسىغا سۈرۈۋەتتۇق ! — دەپ مەمنۇن بولدى جاموقا. ئۇلار قايتار يولىدا چىنوس ⑤ قەبىلىسىنىڭ بالا - چاقىلىرىنى تۇتۇپ كېلىپ، يەتمىش قازانغا دۈملىدى، يەنە نەگۇداي چاغان ئۇۋانىڭ كاللىسىنى ئېلىپ، ئاتىنىڭ قۇيرۇقىغا سۆرىتىپ كەلدى.

① ئون ئۈچ قەبىلە — ئەسلى تېكىستتە kharin « قارىن » دەپ ئېلىنغان. « قارىن » مۇستەقىل قەبىلىلەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئون ئۈچ قەبىلە ئورۇقداشلىق مۇناسىۋىتى بولمىغان قەبىلە. ئۇلار : جاداران، تايچىغۇت، يىكىرەس،

ئۇرۇغۇت ، نوياگىن ، بارۇلاس ، باغارىن ، غورولاس ، ئوڭگرات ، قاتاگىن ، سالجىغۇت ، دۆربەن ، تاتاردىن ئىبارەت . ــ ت .

② ئالاغۇغۇت ــ تاغ نامى . « ئالتۇن توپچى » 75 ـ بەتتە « ئالاغۇت » دەپ ئېلىنغان . ــ ت .

③ مۇلۇك توتاغ ــ ئادەم ئىسمى . مۇلۇك توتاغ ( Mulke Totagh ) ، مۇلۇك « مۇلۇكدار » دېگەن مەنىدە . « ئالتۇن توپچى » 75 ـ بەتتە « مۇلك توتۇغا » دەپ ئېلىنغان . ـ ت .

① جەرەن ــ جەرەن ( Jerene ) ، « ئالتۇن توپچى » 75 ـ بەتتە « چىرقان » دەپ ئېلىنغان . ــ ت .

⑤ چىنوس ــ قەبىلە نامى . چىنوس ( Chinos ) نەگۇس قەبىلىسى . بۇ قەبىلە ئەسلى تايچىغۇتلارغا تەۋە ئىدى . جامۇقانىڭ ئەسكىلىكىدىن ، كېيىن چىنگىزخانغا پاناھ تارتىپ كەلدى . شۇڭا . تايچىغۇتلار ۋە جامۇقا ئۇلارغا چىش ـ تىرنىقىغىچە ئۆچ بولغاچقا ، بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا چىنگىز خان مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن ، ئۇلار مۇشۇنداق ۋەھشىي ئۆلتۈرۈلدى . ــ ت .

§ 130 جامۇقا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ، ئۇرۇغۇت ئۇرۇقىدىن جۇرچەدەي ئۇرۇغۇتلارنى ، ماڭغۇت ئۇرۇقىدىن قويىلدار ماڭغۇتلارنى باشلاپ ، جامۇقادىن چىنگىز خانغا كېلىپ قوشۇلدى . قوڭقوتان ئۇرۇقىدىن مەڭلىك چالمۇ يەتتە بالىسىنى باشلاپ ، جامۇقادىن چىنگىز خانغا كېلىپ قوشۇلدى . بۇنچە كۆپ ئۇلۇسلارنىڭ جامۇقانى تاشلاپ ، ئۆزىگە كەينى ـ كەينىدىن كېلىپ قوشۇلۇۋاتقانلىقىدىن خۇشال بولۇپ كەتكەن چىنگىزخان ۋە ئۆلۈن ئۈجىن ، قاسار ، جۇركىلەردىن ساچا بەگ ، تايچۇ قاتارلىقلار :

ــ بىز ئونون دەرياسى بويىدىكى ئورماندا توي ئۆتكۈزەيلى ! ــ دەپ توي ئۆتكۈزدى . تويدا چىنگىز خان ، ئۆلۈن ئۈجىن ، قاسار ، ساچا بەگ قاتارلىقلارنىڭ سورىنىغا بىر تۇسۇرگە ① قىمىز قويدى . ساچا بەگنىڭ كىچىك ئاپىسىنىڭ سورۇنىغا بىر تۇسۇرگە قىمىز قويدى . بۇنى كۆرۈپ قورسىقى كۆپكەن قورىجىن خاتۇن بىلەن قوغۇرچىن خاتۇن :

ــ بىزگە ئاۋۋال قويماي ، ئەبەگەيلەرگە قويغىنىڭ

www.uyghurkitap.com



نىمىسى ؟ ــ دەپ ، باۋۇرچى شىكىگۇرنىڭ ياقىسىدىن ئېلىپ تازا سالدى . تاياق هار كەلگەن باۋۇرچى شىكىگۇر :

ــ يەسۇگەي باتۇر ، نەگۇن تايىشلار ئۆلۈپ ، كۆرگەن كۈنۈم مۇشۇ بولدىمۇ ؟ ــ دەپ هۆر كىرەپ يىغلاپ كەتتى .

① تۇسۇرگە ــ tusurge ( korege ) . قىمىز قاچىلايدىغان سابا ياكى سوغىغا ئوخشاش تېرىدىن ياسالغان قاچىلىغۇ . ئەمما تورسۇق ، چاناچلار ئەمەس . موگغۇللارنىڭ ئادىتى بويىچە ، چوڭ زىياپەتلەردە ، قوشنىڭ ئىشىكى يېنىغا يوغان بىر تۇسۇرگە قىمىز قويۇلىدۇ . يېنىغا كەمچە قويۇلىدۇ . كۈتكۈچىلەر چىرايلىق كىيىملەرنى كىيىپ ، ئالدىنى ئىگىسگە قىلىپ ئۆرە تۇرۇپ ياكى يۈكىنىپ ئولتۇرۇپ ، قىمىزلارنى قۇيىدۇ . يەنە ئىككەيلەن قىمىز قۇيۇلغان جاملارنى ئىگىسى ياكى مۇهىم مېهمانلارغا تۇتىدۇ ، مۇهىم بولمىغانلىرىغا باشقىلىرى تۇسۇرگىنى ياكى چۆگۈننى ئالدىغا كۆتۈرۈپ ئاپىرىپ جامىغا قۇيۇپ بېرىدۇ . ــ ت .

131 § بۇ تويغا بىر تەرەپتىن بەلگۈتەي رىياسەتچىلىك قىلدى . جۇركىلەر تەرەپتىن بۇرى بۆكە رىياسەتچىلىك قىلدى . بەلگۈتەي چىنگىز خاننىڭ ئېتىنى يېتەكلەپ تۇراتتى . بىراق ، ئۇ ئاتلىرىمىز باغلاقلىق جايدىن چۇلۇۋۇر ئوغرىلاۋاتقان قاتاگىنلاردىن بىر ئوغرىنى تۇتىۋالدى . بۇرى بۆكە هېلىقى ئوغرىغا يان بېسىپ ، بەلگۈتەي بىلەن خېلىغىچە تارتىشىپ ، ئۇنىڭ ئوڭ يېگىنى يىرتىۋەتتى . ئۇنى ئاز دەپ ، يالىڭاچلىنىپ قالغان مۈرىسىنى قىلىچى بىلەن چېپىۋەتتى . بەلگۈتەي قان ئېقىۋاتقان يارىسىغا پەرۋا قىلماي كېتىۋاتقاندا ، دەرەخ ئاستىدىكى سورۇندا سايىداپ ئولتۇرغان چىنگىز خان ئۇنىڭ مۈرىسىدىكى قاننى كۆرۈپ قالدى ۋە دەرهال ئالدىغا كېلىپ :

ــ مۈرەڭ نېمە بولدى ؟ ــ دەپ سورىدى ئۇنىڭدىن .

ــ هېچنېمە بولمىدى ، ــ دېدى ئۇ ، ــ كىچىككىنە يارىنى دەپ قېرىنداشلار ئارا ئازارلىشىپ قالمايلى ! هېچ ۋەقەسى يوق ، ساقىيىپ كېتىدۇ . قېرىنداشلار ئەمدى تونۇشۇپ بىر چىرايلىق

ئۆلتۈرغاندا، بىر نىمە دېيىشىپ قالساق سەت تۇرمامدۇ، سەۋر قىل ئاكا!

§ 132 چىنگگىز خان بەلگۈتەينىڭ هاي دېگىنىگە ئۇنماي، دەرەخ شېخىنى پۇتاپ، ئېركىت پىشكىكنى سوغۇرۇپ ئېلىپ، جۇركىلەرنىڭ ئەدىپىنى تازا بەردى ۋە قورىجىن خاتۇن، قوغۇرچىن خاتۇنلارنى تارتىۋالدى. كېيىن ئۇلار يارىشىپ قالايلى دەپ كېلىشىپ، ئوتتۇرىغا ئەلچى سېلىشىپ، قورىجىن خاتۇن بىلەن قوغۇرچىن خاتۇننى قايتۇرۇپ بېرىش توغرىسىدا سۆزلىشىۋاتقاندا، قىتانلارنىڭ ① ئالتۇن خانى ② تاتارلارنىڭ مەگۈجىن سۇگۇلتۇ ③ قاتارلىقلارنى ئەمرىگە بويسۇندۇرالماي، ۋەزىر ۋاڭ جىڭغا ④ قوشۇن تارتىپ، ئۇلارغا قىلچە رەھىم قىلماي جاجىسىنى بېرىشكە بۇيرىغانىدى. چىنگگىز خان ۋەزىر ۋاڭ جىڭنىڭ ئۇزۇق - تۈلۈك، ئات - ئۇلاغلارنى تەييارلاپ، مەگۈجىن سەگۇلگۇ قاتارلىق تاتارلارغا هۇجۇم قىلىش ئۈچۈن، قوشۇن تارتىپ ئۇلجا دەرياسىنى ⑤ ئۆرلەپ ئاتلانغانلىقىدىن خەۋەر تاپتى.

① قىتان — قەبىلە نامى. 4 — 5 - ئەسىرلەردە لياۋخې دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا ياشىغان چارۋىچى مىللەت. 10 - ئەسىردە لياۋ خانلىقى قۇرغان. 1125 - يىلىغا كەلگەندە، جۇرجىتلار تەرىپىدىن يوقىتىلغان ئەسلى تېكىستتە Kitad · Kitad irgen « Kitan » نىڭ كۆپلۈك شەكلى. چۈنكى قىتانلار شىمالىي جۇڭگو رايونلىرىدا ياشىغاچقا، ئۇلار شۇ چاغدا « قىتان » دەپ ئاتىلاتتى. دېمەك، رۇسچىدىكى Китайский، ئەنگلىزچىدىكى Cathy قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى « قىتان » نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى. — ت.

② ئالتۇن خان — جىن خانلىقىنىڭ خانى بولۇپ. جىن جاڭزۇڭ (1190 — 1208) نى كۆرسىتىدۇ. — ت.

③ مەگۈجىن سەگۇلتۇ — ئادەم ئىسمى. تاتارلارنىڭ ئاقساقىلى. — ت.

④ ۋاڭ جىڭ — ئادەم ئىسمى. جىن خانلىقىنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرى ۋەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يەنشياڭنى كۆرسىتىدۇ. — ت.

⑤ ئۆلجا دەرياسى — دەريا نامى. ئۆلجا (Ulja) . موڭغۇلىيىنىڭ شەرقىدىكى غەربتىن شەرققە قاراپ ئاقىدىغان دەريا. — ت.

§ 133 — تاتارلار ئەزەلدىن ئاتا - بوۋىلىرىمىزنى ① ئۆلتۈرۈپ كەلگەن ئەشەددىي دۈشمىنىمىز ئىدى. شۇڭا، بىز مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئارىغا چۈشۈپ، ئۇلارغا ھۇجۇم قىلايلى! — دەپ توغرىل خانغا ئەلچى ئەۋەتتى. ئەلچى توغرىل خانغا:

— ئالتۇن خاننىڭ ۋەزىرى ۋاڭ جىڭ قوشۇن تارتىپ، مەگۈجىن سەگۈلتۇ قاتارلىقلارغا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن، ئۆلجا دەرياسىنى ئۆرلەپ ئاتلىنىپتۇدەك. بىزمۇ ئارىغا چۈشۈپ ئاتا دۈشمىنىمىزگە ھۇجۇم قىلايلى. توغرىل خان ئاتا، تېزرەك تەييارلىنىڭ! — دەپ چىڭگىز خاننىڭ سۆزىنى يەتكۈزدى.

بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان توغرىل خان:

— ئوغلۇم تېمۇرچىننىڭ ئېيتقىنى يوللۇق. ئارىغا چۈشۈپ ھۇجۇم قىلساق قىلايلى! — دەپ چىڭگىز خاننىڭ سۆزىنى قوللىدى. ئۈچىنچى كۈنى، ئۇ قوشۇن تەييارلاپ، چىڭگىز خاننىڭ ئالدىغا دەرھال يېتىپ كەلدى. چىڭگىز خان، توغرىل خان ئىككىسى يەنە ساچا بەگ، تايچۇ قاتارلىق جۈركىلەرگە ئەلچى ئەۋەتىپ:

— ئاتا - بوۋىمىزنىڭ قىساسلىق دۈشمىنى تاتارلارغا مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بىللە ھۇجۇم قىلايلى! — دەپ خەۋەر بەردى. لېكىن، ئۇلاردىن ئالتە كۈنگىچە خەۋەر كەلمىدى. يەنە ساقلاشقا تاقەت قىلالمىغان چىڭگىز خان بىلەن توغرىل خان قوشۇنلىرى بىلەن ئۆلجا دەرياسىنى بويلاپ، ۋەزىر ۋاڭ جىڭلار بىلەن ئۇچرىشىپ ھۇجۇمغا تەڭ ئاتلاندى. بۇ چاغدا، مەگۈجىن

سەگۈلتۇ قاتارلىق تاتارلار ئۆلجا دەرياسى بويىدىكى قۇستۇ شىتۇگەن ۋە ناراتۇ شىتۇگەن دېگەن جايدا قورغان قۇرۇپ ئولتۇرغانىدى. چىڭگىز خان، توغرىل خانلار ئۇلارنىڭ قورغانىدىن قورغان ساقلىغۇچىلىرىنى ۋە مەگۇجىن سەگەلتۇنى تۇتۇۋېلىپ، شۇ جايدىلا ئۆلتۈرىۋەتتى. چىڭگىز خان ئۇ يەردىن كۈمۈش بۆشۈك ۋە مارجانلىق يوتقان ئۆلجا ئالدى.

① بۇنىڭدىن ئىلگىرى. تاتارلار ئامباغاي، يەسۇگەيدىن باشقىلارنىمۇ ئۆلتۈرگەن بولۇشى مۇمكىن. — ت.

§ 134 چىڭگىز خان بىلەن توغرىل خان قوشۇن تارتىپ مەگۇجىن سەگۈلتۇنى ئۆلتۈرىۋېتىپتۇ، دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خۇشال بولۇپ كەتكەن ۋەزىر ۋاڭ جىڭ چىڭگىز خانغا «جاغۇت قۇرى» ① دېگەن نام، كەرەيلەرنىڭ توغرىل خانغا «ۋاڭ خان» دېگەن نام بەردى. «ۋاڭ خان» دېگەن نام ۋەزىر ۋاڭ جىڭنىڭ شۇ جايدا بەرگەن ئەمىلى ئىدى.

— سىلەر ئارىغا چۈشۈپ مەگۇجىن سەگۈلتۇنى ئۆلتۈرۈپ، ئالتۇن خانلىقىمىز ئۈچۈن كاتتا خىزمەت كۆرسەتتىڭلار، — دېدى ۋەزىر ۋاڭ جىڭ، — بۇ خىزمىتىڭلارنى ئالتۇن خانغا يەتكۈزۈپ، ئالتۇن خاندىن چىڭگىز خانغا ئۇنىڭدىنمۇ چوڭراق جاۋتاۋ ② دېگەن نامنى بېرىشنى تەلەپ قىلىمەن.

ۋەزىر ۋاڭ جىڭ شۇ خۇشاللىقىدا چېرىكلىرىنى چېكىندۈرۈپ كەتتى. چىڭگىز خان، ۋاڭ خان ئىككىسى تاتارلاردىن ئۆلجا ئالغان غەنىيمەتلەرنى بۆلۈشۈپ بولغاندىن كېيىن، ماكانلىرىغا قايتىشتى.

① جاغۇت قۇرى — ئەمەل نامى. جاغۇت قۇرى ( ja' ud khuri ). ھېراۋۇل دېگەن ئەمەلگە توغرا كېلىشى مۇمكىن. — ت.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



② جاۋتاۋ — ئەمەل نامى. جازا بېگى. — ت.

§ 135 تاتارلارنىڭ ناراتۇ شىتۇگەن دېگەن جايدىكى قورغىنىنى ئالغاندا، قوشۇنىمىز تاشلىنىپ قالغان بىر بالىنى تېپىۋالدى. چىنگىز خان قولىقىغا ئالتۇن سىرغا، بۇرنىغا ئالتۇن ھالقا تاقىۋالغان، ئالتۇن گۈللۈك تاۋار تاشلىق بۇلغۇن جۇۋا ① كىيىۋالغان ئۇ بالىنى قايتۇرۇپ كېلىپ، ئۆلۈن ئۇجىنغا سوۋغا قىلدى. ئۆلۈن ئۇجىن:

— بۇ ئۆزى ياخشى، نەسلى ئېسىل ئادەملەرنىڭ بالىسى ئىكەن! — دەپ، ئۇنى بەش بالىسىنىڭ ئىنىسى، ئالتىنچى بالىسى قاتارىدا بېقىۋېلىپ، ئۇنىڭغا شىگىكەن قۇتۇغ ② دەپ ئىسىم قويدى.

① بۇلغۇن جۇۋا — ئەسلى تېكىستتە Keligebchi (پىنىدىك) دەپ ئېلىنغان. لېكىن، بۇلغۇن تېرىسىدا پىنىدىك قىلىدىغان ئىش ئاز ئۇچرايدۇ. چۈنكى، بالىغا پىنىدىكلا تارتىپ، كىيىم كىيگۈزمەيدىغان ئەھۋالمۇ ئاز ئۇچرايدۇ. شۇڭا، مەزمۇنغا قاراپ «بۇلغۇن جۇۋا» دەپ تەرجىمە قىلىندى. — ت.

② شىگىكەن قۇتۇغ — ئادەم ئىسمى. شىگىكەن (Shigigen) «كىچىك»، قۇتۇغ (Khutughu) «قۇتلۇق» دېگەن مەنىدە بولۇپ، «قۇتلۇق بالا» دېگەننى بىلدۈرىدۇ. كېيىنكى پاراگرافلاردا «شىگى» قۇتۇغۇ دەپ ئېلىنغان. — ت.

§ 136 چىنگىز خاننىڭ ئاغرۇقى ① قارىلتۇ كۆلى ② دېگەن جايدا ئىدى. جۈركىلەر باستۇرۇپ كېلىپ ئاغرۇق ساقلاپ قالغانلاردىن ئەللىك ئادەمنىڭ كىيىم — كېچەكلىرىنى بۇلاپ كەتتى، ئون ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئامان قالغانلىرى چىنگىز خانغا بېرىپ خەۋەر قىلدى. بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ دەرغەزەپكە كەلگەن چىنگىز خان:

— جۈركىلەر بىزنى ئەجەپ بوزەك قىلىپ كەتتى؟

ئۆتكەندە ئونون دەرياسى بويىدىكى ئورماندا باۋۇرچى شىكىگۈرنى ئۇرغانمۇ شۇلار، بەلگۈتەيىنىڭ مۈرىسىنى چىپىۋەتكەنمۇ يەنە شۇلار. ئۇلار يارىشۇالايلى دەپ يالۋۇرغانلىقى ئۈچۈن، قورىچىن خاتۇن، قوغۇرچىن خاتۇننى قايتۇرۇپ بەردۇق. ئۇنىڭدىن كېيىن قىساسلىق ئاتا دۇشمىنىمىز تاتارلارغا ھۇجۇم قىلايلى دەپ ئەلچى ئەۋەتسەك، ئالتە كۈنگىچە كەلمىدى. ھازىر دۇشمەنلەرگە يان تاياق بولۇپ بىز بىلەن دۇشمەنلەشكەندىن كېيىن، ئۇلارمۇ بىزنىڭ دۇشمىنىمىز! — دېدى ۋە دەرھال قوشۇن تارتىپ جۇركىلەرنى جازالاشقا ئاتلاندى. چىڭگىز خان كەلۇرەن دەرياسى كۆدۆگە ئارالىنىڭ ③ دولوغان بولتاغ ① دېگەن جايىدا يۇرگەن جۇركىلەرنى جازالاپ تالان ـ تاراج قىلدى. ساچا بەگ بىلەن تايچۇ ئىككىسى ئاز بىر قىسىم ئادەملىرى بىلەن قېچىپ كەتتى. چېرىكلىرىمىز ئۇلارنىڭ كەينىدىن قوغلاپ، ساچا بەگ بىلەن تايچۇ ئىككىسىنى تەلەتۇ تېغى ئېغىزىدا تۇتىۋالدى. ئۇلارنى تۇتۇپ كەلگەندىن كېيىن، چىنگىز خان:

— ئىلگىرى بىز نېمە دەپ ۋەدىلەشكەندۇق ؟ — دەپ سورىدى ساچا بەگ بىلەن تايچۇدىن.

— قارا يۇزلۇك قىلدۇق، كېلىشكەن ۋەدىمىز بويىچە بولسۇن! — دەپ باشلىرىنى سۇندى. چىنگىز خانمۇ ئۇلارنىڭ گۇناھىنى ئۆزىگە تونۇتۇش ئۈچۈن، كېلىشكەن ۋەدىگە ئەمەل قىلىپ كالللىرىنى ئېلىپ، شۇ جايغا تاشلاپ قويدى.

① ئاغرۇق — ئاغرۇق ( a' urugh ) ، جەڭگە ئاتلانغاندا، يۇرتنى قوغداش ئۈچۈن قالدۇرۇلغانلار «ئاغرۇق» دەپ ئاتىلىدۇ. يۇمن سۇلالىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، «ئاغرۇق» قوشۇننىڭ تەمىناتىنى تەمىنلەيدىغان بازىغا ئايلانغان. — ت.

② قارىلتۇ كۆلى — كۆل نامى. «ئالتۇن توپچى» 83 ـ بەتتە ئارغالىتۇ ناغۇر دەپ ئېلىنغان. — ت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېتى
www.uyghurkitap.com



③ كۇدۆگە ئارال — جاي نامى. كۇدۆگە ئارال ( Kudo' e aral « ياۋا دەريا، قاشاڭ دەريا » دېگەن مەنىدە. — ت.

① دولوغان بولتاغ — جاي نامى. دولوغان بولداغ ( Dolo' an Boldagh ) « يەتتە چوقا : يەتتە دۆڭ » دېگەن مەنىدە. — ت.

§ 137 ساچا بەگ، تايچۇ ئىككىسىنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ، جۇركىلەرنى كۆچۈرۈپ كەلگەندە، جالايىرلاردىن تەلەگەتۇ بايانىنىڭ گۇۋۇن غوۋا، چىلاغۇن قايچى ①، جەبكە دېگەن ئۈچ بالىسى جۇركىلەر ئارىسىدا ئىدى. گۇۋۇن غوۋا مۇقالى، بوقا دېگەن ئىككى بالىسىنى خاننىڭ ئالدىغا سالامغا ئەكىلىپ :

— باللىرىمنى ساڭا تاپشۇردۇم،
بوسۇغاڭدا قۇل بولسۇن دەپ ؛
ئەگەر بوسۇغاڭدىن ئەگىپ كەتسە،
ئۇلارنىڭ پېيىنى قىرقىۋەت !
باللىرىمنى ساڭا ئۆتۈندۇم،
ئىلكىڭدا ② قۇل بولسۇن دەپ ؛
ئەگەر ئىشىكىڭدىن ئاتلاپ كەتسە،
ئۇلارنىڭ يۈرىكىنى سۇغۇرىۋال !

دەپ باللىرىنى تاپشۇرۇپ بەردى.

چىلاغۇن قايچىمۇ ئىككى بالىسى تۇگە ③، قاشىنى خانغا سالامغا ئەكىلىپ :

— باللىرىمنى ساڭا ئىنئام قىلدىم،
ئالتۇن بوسۇغاڭنى باقسۇن دەپ ؛
ئەگەر بوسۇغاڭدىن قەدەم كەتسە،
ئۇلارنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ،
چۆل - جەزىرىلەرگە تاشلىۋەت !
باللىرىمنى ساڭا ھەدىيە قىلدىم،

قۇتلۇق دەرۋازاڭنى باقسۇن دەپ ؛
دەرۋازاڭدىن ماڭدام نېرى كەتسە ،
ئۇلارنىڭ جېنىنى ئېلىپ ،
چۆل - باياۋانلارغا چۆرۈۋەت !

دەپ باللىرىنى تاپشۇرۇپ بەردى .

گۇۋۇن غوۋا بالىسى جەبكەنى قاسارغا بېرىۋەتتى . جەبكە جۇركىلەر ئاۋۇلىدىن بوروغۇل دېگەن بالىنى تېپىۋېلىپ ، ئۇنى ئۆلۈن ئۇجىنغا تاپشۇرۇپ بەردى .

① چىلاغۇن قايچى — ئادەم ئىسمى . « تاش قايچا : تاش قىسقۇچ » دېگەن مەنىدە . — ت .

② ئەنچى — ئەسلى تېكىستتە « omchu » . يەنى « ئۆزى ياكى خۇسۇسىي » دېگەن مەنىدە . — ت .

③ تۇگە — ئادەم ئىسمى . ئەسلى تېكىستتە Tungge ( تۇڭگە ) . مەزكۇر كىتابنىڭ 202 § دا تۇگە ( Tuge ) دەپ ئېلىنغان . « ئالتۇن توپچى » 85 - بەتتە « تۇگە » دەپ ئېلىنغان . بىر خىللاشتۇرۇش ئۈچۈن . « تۇگە » دەپ ئېلىندى . — ت .

138 § مەركىتلەر يۇرتىدىن تېپىۋالغان كۈچ ، تايچىغۇتلارنىڭ بەسۇتلەر يۇرتىدىن تېپىۋالغان كۆكچۇ ، تاتارلار يۇرتىدىن تېپىۋالغان شىگىكەن قۇتۇغ ، جۇركىلەر يۇرتىدىن تېپىۋالغان بوروغۇل تۆتىنى ئۆيىدە بېقىۋاتقان ئۆلۈن ئانا : « بۇ باللىرىمغا كۈندۈزلىرى قارايدىغان كۆز ، كېچىلىرى ئاڭلايدىغان قۇلاق بولۇپ بېرىدىغان مەندىن باشقا يەنە كىم بار ئىدى ؟ » دەپ ئويلاپ ، ئۇلارنى بېقىپ چوڭ قىلىپ قاتارغا قوشتى .

139 § بۇ جۇركىلەرنىڭ جۇركىن ① بولۇشىنىڭ سەۋەب مۇنداق ئىدى : قابۇل خاننىڭ يەتتە بالىسى ئىچىدە ، ئۆكىن بارقاغ ② ئەڭ چوڭى بولۇپ ، ئۇنىڭ بالىسى سورقاتۇ

www.uyghurkitap.com



جۇركى ③ ئىدى . ئۇ قابۇل خاننىڭ بالىلىرىنىڭ چوڭى بولغاچقا ، ئۇنىڭغا ئەل ئىچىدىن

جاسارەتلىك ، قورقماس ،
ماھىر ئوقيا ئېتىشقا ،
گەپ ـ سۆزى مەردانە ،
تېگى يوق باتۇرلۇقتا ،
شىجائەتلىك ، قەيسەر ،
يىگىتلىك ، پالۋانلىقتا يەكتا

ئادەملەرنى تاللاپ بەرگەنلىكتىن ، ئۇلار قەيسەرلىك ، جىگەرلىك ، جاسارەتلىك ، شىجائەتلىك ، تەڭداشسىز ئەلگە ئايلىنىپ ، جۇركىن دەپ ئاتالدى . چىنگىز خان ئەنە شۇنداق قۇدرەتلىك جۇركىنلەرنى بېقىندۇرۇپ ، ئۆزىنىڭ يېقىن خەلقىگە ④ ئايلاندۇرىۋالدى .

① جۇركىن ــ ئۇرۇق نامى . ئەسلى تېكىستتە مۇشۇ پاراگرافتىن باشلاپ جۇركى ( jurki) « جۇكىن ( jurkin ) » دەپ ئېلىنغان . شۇڭا ، ئەسلىسى بويىچە . بىر خىللاشتۇرۇش ئۈچۈن كېيىنكىلىرىمۇ « جۇركىن » دەپ ئېلىندى . جۇركىن « مەركەز » ، « يۈرەك » ؛ « يۈرەكلىك » دېگەن مەنىدە . ــ ت .

② ئۆكىن بارقاغ ــ ئادەم ئىسمى . « ئالتۇن توپچى » 86 ـ بەتتە ئۆكىن باراغ دەپ ئېلىنغان . ــ ت .

③ سورقاتۇ جۇركى ــ ئادەم ئىسمى . بىرىنچى باب 49 § دا « قۇتۇغتۇ جۇركى » دەپ ئېلىنغان . ــ ت .

④ ئەسلى تېكىستتە omchu irgen ، يەنى « ئۆزىنىڭ پۇقراسى ، خۇسۇسىي پۇقراسى » دېگەن مەنىدە . ئۇلار ئەلگە ياكى خان جەمەتىگە تەۋە بولماي . بەلكى خان شەخسەن ئۆزىگە تەۋە بولغان كىشىلەر بولۇشى مۇمكىن . ــ ت .

140 § ــ بۇرى بۆكە ① بىلەن بەلگۈتەينى چىلىشقە سېلىپ باقايلى ! ــ دېدى چىڭگىز خان بىر كۈنى . بۇرى بۆكە جۇركىنلەردىن ئىدى . ئۇ بىر قېتىم بەلگۈتەينى بىر قولى بىلەن

يانپىشىغا ئېلىپ يەرگە چاپلىۋەتكەنلىكتىن ، ئەل ئىچىدە پالۋان دەپ نام قازانغانىدى . بەلگۈتەي بىلەن بۇرى بۆكە چېلىشقا چۈشتى . تەگدىشى يوق بۇرى بۆكە ئۇنىڭغا قەستەن يىقىلىپ بەردى . ئۇنى باسالمىغان بەلگۈتەي ئۇنىڭ مۈرىسىدىن تۇتۇپ ساغرىسىغا مىنىۋېلىپ چىنگىز خانغا قارىدى . چىنگىز خان كالپۇكىنى چىشلەپ قويدى . خاننىڭ مەقسىتىنى چۈشەنگەن بەلگۈتەي دۈمبىسىگە مىنىپ تۇرۇپ ، ئۇنىڭ بوينىغا گىرە سالدى ـ دە ، تىزلەپ تۇرۇپ يۇلۇنىنى ئۈزۈۋەتتى . يۇلۇنى ئۈزۈلۈپ كەتكەن بۇرى بۆكە :

ــ بەلگۈتەيگە ھەرگىز يېڭىلمەيتتىم ! لېكىن ، خاندىن ئەيمىنىپ ، ئەتەي يىقىلىپ بەرگەن ئارىلىقتا جېنىمدىن جۇدا بولدۇم ! ــ دەپ جان ئۈزدى . بەلگۈتەي يۇلۇنى ئۈزۈلۈپ كەتكەن بۇرى بۆكەنىڭ ئۆلۈكىنى سۆرەپ بېقىپ ، تاشلاپ قويۇپ كەتتى .

قابۇل خاننىڭ يەتتە بالىسىنىڭ چوڭى ئۆكىن بارقاغ ، كەنجىسى بارتام باتۇر ، بارتام باتۇرنىڭ ئوغلى يەسۈگەي باتۇر ، كەنجىسى قۇتۇغتۇ مۆڭگۈر ؛ قۇتۇغتۇ مۆڭگۈرنىڭ ئوغلى بۇرى بۆكە ئىدى . بۇرى بۆكە بارتام باتۇرنىڭ بالىلىرىدىن يىراقلىشىپ ، ئۆكىن بارقاغنىڭ باتۇر بالىلىرى بىلەن يېقىن ئارىلاشقانلىقتىن ، ئەل ئىچىدە پالۋان دەپ نام قازانغان بۇرى بۆكە بەلگۈتەيگە يىقىلىپ بېرىپ جېنىدىن ئايرىلدى .

① بۇرى بۆكە ــ ئادەم ئىسمى . بۇرى « مۇكەممەل ، تولۇق » . بۆكە « پالۋان ، چېلىشچى » دېگەن مەنىدە . ــ ت .

141 § ئۇنىڭدىن كېيىن ، توخۇ يىلى ① ، قاتاگىن ، سالجىغۇتلار بىرلىشىپ ، باقۇ چوروگى ② قاتارلىقلار باشچىلىقىدىكى قاتاگىنلار ، چىرگىدەي باتۇر ③ قاتارلىقلار

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



باشچىلىقىدىكى سالجىغۇتلار دۆربەن، تاتارلار بىلەن يارىشىپ قالدى. قاچىغۇن بەگ قاتارلىقلار باشچىلىقىدىكى دۆربەنلەر، جالىن بۇقا ① قاتارلىقلار باشچىلىقىدىكى تاتارلارنىڭ ئالچى تاتارلىرى، تۇگە ماقا ⑤ قاتارلىقلار باشچىلىقىدىكى يىكىرەسلەر، دەرگەگ ⑥، ئەمەل، ئالقۇي قاتارلىقلار باشچىلىقىدىكى ئوڭگىراتلار، جوناغ چاغان ⑦ قاتارلىقلار باشچىلىقىدىكى قورولاسلار، كۆچگۈت، بۇيرۇق خانلار باشچىلىقىدىكى نايمانلار، توغتوغا بەگىنىڭ بالىسى قۇتۇ ⑧ باشچىلىقىدىكى مەركىتلەر. قۇدۇقا بەگ باشچىلىقىدىكى ئۇيراتلار، تارغۇتاي كىرىلتۇغ، قودۇن ئورچاڭ، ئاغۇچۇ باتۇر ⑨ قاتارلىقلار باشچىلىقىدىكى تايچىغۇتلار ئالقۇي بۇلاغ دېگەن جايغا يىغىلىپ، جاجىرادايلاردىن جامۇقانى ⑩ خان سايلاشقا كېلىشىپ، بىيە، ئايغىرلارنى سويۇپ ئىتتىپاق تۈزدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ئەرگۈنە دەرياسىنى ⑪ بويلاپ، كەن دەرياسىنىڭ ئېرگۈنە دەرياسىغا قۇيۇلىدىغان جايىدىكى شىناغا ⑫ كېلىپ، جامۇقانى گۈرخان ⑬ سايلىدى. ئۇلار جامۇقانى گۈرخان سايلىغاندىن كېيىن:

— بىز چىڭگىزخان، ۋاڭ خانغا ھۇجۇم قىلايلى! — دېيىشتى. لېكىن، بۇ خەۋەرنى قورولاسلاردىن قورىتاي گۈرەلگۈ تېپىپ ئولتۇرغان چىنگىز خانغا يەتكۈزدى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان چىنگىز خان ۋاڭ خانغا خەۋەر قىلدى. ۋاڭ خان خەۋەر تاپقاندىن كېيىن قوشۇن تارتىپ، چىنگىز خانىنىڭ قېشىغا دەرھال يېتىپ كەلدى.

① توخۇ يىلى — مىلادىيە 1201 ـ يىلى. — ت.

② باقۇ چوروگى — ئادەم ئىسمى. « ئالتۇن توپچى » 87 ـ بەتتە باقۇ چوروقۇ دەپ ئېلىنغان. — ت.

③ چىگىدەي باتۇر — ئادەم ئىسمى. « ئالتۇن توپچى » 87 ـ بەتتە ئىرگىدەي باتۇر دەپ ئېلىنغان. — ت.

① جالىن بۇقا — ئادەم ئىسمى . « ئالتۇن توپچى » 88 ـ بەتتە جالى بۇقا دەپ ئېلىنغان . جالى ( Jali ) « جالىن » ( Jalin ) مۇ دېيىلىدۇ . جالىن بۇقا ( Jali Bukha ) « قۇۋ . مەككار . مۇغەمبەر بۇقا » دېگەن مەنىدە . ئۇ بىرىنچى باب § 58 دا تاتارلار ھەققىدە سۆزلەنگەنگەندە تىلغا ئېلىنغان جالى بۇقا بولۇشى مۇمكىن . — ت .

⑤ تۇگە ماقا — ئادەم ئىسمى . ئەسلى تېكستتە تۇگگە ( Tonge ) دەپ ئېلىنغان . لېكىن سەككىزىنچى باب 202 § دا « تۆگگە » دەپ ئېلىنغان . بىرخىللاشتۇرۇش ئۈچۈن « تۇگە »دەپ ئېلىندى . — ت .

⑥ دەرگەگ — ئادەم ئىسمى . « ئالتۇن توپچى » 88 ـ بەتتە تەرگە دەپ ئېلىنغان . — ت .

⑦ جوناغ چاغاغان — ئادەم ئىسمى . جوناغ ( Jonagh ) « پالاكەت . كالامپاي » . چاغاغان ( Chagha’an ياكى Chaghan ) « ئاق » دېگەن مەنىدە . « ئالتۇن توپچى » 88 ـ بەتتە چىندەن چاغان دەپ ئېلىنغان . — ت .

⑧ قۇتۇ — ئادەم ئىسمى . « يۇلتۇز » دېگەن مەنىدە . — ت .

⑨ ئاغۇچۇ باتۇر — ئادەم ئىسمى . ئاغۇچۇ ( A’ uchu ) « ئۇۋچى » دېگەن مەنىدە . — ت .

⑩ ئەسلى تېكستتە جامۇقا جاجىراداي دەپ ئېلىنغان . لېكىن 40 § . 129 § لاردا جاداران دەپ ئېلىنغانىدى . — ت .

⑪ ئەرگۈنە دەرياسى — دەريا نامى . ھازىرقى خېيلۇڭجياڭ دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى . سىبىرىيە بىلەن ئىچكى موڭغۇلدىكى خۇلۇن بوئىر ئايمىقى ئارىلىقىدىكى ئېرگۈنې دەرياسى . — ت .

⑫ شىنا — دېلتا . ئۇچ بۇرجەكلىك جاي . — ت .

⑬ گۇرخان — غەربىي لياۋ ( Kara Kitai ) نىڭ خانى يوللىغ تاشىنىنىڭ ھۆرمەت نامى . گۇرخان ( Gur Khan ) « خانلارنىڭ خانى ياكى بۈيۈك خان » دېگەن مەنىدە . — ت .

§ 142 ۋاڭ خان چىنگىز خاننىڭ يېنىغا كەلگەندىن كېيىن ، چىڭگىز خان ، ۋاڭ خان ئىككىسى : « جامۇقاغا ھۇجۇم قىلايلى ! » دەپ كېلىشىپ ، كەلۇرەن دەرياسىنى بويلاپ ئاتلاندى . چىنگىز خان ئالتۇن ، قۇچار ، دارىتاي ئۈچىنى ، ۋاڭ خان سەڭگۇم ① ، جاقا گامبۇ ② ، بىلگە بەگ ئۈچىنى ئالغىنچى قىلىپ ئەۋەتتى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئۆلارنىڭ ئالدىغا يەنە قاراۋۇل ئەۋەتىپ، ئەنەگەن گۈيلەتۇ دېگەن جايغا بىر قىسىم قاراۋۇل، ئۆلار تەرەپتىكى چەكچەر دېگەن جايغا بىر قىسىم قاراۋۇل، ئۇنىڭدىن ئىچكىرىرەك تەرەپتىكى چىقۇرقۇ ③ دېگەن جايغا بىر قىسىم قاراۋۇل قويدى. ئالغىنچىلىرىمىز ئالتۇن، قۇچار، سەڭگۇملەر ئۇدكىيا ① دېگەن جايغا ئەمدى چۈشۈپ تۇرۇشىغىلا، چىقۇرقۇ تەرەپكە قويغان قاراۋۇللاردىن: « دۈشمەن كەلدى! » دېگەن خەۋەر كەلدى. خەۋەر كېلىشى بىلەنلا، ئۆلار ئۇ يەرگە چۈشمەي، « دۈشمەنلەرنىڭ ئالدىغا چىقىپ كىملىكىنى سۈرۈشتۈرۈپ باقايلى » دەپ، ئۆلارنىڭ ئالدىغا چىقتى.

— كىم بولىسىلەر؟ — دەپ سورىدى ئۆلار.

— مۇڭغۇللاردىن ئاغۇچۇ باتۇر، نايمانلاردىن بۇيرۇق خان، مەركىتلەردىن توغتوغا بەگنىڭ ئوغلى قۇتۇ، ئۆيراتلاردىن قودۇقا بەگ بولىمىز، تۆتىمىز جامۇقانىڭ ئالغىنچىسى، — دېدى جامۇقانىڭ ئالغىنچىلىرى.

— بۈگۈن كەچ بولۇپ كەتتى، ئەتە ئېلىشايلى! — دەپ قوشقا قايتىشتى ئالغىنچىلىرىمىز.

① سەڭگۇم — ئادەم ئىسمى. ۋاڭ خان توغرىلنىڭ ئوغلى. — ت.
② جاقا گامبۇ — ئادەم ئىسمى. ۋاڭ خان توغرىلنىڭ ئىنىسى. — ت.
③ چىقۇرقۇ — جاي نامى. « ئالتۇن توپچى » 98 - بەتتە چوقۇرقۇ دەپ ئېلىنغان. — ت.
① ئۇدكىيا — جاي نامى. « ئالتۇن توپچى » 98 - بەتتە ئەدۇكۈيە دەپ ئېلىنغان. — ت.

§ 143 ئەتىسى ئىككى تەرەپ ئېلىشىشقا ئاتلاندى. ئۆلار كۈيتەن ① دېگەن جايدا ئۇچرىشىپ، ئىككى تەرەپ ئۇقيالىرىنى بەتلەپ، قىلىچلىرىنى چىقىرىشىپ تۇرۇشىغا، قارشى تەرەپتىكى

بۇيىرۇق خان، قۇدۇقا بەگ ئىككىسى جادۇلىق قىلىپ ② بوران - چاپقۇن ياغدۇرىۋەتتى. لېكىن، ئۇيلىمىغان يەردىن بوران - چاپقۇن قارشى يېغىپ كەتتى، ئىلگىرىلىيەلمەي جىلغىغا قاپسىلىپ قالغان جامۇقالار:

— تەڭرىنىڭ نەپرىتىگە ئۇچرىدۇق! — دەپ تىرىپىرەن بولۇپ قېچىپ كەتتى.

① كۇيىتەن — جاي نامى. كۇيىتەن ( Kuyiten ) « سوغۇق » دېگەن مەنىدە. بۇ جاي سوغۇق ئىگىزلىك بولسا كېرەك. — ت.

② سېھىرلىك تاشنى سۇغا ئېتىپ. بوران - چاپقۇن ياغدۇرىدىغان بىر خىل سېھىرگەرلىك. شامان دىنىدىن كىرگەن. — ت.

144 § قېچىش جەريانىدا، نايمانلاردىن بۇيىرۇق خان ئالتاي تېغىنىڭ ① كۈنگەي تەرىپىدىكى ئۇلۇغ تاغقا قېچىپ كەتتى. مەركىتلەردىن توغتوغا بەگنىڭ ئوغلى قۇتۇ سەلەڭگە دەرياسى تەرەپكە قېچىپ كەتتى. ئۇيراتلاردىن قودۇقا بەگ ئورماننى ئىگىلەپ تۇرۇش ئۈچۈن، شىسگىس ② دەيدىغان جايغا قېچىپ كەتتى. تايچىغۇتلاردىن ئاغۇچۇ باتۇر ئونون دەرياسى تەرەپكە قېچىپ كەتتى. جامۇقا ئۆزىنى خان سايلىغان ئەلنى بۇلاپ - تالاپ، ئەرگۈنە دەرياسىنى بويلاپ قېچىپ كەتتى. ئۇلار تىرىپىرەن بولۇپ قېچىپ كەتكەندىن كېيىن، ۋاڭ خان ئەرگۈنە دەرياسىنى بويلاپ قېچىپ كەتكەن جامۇقانى كەينىدىن قوغلاپ ماڭدى. چىنگىز خان ئونون دەرياسىنى بويلاپ قېچىپ كەتكەن تايچىغۇتلاردىن ئاغۇچۇ باتۇرنى كەينىدىن قوغلاپ ماڭدى. قايتىپ كەلگەن ئاغۇچۇ باتۇرنى كۆرگەن ئۇلۇسلىرى قورقانچىلىقىدا تەرەپ - تەرەپكە قېچىپ كەتتى. ئاغۇچۇ باتۇر، قودۇن ئورچاڭ قاتارلىق تايچىغۇتلار ئونون دەرياسىنىڭ ئۇ قانىتىدىكى قېچىپ قالغان تۇرا ③ چېرىكلىرىنى تەشكىللەپ ئۇرۇشقا تەييارلىق كۆردى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئۆنىڭغىچە يېتىپ كەلگەن چىڭگىز خان تايچىغۇتلار بىلەن قايتا ـ قايتا شىددەتلىك ئۇرۇشتى . كۈن پاتقاندىن كېيىن شۇ جايدا ھەر ئىككى تەرەپ بىر ـ بىرىگە قارشى تىكىشىپ تۈنەپ قالدى . ئۇرۇش ۋەھىمىسىدە تىرىپىرەن بولۇپ كەتكەن تايچىغۇتلارمۇ شۇ يەرگە توپلىشىپ ، چېرىكلەر بىلەن بىللە تۈنەپ قالدى .

① ئالتاي تېغى — جاي نامى . ھازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ئالتاي تېغى . « ئالتۇن توپچى » 90 ـ بەتتە ئالتا دەپ ئېلىنغان . — ت .

② شىسگىس — جاي نامى . « ئالتۇن توپچى » 90 ـ بەتتە شىگشىگ دەپ ئېلىنغان . — ت .

③ تۇرا — جاي نامى . قالقان ، توساق . قورغان قاتارلىق مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ . قارىغاندا بۇ يەردە تايانچ قوشۇن ياكى يۈرت قوغدىغۇچى قوشۇننى كۆرسىتىدىغان بولسا كېرەك . — ت .

145 § بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا ، چىڭگىز خاننىڭ بويىنى يارىلىنىپ ، قان توختىمىدى . شۇ پاراكەندىچىلىكتە كۈنمۇ پېتىپ كەتكەنلىكتىن ، ئىككى تەرەپ شۇ جايدا بىر ـ بىرىگە قارشى تىركىشىپ تۈنەپ قالدى . جەلمە چىڭگىز خاننى باشقىلارغا قارىتىشقا كۆڭلى ئۇنىماي ، يارا ئېغىزىدىكى قانلارنى شوراپ ، يۇتكەنلىرىنى يۇتۇپ ، تۇكۈرگەنلىرىنى تۇكۇرۇپ ، تا يېرىم كېچىگىچە قېشىدىن نېرى كەتمىدى . تاڭ ئاتارغا يېقىن ھوشىغا كەلگەن چىڭگىز خان :

— قانلار توختاپ قاپتۇ ، بەك ئۇساپ كېتىۋاتىمەن ! — دېدى . بۇنى ئاڭلىغان جەلمە مالخەي ، ئۆتۈك ، چاپان ـ كۆينەكلىرىنى سېلىپ ، ئىشتان پېتى تىركىشىپ تۇرغان دۈشمەنلەر تەرەپتىكى خەلقنىڭ قورشاپ قويۇلغان ھارۋىلىرىنى ئاختۇرۇپ بىر ئوتلام قېمىز تاپالمىدى . ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكىدە ئاۋۇلدىكىلەر پاتىپاراق بولۇپ بىيىلىرىنى ساغماي قويىۋەتكەنىدى .

قىمىز تېپىلمىغاندىن كېيىن، بىر ھارۋىدىكى بىر سابا قېتىقنى كۆتىرىپ كەلدى. تەڭرى ئۆز پاناھىدا ساقلىدى بولغاي، جەلمە بېرىپ كەلگۈچە ھېچكىم سەزمىدى.

جەلمە قېتىقنى ئەكەلگەندىن كېيىن، يەنە سۇ تېپىپ كېلىپ قېتىقنى ئارىلاشتۇرۇپ، چىڭگىز خانغا ئىچكۈزدى. چىڭگىز خان قېتىقنى ئۈچ دەم ئېلىپ ئاران ئىچكەندىن كېيىن:

— ياھ، ئەمدى جان كىردى! كۆزۈممۇ يورىدى، — دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئولتۇردى. ئۇنىڭغىچە تاڭ ئېتىپ، يەرگە يورۇق چۈشتى. ئەتىراپ جەلمە شوراپ تۈكۈرۈۋەتكەن قانلار بىلەن بويىلىپ مىلىچ بولۇپ كەتكەن يەرنى كۆرگەن چىڭگىز خان:

— بۇ يەرلەر نېمە بولدى، نېمىشقا يىراقراق تۈكۈرمىدىڭ؟ — دەپ سورىدى.

— سەن ئازابلىنىپ ياتقاندا، يىراققا كېتىپ قالسام، سېنى قېيىنىلىپ قالارمىكىن دەپ يېنىڭدىن نېرى كەتمىدىم، — دېدى جەلمە، — ئالدىراشلىقتا يۇتكەننى يۇتۇپ، تۈكۈرگەننى تۈكۈردۈم، قانچىلىك يۇتۇۋەتكەنلىكىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن.

— مەن يارىلىنىپ ياتسام، مېنى مۇشۇنداق تاشلاپ قويۇپ، نېمە دەپ يالىڭاچلىنىپ دۈشمەن تەرەپكە ئۆتتىڭ؟ — دەپ سورىدى چىڭگىز خان يەنە، — تۇتىلىپ قالغان بولساڭ، مېنىڭ مۇشۇ ھالدا ياتقانلىقىمنى ئۇلارغا دەمتىڭ؟

— مەن يالىڭاچ پېتىم تۇتىلىپ قالغان بولسام، — دېدى جەلمە، — «مەن سىلەرگە تەسلىم بولاي دەپ تۇرغانىدىم، لېكىن ئادەملىرىمىز مېنى سېزىپ قېلىپ ئۆلتۈرمەكچى بولۇپ، بار كىيىملىرىمنى سالدۇرۇپ، ئىشتىنىمنى سالدۇراي دەپ تۇرىشىغا، ئۇلارنىڭ قوللىرىدىن يۇلۇنۇپ چىقىپ، مۇشۇ پېتىم سىلەرنىڭ قېشىڭلارغا قېچىپ كەلدىم!» دېسەم، ئۇلار ئىشىنىپ، ماڭا

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



كىيىم ـ كېچەكلەرنى بېرىپ، جېنىمنى ساقلاپ قالدۇ دەپ ئويلىغانىدىم. قارا، ئارىلىقىمىز شۇنچە يېقىن تۇرسا، ئامال قىلىپ بىرەر ئاتقا مىنىپ قېچىپ كەلمەمدىمەن؟ خان ئاكا، ئۇسسۇزلۇقنىڭ قېنىپ، جېنىڭ ئامان قالسۇن دەپ، ئاشۇنداق قاراملىق قىلدىم.
— ساڭا نېمە دەپ رەھمەت ئېيتارمەن؟ — دېدى چىڭگىز خان ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، — بۇرۇن ئۈچ مەركىتلەر بۇرھان خالدۇن تېغىنى قورشاپ ئۈچ قېتىم ھۇجۇم قىلغاندا، سەن جېنىمنى ئامان ـ ئېسەن ساقلاپ قالغانىدىڭ. ھازىر يەنە يارا ئېغىزىدىكى قانلارنى شوراپ جېنىمنى قۇتقۇزدىڭ. ئۇنى ئاز دەپ ئۇسسۇزلىقىمنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، جېنىڭنى تىكىپ، خەۋپ ـ خەتەرلەر بىلەن قىلچە ھېسابلاشماي، دۈشمەنلەر ئارىسىغا كىرىپ قېتىق ئەكىلىپ، جېنىمنى يەنە بىر قېتىم ساقلاپ قالدىڭ. سېنىڭ ماڭا قىلغان مۇشۇ ئۈچ قېتىملىق ياخشىلىقىڭنى مەڭگۈ ئېسىمدىن چىقارمايمەن!

146 § تاڭ ئېتىپ يەرگە يورۇق چۈشكەچە، تىركىشىپ تۇنەپ قالغان دۈشمەن چېرىكلىرى كېچىدە تىرىپىرەن بولۇپ قېچىپ كەتكەنىدى. توپلىشىپ تۇنەپ قالغان خەلقلەر قاچالمىغانلىقتىن، شۇ يەردە قېپقالغانىدى. چىڭگىز خان شۇ تۇنىگەن يېرىدىن ئاتقا مىنىپ، پاتىپاراق بولۇپ كۆچكەن خەلقنى قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن كېتىۋاتقاندا، چوققىدا قىزىل كىيىملىك بىر ئايالنىڭ: « تېمۇرچىن! تېمۇرچىن! » دەپ يىغا ئارىلاش ۋارقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلىدى. چىڭگىز خان: « ئۇ كىمنىڭ ئايالى، نېمىگە يىغلايدىكەن؟ » دەپ ئادەم ئەۋەتتى. ئەۋەتكەن ئادەم بېرىپ سۈرۈشتۈرسە، ھېلىقى ئايال:
— مەن سورقان شىرانىڭ قىزى، ئىسمىم قاداغان.

ئىرىمنى چىرىكلەر ئۆلتۈرگىلى ئىلىپ كەتتى ! جىنىدىن ئايرىلغىچە ، ئىرىمنى قۇتقۇزۇپ بىرەرمىكىن دەپ تىمۇرچىننى چاقىرغانىدىم ! — دىدى . ئۇ بۇ خەۋەرنى چىڭگىز خانغا كىلىپ يەتكۈزدى ، چىڭگىز خان بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپلا ئىتىنى چاپتۇرۇپ ھىلىقى ئايالنىڭ قىشىغا كەلدى ـ دە ، ئاتتىن چۈشۈپ ، ئۇنىڭ بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى . ئۇنىڭغىچە چىرىكلىرىمىز ئۇنىڭ ئىرىنى ئۆلتۈرۈپ بولغانىدى . چىڭگىز خاننىڭ قوشۇنى كۆچكەن ئەلنى قايتۇرۇپ كەلگەندىن كىيىن ، شۇ يەردە قوش تىكتى . خان قاداغاننى چاقىرىپ كىلىپ ، يىنىدا ئولتۇرغۇزدى .

ئەتىسى ، تايچىغۇتلاردىن تۆدۆگەلەرنىڭ ① ئائىلە خىزمەتكارى سورقان شىرا بىلەن جەلمە ئىككىسىمۇ يىتىپ كەلدى . چىڭگىز خان سورقان شىراغا دىدى :

— بوينۇمغا پاتقان تاقاقنى ،
پاچاقلاپ چىقىپ تاشلىغان ،
يەلكەمنى باسقان قۇۋۇقنى ،
پاچاقلاپ بۇزۇپ تاشلىغان .
دادا ـ بالا ئىككىڭلار
ياخشىلىقنى مەندىن ئايىمىغان .
نىمە دەپ بالدۇر كەلمەي ،
كىچىكىپ ئەمدى كەلدىڭ ؟

— قاچان بولسىمۇ كىلىمەنغۇ ، نىمىگە ئالدىرايتىم دەپ ئويلىغانىدىم ! — دىدى سورقان شىرا ، — يىنىڭىزغا ئالدىراپ ـ تىمەپ كىلىۋالسام ، تايچىغۇتلارنىڭ نويانلىرى قىپقالغان خوتۇن ، بالا ـ چاقىلىرىم ، ئات ـ ئۇلاغلىرىم ، ئوزۇق ـ تۈلۈكلىرىمنى بۇلاپ خانىۋەيران قىلىۋىتىشتىن يانمايدۇ . شۇڭا ، شۇلارنى ئويلاپ سەۋرى ـ تاقەت قىلدىم . مانا ئەمدى كىلىپ خانىمىزغا

www.uyghurkitap.com



قوشۇلدۇم .

— توغرا دەيسەن ! — دېدى چىڭگىز خان ئۇنىڭ گېپى تۈگىمەيلا .

① تۆدۆگە — ئادەم ئىسمى . ئىككىنچى باب 72 § تىكى تۆدۆگەن گىرتە بولسا كېرەك . — ت .

§ 147 — كۈيتەن دېگەن يەردە هايات - ماماتلىق تىركىشىپ ئۇرۇشۋاتقاندا ، ئۇ تاغ چوققۇسىدىن قۇياقلىق ئاق تۇمشۇق قۇلا ئېتىمنىڭ يۇلۇننى ئېتىپ ئۈزۈۋەتكەن كىم ؟ — دەپ سورىدى چىڭگىز خان .

— مەن ، — دېدى جەبە ، — ئەگەر خان ئالىيلىرى مېنى ئۆلۈمگە بۇيرىسىلا ، ئالىقانچىلىق يەر قانغا پۇيۇلار . شەپقەت قىلسىلا ،

خان ئالىيلىرى ئالدىدا ،
دېڭىز - ئوكيانلارنى كېچىپ ،
تاش - توساقلارنى قومۇرۇپ تاشلايمەن ،
بار دېگەن يەرگە بېرىپ ،
ئۇيۇل تاشلارنى كۇكۇم قىلىمەن ،
ئاتلان دېگەن يەرگە ئاتلىنىپ ،
قورام تاشلارنى تالقان قىلىمەن .

— دۈشمەنلەشكەنلىكى ئادەم ، ئۆزىنىڭ ئۆلتۈرگىنىنى ۋە دۈشمەنلەشكەن ئىشلىرىنى يوشۇرۇپ ئۆزىنى ئاقلايدۇ . بۇ يىگىت ئاتقىنىنىمۇ ، چاپقىنىنىمۇ قىلچە يوشۇرماستىن ئېيتتى . دوستلىشىشقا يارايدىغان ئەزىمەت ئىكەن . ئۇرۇشتا مىنىدىغان قۇيۇقلۇق ئاق تۇمشۇق قۇلامنىڭ يۇلۇننى ئۈزۈۋەتكەنلىكىدىن مەرگەنلىكىنىڭ چىقىپ تۇرىدۇ . مەرگەنلىكىگە يارىشا سىنى

جەبە ① دەپ ئاتايلى . بۇنىڭدىن كېيىن ساۋۇت كېيىپ ، يېنىمدا يۈرسەن ! — دەپ پەرمان قىلدى چىڭگىزخان . بۇ جەبەنىڭ تايچىغۇتلار تەرەپتىن كېلىپ ، خانغا ھەمراھ بولغانلىقىنىڭ جەريانى .

① جەبە — ئادەم ئىسمى . جەبە ( Jebe ) « ئوقيانىڭ ئوقى » دېگەن مەنىدە . — ت .

www.uyghurkitap.com

## بەشىنچى باب

148 § ئەلقىسسە، چىڭگىز خان تايچىغۇتلارنى بېسىۋېلىپ، ئاغۇچۇ باتۇر، قودۇن ئۇرچاڭ، قۇدۇغۇدار قاتارلىق تايچىغۇتلارنىڭ ئۇرۇق - جەمەتلىرىنى بىرنى قويماي قىرىۋەتكەندىن كېيىن، قالغان ئەل - يۇرتىنى كۆچۈرۈپ كېلىپ، قۇباقايا ① دېگەن يەردە قىشلىدى.

① قۇباقايا — جاي نامى. تەخمىنەن خېنتېي تېغىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي قىسمى. كەلۇرەن دەرياسىنىڭ باش تەرىپىگە توغرا كېلىدۇ. — ت.

149 § نىچۇگۇت باغارىن ئۇرۇقىنىڭ ئاقساقىلى شىرگۇگەتۇ ئالاق، ناياغا ① دېگەن ئىككى ئوغلى بىلەن كېتىۋېتىپ، چىڭگىز خاننىڭ دۈشمىنى بولغان، سېمىزلىكتىن ئاتقىمۇ مىنەلمەيدىغان تارغۇتاي كىرىلتۇغنىڭ ② ئورمانغا قاراپ قېچىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى، ئۇ دەرھال ئۇنىڭ كەينىدىن قوغلاپ تۇتىۋېلىپ، ئۇنى ھارۋىسىغا بېسىپ ئېلىپ ماڭدى. ئاقساقال شىرگۇگەتۇ ئوغلى ئالاق، ناياغا بىلەن تارغۇتاي كىرىلتۇغنى ئېلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن تارغۇتاي كىرىلتۇغنىڭ باللىرى بىلەن ئىنىلىرى، ھارۋىنىڭ كەينىدىن قوغلاپ كەلدى. ئۇلار يېتىشەي دەپ قالغاندا، شىرگۇگەتۇ ئاقساقال ئورنىدىن قوزغىلالمايدىغان تارغۇتاينى ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇپ ئۇستىگە مىنىۋالدى - دە، بېلىدىن پىچاقنى سۇغۇرۇپ:

— باللىرىڭ بىلەن ئىنىلىرىڭ سېنى قۇتۇلدۇرغىلى كېلىۋاتىدۇ. سېنى ئۆلتۈرمەي قويىۋەتسەك، تۇتىۋالغان گۇناھىمىز ئۈچۈن بولسىمۇ خان جېنىمىزنى ئالىدۇ. ئۆلتۈرسەكمۇ،

ئۆلتۈرمىسەكمۇ بىزگە بەرىبىر ئۆلۈم. ئۇنىڭدىن كۆرە سېنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ ئارام تاپقىنىمىز تۈزۈك! — دەپ گېلىغا سۆرەي دېيىشكىلى، تارغۇتاي كىرىلتۇغ باللىرى ۋە ئىنىلىرىگە:

— شىرگۈگەتۇ مېنى ئۆلتۈرىۋېتىدىغان بولدى! ئۆلتۈرۈۋەتسە، ئۆلۈكۈمنى نېمە قىلاتتىڭلار! جېنىمنىڭ بارىدا چاققان كېتىۋېلىڭلار! — دەپ جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىرىدى، — تېمۇرچىن بولغان بولسا مېنى ھەرگىز ئۆلتۈرگۈزمەيتتى. ئۇ كىچىك چېغىدا تالا ـ تۈزلەردە ئىگە ـ چاقىسىز يۇرگەنلەردە، مەن ئۇنى كۆزىدىن ئوت، چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان بالا ئىكەن، تەربىيىلىسەك ئادەم بولغۇدەك دەپ قايتۇرۇپ كېلىپ، غۇنان ـ دۇنانلارنى باققاندەك باققانىدىم. شۇ چاغلار خەقلەرنىڭ گېپى بويىچە ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتسەممۇ ئۆلتۈرۈۋېتەتتىم، لېكىن ئۇنداق قىلىشقا قولۇم بارمىدى. ئاڭلىسام قىلغان ياخشىلىقلىرىم ھېلىمۇ ئۇنىڭ ئېسىدە ئىكەن. ئۇ بولغان بولسا مېنى ھەرگىز ئۆلتۈرگۈزمەيتتى. ھەي، باللىرىم، ئىنىلىرىم، تېز كېتىڭلار! شىرگۈگەتۇ مېنى بوغۇزلىۋەتمىسۇن يەنە!

— بىز دادىمىزنى قۇتۇلدۇرىمىز دەپ، شىرگۈگەتۇ ئۇنى بوغۇزلىۋەتكەندە ئۆلۈكىنى كۆتىرىپ كەتمەيلى يەنە؟ ئۆلتۈرۈۋەتكىچە تېز كېتىۋالايلى! — ئۇنىڭ باللىرى ۋە ئىنىلىرى شۇنداق دېيىشكىنىچە كەتتى. تارغۇتاي كىرىلتۇغنىڭ باللىرى بىلەن ئىنىلىرى قوغلاپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ قېچىپ كەتكەن شىرگۈگەتۇنىڭ ئوغلى ئالاق بىلەن ناياغا ئۇلار كەتكەندىن كېيىن قايتىپ كەلدى. قۇتۇغۇل نۇغۇ دېگەن يەرگە كەلگەندە، ناياغا:

— بىز تارغۇتاي كىرىلتۇغنى تۇتۇپ ئاپارساق، چىڭگىز خان: «ئۆز خانىغا ۋاپا قىلماي تۇتۇپ كەلگەنلەر كىمگە ۋاپا قىلىدۇ؟ ئۇلاردىن بىزگە ياخشىلىق كېلەمدۇ؟ ئۆزىنىڭ خانىغا قول

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



سالغان ۋاپاسىزلارنىڭ كاللىسىنى ئېلىۋېتىش كېرەك ! » دەپ بىزنى ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلماسمۇ ؟ ئەڭ ياخشىسى بىز ئۆزىمىزنى مۇشۇ يەردىلا قويۇۋېتىپ، چىڭگىز خاننىڭ ئالدىغا بېرىپ : « بىز خان ئۆزلىرىنىڭ خىزمىتىدە بولايلى دەپ كەلدۇق ! يولدا تارغۇتاي كىرىلتۇغنى تۇتۇۋېلىپ ئالدىلىرىغا ئەكىلەيلى دېگەنىدۇق، لېكىن ئۆز خانىمىزنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىشكە رايىمىز بارماي قويۇۋەتتۇق. بىزنى خىزمەتلىرىدە بولۇشقا قوبۇل قىلغايلا ! » دەپ گەپ ياسايلى، — دەپ مەسلىھەت بەردى. ئاتا - بالىلار ناياغانىڭ گېپىنى قوللاپ، تارغۇتاي كىرىلتۇغنى قۇتۇغۇل نۇغۇ دېگەن جايدا قويۇۋەتتى. ئاقساقال شىرگۈگەتۇ ئوغۇللىرى ئالاق، ناياغالار بىلەن چىڭگىز خاننىڭ يېنىغا كەلدى.

— سىلەر قانداقچە بۇ يەرگە كېلىپ قالدىڭلار ؟ — دەپ سورىدى چىڭگىز خان ئۇلاردىن.

— بىز تارغۇتاي كىرىلتۇغنى يولدا تۇتۇۋېلىپ ئالدىلىرىغا ئەكىلەيلى دېگەنىدۇق، لېكىن ئۆز خانىمىزنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىشكە رايىمىز بارماي يەنە قويۇۋەتتۇق. شۇڭا، خان سىلىنىڭ خىزمەتلىرىدە بولايلى دەپ كەلدۇق، — دېدى ئاقساقال شىرگۈگەتۇ.

— ئەگەر ئۆز خانىڭلار تارغۇتاي كىرىلتۇغنى ئەكەلگەن بولساڭلار، سىلەردەك ئۆز خانىغا ۋاپاسىزلىق قىلغانلارنىڭ تۇخۇملىرىنى قۇرۇتىۋېتەر ئىدىم ! خانىڭلارغا قول سالماي قويۇۋېتىپ توغرا قىلىپسىلەر ! — دەپ، ناياغانى تارتۇقلىدى چىڭگىز خان.

① ناياغا توغرىسىدا 179 § . 202 § . 220 § لاردا توختىلىدۇ . — ت .

② تارغۇتاي كىرىلتۇغ — ئادەم ئىسمى . تارغۇن « سېمىز » دېگەن مەنىدە ، « تارغۇتاي » كىرىلتۇغنىڭ لەقىمى بولۇشى مۇمكىن . — ت .

§ 150 كېيىن، چىڭگىز خان تەرسۇتتىكى چېغىدا، كەرەيلەردىن جاقا گامبۇ كۆچۈپ كېلىپ قوشۇلدى. ئۇ كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، باستۇرۇپ ئۇرۇشقىلى كەلگەن مەركىتلەرنى چىڭگىز خان بىلەن جاقا گامبۇ قىرىپ چېكىندۇرۇۋەتتى. شۇ جايلاردىكى تۇمەن تۇبەگەن، ئۆلۈن تۇڭغايىت قاتارلىق ئۇرۇقلارنىڭ تىرىپىرەن بولۇپ كەتكەن نۇرغۇن كەرەيلىرى كۆچۈپ كېلىپ چىڭگىز خانغا قوشۇلدى. كەرەيلەرنىڭ ۋاڭ خانى يەسۇگەي خان هايات چېغىدا ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇق - تۇغقاندەك ئۆتۈپ، بىر - بىرىنى ئاندا دەپ ئاتىشىپ ئۆتكەنىدى. ئۇلارنىڭ ئاندا دەپ ئاتىشىپ ئۆتكەنلىكىنىڭ سەۋەبى مۇنداق ئىدى: ۋاڭ خان ئۆز دادىسى قۇرچاقۇس بۇيىرۇق خاننىڭ ئىنىلىرىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكتىن، كىچىك دادىسى گۇرخاننىڭ قارشىلىقىغا ئۇچراپ، قاراغۇن ① جىلغىسىغا قېچىپ يوشۇرۇنۇۋېلىپ، بار - يوقى يۈزدەك ئادەملىرى بىلەن يەسۇگەي خاننىڭ يېنىغا پاناھ تارتىپ كەلگەن. ئۇلار كەلگەندىن كېيىن، يەسۇگەي خان قوشۇنىنى باشلاپ، گۇرخاننى قاشىن ② دېگەن يەرگە سۈرۈۋېتىپ، ۋاڭ خاننىڭ ئەل - يۇرتىنى ئۆز قولىغا قايتۇرۇپ بەرگەنلىكتىن، ئۇلار ئاندالىشىپ ئۆتكەنىكەن.

① قاراغۇن — جاي نامى. قاراغۇن ( Khara' un ) « قاراگغۇ » دېگەن مەنىدە. موڭغۇلىيە ئالىمى پەرلەي ( Perlee ) نىڭ تەكشۈرۈپ دەلىللىشىچە، بۇ تاغ جىلغىسى هازىرقى سېلېڭگې دەرياسى ۋادىسى ئەتراپىدا ئىكەن. — ت.

② قاشىن — جاي نامى. قاشىن ( Khashin ) يەنى غەربىي شيا ( تاڭغىتلار. Tanghud ) نىڭ يېرىنى كۆرسىتىدۇ. — ت.

§ 151 ئۇنىڭدىن كېيىن، ۋاڭ خان ئىنىسى ئەركە قارانى

www.uyghurkitap.com



ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولغاندا، ئۇ قېچىپ كېتىپ، نايمانلارنىڭ ئىنانچ خانىغا ① پاناھ تارتىپ باردى. ئىنانچ خان دەرھال چېرىكلىرىنى ئەۋەتىپ، ۋاڭ خانغا ھوجۇم قىلماقچى بولغاندا، ۋاڭ خان ئۈچ بالىقنى ② بېسىپ ئۆتۈپ، قارا قىتانلارنىڭ گۈرخانى تەرەپكە باردى. ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇ شۇيەردىمۇ گۈرخان بىلەن چىقىشالماي، ئۇيغۇر، تاڭغۇت قاتارلىقلارنىڭ شەھەرلىرىنى كېزىپ ئۆتۈپ، يول بويى بەش ئۆشكىنى سېغىپ، تۆگىلەرنىڭ قېنىنى ئىچىپ يۈرۈپ، مىڭبىر جەۋىر - مۇشەققەتلەردە گۈسەگۈر كۆلىگە ③ كەلدى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان چىڭگىز خان ئىلگىرى دادىسى يەسۈگەيىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن يېقىن ئۆتكەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنىڭ ئالدىغا تاغاي باتۇر بىلەن سۈكەگەينى ئەلچىلىككە ئەۋەتىپ ئۇنى چاقىرتتى. چىڭگىز خان ئۆزىمۇ كەلۇرەن دەرياسىنىڭ بېشىدىكى تەرەگۈن دېگەن يەردىن ئالدىغا چىقتى. ۋاڭ خان ھېرىپ - ئېچىپ شۇمەكتەك بولۇپ قالغانلىقتىن، چىڭگىز خان ئەل - يۇرتلىرىدىن سېلىق يىغىپ، ئۇنى كۈرەسىدە ④ باقتى. شۇ يىل قىشتا ئۇنىڭ بىلەن يايلاپ، **قۇباقايا** دېگەن يەردە قىشلىدى.

① ئىنانچ خان — ئادەم ئىسمى. پروفېسسور دې راچېۋىلتىز ( De Rachewiltz ) نىڭ تەكشۈرۈپ دەلىللىشىچە. ئۇنىڭ تولۇق ئىسمى ئىنانچ بىلگە بۇگۇ خان ( Inanch bilge bugu khan ) بولۇپ. بۇيرۇق خان بىلەن تاياڭ خاننىڭ دادىسى. — ت.

② ئۈچ بالىق — تاڭغۇت، ئۇيغۇر. قارلۇقلارنىڭ شەھەرىنى كۆرسىتىدۇ. — ت.

③ گۇسەگۇر كۆلى — كۆل نامى. پېرلەيىنىڭ تەكشۈرۈپ دەلىللىشىچە. ھازىرقى موڭغۇلىيىنىڭ شەرقىي گوبى قىسمىدىكى قۇربان كۆبەسگۆل ( Ghurban Kobesgol ) تېغى ئەتراپىدا بولۇپ. ھازىر قۇرۇپ كەتكەنىكەن. — ت.

④ كۈرە — ئەسلى تېكستتە ( Kuregen ). ھويلا. قورۇ؛ لاگېر. لەشكەرگاھ دېگەن مەنىدە. — ت.

§ 152 — بىزنىڭ بۇ خان ئاكىمىز ئىچىنىڭ تارلىقى ۋە نىيىتىنىڭ يامانلىقىدىن، قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى، — دېدى ۋاڭ خاننىڭ ئىنىلىرى ۋە نويانلىرى، — ئۇنى ئاز دەپ قارا قىتانلارغا بېقىنىپ ئەل - يۇرتنى ئازابقا قويدى. ئاشۇ ئەنتىمىزنى قانداق ئالساق بولار؟ بۇرۇنىسىدا، ئۇنى يەتتە يېشىدا مەركىتلەر بۇلاپ كەتكەنىكەن، قارا ئالا ئۆچكە تېرىسىدىن تىكىلگەن جۇۋىنى كىيىپ، سەلەڭگە دەرياسى بويىدىكى بۇغرا دالىسىدا مەركىتلەرگە ئوغۇر سوقۇپ يۈرگەن يېرىدىن دادىسى قۇرچاقۇس بۇيىرۇق خان مەركىتلەرنىڭ جاجىسىنى بېرىپ، ئۇنى قۇتقۇلدۇرۇپ چىققانىكەن. ئون ئۈچ ياشقا كىرگەندە، تاتارلارنىڭ ئاجاي خانى ئۇنى ئاپىسى بىلەن بۇلاپ ئەكىلىپ، تۆگە باقتۇرۇپتىكەن. كېيىن ئاجاي خاننىڭ قويچىسى ئۇنى تۆگە بېقىپ يۈرگەن يېرىدىن ئەپقېچىپ كېتىپتىكەن، ئۇنىڭدىن كېيىن نايمانلاردىن قورقۇپ، سارتاغۇللارنىڭ ① يۇرتىغا قېچىپ بېرىپ، چۇي دەرياسىنىڭ ② بويىدىكى قارا قىتانلارنىڭ گۇرخانىغا پاناھ تارتىپ بارغانىكەن. ئۇ يەردە گۇرخان بىلەن چىقىشالماي، بىر يىل بولا - بولمايلا، ئۇيغۇر، تاڭغۇت قاتارلىقلارنىڭ شەھەرلىرىنى كېزىپ ئۆتۈپ، ئاچارچىلىققا چىدىماي بەش ئۆچكىنى سېغىپ، تۆگىلەرنىڭ قېنىنى ئىچىپ يۈرۈپ، ئاخىر سوقۇر قولىسى بىلەن نۇرغۇن جاپا - مۇشەققەتلەردە تېمۇچىننىڭ قېشىغا كەلگەنىكەن. تېمۇچىن ئۇنى يېنىغا تارتىپ، ئەل - يۇرتتىن سېلىق يىغىپ باققانىكەن. ئەمدى ئاش بەرگەنگە مۇشت تەڭلەپ، تېمۇرچىننى قەستلىمەكچى بولۇۋاتىدۇ، ئۇنى قانداق قىلساق بولار؟

بۇ گەپنى ئاڭلاپ قالغان ئالتۇن ئاشۇق ③ ۋاڭ خانغا ئېيتماي - تېمىتماي بېرىپ يەتكۈزدى:

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



— ئۇ سورۇندىكى مەسلىھەتتە مەنمۇ بار ئىدىم ، لېكىن كۆڭلۇم سىزگە تارتىپ تۇرغانلىقتىن ، گەپنى يوشۇرغۇم كەلمىدى .

بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ۋاڭ خان مەسلىھەتكە قاتناشقان ئەل قۇتۇر ، قۇلبارى ، ئارىن تايشى قاتارلىق ئاغا ـ ئىنىلەرنى ۋە نويانلارنى تۇتقۇزۇپ كەلدى . ئۇ ئاغا ـ ئىنىلەر ئىچىدىن جاقا گامبۇلا قېچىپ كېتىپ ، نايمانلارغا بېقىندى . ۋاڭ خان ئۇلارنىڭ پۇت ـ قوللىرىنى باغلىغۇزدى ، ئۆيگە چاقىرتىپ :

— ئۆيغۇر ، تاڭغۇت قاتارلىقلارنىڭ شەھەرلىرىدە كۆرمىگەن كۈلەرنى كۆرگەندە نېمە دېيىشكەنىدۇق ؟ ھۇ قارا نىيەتلەر ، بۇگۈنكى كۈندە مەندىن يۈز ئۆرىگۈدەك بولدىڭلارمۇ ؟ — دەپ ، يۈز ـ كۆزلىرىگە تۈكۈرۈپ ، پۇت ـ قوللىرىنى يەشكۈزىۋەتتى . ۋاڭ خاننىڭ تۈكۈرگىنىنى كۆرگەن ئۆيدىكىلەرمۇ ئۇلارنىڭ يۈز ـ كۆزلىرىگە تۈكۈرۈشتى .

① سارتاغۇل — Sarta' ul . غەربىي ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان خەلقنىڭ ئومۇمىي نامى . ئاساسەن ئۇيغۇرلارنى كۆرسىتىدۇ . سەللىلىكلەرنى سارتاغۇل . سەللىسىزلىكلەرنى چاغان مالغاي ( Chaghan Malghai ) يەنى « ئاق بۆكلىكلەر » دەپ ئاتايدۇ . — ت .

② چۇي دىرياسى — دەريا نامى . ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سىر دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى دەريا . — ت .

③ ئالتۇن ئاشۇق — ئادەم ئىسمى . ئالتۇن ئاشۇق ( Altun Ashuq ) « ئالتۇن ئۇشۇق » . — ت .

§ 153 شۇ يىلى قىش ئۆتۈپ كەتتى . ئىت يىلىنىڭ ① كۈز مەزگىلىدە ، چىڭگىز خان دالان نەمۇرگەس ② دېگەن يەردە چاغان تاتار ، ئالچى تاتار ، دۇتاغۇت تاتار ، ئالۇغاي تاتار قاتارلىقلارغا ھۇجۇم قىلىش ئالدىدا ، چېرىكلىرىگە :

— دۈشمەنىنى يەڭگەندە، ئولجىغا ئالدىراپ كەتمەڭلار.
ئولجا بەرىبىر بىزگە قالىدۇ، ئالدىرىمساڭلارمۇ تەڭ بۆلىشىمىز.
ئەگەر دۈشمەنلەر كۈچلۈك كېلىپ چېكىنىپ قالساڭلار، دەرھال
ھوجۇمغا ئۆتكەن ئورنىڭلارغا چېكىنىڭلار، ئەگەر كىمكى ھوجۇمغا
ئۆتكەن ئورنىغا چېكىنمەيدىكەن، شۇنىڭ كاللىسىنى ئالىمەن! —
دەپ ياساق قىلدى. ئۇلار دالان نەمۈرگەستە ھۇجۇمغا ئۆتۈپ،
تاتارلارنى يەڭدى. ئۇلار غەلىبە تەنتەنىسى بىلەن ئۇلغۇي
دەرياسى ③ بويىدىكى شىلۇگىلجىت دېگەن جايدا تاتارلارنىڭ
ماكانىغا بېسىپ كىرىپ، چاغان تاتار، ئالچى تاتار، دۇتاغۇت
تاتار، ئالۇغاي تاتارلارنى بېقىندۇرۇدى. ئالتۇن، قۇچار، دارىتاي
ئۈچى ئورتاق كېلىشكەن ياساققا ئەمەل قىلماي، ئولجىغا ئالدىراپ،
ئۆز بىلگىنىچە ئىش كۆرگەنلىكتىن، چىڭگىز خان جەبە بىلەن
قۇبىلاينى بۇيرۇپ، ئۇلارنىڭ ئولجا ئالغان مال - يىلقىلىرىنىڭ
ھەممىسىنى مۇسادىرە قىلدى.

① ئىت يىلى — مىلادىيە 1202 - يىلى. — ت.

② دالان نەمۈرگەس — جاي نامى. ھازىرقى قالقا دەرياسىنىڭ قارايىن غول ( Khara yin ghol ) ئەتراپىدا. — ت.

③ ئۇلغۇي دەرياسى — دەريا نامى. ئۇلغۇي ( Ulkhui ) « ئۇلغاي » دېگەن مەنىدە. ھازىرقى شىلىنغول ئايمىقى تەۋەلىكىدىكى ئۇلغاي دەرياسى بولۇشى مۇمكىن. بۇ جاي بۇيىر كۆلىگە يېقىن بولۇپ. شۇ چاغدىكى تاتارلارنىڭ تۇرۇشلۇق جايى ئىدى. — ت.

154 § تاتارلار بېقىندۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ خەلقىنى
بىر ياقلىق قىلىش ئۈچۈن، چىڭگىز خان ئۇرۇقداشلىرىنى بىر
ئۆيگە يىغىپ كېڭەش ئۆتكۈزدى. ئۇلار:
— تاتارلار ئاتا - بوۋىمىزنى ئۆلتۈرگەن ئاتا دۈشمىنىمىز.
ئۇلاردىن شۇ قىساسىمىزنى ئېلىش ئۈچۈن، ئۇلارنى ھارۋا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



شوتىسىغا تەگلەشتۈرۈپ، بويى هارۋىنىڭ شوتىسىدىن ئاشقانلىرىنىڭ ھەممىسىنى قىرىۋېتەيلى، قالغانلىرىنى قۇل قىلىپ بۆلىشىۋالايلى، — دەپ كېڭىشىپ ئۆيدىن چىقىۋاتقاندا، تاتارلاردىن يەكە چەرەن بەلگۈتەيگە ئۇچراپ قېلىپ:

— بۈگۈن يىغىلىشىپ نېمىنى مەسلىھەت قىلدىڭلار؟ — دەپ سورىدى ئۇنىڭدىن.

— سەنلەرنىڭ هارۋا شوتىسىدىن ئاشقان ئەرلىرىڭلارنىڭ ھەممىسىنى قىرىۋېتىش توغرىسىدا مەسلىھەتلەشتۇق! — دېدى بەلگۈتەي. بۇ خەۋەرنى يەكە چەرەن تاتارلىرىغا دەرھال يەتكۈزگەندىن كېيىن، ئۇلار مۆكتۈرمە ياساپ تەييارلىق قىلدى. چېرىكلىرىمىز تاتارلارنى بېسقتۇرۇشتا ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىدى. ئۇلارنى مۆكتۈرمىدىن نۇرغۇن بەدەللەرنى تۆلەپ ھەيدەپ چىقىپ، هارۋا شوتىسىغا تەگلەشتۈرۈپ چاپماقچى بولغاندا، تاتارلار: «ھەر بىرىمىز يەڭلىرىمىزگە پىچاق تىقىۋېلىپ، بىرنى بولسىمۇ ئۆلتۈرۈۋېتىپ ئۆلەيلى!» دەپ كېلىشىۋالغانىكەن، بۇمۇ بىزنى نۇرغۇن چىقىمغا ئۇچراتتى. تاتارلارنىڭ هارۋا شوتىسىدىن ئاشقانلىرىنى چېپىۋەتكەندىن كېيىن، چىڭگىز خان:

— بەلگۈتەي ئۇرۇقداشلار كېڭىشىدە مەسلىھەتلەشكەن ئىشنى ئاشكارىلاپ قويۇپ، چېرىكلىرىمىزنى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراتتى. بۇنىڭدىن كېيىنكى ئۇرۇقداشلار كېڭىشىگە ئۇ قاتناشمىسۇن، — دەپ پەرمان قىلدى، — بىز كېڭەش ئېچىشتىن ئىلگىرى، ئۇ سىرتلاردا ئۇرۇش - جېدەل، ئوغرىلىق - ساختىپەزلىك قاتارلىق ئىشلىرىنى باشقۇرسۇن. كېڭەش تۈگىگەندىن كېيىن، بىز ئۆتۈگلىنىپ ① بولغاندا، ئاندىن دارىتاي ئىككىسى كىرسۇن!

① ئۆتۆگ ــ ئەسلى تېكىستتە ئۆتۆگ ( øtøg ) دېيىلگەن . ئۆتۆگ : ( 1 ) ھاراق . ھاراق ئىچىش . ھاراق تۇتۇش : ( 2 ) تاماق . تائام . غىزا . ــ ت .

§ 155 چىڭگىز خان تاتارلارنى بېقىندۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ، يەكە چىرەننىڭ قىزى يەسۈگەن خاتۇننى خوتۇنلۇققا ئالدى . چىڭگىز خاننىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشكەن يەسۈگەن خاتۇن :

ــ خان ئالىيلىرىنىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشىپ كاتتا ھۆرمەتكە سازاۋەر بولدۇم ، مېنىڭ يەسۈي دېگەن ئىگىچەم بار ئىدى ، ئۇ مېنىڭدىنمۇ چىرايلىق ، خان ئالىيلىرىغا تازا لايىق ، ياتلىق بولغىنىغا ئۇزۇن بولمىدى . تىرىپىرەن بولۇپ يۈرگەن مۇشۇ كۈنلەردە ، ئۇ نەلەردە يۈرىدىغاندۇ ، ــ دەپ ھەسرەتلەندى .

ــ ئىگىچەڭ سەن دېگەندەك سېنىڭدىنمۇ چىرايلىق بولسا ، ئادەم ئەۋەتىپ ئىزدىتىپ باقاي ، ناۋادا تېپىلىپ قالسا ، ئورنىڭنى ئۆتۈنۈپ بېرىشكە رازىمۇ سەن ؟ ــ دەپ سورىدى چىڭگىز خان .

ــ خان ئالىيلىرى ، ئىلتىپاتلىرى بىلەن ئىگىچەم كۆز ئالدىملا پەيدا بولىدىكەن ، ھەممىنى ئۆتۈنۈپ بېرىشكە رازىمەن ، ــ دېدى يەسۈگەن خاتۇن . ئۇنىڭ گېپى بويىچە چىڭگىز خان يارلىق چۈشۈرۈپ ، يەسۈينى ئىزدەتتى . پاتىپاراقچىلىقتا يەسۈي ئېرى بىلەن ئورمانغا قېچىپ كېتىۋاتقاندا ، چېرىكلىرىمىزغا ئۇچراپ قېلىپ ، ئېرى قېچىپ كەتتى ، ئەمما ئۇلار يەسۈينى تۇتىۋېلىپ قايتۇرۇپ كەلدى . ئەينىسىنى كۆرگەن يەسۈگەن خاتۇن ۋەدىسى بويىچە ئورنىنى ئۆتۈنۈپ ، ئۇنى تۆرگە ئولتۇرغۇزۇپ ، ئۆزى تۆۋەندە ئولتۇردى . يەسۈي يەسۈگەن خاتۇننىڭ ئېيتقىنىدەك ، چىڭگىز خاننىڭ كۆڭلىگە ياقتى . شۇنىڭ بىلەن چىڭگىز خان يەسۈينى خوتۇنلۇققا ئېلىپ قاتاردىن ئورۇن بەردى .

§ 156 تاتارلار بېقىندۇرۇلغاندىن كېيىن ، بىر كۈنى

www.uyghurkitap.com



زىياپەتتە چىڭگىز خان سىرتتا يەسۈي خاتۇن بىلەن يەسۈگەن خاتۇننىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىچىپ ① ئولتۇرغاندا، يەسۈي خاتۇن ئۇلۇق كىچىك تىنىدى. ئۇنى سەزگەن چىڭگىز خان دەرگۇماندا بولۇپ، بوغورچۇ، مۇقالى قاتارلىق نويانلارغا:

— سىلەر بۇ سورۇندىكىلەرنى ئايماقلار بويىچە بۆلۈپ، ئارىلىرىدىكى يات ئايماقلىقلارنى ئايرىپ چىقىڭلار! — دەپ پەرمان قىلدى. ئۇلار پەرمان بويىچە سورۇندىكىلەرنى ئايماقلار بويىچە بۆلۈپ بولغاندىن كېيىن، سۇمباتلىق بىر يىگىت يالغۇز قېپقالدى.

— نېمە ئادەم سەن؟ — دەپ سورىدى ئۇلار ئۇنىڭدىن.

— مەن تاتارلاردىن يەكە چەرەننىڭ چوڭ قىزى يەسۈينىڭ ئېرى بولىمەن، — دېدى ئۇ يىگىت، — دۈشمەنلەر تۇتقۇن قىلىۋاتقاندا، قورقۇپ قېچىپ كەتكەنىدىم، ئەمدى ئەل - يۇرت تىنچىدى بولغاي، كۆپكە قوشۇلۇۋالسام تونۇماس دەپ ئويلاپ قايتىپ كەلگەنىدىم.

بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان چىڭگىز خان:

— ئالتوپىلاڭ كۆتىرىش كويىدا كۆپكە قوشۇلۇۋېلىپ، ئوغرىلاردەك ماراپ يۈرگىنىنىڭ نېمىسى؟ بۇنداق سولتەكنى هارۋا شوتىسىغا يۆلەپ چېپىۋەتمەي يەنە نېمىگە قاراپ تۇرىسىلەر! ئۇنى تېز كۆزۈمدىن يوقۇتىڭلار! — دەپ پەرمان قىلىشى هامان، ئۇنىڭ كاللىسى دەرهال ئېلىندى.

① ئەسلى تېكستتە شاراب ياكى باشقا نەرسە ئىكەنلىكى ئېنىق تىلغا ئېلىنمىغان. پۈتۈن مەزمۇندىن قارىغاندا. چىڭگىز خان هاراق - شارابلارغا ئانچە بېرىلمەيتتى. ئېهتىمال قىمىز بولسا كېرەك. — ت.

§ 157 شۇ ئىت يىلى ①، چىڭگىز خان تاتارلارنى جازالاۋاتقاندا، ۋاڭ خان مەركىتلەرگە هۇجۇم قىلىپ، توغتوغا

بەگنى بارقۇجىن تۆكۈم دېگەن جايغىچە سۈرۈپ بېرىپ، توغتوغانىڭ چوڭ ئوغلى توگۇس بەگنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ قۇتۇغتاي، چاغارۇن دېگەن ئىككى قىزى بىلەن خاتۇنلىرىنى ئالدى، يەنە قۇتۇ، چىلاغۇن دېگەن ئىككى ئوغلى بىلەن ئەل ـ يۇرتلىرىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ، چىڭگىز خانغا ھېچنىمە بەرمىدى.

① ئىت يىلى ـــ مىلادىيە 1202 ـ يىلى. ـــ ت.

158 § ئۇنىڭدىن كېيىن، چىڭگىز خان بىلەن ۋاڭ خان نايمانلاردىن كۈچگۈتلەرنىڭ بۇيرۇق خانىنى جازالاشقا ئاتلاندى. ئۇلار ئۇلۇغ تاغنىڭ سوغۇغ ئۇسۇن ① دېگەن يېرىگە بېسىپ كەلگەندە، بۇيرۇق خان تاقابىل تۇرالماي، ئالتاي تېغىغا قېچىپ كەتتى. چىڭگىز خانلار بۇيرۇق خانىنى سوغۇغ ئۇسۇندىن قوغلاپ، ئالتاي تېغىنى ئېشىپ، قۇم سىڭىردىكى ② ئۇرۇڭگۇ دەرياسىنى بويلاپ قوغلاپ كېتىۋاتقاندا، قاراۋۇللۇق قىلىپ يۈرگەن نايمانلارنىڭ نويانى يەدى تۇبلۇغ ③ قاراۋۇللىرىمىزغا ئۇچراپ قېلىپ، تاغقا قاراپ قېچىۋاتقاندا، ئۇنىڭ ئۇلاغى ئۈزۈلۈپ يەرگە دومىلاپ چۈشۈپ، قاراۋۇللىرىمىزنىڭ قولىغا چۈشتى. بۇيرۇق خانىنى ئۇرۇڭگۇ دەرياسىنى بويلاپ قوغلاپ، قىزىل باش كۆلىگە ④ كەلگەندە تۇتىۋېلىپ، ئۇنى شۇ يەردىلا ئۆلتۈرىۋەتتى.

① سوغۇغ ئۇسۇن ـــ جاي نامى. Sokhogh usun. موڭغۇلىيەدىكى خوغدى دەرياسىنىڭ باش ئېقىنى تەرىپىدىكى بىر دەريا. ـــ ت.

② قۇم سىڭىر ـــ جاي نامى. Khumsinggir. ھازىرقى ئۇلۇڭغۇر دەرياسى بولۇپ. شەرق ۋە غەرب ئىككى ئېقىندىن ھاسىل بولغان. ئۇنىڭ شەرقىي ئېقىنى بولغان (Bolghan) دەرياسى. غەربىي ئېقىنى چىڭگىر (Shinggir) دەرياسى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئىككى دەريانىڭ قوشۇلغان ئېقىنى ئۇلۇڭغۇر (urunggu) دەرياسى دەپ ئاتىلىدۇ. سۈيى ئۇلۇڭغۇر كۆلىگە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



قويۇلىدۇ. — ت.

③ يەدى تۇبلۇغ — ئادەم ئىسمى. يەدى «ئىدى»، تۇبلوغ «تۇپلۇك»؛ يەدى تۇبلۇق «بايۇەتچىلەردىن تۆرەلگەن ئادەم» دېگەن مەنىدە، — ت.

① قىزىل باش كۆلى — كۆل نامى. ئەسلى تېكىستتە كىشىل باش (Kishil bash). هازىرقى ئۇلۇڭغۇر كۆلى. — ت.

§ 159 چىڭگىز خان بىلەن ۋاڭ خان قايتاشىدا، نايمانلاردىن ئۇرۇشچى كۆكسەگۇ سابراغ بايداراغ بەلچىر ① دېگەن يەردە چېرىكلىرىنى يىغىپ ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىپ تۇرغانىكەن. چىڭگىز خان بىلەن ۋاڭ خانلارمۇ چېرىكلىرىنى تەييارلاپ ئۇ يەرگە يېتىپ بارغۇچە قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتتى، ئەتىسى ئۇرۇش قىلىدىغان بولغانلىقتىن، ئۇلار شۇ جايدا بىللە تۈنەپ قالدى. ۋاڭ خان چۈشكەن جايىغا گۈلخان يېقىپ، يېرىم كېچىدە قارا سەگۈل دەرياسى ② تەرەپكە قاراپ قېچىپ كەتتى.

① بايداراغ بەلچىر — جاي نامى. بەلچىر (Belchir) «ئىككى ئېقىننىڭ قوشۇلغان يېرى» دېگەن مەنىدە. هازىر ئۇ جاينىڭ ئىسمى جاغ بايداراغ بەلچىر (Jagh Baidaragh yin beichir) بولۇپ. خانگاي تاغ تىزمىسىنىڭ جەنۇبى. بايداراغ دەرياسىنىڭ جاغ (Zag · Jagh) قا قويۇلىدىغان جايدا. — ت.

② قارا سەگۈل — دەريا نامى. بايداراغ بەلچىرنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى دەريا. — ت.

§ 160 ئۇ يەردىن ۋاڭ خان بىلەن بىللە قېچىپ كەتكەن جامۇقا ۋاڭ خانغا دېدى:

— ئاندايىم تېمۇرچىن بۇرۇندىن تارتىپلا نايمانلار بىلەن باردى - كەلدى قىلىشىپ، ئۇلارغا ئەلچى قويغانىدى. هازىر ئۇنىڭ بىز بىلەن بىللە يۈرمەي ئايرىلىپ قالغىنى نېمىسى؟

خان ئاتا، خان ئاتا!

يېنىڭدىن ئايرىلماي يۈرگەچكە،

بۇلبۇلدەك يۈرىمەن.
ئاندام تېمۇرچىن
يېنىڭدىن ئايرىلىپ كەتكەچكە،
تۇزۇپ كەتكەن تورغايدەك يۈرىدۇ.

نايمانلارغا تەسلىم بولماقچى بولۇپ، قەستەن ئايرىلىپ قالغان چېغى.

جامۇقانىڭ دېگىنىگە قۇلاق سېلىپ كېتىۋاتقان ئۇبچىغتايلاردىن كۈرىن باتۇر:

— بىر ئۇبدان ئادىل، دىيانەتلىك قېرىندىشىڭغا تۆھمەت چاپلاشقا قانداق تىلىڭ بارىدۇ؟ — دېدى.

§ 161 چىڭگىز خان كېچىسى شۇ يەردە تۈنەپ، تاڭ ئاتقاندا ئۇرۇشقا تەييارلىنىپ، ۋاڭ خان چۈشكەن تەرەپكە كەلسە، ئۇلار ئالقاچان كېتىپ بولغانىدى، چىڭگىز خان:

— بۇلار بىزنى قۇربانلىققا تاشلاپ قويۇپ كېتىپ قاپتۇ — دە! — دەپ، ئۇ يەردىن قوزغالدى. ئۇلار ئەدەر ئالتاي جىلغىسىدىن ئۆتۈپ، ساغرى ① دالاسىغا كېلىپ تۈنىدى. ئۇ يەردە چىڭگىز خان بىلەن قاسار نايمانلارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، نايمانلارنى ئادەم قاتارىدا كۆرمەيدىغان بولدى.

① ساغرى — جاي نامى. Sa' ari « ساغرا » دېگەن مەنىدە. — ت.

§ 162 كۆكسەگۇ سابراغ ۋاڭ خاننىڭ كەينىدىن قوغلاپ ھۇجۇم قىلىپ، سەڭگۈمنىڭ خوتۇن - بالىلىرى، ئەل - يۇرتىنى بۇلىدى، يەنە ۋاڭ خاننىڭ تەلەگەتۇ تېغى ئېغىزىدىكى بىر قىسىم ئادەملىرىنى تالان - تاراج قىلىپ، ئۇلارنىڭ مال - ئۇلاغ، ئوزۇق -

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تۆلۈكلىرىنى بۇلاپ كەتتى. مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ توغتوغانىڭ ئىككى بالىسى قوتۇ بىلەن چىلاغۇن شۇ يەردىكى ئەل - جامائەتلىرىنى باشلاپ، سەلەڭگە دەرياسىنى بويلاپ، دادىسى توغتوغا تۇرۇشلۇق جايغا قېچىپ كەتتى.

163 § كۆكسەگۈ سابراغقا بۇلانغان ۋاڭ خان چىڭگىز خانغا:

— نايمانلار خوتۇن - بالىلىرىم، ئەل - جائەتلىرىمنى بۇلاپ كەتتى. ئوغلۇم، تۆت كۈلۈكۈڭنى ① ئەۋەتىپ، خوتۇن - بالىلىرىم، ئەل - جامائەتلىرىمنى قايتۇرۇپ ئەكىلىپ بېرىشىڭنى ئۆتىنىمەن! — دەپ ئەلچى ئەۋەتتى. چىڭگىز خان خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، تۆت كۈلۈكى بوغورچۇ، مۇقالى، بوروغۇل ۋە چىلاغۇن باتۇرنى چېرىك تەييارلىغۇزۇپ يولغا سالدى. تۆت كۈلۈك يېتىپ بېرىشتىن ئىلگىرى، سەڭگۇم قولاغان قۇت ② دېگەن جايدا نايمانلار بىلەن ئۇرۇشۇپ، ئېتىنىڭ ساغرىسىغا ئوق تېگىپ، ئەسىرگە چۈشۈش ئالدىدا تۇرغانىكەن، ئۇنىڭغىچە تۆت كۈلۈك يېتىپ بېرىپ ئۇنى قۇتۇلدۇرۇۋالدى. ۋاڭ خانىنىڭ ئەل - جامائىتى، خوتۇن - بالىلىرىنىمۇ قۇتۇلدۇرۇپ ئەكىلىپ بەردى. بۇنىڭدىن مىننەتدار بولغان ۋاڭ خان:

— بۇرۇن چىڭگىز خانىنىڭ قەدىردان دادىسى يەسۈگەي باتۇر تىرىپىرەن بولۇپ كەتكەن ئەل - جامائەتلىرىمنى قۇتۇلدۇرۇپ بەرگەنىدى، بۈگۈنكى كۈندە ئۇنىڭ ئوغلى تېمۈرچىن تۆت كۈلۈكىنى ئەۋەتىپ، تالان - تاراج قىلىنغان ئەل - جامائەتلىرىمنى يەنە بىر قېتىم قۇتۇلدۇرۇپ بەردى. ئاتا - بالا ئىككىسىنىڭ قىلغان ياخشىلىقلىرىنى قايتۇرۇشىمغا تەڭرى ئىگەم، خاسىيەتلىك قارا يەر مەدەت بەرگەي! — دېدى

① كۈلۈك ـــ ( 1 ) قەھرىمان ، باتۇر ؛ ( 2 ) بەيگە ئات ؛ ( 3 ) بىر خىل چولڭ ئىت . بۇ يەردە ( 1 ) مەنىدە . ـــ ت .

② قولاغان قۇت ـــ جاي نامى . پەرلەيىنىڭ تەكشۈرۈپ دەلىللىشىچە ، ھازىرقى ئۇلاغان قۇس بولۇپ ، موڭغۇلىيىنىڭ بايان ئۆلگى ( Bayan ølgii ) چېگرىسىدا ئىكەن . ـــ ت .

§ 164 ـــ ئاندايىم يەسۇگەي باتۇر تىرىپىرەن بولۇپ كەتكەن ئەل - جامائەتلىرىمنى قۇتۇلدۇرۇپ بەرگەن ، ھازىر تېمۇرچىن تالان - تاراج قىلىنغان ئەل - جامائەتلىرىمنى يەنە بىر قۇتۇلدۇرۇپ بەردى . ئاتا - بالا ئىككىسى خانۋەيران بولۇپ كەتكەن ئەل - جامائەتلىرىمنى يىغىپ بېشىنى قوشۇپ بەردى . ئۇلار مېنى دەپ ئاشۇ جەۋىر - جاپالارنى چەككەن ئەمەسمۇ ؟

قېرىپمۇ قالدىم ،
ئەمدى ئېگىز تاغلارغا چىقىپ ،
ئۆتمۇشكە ئايلىنىمەن .
ئەگەر ئۆتمۇشكە ئايلىنىپ ،
تاغلاردىن ئورۇن ئالسام ،
پۇقرايۇ ئېلىم
كىمنىڭ ئىلكىگە قالاركىن ؟

ئىنىلىرىم قوللىرىدىن ئىش كەلمەيدىغان بىكار تەلەپلەردىن بولدى . يالغۇز تىكەندەك ئوغلۇم سەڭگۇمغۇ بار - يوق ھېسابىدا . تېمۇرچىننى سەڭگۇمگە ئاكا قىلىپ بېرەي ، ئىككى ئوغلۇم بولسا كۆڭلۈم خېلى توق تۇرىدىكەن ، ـــ دەپ ئۆكىنگەن ۋاڭ خان تۇلا دەرياسى بويىدىكى قارا تۇن دېگەن يەردە چىڭگىز خان بىلەن ئۇچرىشىپ ، ئۆز ئارا پەدەرىم ۋە بالام دېيىشىش زىياپىتى بەردى . ئۇلارنىڭ پەدەرىم ۋە بالام دېيىشىشىنىڭ سەۋەبى مۇنداق ئىدى : ئەينى چاغدا خان ئاتا يەسۇگەي باتۇر ۋاڭ خان بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئاندالاشقان ، هازىر ۋاڭ خان تېمۇرچىنىنىڭ دادىسى ئورنىدا بولغانلىقتىن ، پەدەر ـ باللاشقانىكەن . ئۇلار پەدەر ـ باللاشقاندىن كېيىن مۇنداق دەپ ۋەدىلەشتى :

ــ ۋەهشىي دۈشمەنلەرنى يوقىتىشقا ئاتلانساق ،
هۇجۇمغا تەڭ ئۆتەيلى ؛
يىرتقۇچ هايۋانلارنى ئوۋلاشقا ئاتلانساق ،
مۇهاسىرىگە تەڭ ئالايلى .

چىڭگىزخان ، ۋاڭ خان ئىككىسى يەنە مۇنداق دېدى :

چىشلىق يىلان ئارىمىزدا
دەيدەيچىلىك قىلسا ،
ئۆز ئارا چىشلىشىپ قالمايلى ؛
گېپىمىزنى ئوچۇق قىلىپ ،
بىر ـ بىرىمىزگە چۈشەندۈرەيلى ؛
چىشلىق چايان ئارىمىزدا
قۇتراتقۇلۇق قىلسا ،
ئۆز ئارا تالىشىپ قالمايلى ؛
سۆزىمىزنى ئۇچۇق قىلىپ ،
بىر ـ بىرىمىزگە ئىشىنەيلى .

ئۇلار شۇنداق ۋەدىلىشىپ ، ئىجىل ـ ئىناق ئۆتتى .

§ 165 چىڭگىز خان دوستلۇقنىڭ ئۈستىگە ئۈرۈق ـ تۇغقانلىشىپ ، ئوغلى جوچىغا سەڭگۈمنىڭ سىڭلىسى چاغۇر بېكەنى ئېلىپ بېرىش ، قىزى قوچىن بېكەنى ① سەڭگۈمنىڭ ئوغلى تۇساقاغا ياتلىق قىلىش ئۈچۈن قۇدىلىششقا بارغاندا ، سەڭگۈم ئۆزىچە چوڭچىلىق قىلىپ :

ــ بىزنىڭ قىزىمىز ئۇلار تەرەپكە ئۆزىتىلسا ، بوسۇغىدىن

تۆرگە چىقالمايدۇ، ئۇلارنىڭ قىزى بىز تەرەپكە ئۇزىتىلسا، تۆردىن پەگاھقا چۈشمەيدۇ! — دەپ، بىزنى كەمسىتىدىغان گەپلەرنى قىلىپ، چاغۇر بېكەنى بېرىشقا قوشۇلمىدى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ چىڭگىز خاننىڭ ۋاڭ خان بىلەن نىلقا سەڭگۇم ② ئىككىسىدىن كۆڭلى قالدى.

① قوچىن بېكە — ئادەم ئىسمى. قوچىن (Khochin) « خان ياكى بەگنىڭ قىزى »، بېكە (Beki، Begi) « مەلىكە » دېگەن مەنىدە. — ت.

② نىلقا سەڭگۇم — ئادەم ئىسمى. ئىلگىرىكى بابلاردا سەڭگۇمنىڭ ئىسمىنىڭ ئالدىدا « نىلقا » دېگەن سۆز يوق ئىدى. مۇشۇ پاراگرافتىن باشلاپ « نىلقا » قوشۇلغان. ئۇنىڭ مەنىسى « بوۋاق، نارەسىدە ». ئېھتىمال چىڭگىز خان بىلەن ۋاڭ خان ئۆچلىشىپ قالغاندىن كېيىن، ئۇنى كەمسىتىپ قويغان لەقىمى بولۇشى مۇمكىن. — ت.

§ 166 چىڭگىز خاننىڭ ئۇلاردىن كۆڭلى قالغانلىقىنى جامۇقا سەزدى. توڭگۇز يىلى ① كۆكلەمدە، جامۇقا، ئالتۇن، قۇچارلاردىن باشقا، يەنە قارداكىتاي، ئەبۇگەجىن، نوياگىنلاردىن سوگەگەتاي، توغرىل ②، قاچىغۇن بەگ قاتارلىقلار مەسلىھەتلىشىپ، جەجەگەر ئۇندۇرنىڭ ③ تەسكەي تەرىپىدىكى بەركە ئەلەت ④ دېگەن جايدا تۇرۇشلۇق نىلقا سەڭگۇمنىڭ قېشىغا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، جامۇقا:

— تېمۇرچىن ئاندام نايمانلارنىڭ تاياڭ خانى بىلەن ئەلچى ئەۋەتىشىپ تىل بىرىكتۈرۈۋاپتۇ، — دېدى ئۇتقۇيرۇقلۇق قىلىپ، — ئۇنىڭ ئاغزىدا پەدەرىم دەپ يۈرگىنى بىلەن نىيىتى باشقا، شۇڭا ئۇنىڭغا ئىشىنىپ كەتمەڭلار، مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ دەرھال قول سالماي يەنە نېمىنى كۈتۈپ تۇرىسىلەر؟ ئەگەر تېمۇرچىن ئاندامغا ھۇجۇمغا ئۆتسەڭلار، مەنمۇ ئارىغا چۈشۈپ ھۇجۇمغا ئۆتىمەن!

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



— سەن ئۇچۇن ئۆلۈن ئۇچىنىنىڭ بالىلىرىنىڭ ئاكا ـ ئۇكىلىرىنى قويماي قىرىۋېتىمىز ! — دېدى ئالتۇن ، قوچار ئىككىسى .

— سەن ئۇچۇن بىزمۇ پۇت ـ قوللىرىنى باغلىشىپ بېرىمىز ! — دېيىشتى كەينىدىنلا ئەبۇگەجىن ، نوياگىن قاراقتانلارمۇ . توغورىل :

— بىر ئامال قىلىپ ، تېمۇرچىنىنىڭ ئېلىنى قولغا چۈشۈرەيلى ، — دېدى توغرىل ، — ئۇلار ئېلىدىن ئايرىلىپ قالسا ، چامى نېمىگە يېتىدۇ دەيسىلەر ؟ — دەپ تۇرۇشىغا ، قاچىغۇن بەگ :

— ئوغلۇم نىلقا سەڭگۇم ، نېمە ئويلىغان بولساڭ شۇنى دەۋەر ، بىز تەييار ، سۇ كەلسە سۇدىن ، ئوت كەلسە ئوتتىن ھەرگىز يانمايمىز ، — دېدى .

① توڭگوز يىلى — مىلادىيە 1203 ـ يىلى . — ت .

② توغرىل — ئادەم ئىسمى . ۋاڭ خان توغرىل بىلەن ئىسمداش . ئىلگىرى چىڭگىز خانىنىڭ خىزمەتكارى ئىدى . ئۇ ھەقتە 180 § دا توختىلىدۇ . — ت .

③ ئۆندۈر — تاغ نامى . ئۆندۈر ( ondur ) « ئېگىز ، ئېگىزلىك ياكى چوققا » دېگەن مەنىدە . — ت .

① بەركە ئەلەت — جاي نامى . بەركە ( Berke ) « قىيىن ، قىيىنچىلىق » ؛ ئەلەت ( Eled ) « قۇملۇق ؛ باياۋان » دېگەن مەنىدە . — ت .

167 § نىلقا سەڭگۇم بۇ گەپلەرنى سايغان تۆدەگە ئارقىلىق دادىسى ۋاڭ خانغا يەتكۈزدى . بۇ گەپنى ئاڭلىغان ۋاڭ خان :

— تېمۇرچىن بالامنى نېمە دەپ ئۇنداق ئويلايسىلەر ؟ بۈگۈنگىچە ئۇنىڭغا تايىنىپ كېلىۋاتىمىزغۇ . ئۇنىڭغا ئۇنداق بوھتان چاپلاپ يامان نىيەتتە بولۇپ يەرسەڭلەر ، تەڭرىمۇ سىلەرنى كەچۈرمەيدۇ ! جامۇقا ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلۈۋېرىدۇ ،

ئۇنىڭ دامىغا چۈشمەڭلار ، — دەپ ئۇنى يولغا سېلىپ قويىدى . سەڭگۇم يەنە ئادەم ئەۋەتىپ دادىسىغا :

— ئاغزى ، تىلى بار ئادەملەر شۇنداق دېگەن تۇرسا ، يەنە نېمىشقا ئىشەنمەيسەن ؟ — دەپ ، قايتا - قايتا ئادەم ئەۋەتىپ كۆندۈرەلمىگەندىن كېيىن ، ئاخىر ئۆزى دادىسىنىڭ يېنىغا بېرىپ :

— خان ئاتا ، كۆزۈڭ ئوچۇق تۇرۇپمۇ بىزنى پەقەت نەزەرىڭگە ئالمىدىڭ . ناۋادا ياخشى كۈنلەرنىڭ يامىنى بولۇپ كۆزۈڭ يۇمۇلۇپ قالسا ، قۇرچاقۇس بۇيرۇق خان ئاتىمىز مىڭبىر جاپا - مۇشەققەتلەردە يىغىپ بەرگەن ئەل - يۇرتىڭنى بىز باشقۇرماي يەنە كىم باشقۇراتتى ؟ — دېدى . بۇنى ئاڭلاپ كايىغان ۋاڭ خان :

— گۈدەك بالامدىن قانداقمۇ ئايرىلىمەن ؟ ھازىرغىچە ئۇ بىزگە تۈۋرۈك بولۇپ كېلىۋاتىدۇ ، ئۇنىڭغا يامان نىيەتتە بولساق ، قانداق بولىدۇ ، تەڭرىمۇ بىزنى كەچۈرمەس ؟ — دېدى . بۇ سۆزدىن ئاچچىقلىنىپ كەتكەن ئوغلى نىلقا سەڭگۇم ئىشىكنى قاتتىق يېپىپ چىقىپ كەتتى . لېكىن ، ۋاڭ خان ئوغلى سەڭگۇمنىڭ كۆڭلىنى يەنە ئاياپ ئۇنى چاقىرىپ دېدى :

— بالام ، تېمۇرچىندىن ئايرىلىپ كېتەيلى دېدىڭلار ، ئۇنداق قىلساق تەڭرى بىزنى كەچۈرەرمۇ ؟ مەيلى ، چامىڭلار يەتسە بىلگىنىڭلارنى قىلىڭلار !

168 § — ئۇلار بىزنىڭ چاغۇر بېكەگە قۇدا چۈشمەكچى بولغانىدىغۇ ، شۇنىڭ ئۇچۇن بىز ئۇلارنى ئاق سارباش قويىنى سويۇپ ، مەسلىھەت چايغا چاقىرايلى ، شۇ يەردە چىڭگىز خاننى قولغا چۈشۈرەيلى ، — دېدى سەڭگۇم . ھەممەيلەن : « شۇنداق قىلايلى ! » دەپ كېلىشكەندىن كېيىن ، ئۇلارغا ئادەم ئەۋەتىپ :

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



— چاغۇر بىكەنى سىلەرگە ياتلىق قىلايلى، مەسلىھەت چايغا داخىل بولۇپ بەرگەيسىلەر ! — دەپ خەۋەر يەتكۈزدى. چايغا چاقىرىلغان چىڭگىز خان ئون ئادەم بىلەن يولغا چىقىپ، يول ئۈستىدە مەڭلىك چالىنىڭ ئۆيىگە چۈشتى.

— ئۆتكەندە بىز ئۇلارنىڭ چاغۇر بىكەسىگە قۇدا چۈشەيلى دېسەك، بىزنى ياراتمىغانىدى، — دېدى مەڭلىك چال، — ئەمدىلىكتە نېمە دەپ چايغا چاقىرىپ قالدىكىنە ؟ ئۆتكەندە چىرايلىقچە ئالدىغا بېرىپ يولىنى قىلساق، يوغانچىلىق قىلىپ يۈرگەن ئادەم ئەمدى بېرەيلى دېگىنى نېمىسى ؟ بۇنىڭدا چوقۇم بىر گەپ بار، ئوغلۇم، ئوبدان ئويلاشقىن، ئۇلارنىڭ دامىغا چۈشۈپ قالما يەنە. ھازىر كۆكلەم ۋاقتى، ئات - ئۇلاغلىرىمىز ئورۇق، مال - چارۋىلارغا سەل ئەت قونغاندا، ئاندىن بىر نېمە دېيىشسەك دەپ ئادەم ئەۋەتىپ، ئۆزۈڭنىڭ بارمىغىنى تۈزۈكمىكىن دەيمەن.

بۇ ئەقىلنى ماقۇل كۆرگەن چىڭگىز خان ئورنىغا بۇقاتاي بىلەن قىراتاي ئىككىسىنى ئەۋەتىپ، ئۆزى مەڭلىك چالىنىڭ ئۆيىدىن كېتىپ قالدى. بۇقاتاي بىلەن قىراتاي ئىككىسى بېرىشى بىلەن، سەڭگۈملەر :

— ئۇلار سىرىمىزنى بىلىپ قاپتۇ، ئەتە ئەتىگەنلىككە بېرىپ قورشاپ، ئۇنى تۇتايلى ! — دېيىشتى.

169 § ئۇلار قورشاپ تۇتىشقا كېلىشكەندىن كېيىن، ئالتۇننىڭ ئىنىسى يەكە چەرەن ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ، خوتۇنىغا :

— ئەتىگەنلىككە تېمۇرچىننى تۇتماقچى بولدۇق. ئەگەر بۇ ئىشنى تېمۇرچىنگە بىرەسى يەتكۈزۈپ قويسا، ئۇنى نېمە بىلەن تارتۇقلار ؟ — دېدى. خوتۇنى ئالاق ئىت ① :

— نېمە دەپ جۆيلۈۋاتىسىز ؟ باشقىلار راست دەپ ئويلاپ

قالمىسۇن يەنە ؟ — دەپ تۇرۇشىغا ، سۈت ئەكەلگەن يىلقىچىسى باداي ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ قالدى . ئۇ قايتىپ بارغاندىن كېيىن ، بىللە يىلقا باقىدىغان ھەمراھى كىشلىككە ② يەكە چەرەننىڭ دېگەنلىرىنى دەپ بەردى . كىشلىك :

— مەنمۇ بېرىپ تىڭشىغاي ، — دەپ ، يەكە چەرەننىڭ ئۆيىگە باردى . تالادا ئوق ئۇچلاپ ئولتۇرغان يەكە چەرەننىڭ ئوغلى نارىن كەگەن :

— بايا نېمە دېيىشكەنىدۇق ؟ تىلنى كېسىۋېتەمدۇق ؟ ئۇنداق قىلىپ قايسى بىرىنىڭ ئاغزىنى جىمىقتۇرالايمىز ! — دەپ ، يىلقىچىسى كىشلىككە يەنە :

— تېز بېرىپ ئاتخانىدىن مەركىتلەرنىڭ تۇم بوز ئېتى بىلەن قالتار ئېتىنى ئەكىلىپ باغلاپ قوي ، ئەتە تاڭ سەھەردە مىنىمەن ، — دەپ بۇيرىدى . كىشلىك قايتىپ بېرىپ بادايغا :

— بايا دېگەنلىرىڭ راست ئىكەن . بۇ ئىشنى تېز بېرىپ تېمۇرچىنغا خەۋەر قىلىپ قويايلى ، — دەپ ، مەركىتلەرنىڭ تۇم بوز بىلەن قالتار ئېتىنى ئەكىلىپ باغلاپ قويدى . ئاخشىمى باداي بىلەن كىشلىك قوشىدا بىر قوزىنى ئەكىلىپ سويدى ، ئىسەرنىڭ ③ پۇتلىرىنى قالاپ قوزىنى پىششىرىپ ، ئىشىك ئالدىدا باغلاقلىق مەركىتلەرنىڭ تۇم بوز ئېتى بىلەن قالتار ئېتىغا مىندى — دە ، تۈنلەپ مېڭىپ ، چىڭگىز خاننىڭ يېنىغا كەلدى . ئىككىسى قوشنىڭ كەينىدە ئاتتىن چۈشمەيلا يەكە چەرەننىڭ ، ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ ئوق ئۇچلاپ ئولتۇرۇپ دېگەنلىرىنى ، يەنە : « مەركىتلەرنىڭ تۇم بوز ئېتى بىلەن قالتار ئېتىنى ئەكىلىپ باغلاپ قوي ! » دېگەنلىرىنى چىڭگىز خانغا ئەينەن يەتكۈزدى ۋە يەنە :

— خان ئاكا ، دېگەنلىرىمىزگە ئىشەنگەيلا ، قىلچە گۇمانلانمىغايلا . ئۇلار سىلىنى قورشاپ تۇتۇشقا كېلىشىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بولدى ! ــ دېدى .

① ئالاق ئىت ــ ئادەم ئىسمى . ئالاق ئىت ( Alaq It ) « ئالا ئىت » . ــ ت .

② كىشىلىك ــ ئادەم ئىسمى . Kishilig . ( 1 ) كەڭ قورساق . كۆكسى ـ قارنى كەڭ ؛ ( 2 ) تەكەببۇر . ھاكاۋۇر دېگەن مەنىدە . ــ ت .

③ ئىسەر ــ iseri . كارىۋات . كات . ــ ت .

## ئالتىنچى باب

170 § ئەلقىسسە، چىڭگىز خان باداي بىلەن كىشلىكنىڭ يەتكۈزگەن خەۋەرلىرىگە ئىشەندى. شۇ كېچىسى يېقىنلىرىغا دەرھال خەۋەر يەتكۈزۈپ، يۈك - تاقىلارنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن، كېرەكسىز نەرسىلەرنى تاشلاپ كۆچتى. ئۇلار ماۋ ئۆندور ① تېغىنىڭ تەسكەي تەرىپىنى بويلاپ كۆچۈپ، ئۇرياڭقالاردىن جەلمە غوۋانى ② كەينىگە چاغداۋۇللۇققا ③ قالدۇرۇپ، قاراۋۇل قويۇپ مېڭىشقا قالدۇردى. ئۇلار شۇ كۆچكىنىچە ئەتىسى چۈش قايرىلغىچە كۆچۈپ، كۈن پېتىشقا يېقىن قارا قالجىت ئەلەتكە ④ كەلدى. شۇ جايدا يۈكلىرىنى چۈشۈرۈپ ئارام ئالدى. ئارام ئېلىپ ئولتۇرغاندا، ئالچىدايىنىڭ يىلقىچىسى چىگىداي بىلەن يادىر ئىككىسى ياپپېشىل ئوت - چۆپلەردە يىلقىلارنى يايلىتىۋېتىپ، ماۋ ئۆندۆر تېغىنىڭ كۈنگەي تەرىپىدىكى قۇلاغان بۇرۇغات ⑤ دېگەن يەردىن چاڭ - توزانلارنى توزىتىپ كېلىۋاتقان دۈشمەنلەرنى كۆرۈپ: «دۈشمەنلەر كەلدى!» دېگىنىچە يىلقىلارنى ھەيدەپ قايتىپ كەلدى. «دۈشمەن كەلدى» دېگەندىن خەۋەر تاپقان ھەممەيلەن ماۋ ئۆندۆر تېغىنىڭ كۈنگەي تەرىپىدىكى قۇلاغان بۇرۇغاتنى بېسىپ كېلىۋاتقان دۈشمەنلەرنىڭ چاڭ - توزانلىرىنى كۆردى. چاڭ - توزانلارنى كۆرگەن چىڭگىز خان:

— ۋاڭ خانلار قوغلاپ كېلىۋېتىپتۇ! — دەپ، ئاتلىرىنى تۇتۇپ، يۈك - تاقلىرىنى ئارتىپ قوزغالدى. ئۇلار چاڭ - توزانلارنى كۆرمىگەن بولسا، كېلىشمەسلىككە ئۇچرايتتى. كېلىۋاتقان توپتا جامۇقا ۋاڭ خان بىلەن بىللە ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگى ئادرېسى



— تېمۇرچىنلاردا ئۇرۇش قىلالىغۇدەك كىملەر بار ؟ —
دەپ سورىدى ۋاڭ خان جامۇقادىن .

— ئۇلاردا ئۇرۇغۇت ، ماڭغۇت دەيدىغان ئەل بار . ئەنە
شۇلار ئۇرۇشقا ماھىر ،

قوشۇنىنىڭ تۇزۇلۇشى ئۆزگەرگەنسېرى ،
سەپلىرىنى شۇنچە چىڭ ساقلىيالايدۇ ؛
سەپنىڭ تۇزۇلۇشى ئۆزگەرگەنسېرى ،
ماھارەتلىرىنى شۇنچە كۆرسىتەلەيدۇ ،

ئۇلار كىچىكىدىن تارتىپ قىلىچ ـ نەيزىلەرنى ئىشلىتىپ كەلگەن ،
قارا ۋە ئالا تۇغلىرى بار . ئۇلاردىن ھەزەر ئەيلەش كېرەك .

— ئۇنداق بولسا ، قاداغىنى جىركىنلەنى باشلىغۇزۇپ ،
ئۇرۇشقا ئاتلاندۇرايلى ، — دېدى ۋاڭ خان جامۇقانىڭ گېپىنى
ئاڭلاپ ، — تۇمەن تۇبەگەنلەردىن ئاچىغ شىرۇن ⑥
جىركىنلەرنىڭ چىنداۋۇلى ⑦ بولۇپ ئاتلانسۇن . تۇمەن
تۇبەگەنلەرنىڭ كەينىدىن ئۆلون دوڭغايتلارنىڭ پالۋانلىرى
ئاتلانسۇن . ئۆلون دوڭغايتلارنىڭ كەينىدىن قورى شىلەمۇن تايشى
بىزنىڭ مىڭ تورغاۋۇلنى باشلاپ ئاتلانسۇن . ئۇلارنىڭ كەينىدىن
بىزنىڭ چوڭ غول قوشۇنىمىز ئاتلانسۇن . ئىنىم جامۇقا ، سەن
قوشۇنىمىزغا قوماندانلىق قىل .

شۇنىڭ بىلەن جامۇقا يالغۇز چىقىپ كېتىپ ، يېقىن
دوستلىرىغا :

— ۋاڭ خان مېنى بۇ قوشۇنغا قوماندانلىق قىل دەيدۇ .
ئىلگىرىكى ئۇرۇشلاردىمۇ تېمۇرچىن ئاندامغا تەڭ كېلەلمىگەنىدىم .
ۋاڭ خاننىڭ بۇ قوشۇنغا مېنى قوماندالىق قىل دېگىنىدىن
قارىغاندا ، ئۇ ماڭا يەتمەيدىغان ئادەتتىكى ئادەم ئوخشايدۇ .
ئادەم ئەۋەتىپ ئاندامغا خەۋەر يەتكۈزۈپ قويۇڭلار ، ئۇ غەيرەت

قىلسۇن ! — دەپ ، چىڭگىز خانغا يۇشۇرۇنچە ئادەم ئەۋەتتى

— ۋاڭ خان مەندىن : « تېمۇرچىنلاردا ئۇرۇش قىلالىغۇدەك كىملەر بار ؟ » دەپ سورىغانىدى ، مەن : « ئۇرۇغۇت ، ماڭغۇت باشچىلىقىدىكىلەر بار » دېدىم . ئۇلار بۇ گەپنى ئاڭلاپ جىركىن باشچىلىقىدىكىلەرنى ئالغىنچى ، تۇمەن تۇبەگەنلەردىن ئاچىغ شىرۇننى چىنداۋۇل ، ۋاڭ خاننىڭ تۇمەن تۇرغاۋۇلىنىڭ نويانى قورى شىلەمۇن تايشىنى دوڭغايتلارنىڭ چىنداۋۇلى قىلىپ ئەۋەتمەكچى بولدى . ئۇلارنىڭ كەينىدىن ۋاڭ خاننىڭ چوڭ غول قوشۇنى ئاتلىنىدىغان بولدى . ۋاڭ خان ماڭا يەنە : « ئىنىم جامۇقا ، سەن قوشۇنىمىزغا قۇماندانلىق قىل ! » دەپ جېكىلىدى . شۇنىڭغا قارىغاندا ، ۋاڭ خاندەك ئادەتتىكى ئادەم قوشۇنغا قانداقمۇ قۇماندانلىق قىلالىسۇن ؟ ئىلگىرى مەن ئاندا سەن بىلەن ئۇرۇش قىلىپ تەڭ كېلەلمىگەنىدىم . ۋاڭ خاندا مېنىڭچىلىك يۈرەك يوق ئىكەن ، ئاندا ، قورقماي چىڭ تۇر ! — دەپ خەۋەر يەتكۈزۈپ مەدەت بەردى جامۇقا .

① ماۋ ئۆندور — تاغ نامى . ماۋ ( Mau ) « يامان » ، ئۆندور ( ondor ) « ئېگىزلىك ياكى ئېگىز تاغ » . ماۋ ئۆندۆر « يامان تاغ » دېگەن مەنىدە . — ت .

② جەلمە غوۋا — ئادەم ئىسمى . جەلمە چىڭگىز خاننىڭ تۆت كۆلۈكى ( باتۇرى ) نىڭ بىرى . ئۇرۇشلاردا نۇرغۇن خىزمەتلەرنى كۆرسەتكەن . بۇ پاراگرافتا ئىسمىنىڭ كەينىگە « غوۋا » دەپ قوشۇلغان . غوۋا « چىرايلىق » دېگەن مەنىدە بولۇپ . ئۇنى ئالاھىدە ياخشى ۋە يېقىن كۆرۈپ شۇنداق ئاتىغان بولۇشى مۇمكىن . — ت .

③ چاغداۋۇل — چارلىغۇچى . كۆزەتچى . — ت .

④ قارا قالجىت ئەلەت — جاي نامى . Khara Khałjid eled « قارا بىر دۆۋە بارخان » دېگەن مەنىدە . — ت .

⑤ قۇلاغان بۇرۇغات — جاي نامى . Khula’ an burughad « قىزىل تاللىق » دېگەن مەنىدە . — ت .

⑥ ئاچىغ شىرۇن — ئادەم ئىسمى . ئاچىغ ( Achigh ) « ئاچچىق » ،

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



شىرۇن ( Shiron ) « قاتتىق ، كەسكىن » دېگەن مەنىدە . — ت .
⑦ چىنداۋۇل — ئارقا ياردەم قوشۇن . — ت .

171 § — ئۇرۇغۇتلاردىن جۇرچەدەي چوڭ ئاتا ، سىز ئالغىنچى بولۇپ ئاتلانسىڭىز قانداق ؟ — دەپ سورىدى بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان چىڭگىز خان . جۇرچەدەي ئېغىز ئاچقۇچە ، ماڭغۇتلاردىن قويىلدار سەچەن :

— ئاندا ، سىزنىڭ ئالدىڭىزدىن مەن ئاتلىناي ، بۇنىڭدىن كېيىن يېتىم قالغان بالا - چاقىلىرىمغا ئاتىدارچىلىق قىلىپ قويارسىز ! — دەپ ئارىغا چۈشتى .

— چىڭگىز خاننىڭ ئالدىدا بىز ئۇرۇغۇت ، ماڭغۇتلار ئالغىنچى بولۇپ ئاتلىنايلى ! — دېدى جۇرچەدەي ئۇنىڭ گېپى تۈگىمەستىن . جۇرچەدەي قويىلدار ئىككىسى ئۇرۇغۇت ، ماڭغۇتلارنىڭ چېرىكلىرىنى سەپلەپ ، چىڭگىز خاننىڭ ئالدىدا تىزىلىپ تەق بولدى . ئۇنىڭغىچە دۈشمەنلەرنىڭ جىركىنلەردىن تەشكىللەنگەن ئالغىنچىلىرى باستۇرۇپ كەلدى . ئۇلار كېلىشى بىلەن ئۇرۇغۇت ، ماڭغۇت چېرىكلىرى قارشى ھۇجۇمغا ئۆتۈپ ، جىركىن چېرىكلىرىنى بېسىقتۇردى . ئۇلار ئۇلارنى بېسىقتۇرۇپ ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقاندا ، ئاچىغ شىرۇن باشچىلىقىدىكى تۇمەن تۇبەگەن چېرىكلىرى بېسىپ كەلدى . ئۇرۇشتا ئاچىغ شىرۇن قويىلدارنى ئاتتىن يىقىتىۋەتتى . ماڭغۇت چېرىكلىرى قويىلدارنىڭ ئەتراپىدا سەپ تۈزۈلۈشىنى ئالماشتۇرۇۋاتقاندا ، جۇرچەدەي ئۇرۇغۇت چېرىكلىرىنى باشلاپ ھۇجۇمغا ئۆتۈپ ، تۇمەن تۇبەگەنلەرنى بېسىقتۇردى . ئۇلار ئۇلارنىمۇ بېسىقتۇرۇپ يەنە ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقاندا ، ئۆلون دوڭغايىتلار قارشى ھۇجۇمغا ئاتلاندى . جۇرچەدەي ئۇلارنىمۇ بېسىقتۇرۇپ ، تەنتەنە بىلەن ئىلگىرىلەۋاتقاندا ، قورى شىلەمۇن تايشى مىڭ تۇرغاۋۇلنى باشلاپ

ھۇجۇم قىلىپ كەلدى. جۇرچەدەي ئۇلارنىمۇ تارمار قىلىپ ئىلگىرىلەۋاتقاندا، سەڭگۇم ۋاڭ خاننىڭ رۇخسىتىنى ئالماي قارشى ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، ئاناردەك قىپقىزىل يۈزىگە ئوق تېگىپ، شۇ يەردىلا ئاتتىن دومىلاپ چۈشتى. كېرەيلەر ئاتتىن دومىلاپ چۈشكەن سەڭگۇمنىڭ يېنىغا بېرىپ، شۇ يەردە توپلىشىپ قېلىشتى. كۈن پاتقاندا دۈشمەنلەرنى يەڭگەن چېرىكلىرىمىز قايتىپ بېرىپ، يارىلىنىپ ياتقان قۇيلدارنى ئېلىپ كەتتى. چىڭگىز خان چېرىكلىرىمىز بىلەن ۋاڭ خانلار بىلەن ئۇرۇشقان جايدىن كېچىلەپ يۈرۈپ، باشقا بىر جايغا بېرىپ تۈنىدى.

172 § ئۇلار شۇ جايدا بىر كېچە تۈنەپ، ئەتىسى تاڭ سۈزۈلگەندە ئۆگەدەي، بوروغۇل، بوغورچۇ ئۈچىنىڭ سەپتىن چۈشۈپ قالغانلىقىنى سەزگەن چىڭگىز خان:

— ئۆگەدەي جان پىدا دوستى بوغورچۇ، بوروغۇل ئىككىسى بىلەن سەپتىن چۈشۈپ قاپتۇ، — دېدى، — ئۇلارنىڭ يا ئۆلىكىنىڭ، يا تىرىكىنىڭ خەۋىرى ھازىرغىچە يوق، نېمىشقا بىزدىن ئايرىلىپ قالدىكىنە؟

قوشۇنىمىز شۇ كۈنى دۈشمەنلەرنىڭ ھەر ۋاقىت ھۇجۇم قىلىپ كېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئات - ئۇلاغلارنى تاق قىلىپ يەنە بىر كېچە تۈنىدى. چىڭگىز خان يەنە:

— ئەگەر دۈشمەنلەر كەينىمىزدىن قوغلاپ كەلسە، ئۇلارنىڭ جاجىسىنى بېرەيلى! — دەپ، شۇ جايدا ئۇلارنى ساقلاپ تۇردى. تاڭ ئاتقاندا ئۇلار كەينى تەرەپتىن بىر ئاتلىق ئادەمنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ ئاتلىق ئادەم يېقىنلاشقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بوغورچۇ ئىكەنلىكىنى تونىدى. بوغورچۇ يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، چىڭگىز خان ئۇنىڭ مەيدىسىگە ئۇرۇپ تۇرۇپ:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



— تەڭرىم ئۆز پاناھىدا ساقلاپتۇ ! — دېدى .

— بۆسۈپ چېقىنىشىمدا ئېتىمغا ئوق تېگىپ پىيادە قالغانىدىم، — دېدى بوغورچۇ چىڭگىز خاننىڭ ئالدىغا كېلىپ، — كەرەيلەر سەڭگۇمنىڭ يېنىغا يۆگىرىشىپ كەتكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئارتىقلىق يۈكى قىيسىيىپ قالغان بىر ئاتنى كۆرۈپ قالدىم، يۆگىرىپ بارغىنىمچە يۈكنىڭ باغلىقىنى كېسىپ چۈشۈرىۋېتىپ، ئىگەرچاققا مىندىم - دە، بىز ئايرىغان يەردىن ئىزىڭلارنى بېسىپ ئەمدى كېلىشىم.

173 § بىر ئازدىن كېيىن، ئۇلار يەنە بىر ئاتلىق ئادەمنىڭ ئالدىغا بىرسىنى ئارتىپ، پۇتلىرىنى ساڭگىلىتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ ئاتلىق ئادەم يېقىنلاشقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بوروغۇل ئىكەنلىكىنى تونىدى. ئۇ ئالدىغا ئۆگەدەيىنى مىنگۈزىۋالغان، ئاغزىنىڭ چۆرىسى قىپقىزىل قان ئىدى. ئەسلىدە ئۆگەدەيىنىڭ بويىنىغا ئوق تەگكەن بولۇپ، ئۇ يارا ئېغىزىدىكى قانلارنى شوراپ تازىلاپ، ئاغزى قان بولۇپ كەتكەنىكەن. بۇ ھالنى كۆرۈپ كۆڭلى بۇزۇلۇپ كۆزىگە ياش ئالغان چىڭگىز خان دەرھال ئوت ياققۇزدى، تۆمۈرنى قىزىتىپ ئۇنىڭ يارىسىغا بېسىپ، ئۇسسۇلۇق ئىچكۈزگەندىن كېيىن:

— ئەگەر دۈشمەنلەر كېلىپ قالسا، جاجىسىنى بېرەيلى ! — دېدى.

— دۈشمەنلەر ماۋ ئۆندۆر تاغ باغرىنى بويلاپ، قولا غان بۇرۇغات تەرەپكە چاك - توزانلارنى ياغدۇرۇپ كەتتى، — دېدى بوروغۇل. ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، چىڭگىز خان:

— ئەگەر دۈشمەنلەر كېلەر بولسا، ئېلىشار ئىدۇق، ئۇلار قېچىپ كەتكەندىن كېيىن، بىز قوشۇنىمىزنى رەتلەپ

قايىتايلى ! ــ دېدى . شۇنىڭ بىلەن قوشۇننى باشلاپ ، ئۇلغۇي ،
شىلۇگەجىت دەرياسىنى بويلاپ ، دالان نەمۇرگەس دېگەن جايغا
يېتىپ باردى .

174 § ئۇزۇن ئۆتمەي قاداغان دالدۇرقان بالا ـ چاقىلىرىنى
تاشلاپ ، ئۇلارنىڭ كەينىدىن يېتىپ كەلدى . ئۇ كېلىپ چىڭگىز
خانغا ۋاڭ خاننىڭ دېگەنلىرىنى يەتكۈزدى :

ــ سەڭگۇم ئانارەك قىپقىزىل يۈزىگە ئۇچما ئوق يەپ ،
يەرde دۇملاپ ياتقاندا ، ۋاڭ خان ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ :

ــ يوق يەردىن بالانى تېرىپ ،
يوق يەردىن ئۇرۇشنى قىلىپ ،
سۆيۈملۈك ئوغلۇمنىڭ يۈزىگە مىخ مىخلاندى !
ئوغلۇمنىڭ قىساسى ئۈچۈن ،
ئاتلىنىڭلار ئالغا !

دەپ ئۆكۈنۈپ كەتتى . بۇنى ئاڭلاپ ئاچىغ شىرۇن دېدى :

خان ئاتا ، خان ئاتا ،
ئۇنداق ئۆكۈنمىسلە !
بالا تىلىگەندە ،
سۆگەت تاللىرىغا يالما ① چىگىپ ،
« ئابۇي ، بابۇي » ② دەپ
دۇئا ـ تىلاۋەت قىلغانىدۇق .

ئەمدى تىلىۋالغان بۇ بالىڭىز سەڭگۇمنى ئاسرايلى ! جامۇقا ،
ئالتۇن ، قۇچارلار بىلەن بىللە يۈرگەن موڭغۇللارنىڭ كۆپى بىزگە
ئىتائەت قىلدۇ . تېمۇرچىن بىلەن يۈرگەن موڭغۇللار ئۇزاپ نەگە
باردۇ دەيسىز ؟ ئۇلار هازىر ئاتلىرىنى تۆشەك ؛ دەل ـ دەرەخلەرنى
كەپە قىلىپ ياتقاندۇ . ئەگەر ئۇلار كەلمىسە ، بىز بېرىپ ئۇلارنى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئېتىگىمىزگە تېزەك تېرىگەندەك تېرىپ كېلەيلى. ئاچىغ شىرۇننىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، ۋاڭ خان:

— توغرا دەيسەن! ئوغلۇم قىينىلىپ قالمىسۇن، ئۇنى ئوبدان كۈتىڭلار! — دەپ بۇيرۇپ، ئۇرۇشقان جايدىن چېكىنىپ كەتتى.

① يالما — elbesun jalama، شامان دىنىدىن كىرگەن ئامان - ئېسەنلىك تىلەش بىر خىل دىنىي مۇراسىم. ئىككى تۇپ سۆگەت ياكى قېيىن ئوتتۇرىسىغا شوينا تارتىپ، ئۇنىڭغا ئون ئىككى پارچە ئالا - بۇلا لاتا پارچىلىرىنى چىگىپ، ئەڭ ئوتتۇرىسىدىكى لاتىغا ئۆي هايۋانلىرىنىڭ سۈرىتىنى سىزىپ قويىدۇ. — ت.

② ئابۇي، بابۇي — babui · abui، شامان دىنىدىن كىرگەن دۇئا - تىلاۋەت سۆزى. — ت.

175 § شۇنداق قىلىپ، چىڭگىز خان دالان نەمۇرگەس دېگەن يەردىن قالقا دەرياسىنى ① بويلاپ كۆچكەندە، چېرىكلىرىنىڭ سانىنى ئېلىۋىدى، ئىككى مىڭ ئالتە يۈز چىقتى. چىڭگىز خان بىر مىڭ ئۈچ يۈز چېرىكنى باشلاپ قالقا دەرياسىنىڭ كۈنپېتىش تەرىپى بىلەن كۆچتى، ئۇرۇغۇت، ماڭغۇتلار بىر مىڭ ئۈچ يۈز چېرىكنى باشلاپ، قالقا دەرياسىنىڭ كۈنچىقىش تەرىپى بىلەن كۆچتى. ئۇلار يول بويى ئوۋ ئوۋلاپ، ئوزۇق - تۈلۈكلەرنى يىغىپ ماڭدى. يارىسى تېخى ساقايمىغان قۇيىلدار چىڭگىز خاننىڭ نەسىھەتىگە قولاق سالماي ئوۋ قوغلاپ يۈرگەنلىكتىن، يارىسى ئېغىرلىشىپ قازا تاپتى. چىڭگىز خان ئۇنىڭ جەسىتىنى قالقا دەرياسى بويىدىكى ئورنۇغۇ تېغىنىڭ باغرىغا كۆمگۈزدى.

① قالقا دەرياسى — دەر يانامى، Khalkha، هازىرقى خۇلۇن بۇئىر ۋە موڭغۇلىيە ئوتتۇرىسىدىكى قالقا دەرياسى. — ت.

§ 176 چىڭگىز خان قالقا دەرياسىنىڭ بۇيىر كۆلگە ① قۇيۇلىدىغان جايىدا تەرگە، ئەمەل قاتارلىق ئۇڭگىراتلارنىڭ بارلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، جۇرچەدەينى ئۇرۇغۇتلارنى باشلاپ ئاتلىنىشقا ئەۋەتتى. جۇرچەدەي مېڭىش ئالدىدا، چىڭگىز خان:

— ئۇڭگىراتلار: «بۇرۇندىن تارتىپلا جىيەنلىرىمىزنىڭ چىراي - شەكلىگە، قىزلىرىمىزنىڭ ھۆسىن - جامالىغا قارايمىز» ② دېسە، ئۇلارنى بويسۇنۇشقا ئۈندەڭلار؛ ئەگەر قارشىلىق قىلسا، قىرىڭلا! — دەپ بۇيرۇپ، ئۇنى يولغا سالدى. ئۇڭگىراتلار جۇرچەدەيگە قارشىلىق قىلماي بويسۇندى. ئۇلار بويسۇنغاندىن كېيىن، چىڭگىز خانمۇ ئۇلارغا چېقىلمىدى.

① بۇيىر كۆلى — كۆل نامى. ھازىرقى خۇلۇن بۇئىر ئايمىقىدىكى بۇئىر كۆلى. — ت.

② بۇ سۆز ئىلگىرىكى قۇدا - باجىلىق مۇناسىۋەتنى ئەسلىگەنلىكنى بىلدۈرىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، «ئەۋلادتىن ئەۋلادقىچە قىز تۇغساق خانىش، ئوغۇل تۇغساق خان بولىدۇ» دېگەنلىك. بۇ ھەقتىكى ئىشلار § 64 دا بايان قىلىنغان مەسىلەن، چىڭگىز خاننىڭ ئاپىسى ئۆلۈن، خوتۇنى بۆرتە كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇڭگىراتلاردىن ئىدى. — ت.

§ 177 چىڭگىز خان ئۇڭگىراتلارنى قوشۇۋالغاندىن كېيىن، تۈڭگەلىك دەرياسىنىڭ ① كۈنچىقىش تەرىپىگە كېلىپ چۈشتى.

— بىز تۈڭگەلىك دەياسىنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىگە كېلىپ چۈشتۇق، — دېدى چىڭگىز خان ۋاڭ خانغا خەۋەر يەتكۈزۈشكە ماڭغان ئارقاي قاسار بىلەن سۈگەگەي جەغۇن ئىككىسىگە، — بۇ يەرنىڭ ئوت - چۆپلىرى ناھايىتى مۇنبەت ئىكەن، ئاتلىرىمىز يايلاپ سەمرىپ كەتتى، خان ئاتامغا يەنە مۇنۇ سۆزلىرىمنى يەتكۈزۈپ قويۇڭلار: ھەي خان ئاتا! نېمىگە ئاچچىقلىنىپ، مېنى شۇنچە قورقىتىۋېتىسىز؟ ئەگەر ماڭا تەنبىھ بەرمەكچى بولسىڭىز،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



پەسكەش ئوغۇللىرىڭىز، يارىماس كېلىنلىرىڭىزنىڭ ئويقۇسى قانغاندا ئەيىبلىمەيسىز؟ تۆشىكىمنى ئۆرىۈپتىدىغاندەك، مورامدىن چىققان ئىسسىمنى ئۇچۇرىۋېتىدىغاندەك، مېنى نېمىشقا شۇنچە چۆچىتىۋېتىسىز؟ ②

هەي، خان ئاتا!

خەقلەر قوتراتقۇلۇق قىلمىغاندۇ؟

خەقلەر ئىغۋاگەرلىك قىلمىغاندۇ؟

هەي، خان ئاتا! ئىككىمىز نېمە دەپ ۋەدىلەشكەندۇق؟ جوقالقۇ تېغىنىڭ قۇلاغا نوغۇت، بولتاغۇت دېگەن يېرىدە، بىز:

« چىشلىق يىلان ئارىمىزدا دەيدەيچىلىك قىلسا،
ئۆز ئارا چىشلىشىپ قالمايلى،
گېپىمىزنى چىش بىلەن ئېغىزدا ئوچۇق قىلىپ،
بىر ـ بىرىمىزغا چۈشەندۈرەيلى »

دېيىشمىگەنمىدۇق؟ بىز يەنە:

« چىشلىق چايان ئوتتۇرىمىزدا قوتراتقۇلۇق قىلسا،
ئۆز ئارا تالىشىپ قالمايلى،
سۆزىمىزنى ئېغىز بىلەن تىلدا ئوچۇق قىلىپ،
بىر ـ بىرىمىزغا ئىشىنەيلى »

دېيىشمىگەنمىدۇق؟

هەي خان ئاتا!
ئادەملىرىم ئاز بولسىمۇ،
كۆپنىڭ ئالدىغا تەلەپ قىلىپ بارمىدىم؛
ئۆزۈم يامان بولسامۇ،
ياخشىنىڭ ئالدىغا يېلىنىپ بارمىدىم.
ئىككى شوتىلىق هارۋىنىڭ،
ئەگەر بىر شوتىسى سۇنۇپ كەتسە،

ئۆكۈز هارۋىنى سۆرىيەلمەس.
ئىككى چاقلىق چارۋىنىڭ،
ئەگەر بىر چاقى سۇنۇپ كەتسە،
هارۋا ئورنىدىن قوزغالماس.
مەن بىلەن سىز
ئاشۇ هارۋىنىڭ چاقى ئەمەسمىدۇق؟

ئەينى چاغدىكى گەپنى باشلىساق، دادىڭىز قۇرچاقۇس بۇيرۇق قازا بولغاندىن كېيىن، سىز قىرىق بالىنىڭ ئاكىسى بولغانلىقىڭىز ئۈچۈن، سىزنى خان قىلغانىدى. خان بولغاندىن كېيىن، ئىنىڭىز تاي تېمۇر تايىشى، بۇقا تېمۇرنى ئۆلتۈرىۋەتتىڭىز. يەنە ئىنىڭىز ئەركە قارانى ئۆلتۈرىۋەتمەكچى بولغىنىڭىزدا، ئۇ قېچىپ كېتىپ، نايمانلارنىڭ ئىنانچ بىلگە خانىغا پاناھ تارتىپ بارغانىدى. سىز ئىنىلىرىڭىزنى رەھىمسىزلىك بىلەن ئۆلتۈرىۋەتكەنلىكىڭىز ئۈچۈن، كىچىك ئاتىڭىز گۇرخان سىزنى جازالىغىلى كەلگەندە، يۈز ئادىمىڭىز بىلەن سەلەڭگە دەرياسىنى بويلاپ، قاراغۇن ③ جىلغىسىغا قېچىپ كىرىۋالدىڭىز. ئۇ يەردىن يەنە يېنىپ چىقىپ، سودىلىشىش ئۈچۈن، قىزىڭىز قۇچاغۇر ئۇجىننى مەركىتلەردىن توغتوغاغا ياتلىق قىلدىڭىز. يەنە خان ئاتام يەسۈگەينىڭ قېشىغا كېلىپ: «كىچىك ئاتام گۇرخاننىڭ قولىدىن ئەل - جامائەتلىرىمنى قۇتۇلدۇرۇپ بەرگەيسىز» دەپ يېلىنىپ بارغىنىڭىزدا، خان ئاتام يەسۈگەي يۈزىڭىزنى قىلىپ، ئەل - جامائەتلىرىڭىزنى قۇتۇلدۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن، تايچىغۇتلاردىن غۇنان، باقاچى ئىككىسىنى باشلاپ، قوشۇننى ئاتلاندۇرۇپ، قۇربان تەلەسۇتتىكى كىچىك ئاتىڭىز گۇرخاننى يىگىرمە، ئوتتۇز ئادىمى بىلەن قوشۇپ قاشىن ① تەرەپكە ھەيدىۋېتىپ، ئەل - جامائەتلىرىڭىزنى قۇتۇلدۇرۇپ چىقىپ قولىڭىزغا ئۆتكۈزۈپ

www.uyghurkitap.com



بەردى . ئۇنىڭدىن كېيىن ، تۇلا دەرياسى ⑤ بويىدىكى قارا تۇن دېگەن يەردە ، ھەي خان ئاتا ! خان ئاتام يەسۇگەي بىلەن ئاندالاشقانىدىڭىز . شۇ چاغدا خان ئاتا ۋاڭ خان سىز ئاتامغا : « قىلغان ياخشىلىقلىرىڭىزنى بالا ـ چاقىلىرىڭىزغا قايتۇرۇشىمغا تەڭرى ئىگەم ، قارا يەر مەدەت بەرگەي ! » دەپ مىننەتدارلىق بىلدۈرگەنىدىڭىز !

كېيىن ، ئىنىڭىز ئەركە قارا نايمانلارنىڭ ئىنانچ بىلگە خاندىن ياردەم تەلەپ قىلىپ ، سىزگە ھۇجۇم قىلغاندا ، جېنىڭىزنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ، ئەل ـ يۇرتىڭىزنى تاشلاپ ، ئاز بىر قىسىم ئادەملىرىڭىز بىلەن قارا قىتانلارنىڭ گۇرخانىغا پاناھ تارتىپ بېرىپ ، چۇي دەرياسى ⑥ بويلىرىدىكى سارتاغۇللارنىڭ ⑦ جايلىرىدا يۈردىڭىز . بىر يىل ئۆتە ـ ئۆتمەيلا ، گۇرخاندىن يۈز ئۆرۈپ ، ئۇيغۇرلار ، تاڭغۇتلارنىڭ ⑧ يۇرتى ئارقىلىق قايتىپ كېلىشتە ، ئاچارچىلىقتا يول بويى بەش ئۆشكىنىڭ سۈتىنى سېغىپ ، تۆگىلەرنىڭ قېنىنى چىقىرىپ ئىچىپ ، سوقۇر قۇلا ئېتىڭىزغا مىنىپ كەلگەندە ، جېنىڭىز تومشۇقىڭىزغا يېتىپ قاپتىكەن . خان ئاتا سىزنىڭ شۇ ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىڭىزدىن خەۋەر تېپىپ ، يەنە ئاتام بىلەن ئاندالىشىپ ئۆتكەنلىكىڭىزنى ئويلاپ ، ئالدىڭىزغا تاغاي باتۇر بىلەن سۈكەگەينى ئەلچىلىككە ئەۋەتىپ چاقىرتتىم . ئۆزۈممۇ كەلۇرەن دەرياسىنىڭ بۇركى ئەرگى دېگەن يېرىدە ئالدىڭىزغا چىقىپ ، گۇسەگۇر كۆلىدە كۈتۈۋالدىم . يېرىم جان بولۇپ قالغانلىقىڭىزنى كۆرۈپ ، ئەل ـ يۇرتلىرىمدىن سېلىق يىغىپ سىزنى قامدىدىم . بۇرۇن ئاتام بىلەن ئاندا بولۇپ ئۆتكەن يۈز ـ خاتىرىسىنى قىلىپ ، تۇلا دەرياسى بويىدىكى قارا تۇن دېگەن يەردە بىر ـ بىرىمىزنى « پەدەرىم ـ بالام » دەپ ئاتاشتۇق . سىزنى پەدەرىم دەپ ئاتىشىمنىڭ سەۋەبىمۇ يىقىن

ئۆتەيلى دېگەنلىك ئەمەسمۇ ؟ شۇ يىلى قىشتا ، سىزنى كۆرەمدە باقتىم . قىش ئۆتۈپ ، يازمۇ ئۆتۈپ ، كۈز كىرگەندە ، مەركىتلەردىن توغتوغا بەگكە قارشى ھۇجۇمغا ئۆتۈپ ، قاتىقلىق چوقمىسىنىڭ مۇرۇۋچە سەغۇل دېگەن يېرىدە ئۇرۇش قىلىپ ، توغتوغا بەگنى بارقۇجىن تۆكۆمگە ھەيدىۋەتكەندە ، مەركىتلەردىن ئولجا ئالغان ئات - يىلقا ، ئوردا - ئۆي ، ئوزۇق - تۈلۈكلەرنى سىزگە تارتۇق قىلدىم . ئاچلىقىڭىزنى چۈشكە ، قىينچىلىقىڭىزنى ئايىغا قويمىدىم . بىز يەنە كۈچگۈرتەي بۇيرۇق خاننى ئۇلۇغ تاغنىڭ سوغوق ئۇسۇن دېگەن يېرىدىن قوغلىغىنىمىزچە ئالتاي تېغىدىن ئېشىپ ، ئۇرۇڭگۇ دەرياسىنى بويلاپ ، قىزىل باش كۆلى بويىدا كۈلىنى كۆككە سورىۋەتكەندۇق . ئۇ يەردىن قايتىشىمىزدا ، نايمانلاردىن كۆكسەگۈ سابراغ بايدىراغ بەلچىردە ⑨ سەپ تۈزۈپ ، بىز بىلەن ئۇرۇش قىلماقچى بولغاندا ، كەچ بولۇپ قېلىپ ، ئەتىسى ئۇرۇشقا كېلىشىپ ، قوشۇنىمىزنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قونۇپ قالغاندا ، ھەي ، خان ئاتا ! سىزنىڭ قوناق ئەتراپىغا گۈلخان يېقىپ قويۇپ ، يېرىم كېچىدە قارا سەگۈل ⑩ دەرياسىنى ئۆرلەپ قېچىپ كەتكەنلىكىڭىزنى ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا سەزدىم . شۇ چاغدا بىزنى تاشلاپ كەتكەندە : « ئۇلار بىزنى قۇربانلىققا تاشلاپ كېتىپتۇ - دە ! » دەپ ئويلاپ ، بىزمۇ دەرھال كۆچتۇق . ئەدەر ئالتاي تېغىدىكى بەلچىرنى بېسىپ ، ساغرى دالاسىغا كېلىپ چۈشتۇق .

كۆكسەگۈ سابراغ سىزگە ھۇجۇم قىلىپ ، ئوغلىڭىز سەڭگۈمنىڭ خوتۇن - بالىسى ، ئەل - يۇرتلىرىنى بۇلاپ كەتكەندە ، سىز گەئەسىر گە چۈشكەن مەركىتلەردىن توغتوغانىڭ ئىككى ئوغلى قوتۇ بىلەن چىلاغۇنمۇ يۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ، سىزدىن يۈز ئۆرۈپ ، ئەل - يۇرتلىرىنى باشلاپ ، بارقۇجىندا تۇرۇشلۇق ئاتىسىنىڭ قېشىغا قېچىپ كەتتى . شۇ چاغدا ، ھەي ،

خان ئاتا ! ئەل - يۇرتىڭىزنى نايمانلاردىن كۆكسەڭگۇ بولاپ كەتكەندە، سىز ئەلچى ئەۋەتىپ : « بالام ! تۆت كۈلۈكۈڭنى ئەۋەتكىن ! » دەپ يېلىنغىنىڭىزدا، سىزدەك ئىككىلەنمەستىن، تۆت كۈلۈكۈم بوغورچۇ، مۇقالى، بوروغۇل ۋە چىلاغۇن باتۇرنى چېرىك تەييارلاتقۇزۇپ يولغا سالدىم . ئۇلار يېتىپ بېرىشتىن ئىلگىرى، سەڭگۇم قولاغان قۇتتا نايمانلار بىلەن ئۇرۇشۇشتا ئېتىنىڭ ساغرىسىغا ئوق تېگىپ، ئەسىرگە چۈشۈش ئالدىدا تۇرغانىكەن، ئۇنىڭغىچە تۆت كۈلۈكۈم يېتىپ بېرىپ، ئۇنى قۇتقۇزۇۋالغان، يەنە خوتۇن - بالىلىرى، ئەل - يۇرتلىرىنىمۇ قۇتقۇزۇپ ئەكىلىپ بەرگەن . ھەي، خان ئاتا ! شۇ چاغدا سىز مىننەتدار بولۇپ : « بالام، تېمۇرچىن ! تۆت كۈلۈكۈڭنى ئەۋەتىپ، ئەل - يۇرتلىرىمنى قۇتقۇزۇپ بەردىڭ ! » دېگەنىدىڭىز . ھەي، خان ئاتا ! ئەمدى نېمە قىلغان گۇناھىمغا شۇنچە رەنجىپ كەتتىڭىز ؟ گۇناھ مەندىن ئۆتكەن بولسا، ئەلچى ئەۋەتىپ ئەيىبلەڭ . ئەلچىلىككە قۇبارى قۇرى، يىدۇرگەن ئىككىسىنى ئەۋەتىسىڭىزمۇ، باشقىلارنى ئەۋەتسىڭىزمۇ بولىۋېرىدۇ ⑪ .

① تۆڭگەلىك دەرياسى — دەريا نامى . ئەسلى تېكىستتە تۆڭگە ( Tənge ) دەرياسى دەپ ئېلىنغان . لېكىن . بىرىنچى باب 5 § . 30 § قاتارلىقلاردا « تۆڭگەلىك » ( Tənngelig ) دەرياسى دەپ ئېلىنغان . بىر خىللاشتۇرۇش ئۈچۈن . « تۆڭگەلىك دەرياسى » دەپ ئېلىندى . — ت .

② بۇ سۆزلەرنىڭ مەنىسى : « ھەي ئاتام ئورنىدىكى خان ئاتا ! بىز بىر نىيەتتىكى كىشىلەر تۇرۇقلۇق . پەسكەش ئوغلۇڭ ( چىڭگىز خان ئۆزىنى كەمسىتىپ، ۋاڭ خاننى ئەزىزلەپ، كىنايە تەلەپپۇزىدا سۆزلىگەن چېغى ) ۋە پەسكەش كېلىنلىرىڭ كۆزۈڭگە ياقمىغان بولسا، نېمە ئۈچۈن تىنچ - خاتىرجەم ياشاۋاتقاندا تەنبىھ بەرمەيسىز ؟ نېمە ئۈچۈن دۈشمەنلەر قارشىلىشىپ، بىزگە مۇشت تەگلىگەندە، تۆشىكىمنى ( ئەسلى تېكىستتە تەك ئورۇن ) ئۆرۈۋېتىپ، بىزنى پاراكەندە قىلىش، ئوچوقمىزنى ئۆرۈۋېتىپ، كۈلىنى كۆككە سورۇپ، ئۆي -

ماكانىسىز قالدۇرۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق تەنبىھ بېرىسىز ؟ » ياكى قىسقىچە قىلىپ « نېمىشقا دۈشمەنلىشىش يولى بىلەن ئىچكى ئىشلارغا بىھۇدە ئارىلىشىپ ، ھەممەيلەننى پاراكەندە قىلىسىز ؟ » — ت .

③ قاراغۇن — تاغ نامى . Khara'un « قاراگغۇ » . — ت .

④ قاشىن — جاي نامى . Khashin ، يەنى خېشى . غەربىي شيا زېمىنىنى كۆرستىدۇ . — ت .

⑤ تۇلا دەرياسى — دەريا نامى . 96 § ئىزاھات ④ كە قارالغ . — ت .

⑥ چۇي دەرياسى — دەريا نامى . Chui ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سىر دەرياسىنىڭ شىمالىدا . — ت .

⑦ سارتاغۇل — Sarta' ul ، شۇ چاغدا موگغۇللار ئوتتۇرا ئاسىيا ، غەربىي ئاسىيادىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلارنى شۇنداق دەپ ئاتايتتى . — ت .

⑧ تاگغىت — قەبىلە نامى . Taŋghud ، يەنى غەربىي شيا خانلىقى . موگغۇللار چىگخەي ( كۆك نۇر ) ، گەنسۇدىكى تىبەت تىلىدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەرنى تاگغىت ( تاگغۇت ) دەپ ئاتايتتى . — ت .

⑨ بايداراغ بەلچىر — بايداراغ دەريا نامى . بەلچىر « ئىككى دەريانىڭ قوشۇلغان يېرى » دېگەن مەنىدە . — ت .

⑩ قارا سەگۇل — Khara se' ul « قارا قۇيرۇق » دېگەن مەنىدە . — ت .

⑪ بۇ ھەقتىكى ئىشلار 150 § ، 151 § ، 158 § ، 159 § ، 161 § ، 162 § ، 163 § ، 164 § قاتارلىقلاردا بايان قىلىنغان . بۇ چىڭگىز خاننىڭ ۋاڭ خانغا قىلغان بەش چوڭ شىكايىتى . — ت .

178 § — ھەي ، سويلۇق !

بالام بىلەن ۋەدىلەشكەن ۋەدەمگە
ۋاپاسىزلىق قىلدىم ،
بالام بىلەن كېلىشكەن ئىشقا
ئاسىيلىق قىلدىم !

دەپ قاتتىق ئەپسۇسلىنىپ كەتتى ۋاڭ خان بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن .

— ئەمدى بالام تېمۇرچىنغا يامان غەرەزدە بولىدىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولسام، قېنىم مۇشۇنداق تۆكۈلسۇن! ـــ دەپ قەسەم بەردى ۋە چىمچىلىقىنى سۇمچىلىق پىچىقى بىلەن كېسىپ، قېنىنى داقتايغا ① تېمىتىپ:

ـــ بالامغا ئاپىرىپ بېرىڭلار! ـــ دەپ ئەلچىنى يولغا سالدى.

① داقتاي ـــ Dakhdai، سېرىق ماي. قايماق قاتارلىقلارنى سالىدىغان قىين قوۋزۇقىدىن ياسالغان قاچا. ـــ ت.

§ 179 ـــ بېرىپ جامۇقا ئاندامغا دەپ قويۇڭلار، ـــ دېدى چىڭگىزخان يەنە، ـــ سەن ماڭا ھەسەت قىلىپ، مېنى خان ئاتامدىن ئايرىۋەتتىڭ! بۇرۇن قايسىمىز بۇرۇن تۇرساق، خان ئاتىمىزنىڭ كۆك چوڭىدا ① قىمىز ئىچەتتۇق. مەن سەندىن بالدۇر تۇرۇپ ئىچىۋالسام، ماڭا ھەسەت قىلاتتىڭ. ئەمدى خان ئاتامنىڭ كۆك چوڭىنى ئىچىپ قۇرۇتىۋەت! قېنى قاچانغىچە ئىچەرسەن!

ـــ بېرىپ ئالتۇن، قۇچار ئىككىسىگىمۇ دەپ قويۇڭلار، ـــ دېدى چىڭگىزخان يەنە، ـــ سەنلەر مەندىن يۈز ئۆرىدىڭلار. مەندىن ئوچۇق ـ ئاشكارا يۈز ئۆرۈمەكچىمۇ ياكى خۇپپىيانىمۇ؟ قۇچار، سەن نەكۇن تايشىنىڭ بالىسى بولغانلىقتىن، سېنى خان سايلى دېسەك، لېكىن ئۇنىمىدىڭ. ئالتۇن، ئاتاڭ قۇتۇلا خان ئەل سورىغانلىقتىن، سېنى ئاتاڭغا ۋارىسلىق قىلىپ خان بول دېسەك، سەنمۇ ئۇنۇمىدىڭ. مېنىڭ ئۇستۇمدە بارتام باتۇرنىڭ بالىلىرى بار دەپ، ساچا، تايچۇ ئىككىسىگە: «سىلەر خان بولۇڭلار» دېسەم، ئۇلارمۇ ئۇنۇمىدى. مەن قايتا ـ قايتا سىلەر خان بولۇڭلار دېسەم، ھېچقايسىڭلار ئۇنۇمىدىڭلار. ئاخىر مېنى خان قىلىپ سايلاپ قويدىڭلار. ئەگەر سىلەر خان بولغان بولساڭلار:

مېنى ئالغىنچى قىلىپ،

ۋەھشىي دۈشمەنلەرنى يوقىتىشقا ئاتلاندۇرساڭلار ،
تەڭرىنىڭ مەدەت بېرىشى بىلەن ،
دۈشمەنلەرنى تالان ـ تاراج قىلىپ ،
گۈزەل چوكان ـ قىزلارنى ،
سىلەرگە ھەدىيە قىلاتتىم ،
ساغرىلىق تۇلپار ـ دۈلدۈللارنى ،
سىلەرگە تارتۇق قىلاتتىم !
ۋەھشىي ئۇۋۇلارنى ئۇۋۇلاشقا ئاتلاندۇرساڭلار ،
جىلغا ـ سايلاردىكى ئۇۋۇلارنى
توپى ـ توپى بىلەن ،
ئالدىڭلارغا ھەيدەپ كېلەتتىم ،
دالا ـ تۈزلەردىكى ئۇۋۇلارنى
جۈپى ـ جۈپى بىلەن ،
ئالدىڭغا سۈرۈپ كېلەتتىم !

ئەمدى سىلەر خان ئاتامغا ياخشى نۆكەر بولۇڭلار ! خەقلەرنىڭ سىلەرنى ۋاپاسىزلار ، چاغۇد قورىنىڭ ② سايىسىدا جان بېقىپ يۈرگەنلەر دېيىشىدىن ھەزەر ئەيلەڭلەر ! ئۈچ دەريانىڭ ③ بويىغا يات ئەللەرنى يولۇقتۇرماڭلار !

① كۆك چوڭ — koke choŋ ، قىمىز ۋە ئىچىملىك ئىچىدىغان بىر خىل جام . — ت .

②چاغۇد قورى — ئەمەل نامى . تۆتىنچى باب 134 § ئىزاھات ① گە قاراڭ . — ت .

③ ئۈچ دەريا — ئورخون دەرياسى ، كەلۇرەن دەرياسى ، تۇلا دەرياسىنى كۆرسىتىدۇ . بۇ ئۈچ دەريانىڭ باش ئېقىنى شىمالىي ئاسىيادىكى چارۋىچى مىللەتلەر ھۆكۈم سۈرىدىغان جاي . بۇ ئۈچ دەريا ھەققىدە : ( 1 ) تۇلا دەرياسى ، ئورخون دەرياسى ، سېلېڭگې دەرياسى ۋاڭ خان تۇرۇشلۇق قارا ئورمانغا ۋەكىللىك قىلىدۇ ؛ ( 2 ) ئونون دەرياسى ، كەلۇرەن دەرياسى ، تۇلا دەرياسى چىڭگىز خان تۇرۇشلۇق جايغا ۋەكىللىك قىلىدۇ دېيىدىغان كۆز قاراشمۇ بار . — ت .

§ 180 — بېرىپ ئىنىم تۇغرىلغىمۇ دەپ قويۇڭلار ، — دېدى چىڭگىز خان يەنە ، — سېنى ئىنىم دېيىشىمدىكى سەۋەپ : بۇرۇن تۇمبىناي سەچەن ، چارغاي لىڭقۇ ئىككىسى ئۆغدانى ئەسىرگە ئېلىپ قۇل قىلغانىدى . ئۆغدا قۇلنىڭ ئوغلى سۇبەگەي قۇل ، سۇبەگەي قۇلنىڭ ئوغلى كۆكچۇ كىرساغان ، كۆكچۇ كىرساغاننىڭ ئوغلى يەگەي قوڭتاغار ئىدى . يەگەي قوڭتاغارنىڭ ئوغلى سەن تۇغرىل ئىدىڭ . ئەمدى سەن قارا يۈزلۈك قىلىپ ، كىمنىڭ ئېلىنى قوش قوللاپ سوۋغا قىلماقچى بولدىڭ ! مېنىڭ ئېلىمغۇ ئالتۇن ، قۇچارنىڭ ئىدارە قىلىشىغا ھەرگىز بويسۇنمايدۇ . سېنى ئىنىم دېيىشىمدىكى سەۋەپ : سەن

ئۇلۇغ ئاتا — بوۋىلارنىڭ
بوسۇغىسىنىڭ قۇلى ،
ئىشىكىنىڭ چاكارى ئىدىڭ .

مانا بۇ ساڭا ئەلچى ئەۋەتىپ دەپ قويىدىغانلىرىم .

§ 181 — بېرىپ سەڭگۇم ئاندامغىمۇ دەپ قويۇڭلار ، — دېدى چىڭگىز خان يەنە ، — مەن ئاتامنىڭ تونلۇق تۇغقان بالىسى ؛ سەن بولساڭ تونسىز تۇغقان بالىسى . خان ئاتىمىز ھەر ئىككىمىزنى تۇمشۇقلۇقتا چوقتۇرماي ، قاناتلىقتا قاقتۇرماي چوڭ قىلغانىدى . سەڭگۇم ئاندا ، سەن خان ئاتىمىزنىڭ مېنى ۋاي دەپ كېتىشىدىن ھەسەت قىلىپ ، مېنى قوغلىۋەتتىڭ . ئەمدى خان ئاتىمىزنىڭ دىلىغا ئازار بەرمەي ، ئەتىگەن — كەچلىرى كېلىپ — كېتىپ ، كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇپ تۇرارسەن . بۇرۇنقى يامان نىيىتىڭدىن يانماي ، خان ئاتامنىڭ كۆزى ئوچۇق چېغىدا ، خان بولماقچىمۇ سەن ؟ خان ئاتىمىزنىڭ كۆڭلىنى ھەرگىز رەنجىتگۈچى بولما .

— سەگگۈم ئاندا ، ماگا ئەلچى ئەۋەتمەكچى بولساڭ ، بىلگە بەگ بىلەن تۆدۆگەننى ئەۋەتسەگمۇ بولىۋېرىدۇ ، ماگا ئەلچى ئەۋەتمەكچى بولساگلار ، خان ئاتا سىز ئىككى ئەلچى ، سەگگۈم ئانداسەن ئىككى ئەلچى ، جامۇقا ئاندا سەن ئىككى ئەلچى ، ئالتۇن سەن ئىككى ئەلچى ، قۇچار سەن ئىككى ئەلچى ، ئاچىق شىرۇن سەن ئىككى ئەلچى ، قاچغۇن سەن ئىككى ئەلچى ئەۋەت . — دەپ ئارقاي قاسار ، سۈگەگەي جەغۇن ئىككىسىنى بۇ گەپلەرنى يەتكۈزۈپ قويۇشقا ئەۋەتتى .

— ئۇ قاچان خان ئاتا دەپ ئاتاپ باققان ، قانخور قېرى دەۋاتىماتتى ؟ مېنى قاچان ئاندا دەپ باققان ، توغتوغا باخشى سارتاقچىنىڭ ① قويلىرىنىڭ قۇيرۇقىغا ئەگىشىپ كەلگەن دەۋاتىماتتى ؟ — دېدى سەگگۈم ئۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ، — ئۇنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىمەن ، بۇ ئۇنىڭ ئۇرۇش قىلىش ئالدىدا بىزگە ھىيلىگەرلىك قىلىۋاتقىنى ! بىلگە بەگ ، تۆدۆگەن ئىككىڭلار ئىككىلەنمەستىن ئۇرۇش تۇغىنى تىكلەپ ، ئاتلارنى بورداپ تۇرۇڭلار !

ئۇلار بۇ خەۋەرنى ئېلىپ ۋاڭ خاننىڭ يېنىدىن قايتىشىدا ، سۈگەگەي جەغۇننىڭ خوتۇن ـ بالىلىرى توغرىلنىڭ قولىدا بولغانلىقتىن ، ئۇ قايتىپ كېلىشكە جۈرئەت قىلالماي ، ئارقاي قاسارنىڭ كەينىدە قېپقالدى . ئارقاي قاسار قايتىپ كېلىپ ، ئۇلارنىڭ دېگەنلىرىنى چىڭگىز خانغا يەتكۈزدى .

① سارتاقچى — Sartaqchi ، سېتىقچى ، سودىگەر . — ت .

§ 182 ئۇزۇن ئۆتمەي ، چىڭگىز خان بالچۇن كۆلى بويىغا كۆچۈپ كەلدى ۋە ئۇيەردە غورۇلاسلاردىن شوغوس چاغان قاتارلىقلارنى ئۇچراتتى . ئۇلار قارشىلىق كۆرسەتمەي ، چىڭگىز

خانغا بېقىندى . شۇ ئارىدا ئۆڭگۈتلارنىڭ ① ئالاقۇش تېكىت قۇرى دېگەن يېرىدىن ئاق ئاتانلىق ھەسەن ئىسىملىك بىر سارتاقتاي ② مىڭ ئېرىكىنى ھەيدەپ ، ئەرگۇنە دەياسى بويىدىكى ئەللەردىن بۇلغۇن ، تىيىن تېرىلىرىنى سېتىۋېلىشقا كېتىۋېتىپ ، بالچۇن كۆلىدە ماللىرىنى سۇغۇرۇۋاتقاندا ، چىڭگىز خانلارغا يولۇقۇپ قالدى .

① ئۆڭگۈتلار — ئۇرۇق نامى . ئوڭغۇتمۇ دېيىلىدۇ . ئۆڭگۈت ( ɵŋgʉd ) « ئوڭ » ( ɵŋʉ ) نىڭ كۆپلۈك شەكلى . — ت .
② سارتاقتاي — Sartaqtai ، سېتىقچى ، سودىگەر . ئاساسەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇرلارنى كۆرسىتىدۇ . ھەسەن دېگەن ئادەمنىڭ تىلغا ئېلىنىشى ، ئۇيغۇرلارنىڭ شۇ زاماندا كەڭ دائىرىدە ئىقتىسادىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ . — ت .

§ 183 چىڭگىز خان بالچۇن كۆلى بويىدا ماللارنى سۇغۇرۇۋاتقاندا ، قاسار جەغۇن خوتۇنى بىلەن ئۈچ ئوغلى يەگۇ ، يەسۇڭگە ، تۇقۇنى ۋاڭ خاننىڭ قېشىغا تاشلاپ قويۇپ ، بىر نەچچە ھەمراھلىرى بىلەن قېچىپ چىقتى . ئۇ قاراغۇن جىدۇ ① تېغىنىڭ چوققىلىرىنى بويلاپ ئىزدەپ ، ئاكىسى چىڭگىز خاننى تاپالمىدى . ئوزۇق - تۈلۈكلىرى تۈگەپ ، ئاچلىقتا چىدىماي خام كالا تېرىسى ۋە پەيلىرىنى يەپ يۈرۈپ ، مىڭ تەسلىكتە بالچۇن كۆلىگە كېلىپ ، ئاكىسى چىڭگىز خان بىلەن ئۇچراشتى . قاسار جەغۇن كەلگەندىن كېيىن ، خوشال بولۇپ كەتكەن چىڭگىز خان جەگۈرەدەيلەردىن قالىغۇدار ، ئۇرىياڭقالاردىن چاغۇرقان ئىككىسىنى ۋاڭ خانغا ئەلچىلىككە ئەۋەتىشكە كېلىشكەندىن كېيىن ، ئۇلارغا :

— سىلەر بېرىپ ۋاڭ خانغا قاسارنىڭ نامىدىن :

يىراقتا شۇنچە نەزەر سېلىپ ،

ئاكامنىڭ قارىسىنى كۆرەلمىدىم ؛

ئۇنىڭ ئىزىنى شۇنچە بويلاپ،
ماڭغان يولىنى تاپالمىدىم؛
شۇنچە ۋارقىراپ،
ئاۋازىمنى ئاڭلىتالمىدىم!
يۇلتۇزلۇق كۆكنى يېپىنچا،
يەرنى سېلىنچا قىلىپ ياتماقتىمەن.
خوتۇن - بالىلىرىم
خان ئاتامنىڭ قولىدا قالدى؛
ماڭا ئىشەنىستى،
خان ئاتامغا يېقىناتتىم.

دەپ يەتكۈزۈپ قويۇڭلار! — دەپ جېكىلىدى، — بىزمۇ كەينىڭلاردىن قوزغىلىپ، كەلۇرەن دەرياسىنىڭ ئارقال كۆۋگى دېگەن يېرىگە چۈشىمىز، بىز شۇ يەرگە ئۇچرىشايلى.

ئۇلار شۇنداق دەپ كېلىشكەندىن كېيىن، قالىغۇدار، چاغۇرقان ئىككىسىنى يولغا سالدى. جۇرچەدەي، ئارقاي ئىككىسىنى ئالغىنچى قىلىپ ئاتلاندۇردى. چىڭگىز خان ئۆزى ئۇلارنىڭ كەينىدىن بالجۇن كۆلىدىن كەلۇرەن دەياسىنىڭ ئارقال كۆۋگى دېگەن يېرىگە قاراپ ئاتلاندى.

① قاراغۇن جىدۇ — تاغ نامى. قاراغۇن «قاراڭغۇ»؛ جىدۇ «چوققا» دېگەن مەنىدە. قاراغۇن جىدۇ (Khara' un Jidun) هازىرقى هىڭگان تېغىنى كۆرسىتىدۇ. — ت.

184 § قالىغۇدار بىلەن چاغۇرقان ۋاڭ خاننىڭ قېشىغا كېلىپ قاسارنىڭ نامىدىن باياقى سۆزلەرنىڭ ھەممىسنى ئەينەن يەتكۈزدى. لېكىن ۋاڭ خان ئۇلارغا پەرۋا قىلماي، ئالتۇن تەرمە تىكىپ، توي ئۆتكۈزۈۋاتقانىدى. قالىغۇدار بىلەن چاغۇرقاننىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئېيتقانلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ۋاڭ خان:

— قاسارنىڭ كەلگۈسى بولسا، كېلىۋەرسۇن. ئالدىغا سىلەر بىلەن ئىشەنچىلىك ئادىمىم يېتىۋ گەننى ئەۋەتەي! — دەپ، ئۇلارنى يېتۇرگەن بىلەن يولغا سالدى. ئۇلار ئۇچرىشىدىغان جاي ئارقال كۆۋگىگە كەلگەندە، سەپ تارتىپ ياتقان غايەت زور ئادەملەرنى كۆرگەن يېتۇرگەن ئەلچى كەينىگە قاراپ قاچتى، يۈگرەك ئاتلىق قالىغۇدار ئۇنىڭ كەينىدىن قوغلاپ يېتىشۋالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا يېقىنلىشالماي، ئالدى - كەينىنى قوروپ قوغلىدى. بىر ئوق ئاتلىق كەينىدە قالغان قاشاڭ ئاتلىق چاغۇرقان يېتۇرگەننىڭ ئالتۇن ئېگەرلىك قارا ئېتىنىڭ ساغرىسىغا ئوق ئېتىپ يىقىتۋەتتى. جالىغۇدار بىلەن چاغۇرقان ئۇنى دەرھال تۇتىۋېلىپ، چىڭگىز خاننىڭ ئالدىغا ئەكەلدى. چىڭگىز خان يېتۇرگەنگە گەپمۇ قىلماي:

— قاسارغا ئاپىرىپ بېرىڭلار، شۇ بىر ياقلىق قىلسۇن! — دېدى. قاسارغا ئاپىرىپ بەرگەندىن كېيىن، ئۇمۇ گەپ - سۆز قىلماستىنلا يېتۇرگەننىڭ كاللىسىنى شۇ يەردە ئالدى.

§ 185 — ۋاڭ خان خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەي ئالتۇن تەرمە تىكىپ توي ئۆتكۈزىۋاتىدۇ، — دېدى قالىغۇردار بىلەن چاغۇرقان چىڭگىز خانغا، — بىز دەرھال تەييارلىنىپ، كەچتە ئۇلارغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلايلى!

ئۇلارنىڭ پىكرىنى توغرا كۆرگەن چىڭگىز خان جۇرچەدەي، ئارقاي ئىككىسىنى ئالغىنچى قىلىپ ئاتلاندۇردى. ئۇلار كېچىلەپ يۈرۈپ، جەجەگەر ئۇندۇر تېغىنىڭ جەر قابچىغاي ① دېگەن يېرىگە كېلىپ، ۋاڭ خانى قورشاۋغا ئېلىپ، ئۈچ كېچە - كۈندۈز ئېلىشتى. ئۈچىنچى كۈنى ئۇلار بەرداشلىق

بېرەلمەي تەسلىم بولدى. لېكىن، ۋاڭ خان بىلەن سەگگۈمنىڭ كېيىچىدە قانداق قېچىپ كەتكەنلىكى نامەلۇم. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا دۈشمەنلەر تەرەپتىن باتۇرلۇق كۆرسەتكەن جىركىنلەردىن قاداق باتۇر ② ئىدى. تەسلىم بولغان قاداق باتۇر:

— قاراپ تۇرۇپ ئۆز خانىمنى باشقىلارنىڭ قولىغا ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرەمەنمۇ؟ — دېدى چىڭگىز خانغا، — ھەرگىز تاشلاپ قويمايمەن. شۇڭا، ئۇنى قاچۇرۇۋېتىش ئۈچۈن، ئۈچ كېچە - كۈندۈز تىركىشىپ، ھاياتلىق يولى ئېچىپ بەردىم. ئەمدى ئۆلسەممۇ ھېچ ئارمانىم يوق. ئەگەر چىڭگىز خاقان پىقىرنىڭ بىر قوشۇق قېنىدىن كەچسىلە، خىزمەتلىرىگە تەييارمەن!

ئۇنىڭ گېپىنى قوللىغان چىڭگىز خان:

— ئۆز خانىنى تاشلاپ قويۇشقا كۆڭلى ئۇنىماي، ھاياتلىق يولى ئېچىپ بېرىش ئۈچۈن باتۇرانە ئېلىشىش يىگىتلىك ئەمەسمۇ؟ ئۇ نۆكەرلىككە يارايدىغان ئەزىمەت ئىكەن، — دەپ پەرمان قىلىپ، ئۇنىڭ بىر قوشۇق قېنىدىن كەچتى. باتۇرلۇق كۆرسەتكەن قۇيىلدارنىڭ روھى ئۈچۈن، چىڭگىز خان:

— قاداق باتۇر يۈز جىركىنىڭ بىلەن قۇيىلدارنىڭ خوتۇن - بالىلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىسەن! — دەپ پەرمان قىلدى، — ئەگەر ئوغۇل كۆرسەڭ، ئوغلۇڭ قۇيىلدارنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادلىرى ئۈچۈن مەڭگۈ خىزمەت قىلىدۇ. قىز كۆرسەڭ، ئۆز ئالدىڭغا ئۇزاتقۇچى بولمايسەن. قۇيىلدارنىڭ خوتۇن - قىزلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

قۇيىلدار ئۇرۇش قىلىشقا ئاۋۋال ئېغىز ئاچقانلىقى ئۈچۈن، چىڭگىز خان يەنە:

— قۇيىلدارنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتى ئۈچۈن، بالا - چاقىلىرى يېتىم - يېسىرلەر بەھرىمەن بولىدىغان نەپەقىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



بەھرىمەن بولىدۇ ، — دەپ يارلىق چۈشۈردى .

① قابچىغاي — جاي نامى . قابچىغاي ( Khabchighai ) تاغ ، يار ، دەريا بويى ، ئورمانلىق قاتارلىقلاردىكى شامالنىڭ تەسىرىگە كۆپ ئۇچرىمايدىغان ، قولتۇق شەكىلدىكى جاينى كۆرسىتىدۇ . — ت .

② قاداق باتۇر — ئادەم ئىسمى . ۋاڭ خاننىڭ قول ئاستىدىكى پالۋان . ئۇ ھەقتە 170 § دا بايان قىلىنغان . — ت .

## يەتتىنچى باب

186 § ئەلقىسسە، بېقىندۇرۇلغان كەرەيلەرنىڭ ئەل ـ يۇرتى ھەر قايسى تەرەپلەرگە بۆلۈپ بېرىلدى. سۇلدۇدەيلەردىن تاغاي باتۇر خىزمەت كۆرسەتكەنلىكتىن، ئۇنىڭغا جىر كىنلەردىن يۈزى تارتۇق قىلىندى. چىڭگىز خان يارلىق چۈشۈرۈپ، ۋاڭ خاننىڭ ئىنىسى جاقا گامبۇنىڭ ئىككى قىزىنىڭ چوڭى ئىباغا بېكەنى ئۆزى ئالدى، كەنجىسى سورقاقتانى بېكەنى تولۇيغا ئېلىپ بەردى. ئۇلاردىن باشقا، جاقا گامبۇغا ئۆز خەلقىگنى ئۆزۈك يان شوتا قىلارسەن دەپ، ئەل ـ يۇرتىنى تارتۇق قىلىپ، ئۇلارغا چېقىلمىدى.

187 § ــ بادای، كىشلىك، ئىككىلارنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتى ئۈچۈن، ۋاڭ خاننىڭ ئالتۇن تەرمىسى، بارلىق ئۆي بىساتلىرى، ئالتۇن كۆرەگە ـ سابالىرى ۋە تۇتقار ـ خىزمەتكارلىرى سىلەرگە تارتۇق قىلىندى، ــ دەپ پەرمان قىلدى چىڭگىز خان، ــ كەرەيلەرنىڭ ئۇگغوجىتلىرى سىلەرگە كېزەكچى ① بولىدۇ، بۇنىڭدىن كېيىن قۇر ئىسىپ ②، توي ـ زىياپەتلەردە ئۆتۈگلەردىن بەھرىمەن بولىسىلەر. ئۇرۇق ـ ئۇرپاقلىرىڭلارغىچە تارخان بولۇپ، مەڭگۈ بەخت ـ سائادەتلىك ئۆتىسىلەر!

دۈشمەنلەرگە ھۇجۇم قىلىپ،
ئولجا ئالغان مال ـ مۈلۈكلەرنى،
خالىغانچە ئېلىپ بۆلۈشىسىلەر.
ئوۋ ئوۋلاشقا چىقىپ،

ئۇۋلىغان ئوۋ ـ ئولجاڭلارنى ،
خالىغانچە ئۈلتۈرۈپ ئۈلۈشىسلەر !

— باداي ، كىشىلىك ئىككىسى هاياتىمنى قىل ئۇستىدە قالغاندا ئامان ساقلاپ قالدى ، — دېدى چىڭگىز خان يەنە پەرمان قىلىپ ، — تەڭرىنىڭ ئۆز پاناهىدا ساقلىشى بىلەن كەرەيلەرنى بېقىندۇرۇپ ، ئۇلۇغ مەرتىۋىگە ئىگە بولدۇم . بۇنىڭدىن كېيىن ، مېنىڭ ئورنۇمنى باسىدىغان ئۇرۇق ـ ئۇرپاقلىرىم شۇلارغا ئوخشاش تۆهپىكارلارنى ئەبەدىي ئەستىن چىقارماسلىقى !

بېقىندۇرۇلغان كەرەيلەر ھەممەيلەنگە بۆلۈپ بېرىلدى . تۇمەن تۇبەگەنلەرگىمۇ يېتەرلىك بولۇپ بېرىلدى . ئۆلون دوڭغايىتلار بىر كۈن ئۆتمەي تەقسىم قىلىنىپ بولدى . قىزىق قان بۆلاگچى جىركىنلەرنىڭ باتۇرلىرى بۆلۈشكە يېتىشمىگەنلىكتىن ، تارقىتىۋېتىلدى . چىڭگىز خان كەرەيلەرنى يوقاتقاندىن كېيىن ، شۇ يىلى قىشتا ئابجىغا كۆدەگەر ③ دېگەن يەردە قىشلىدى .

① كېزەكچى — ئەسلى تېكىستە keshigten . هازىرقى قوشۇندىكى « بەن » بىلەن باراۋەر بولۇپ ، « نۆۋەتچىلىك قىلغۇچى . كېزەكچى . جېسەكچى » دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ . — ت .

② قۇر ئېسىش — قۇر « ئوقيا : ساداق » . ئۇ بىر خىل سىمۋوللۇق بويۇم بولۇپ . ئالۋان ـ سېلىقلار ياكى باشقا مەجبۇرىيەتلەرنىڭ كەچۈرۈم قىلىنغانلىقىنى ، مەرتىۋە ۋە نوپۇزغا سىمۋوللۇق قىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ . — ت .

③ ئابجىغا كۆدەگەر — جاي نامى . Abjigha kødeger . تۇلا دەرياسىنىڭ بويىدىكى قارا تۇن دېگەن جاي ئەتراپىدا بولۇپ ، ۋاڭ خاننىڭ ماكانى ئىدى . — ت .

188 § ۋاڭ خان بىلەن سەڭگۇم ئىككىسى ئۇرۇشتا ئۆلۈمدىن قېچىپ ، دېدىك ساقال ① دەرياسىنىڭ نەكۈن دېگەن يېرىگە كەلدى . چۆلدەپ كەتكەن ۋاڭ خان سۇ ئىچكىلى بارغاندا ، ئۇنى نايمانلارنىڭ قاراۋۇلى قورىسۇ بەچى كۆرۈپ قېلىپ

تۇتىۋالدى. ئۇ: «مەن ۋاڭ خان بولىمەن» دەپ تۇنۇشتۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى تونىمىغان ھەم ئۇنىڭ گېپىگىمۇ ئىشەنمىگەن قورىسۇ بەچى ئۇنىڭ كاللىسىنى شۇ يەردىلا ئالدى. دىدىك ساقال دەرياسىنىڭ نەكۇن دېگەن يېرىگە يېقىنلىشالمىغان سەڭگۇم ئۇ يەردىن ئەگىپ ئۆتۈپ، چۆل ـ باياۋانلاردا ئۇسسۇلۇق ئىزدەپ كېتىۋېتىپ، كۆكىيۇن چېقىۋالغان قۇلانىنى كۆرۈپ ئاتتىن چۈشتى. شۇ چاغدا ئۇ ئاختاچى نۆكىرى كۆكچۇ ۋە خوتۇنى ئۇچى بىللە ئىدى. ئۇ ئېتىنى ئاختاچىسى كۆكچۇغا يېتەكلىتىپ قويۇپ، ئۆزى قۇلاننىڭ ئالدىغا كېتىۋاتقاندا، كۆكچۇ ئۇنىڭ ئېتىنى يېتەكلىگىنىچە ئارقىغا بۇرۇلۇپ كېتىپ قالدى.

— ئالتۇن دوخاۋىلارنى كەيگەندە، ياخشى تائام ـ يېمەكلىكلەرنى يېگەندە، ئۇ سېنى: «كۆكچۇيۇم» دەپ ئاغزىدىن چۈشۈرمەيتتىغۇ؟ بۇگۈنكى كۈندە ئۆز خانىڭ سەڭگۇمنى تاشلاپ كېتىشكە قانداق بېتىڭ چىدىدى؟ — دەپ شۇ يەردە ماڭماي تۇرۇۋالدى سەڭگۇمنىڭ خوتۇنى.

— سەڭگۇمنى يەنە ئەر قىلماقچى بولۇۋاتامسەن؟ — دېدى كۆكچۇ.

— سەن مېنى ئىتتىن بەتەر خار كۆرۈۋاتامسەن! ئۇ ئالتۇن قاچىنى ئۇنىڭغا قالدۇرۇپ كەت، سۇ بولسىمۇ ئۇسۇپ ئىچسۇن، — دېدى سەڭگۇمنىڭ خوتۇنى.

— ئالە ئالتۇن قاچاڭنى! — دەپ سەڭگۇمگە تاشلاپ بېرىپ، ئېتىنى چاپتۇرۇپ كەتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئاختاچى كۆكچۇ چىڭگىز خاننىڭ قېشىغا كەلدى ۋە سەڭگۇمنى چۆل ـ باياۋانلارغا قانداق تاشلىۋېتىپ كەلگەنلىكى جەريانىنىڭ ھەممىسىنى سۆزلەپ بەردى. بۇنى ئاڭلىغان چىڭگىز خان پەرمان چۈشۈرۈپ، سەڭگۇمنىڭ خوتۇنىنى ئۇنىڭغا تارتۇق قىلدى. ئاختاچى كۆكچۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئۆز خوجايىنىنى — ئۆز خانىنى تاشلىۋېتىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، چىڭگىز خان:

— بۇنداق ئادەمنى كىم ئىشىنىپ نۆكەر قىلىدۇ؟ — دەپ ئۇنىڭ كاللىسىنى ئالغۇزدى.

① دىدىك ساقال — يەنى فەتەك ئوت (« بەش تىللىق مانجۇچە لۇغەت »، ئوت - چۆپلەر قىسمى، Ⅲ، 3997 - بەت). دەريا بويلىرىدا ئۆسىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك. — ت.

§ 189 نايمانلارنىڭ تاياڭ خاننىڭ ئاپىسى گۇربەسۇ:

— ۋاڭ خان ئاۋالقى ئاقساقال، ئۇلۇغ خان، ئۇنىڭ بېشىنى ئەكىلىپ بېقىڭلار، ئەگەر راست ئۇنىڭ بېشى بولسا، بىز نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزۈۋېتەيلى! — دەپ قورىسۇ بەچىننىڭ ئالدىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ۋاڭ خاننىڭ بېشىنى ئالدۇرۇپ كەلدى. گۇربەسۇ باشنى تونۇپ، تۇلاق ① ئۈستىگە قويغۇزدى ۋە كېلىنلىرىنى تەزىم قىلغۇزدى، قىمىز قۇيۇپ، قۇغۇر ② چېلىپ نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزىۋاتقاندا، باش كۈلۈپ كەتتى. بۇنى كۆرگەن تاياڭ خاڭ ئاچچىقىدا ئۇنى دەسسەپ - چەيلىۋەتتى.

— سىلەر ئۆلگەن خاننىڭ بېشىنى ئەكەلدۇرۇپ، يەنە دەسسەپ - چەيلىۋېتىڭلار. بۇ نېمە قىلغىنىڭلار؟ — دەپ سورىدى كۆكسەگۇ سابراغ ھەيران قىلىپ، — ئىتلىرىمىزمۇ سەت ھۇۋلايدىغان بولدى، ئىلگىرى ئىنانچ بىلگە خان دائىم: « خوتۇنۇم تېخى ياش، لېكىن ئېرى بولغان مەن قېرىپ قالدىم. بۇ تاياڭنى دۇئا - تىلاۋەت قىلىپ تىلىۋالغان، لېكىن ئۇ يارىماس بىر نېمە بولۇپ قالدى، ئۇلۇستىكى پەس يالاڭتۆشلەرنى باشقۇرۇپ كېتەلەرمۇ؟ » دەيدىغان. مۇشۇ كۈنلەردە ئىتلارمۇ ئاجايىپ ھۇۋلايدىغان بولدى. خاتۇنۇم گۇربەسۇنىڭ پەرمان -

ياسقى ئۆتكۈر. ھەي مۆھتەرەم خانىم، يارىماس تاياڭ، سەن كەم ئەقىللىقىڭدىن قارچىغا قويۇپ بېرىپ، ئوۋ ئوۋلاشتىن باشقا، قولىڭدىن ھېچقانداق ئىش كەلمەيدىكەن.

— كۈنچىقىش تەرەپتە بىر قىسىم موگغۇللار بار دەپ ئاڭلايمەن، — دېدى تاياڭ خان ئۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، — ئۇلار ئوق - ساداقلىرى بىلەن ھەيۋە قىلىپ، پېشقەدەم ۋاڭ خاننى ئۆلۈمگە مەجبۇرلىغان. ھازىر ھەقىچان ئۇلار خان بولۇش كويىدا يۈرۈدىغاندۇ؟ كۆكتىكى كۈن بىلەن ئاي پۈتۈن ئالەمنى يورۇتۇش ئۈچۈن يارالغان، لېكىن زېمىندە قانداقسىغا ئىككى خان بولسۇن؟ بىز بېرىپ ئۇ موگغۇللارنى بېقىندۇرۇپ كېلەيلى!

— ئۇلارنى نېمە قىلىمىز؟ — دەپ سورىدى ئاپىسى گۈربەسۇ، — تاپ پۇرايدىغان، رەزگى چاپان ئۇ موگغۇللار كۆزۈمىزدىن قانچە يىراق تۇرسا شۇنچە ياخشى! لېكىن، ئەگەر چىرايلىق قىز - چوكانلىرى بولسا ئەكېلىڭلار، ئۇلارنىڭ پۇت - قوللىرىنى پاكىز تازىلىتىپ، سىيىر - قويلىرىمىزنى ساغدۇرايلى!

— نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بېرىپ ئۇ موگغۇللارنىڭ ئوق - ساداقلىرىنى بۇلاپ كېلەيلى! — دېدى تاياڭ خان.

① تۇلاق — Toloq. مۇراسىم ياكى نەزىر - چىراغلاردا يەرگە سالىدىغان ئاق تېكىمەت. — ت.

② قۇغۇر — چالغۇ نامى. khu' ur موگغۇللارنىڭ غېجىكى. — ت.

190 § ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان كۆكسەگۈ:

— ھەي! گەپنى چاغلاپ قىل. ھەي، يارىماس خان! بۇ سىنىڭ گېپىڭمۇ؟ ئەمدى بۇ گەپنى تىلغا ئالغۇچى بولما! — دەپ نەسىھەت قىلغاندىن كېيىن، تاياڭ خان ئۆڭگۈتلارنىڭ ئاقساقىلى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئالاقۇش تىگىت قۇرى دېگىنىگە توربى تاشنى ئەلچىلىككە ئەۋەتىپ خەۋەر يەتكۈزدى.

— كۈنچىقىش تەرەپتە بىر قىسىم موڭغۇللار بار دەپ ئاڭلايمەن. سەن ئوڭ قول بولۇپ ئاتلانساڭ، مەن مۇشۇ يەردىن ئاتلىنىپ، ئاشۇ موڭغۇللارنىڭ ئوق - ساداقلىرىنى بۇلاپ كېلەيلى!

— مەن ئوڭ قولۇڭ بولالمايمەن، — دەپ ئەلچىنى يولغا سالغان ئالاقۇش تىگىت قۇرى دەرھال يوغۇنان دېگەن ئەلچىنى چىڭگىز خاننىڭ ئالدىغا ئەۋەتتى.

— نايمانلارنىڭ تاياڭ خانى ئوق - ساداقلىرىڭلارنى بولىماقچى بولۇپ، مېنى ئوڭ قول بولۇپ بېرىشكە ئەلچى ئەۋەتىپتۇ، لېكىن مەن ئۇنۇمىدىم. شۇڭا، ئالدىڭلارغا ئەلچى ئەۋەتىپ خەۋەرلەندۈرۈپ قويدۇم. ئوق - سادلقلىرىڭلارنى بۇلاپ كېتىشتىن ھەزەر ئەيلەڭلار!

ئالاقۇش تىگىت قۇرى شۇ كۈنلەردە تەمەگەن كەگەر ① ۋە تۈلكىنچە گۈت دېگەن جايلاردائوۋ ئوۋلاپ يۈرگەن چىڭگىز خانغا يوغۇناننى ئەلچىلىككە ئەۋەتىپ خەۋەرنى يەتكۈزدى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان چىڭگىز خان ئوۋ ئوۋلاۋېتىپ ئۇلارغا قانداق تاقابىل تۇرۇش توغرىسىدا مەسلىھەتلەشتى.

— ئاتلىرىمىز ئورۇق ئىدى، ئەمدى قانداق قىلساق بولار؟ — دېيىشتى كۆپچىلىك.

— ئاتلىرىمىز ئورۇق دەپ قاراپ ئولتۇرمايلى! — دېدى ئوتچىگىن نويان، — مانا مېنىڭ ئاتلىرىم سېمىز. مۇشۇنداق خەۋەر كەلسە يەنە قاراپ تۇرىمىزمۇ؟

— تىرىك تۇرۇپ ئوق - سادلقلىرىمىزنى تارقۇزۇپ قويساق، يەنە ياشاپ يۈرگەنىڭ نېمە پايدىسى! — دېدى بەلگۈتەي نويان، — دادىمىز ئوغلۇل دەپ تاپقاندىن كېيىن،

ئۆلسەكمۇ ئوق ـ سوداق ۋە سۆڭەكىمىز بىلەن بىللە ياتقىنىمىز ياخشى ! نايمانلارنىڭ ئېلى چوڭ ، ئادەملىرى كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن ، بىزگە ھەيۋە قىلىۋاتىدۇ . مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇلارغا ھوجۇم قىلايلى ! ئۇلارنىڭ ئوق ـ سوداقلىرىنى بۇلاپ كېلىش قانچىلىك ئىش ئىدى ؟ بىز دەرھال ئاتلىنايلى !

ئۇلارنىڭ قېپقالغان ئۈيىر ـ ئۈيىر يىلقىلىرىنى ،
بېرىپ ھەيدەپ كېلەيلى ؛
ئۇلارنىڭ تاشلاپ كەتكەن ئۆي ـ ئوردىلىرىنى ،
بېرىپ ئىگىللەيلى ؛
ئۇلارنىڭ تاغقا قېچىپ كەتكەن ئاۋام خەلقىنى ،
بېرىپ ئەسىرگە ئالايلى .

ئۇلار ھەيۋە قىلغانىكەن ، يەنە نېمىنى ساقلاپ ئولتۇرىمىز ؟ تېزدىن ھۇجۇمغا ئۆتەيلى !

① تەمەگەن كەگەر ـــ جاي نامى . تەمەگەن ( Temegen ) « تۆگە » ؛ كەگەر ( Ke’ er ) « تۈزلەڭ ؛ دالا » دېگەن مەنىدە . ـــ ت .

191 § بەلگۈتەينىڭ پىكرىنى خوپ كۆرگەن چىڭگىز خان ئۇۋدىن قايتتى ، ئابجىغا كۆدەگەردىن قوزغىلىپ ، قالقا دەرياسىنىڭ ئورنۇغۇتتىكى كەلتەگەي قادا دېگەن يېرىگە چۈشۈپ ، ئادەملىرىنىڭ سانىنى ئالدى . ئۇنىڭدىن كېيىن ھەر مىڭ ئادەمنى مىڭ تۈتۈن قىلىپ تەشكىللىدى . مىڭبېشى ، يۈزبېشى ۋە ئونبېشلىرىنى سايلىدى . يەنە دودەي چەربى ① ، دوقولغۇ چەربى ، ئۆگەلە چەربى ، تولۇن چەربى ، بۇچاران چەربى ، سۇيكەتۇ چەربى قاتارلىق ئالتە چەربىنى سايلاپ چىقتى . مىڭ تۈتۈن ، يۈز تۈتۈن ۋە ئون تۈتۈنلەرنى تەشكىللىگەندىن كېيىن ، سەكسەن كەپتاۋۇل ، يەتمىش تۇرغاۋۇل ، كېزەكچىنى سايلاپ چىقتى . چەربىلەرنى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



تـاللاپ سـەپلەشتە ، مىڭبېشى ، يۈزبېشىنىڭ بالا ـ ئىنىلىرى ۋە ھۆر كىـشىلـەرنـىـڭ قـابىـلىيەتلىك ، ساغلام ۋە چەبدەس بالىلىرىنى تاللىدى .

ــ سـەن مـىـڭ بـاتـۇرنـى تـاللايـسـەن ، ئۇرۇش قـىـلغان كۈنلىرىدە ئالدىمدا تۇرۇپ ھوجۇمغا ئۆتسەن ! ئادەتتىكى كۈنلەردە يېنىمدا تۇرغاۋۇل ۋە كېزەكچى بولۇپ يۈرىسەن ! ــ دەپ پەرمان قـىـلـدى چـىـڭـگـىـز خان ئارقاي قاسارغا ، ــ ئۆگەلە چەربى سەن يـەتـمـىـش تـۇرغـاۋۇلنى باشقۇرىسەن ھەمدە قۇدۇس قالچان بىلەن كېڭىشىپ ئىش كۆرىسەن !

① چـەربـى ــ ئەمـەل نـامـى . چـەربـى ( Cherbi ) « لـەشـكـەربـېـشى : قوماندان » . ــ ت .

§ 192 ــ قـۇرچـى ، تـۇرغـاۋۇل ، كـېـزەكـچى ، باۋۇرچى ، بـالاقـاچـى ① ۋە ئاخـتـاچىلار كۈن بويى نۆۋەتچىلىك قىلىدۇ ، ــ دەپ پـەرمـان قـىـلـدى چـىـڭـگـىـز خان يەنە ، ــ كۈن پېتىشتىن ئـىـلـگـىـرى بـاشـقـۇرـۇاتـقـان ئىشلىرىنى تۇرغاۋۇللارغا ئۆتكۈزۈپ بـەرگـەنـدىـن كېيىن ، ئاتلىرىغا مىنىپ سىرتتا تۈنەيدۇ . تۇرغاۋۇللار ئۇردا ئەتـىـراپـىـدا نۆۋەتچىلىك قىلىدۇ . كىمگە نۆۋەت كەلسە ، شۇ نـۆۋەتـچـىـلـىـك قـىـلىدۇ ؛ بالاقاچىلارمۇ نۆۋەت بىلەن نۆۋەتچىلىك قـىـلىدۇ ! قۇرچىلار بىلەن تۇرغاۋۇللار ئەتىسى ئەتىگەندە بىز شورپا ئىچىپ بولغاندا ، كەپتاۋۇللارغا نۆۋەت ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ . قۇرچى ، تۇرغاۋۇل ، باۋۇرچى ، بالاقاچىلار ئۆز ئورنىدا تۇرۇپ ، ئۆز ئورنىنى سـاقلايـدۇ . ئۈچ كـېـچـە ـ كۈنـدۈز نۆۋەتچىلىك قىلىپ ، بەلگىلىمە بـويـىـچـە ئۈچ كـېـچـە ـ كـۈنـدۈز تۈنىگەندىن كېيىن ئالمىشىدۇ . كېچىلىرى كەپتاۋۇللار بەلگىلىنىدۇ ! ئۇلار ئەتىراپتا تۈنەيدۇ !

شـۇنـداق قىلىپ ، چىڭگىز خان ئادەملەرنى مىڭ تۈتۈندىن

تەشكىللىدى، چەربىلەرنى سايلىدى. سەكسەن كەپتاۋۇل، يەتمىش تۇرغاۋۇلنى تاللىدى؛ ئارقاي قاسارغا باتۇرلارنى تاللاتقاندىن كېيىن، قالقا دەرياسىنىڭ ئورنۇغۇدىكى كەلتەگەي قادا دېگەن يېرىدىن نايمانلارنى جازالاشقا ئاتلاندى.

① بالاقاچى — Blakhachi، ئوردا ئىشىكىنى باققۇچى. ئىشىكباقار، دەرۋازا ساقلىغۇچى. — ت.

193 § چاشقان يىلى ①، باش يازنىڭ 16 ـ كۈنى، «قۇتلۇق كۈن» ② ئىدى. چىڭگىز خان تۇغقا ئاتاپ نەزىر بەرگەندىن كېيىن ئاتلاندى. جەبە بىلەن قۇبىلاي ئىككىسىنى ئالغىنچى قىلىپ ئاتلاندۇرى. ئۇلار كەلۇرەن دەياسىنى ئۆرلەپ، ساغىرى كەگەرگە كەلگەندە، قاڭقارقان تېغىنىڭ چوققىسىدا قاراۋۇللىرىمىز نايمانلارنىڭ قاراۋۇللىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، بىلەن قوغلىشىپ كەتتى. نايمان قاراۋۇللىرى قاراۋۇللىرىمىزدىن كونا ئېگەرلىك بىر تۇم بوز ئاتنى تارتىۋالدى. ئۇلار ئاتنى كۆرۈپ:

— موڭغۇللارنىڭ ئاتلىرى ئورۇق ئىكەن، — دېيىشتى.

بىزنىڭ غول قوشۇنىمىز ساغارى كەگەرگە كېلىپ، ئۇلار بىلەن قانداق ئۇرۇش قىلىش توغرىسىدا مەسلىھەتلەشتى.

— بىزنىڭ چېرىكلىرىمىز ئاز، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇزاق يوللارنى بېسىپ ھېرىپ ـ چارچاپ كەتتى، — دەپ تەكلىپ بەردى دودەي چەربى چىڭگىز خانغا، — شۇڭا، بىز مۇشۇ ساغارى كەگەردە چېرىكلىرىمىزنى تارقاقلاشتۇرۇپ ئارام ئالدۇرايلى، ئاتلىرىمىزنى تويغۇزۇۋالايلى؛ ئادەملىرىمىزنىڭ ھەر بىرى بەش يەرگە كېچىلەپ گۈلخان ياقسۇن. ئوت بىلەن ئۇلارنى قورقىتايلى. نايمانلارنىڭ ئادىمى كۆپ بولغىنى بىلەن، خانى ئۆيدىن چىقىپ

www.uyghurkitap.com



باقمىغان يارىماس بىر نېمە ئىكەن. بىز ئۇلارنى گۇلخان بىلەن قورقىتىپ تۇرغاندا، ئاتلىرىمىزمۇ تويىنىپ بولىدۇ. ئاتلار تويۇنغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ قاراۋۇللىرىنى غول قوشۇنى تۇرۇشلۇق جايىغىچە قوغلاپ بارساق، ئۇلار پاتىپاراق بولۇپ كېتىدۇ، شۇ چاغدا ھوجۇمغا ئۆتسەك بولماسمۇ؟

بۇ تەكلىپنى توغرا كۆرگەن چىڭگىز خان:

— گۇلخان يېقىڭلار! — دەپ بۇيرۇق بەردى چېرىكلىرىگە. شۇنىڭ بىلەن، ھەر بىر چېرىك بەش يەرگە گۇلخان يېقىپ، ساغارى كەگەردە تارقاقلىشىپ تۇنىدى. سانسىز گۇلخاننى كۆرگەن قاڭقارقان چوققىسىدىكى نايمان قاراۋۇللىرى:

— موڭغۇل چېرىكلىرىنى ئاز دېيىشىۋاتاتتى؟ ياققان گۇلخانلىرى يۇلتۇزلاردىنمۇ كۆپ تۇرامدۇ! — دېيىشىپ، تارتىۋالغان ھېلىقى كونا ئېگەرلىك تۇم بوز ئاتنى تاياڭ خانغا ئەۋەتىپ خەۋەر يەتكۈزدى:

— موڭغۇل چېرىكلىرى ساغارى كەگەرگە كېلىپ بوپتۇ، بىر كېچىدىلا شۇنچە ئاۋۇپ كەتكەنىمدۇ؟ ئۇلارنىڭ گۇلخانلىرى يۇلتۇزلاردىنمۇ كۆپ ئىكەن!

① چاشقان يىلى — مىلادىيە 1204 - يىلى. — ت.
② « قۇتلۇق كۈن » — ئىككىنچى باب 81 § ئىزاھات ① گە قاراڭ. — ت.

194 § قاڭغاي تېغىنىڭ ① قاچىر ئۇسۇن دېگەن يېرىدە تۇرۇۋاتقان تاياڭ خان قاراۋۇلنىڭ يەتكۈزگەن خەۋىرىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئوغلى كۈچلۈك خانغا:

— موڭغۇللارنىڭ ئاتلىرى ئورۇق، بىراق ياققان گۇلخانلىرى يۇلتۇزلاردىنمۇ كۆپ ئىكەن دەيدۇ، — دەپ خەۋەر

يەتكۈزدى ، ــ قارىغاندا ، موڭغۇللار خېلى كۆپ ئوخشايدۇ . ھازىر ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇپ قالساق ، ئۇلاردىن قۇتۇلالامسىزكىن ؟

ئەگەر ئۇرۇشۇپ قالساق ،
ئۇلار كۆزىنىمۇ مىت قىلماس ،
يۇزىدىن قارا قان ئاقسىمۇ ،
ئۆزىنى ھەرگىز دالدىغا ئالماس .
ئۇنداق جاھىل موڭغۇللار بىلەن ،
ئۇرۇشقانىنىڭ نېمە پايدىسى ؟

موڭغۇللارنىڭ ئاتلىرى ئۇرۇق دەيدۇ . شۇڭا ، ئۇلۇسىمىز بىلەن ئالتايغا كۆچۈپ ، قوشۇنىمىزنى رەتكە سالغاندىن كېيىن ، ئۇلارنى ئالتاي تېغىغىچە ئىتتەك كەينىمىزدىن ئەگەشتۈرۈپ كېلەيلى . بىزنىڭ ئاتلىرىمىز سەمرىپ ئېسىلىپ كەتتى ، ئۇنىڭغىچە موڭغۇللارنىڭ ئاتلىرى ھېرىپ قالىدۇ ، شۇ چاغدا بىز كەينىمىزگە يېنىپ ئۇلارنى ئەدەپلەيلى !

ــ تاياڭنىڭ مەزلۇملاردەك قورقۇپ دېگەن گېپىنى قارا ، ئۇنچە كۆپ موڭغۇللار نەدىن كېلەتتى ؟ كۆپىنچىسى جامۇقا بىلەن بىز تەرەپتە تۇرسا .

ئىككىقات خوتۇنىنىڭ سىيگەن يېرىغىچە ،
چاقۇا باغلاقلىق موزاينىڭ ئوتلىغان يېرىگىچە ،
چامداپ باقمىغان مەزلۇم تاياڭ ،
قورقۇپ مۇشۇ خەۋەرنى يەتكۈزدۇمۇ ؟

دەپ ، كەلگەن ئەلچىنى دادىسىنىڭ كۆڭلىگە كېلىدىغان سۆزلەر بىلەن يولغا سالدى كۇچلۇك خان . ئۆزىنى مەزلۇملارغا ئوخشىتىلغان تاياڭ خان :

ــ مەردۇمەردان كۇچلۇك ،
ئۇرۇش كۈنى كەلگەندە ،

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېتى



جاسارەتتىن يانمىغىن !
دۈشمەنلەر بېسىپ كېلىپ ،
ئۇرۇش - چېپىش باشلانسا ،
ئۆلاردىن قۇتۇلىمەن دەپ ،
خام خىيال قىلمىغىن !

دېدى . بۇ گەپنى ئاڭلاپ ، تاياڭ خاننىڭ قول ئاستىدىكى نويان قورى سۈبەچى :

— ئاتاڭ ئىنانچ بىلگە خان ئۆزى بىلەن تەڭداش دۈشمەنلەرگە يەڭگىتلىك دۈمبىسىنى ، تۇلپارنىڭ ساغرىسىنى كۆرسەتمىگەن ، — دېدى تاياڭ خانغا ، — ئەتىگەندە قورقۇپ كەتكىنىڭ نېمىسى ؟ سېنىڭ بۇنداق توخۇ يۈرەكلىكىڭنى بالدۇر بىلگەن بولسام ، ئاپاڭ گۇربەسۇ ئايال بولسىمۇ ، قوشۇنغا ئىگىدارچىلىق قىلسا بوپتىكەن ! ئەپسۇسكى ، كۆكسەگۇ سابراغ ياشىنىپ قالدى ! بولمىسا قوشۇنىمىزنىڭ ياسىقى بۇنداق بوشىشىپ كېتەمتى ؟ موڭغۇللارنىڭ تەلىيى كەلدى ! ھەي ، قاملاشمىدى ! يارىماس تاياڭ سەن قاملاشمىدىڭ ! — دەپ ، سادىقىغا بىرنى ئۇردى - دە ، ئېتىنى قامچىلاپ باشقا ياققا كەتتى .

① قاڭغاي تېغى — تاغ نامى . Khanghai . ھازىرقى خانگاي تاغ تىزمىسى . — ت .

§ 195 بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئەرۋاھى ئۇچقان تاياڭ خان :

— بەرىبىر قىيىنلىدىغان تەن ، ئۆلىدىغان جانغۇ بۇ ! سوقۇشساق سوقۇشايلى ! — دېدى - دە ، قاچىر ئۇسۇن دېگەن جايدىن قوزغىلىپ ، تامىر دەرياسىنى ① بويلاپ ، ئورخون دەرياسىدىن ئۆتۈپ ، ناقۇ يارنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىنىڭ ئېتىكىنى

بېسىپ، چاكىرماغۇت دېگەن يەرگە يېتىپ كەلگەندە، ئۇلارنى چىڭگىز خاننىڭ قاراۋۇللىرى كۆرۈپ قېلىپ: «نايمانلار كەلدى!» دەپ خەۋەر بەردى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان چىڭگىز خان:

— ئۇلارنى كۆپ بولسا كۆپىنى، ئاز بولسا ئازىنى زىيانغا ئۇچرىتايلى! — دەپ پەرمان قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا قارشى ئاتلىنىپ، قاراۋۇللىرىنى قوغلىدى. چىڭگىز خان چېرىكلىرىنى رەتلەۋاتقاندا، سەركەردىلىرى:

— ئوتلاقتا بېسىپ ماڭغاندەك ئىلگىرىلەپ، كۆلدەك سەپ تۈزۈپ، پالتىدەك يېرىپ كىرىپ، ئۇلار بىلەن ئېلىشايلى! — دېيىشتى. چىڭگىز خان ئۆزى ئالغىنچى بولۇپ، قاسارنى غول قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىشقا، ئوتچىگىننى كۆتەل ئاتلارنى باشقۇرۇشقا بۇيرىدى. نايمانلار چاكىرماغۇتتىن كەينىگە يېنىپ، ناقۇ يارنىڭ كۈنگەي تەرىپىنىڭ ئېتىگىگە كېلىپ سەپ تۈزدى. شۇ چاغدا تاياڭ خان بىزنىڭ قاراۋۇللىرىمىز نايمانلارنىڭ قاراۋۇللىرىنى ناقۇ يارنىڭ كۈنگەي تەرىپىدىكى غول قوشۇنى تۇرۇشلۇق جايغىچە قوغلاپ كېلىۋاتقانلارنى كۆردى.

شۇ جەرياندا جامۇقا نايمانلار بىلەن قوشۇن تارتىپ يېتىپ كەلدى.

— قويلارنى قوتانغىچە سۈرۈپ كەلگەن بۆرىدەك قوغلاپ كېلىۋاتقانلار كىم ئۆزى؟ — دەپ سورىدى تاياڭ خان جامۇقادىن.

— تېمۈرچىن ئادەمنىڭ زەنجىرلاپ باغلاپ، ئادەم گۆشى بىلەن باققان تۆت ئىتى، — دېدى جامۇقا، — قاراۋۇللىرىمىزنى قوغلاپ كەلگەنلەر شۇلار. ئۇ تۆت ئىتنىڭ

ماڭلايلىرى مىستەك،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



تۇمشۇقلىرى نەيزىدەك ،
تىللىرى بىگىزدەك ،
قامچىلىرى قىلىچتەك ؛

شەبنەمنى ئوزۇق قىلىپ ،
شامالنى ئات ئېتەر .
جەڭ كۈننى ئاگىلىسا ،
ئادەم گۆشىنى يەم قىلار ؛
تۇتۇشقان كۈنى بولسا ،
ئادەم گۆشىنى ئوزۇق ئېتەر .
هازىر زەنجىرلىرىدىن بوشىنىپ ،
خوشاللىقىدا ئويناقشىپ ،
شۆلگەيلىرىنى ئاققۇزۇپ كېلىۋاتامدۇ ؟

ئۇ تۆت ئىتنى كىملەر دەپ سورىسىڭىز ، ئىككىسى جەبە بىلەن قۇبىلاي ، يەنە ئىككىسى جەلمە بىلەن سۇبەگەتەي . ئۇ تۆت ئىت ئەنە شۇلار ئىدى .

— ئۇنداق بولسا ئۇ يەسلەردىن نېرىراق تۇرايلى ، — دېگەن تاياڭ خان كەينىگە چېكىنىپ ، تاغ باغرىدا سەپ تۈزدى . ئۇلار نىڭ كەينىدىن سەكرەپ ـ ئويناقشىپ كېلىۋاتقانلارنى كۆرگەن تاياڭ خان :

— ئۇلار قۇلۇنلىرىنى نېمە دەپ بالدۇر قويىۋەتتى ؟ ئۇلار سۈت ئەممەكچى بولۇپ ، بىيىنىڭ ئەتراپىدا ئويناقشىپ يۈرگەن قۇلۇندەك ، كەينىمىزدىن كېلىۋاتقىنى كىملەر ؟ — دەپ سورىدى جامۇقادىن يەنە .

— ئاگىلىشمچە ، — دېدى جامۇقا ، — ئۇلار
نەيزىلىك ئەزىمەتلەرنى قانغا مۇلەپ ،

مال ـ مۈلكنى بۇلىماقچى بولغان؛
قىلىچلىق باتۇرلارنى قىيما قىلىپ،
ئۆي ـ بىساتىنى بۇلىماقچى بولغان،
ئاتالمىش ئورۇغۇت، ماڭغۇت پالۋانلىرى.
كۆرمىدىڭىزمۇ، ئاتلىرىنى ئويىنىتىپ قوغلاپ كېلىۋاتقىنىنى؟
ـــ ئۇنداق بولسا ئۇ ئەسكىلەردىن نېرىراق تۇرايلى! ـــ دەپ يەنە كەينىگە چېكىنىپ، تاغقا چىقىپ سەپ تۈزدى تاياڭ خان.
ـــ ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئاچ بۆركۆتتەك تۇمشۇقىنى سوزۇپ كېلىۋاتقان كىم ئۇلار؟ ـــ دەپ سورىدى تاياڭ خان جامۇقادىن يەنە.
ـــ ئالدىدا كېلىۋاتقىنى تېمۇرچىن ئاندام، ـــ دېدى جامۇقا يەنە، ـــ ئۇنىڭ
پۈتۈن بويى مىس بىلەن قاپلانغان،
بىگىز تىقساڭمۇ پاتماس،
پۈتۈن تېنى چويۇن بىلەن قۇيۇلغان،
يىڭنە سانجىساڭمۇ كىرمەس.
ئۇنىڭ ئاچ بۆركۆتتەك شۆلگەيلىرىنى ئاققۇزۇپ ئېتىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرمىدىڭىزمۇ؟ ئىلگىرى: «ھەي، نايمان پالۋانلىرى، موڭغۇللارنى چىنچىقاق ئوغلاقلىرىغىچە قويماي قىرىۋېتىمىز» دېگەنىدىڭىز، مانا ئەمدى دەردىنى تارتىدىغان ئوخشايمىز.
ـــ نېمە دېگەن ۋەھشىي! تاغقا چىقىپ سەپ تۈزەيلى! ـــ دەپ تاغقا قاراپ چېكىندى تاياڭ خان يەنە.
ـــ ئۇلارنىڭ كەينىدىن ھەيۋەت بىلەن كېلىۋاتقان يەنە كىم ئۇ؟ ـــ دەپ سورىدى تاياڭ خان جامۇقادىن يەنە.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



— ئۇ ئۇلۇن ئۇجىننىڭ ئوغلى ، — دېدى جاموقا يەنە ، — ئۇ

ئادەم گۆشى بىلەن بېقىپ چوڭ قىلغان ،
بويى ئۈچ غولاچ كېلىدىغان ،
بىر غۇناجىننى يەۋېتىدىغان ؛
ئۈچ قەۋەت ساۋۇت كىيىۋالىدىغان ،
ئۈچ بۇقىنى يۇلۇپ ئالىدىغان ؛
ئوقيالىقنى پۈتۈن يۇتسە ،
گېلىغا تۇرۇپ قالمايدىغان ؛
تىرىك ئەزىمەتنى يۇتسە ،
قورسىقىغا دال بولمايدىغان ؛
غەزەب بىلەن كىرىچنى كەرسە ،
ئاتقان تۆت قىرلىق ئوقى ،
تاغ - چوققىلاردىن ئېشىپ ،
ئون ، يىگىرمە ئادەمنى تېشىۋېتىدىغان ؛
ئاچچىق بىلەن كەرسە يانى ،
ئاتقان ئۈچار ئوقى ،
دالا - تۈزلەردىن ئېشىپ ،
ئېلىشىۋاتقان چېرىكلەرنى تېشىۋېتىدىغان ؛
چىڭراق كەرسە يانى ،
توققۇز يۈز غولاچتىن ئاشىدىغان ؛
بوشراق يانى يانى ،
بەش يۈز غولاچتىن ئاشىدىغان ؛

باشقىلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ، بوي - تۇرقى دېۋىدەك جوچى قاسار دېگەن شۇ .

— ئۇنداق بولسا ، دەرھال ئېگىز تاغقا چىقىۋالايلى ، يۇقىرى

ئۆرلەيلى ! — دەپ تاغقا قاراپ ئۆرلەپ سەپ تۈزدى تاياڭ خان يەنە.

— ئۇنىڭ كەينىدىن كېلىۋاتقان كىم ئۇ ؟ — دەپ سورىدى تاياڭ خان جامۇقادىن يەنە.

— ئۇ ئۆلۈن ئۈجىنىڭ ئەڭ كىچىك ، جىگەرلىك ئوغلى ئوتچىگىن ، — دېدى جامۇقا يەنە ، — ئۇ

كەچ يېتىپ سەھەر تۇرۇپ ،

ئەل كەينىدە زىنھار قالماس.

ئۇرۇشقا ئاتلانغاندا ،

سەپ كەينىدە پەقەت قالماس.

— ئۇنداق بولسا ، تاغ چوققىسىغا چىقىپ كېتەيلى ! — دېدى تاياڭ خان يەنە.

① تامىر دەرياسى — دەريا نامى. تامىر ( Tamir ) يەنى « تومۇر ». موڭغۇلىيىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى تامىر دەرياسى. — ت.

§ 196 — بېرىپ ئاندامغا دەپ قويۇڭلار ، — جامۇقا تاياڭ خانغا بۇ گەپلەرنى دەپ بولغاندىن كېيىن ، نايمانلاردىن بۆلىنىپ چىقىپ ، چىڭگىز خانغا خەۋەر يەتكۈزدى ، — تاياڭ خان

دېگەنلىرىمنى ئاڭلاپ ،

ئەس - هۇشىنى يوقىتىپ ،

ئېگىز جايغا چىقىۋالدى ؛

دېگەنلىرىمدىن قورقۇپ ،

ئېگىز تاغقا قىچىپ كەتتى.

ئاندا غەيرەت قىل ،

ئۇلار تاغقا چېكىنىپ كەتتى.

ئۇلاردا سوقۇش قىلغۇدەك يۈرەك قالمىدى ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ھازىر نايمانلاردىن بۆلۈنۈپ كەتتىم.

كەچ بولۇپ قالغاچقا، چىڭگىز خان ناقۇ يارىنى قوغداپ تۈنەپ قالدى. شۇ كېچىسى قاچقان نايمانلار ناقۇ چوققىسىدىن سىرىلىپ ئۈستى ـ ئۈستىگە چۈشۈپ، سۆڭەك ـ ئۇستىخانلىرى پور كۆتەكتەك كۇكۇم ـ تالغان بولۇپ كەتتى. ئەتىسى سەھەردە قېچىشقا يول تاپالماي تەمتىرەپ يۈرگەن تاياڭ خان قولغا چۈشتى. كۈچلۈك خان باشقا جايدا بولغاچقا، ئاز بىر قىسىم ئادەملىرى بىلەن قېچىپ كەتتى. ئۇ تامىر دەرياسى بويىغا كېلىپ قوش تىكىپ تۇرۇشىغا، چېرىكلەر قوغلاپ كەلدى. ئۇ تاقابىل تۇرالماي يەنە قاچتى، چىڭگىز خان ئالتاي تېغىنىڭ كۈنگەي تەرىپىدىكى نايمانلار ئېلىنى بويسۇندۇرۇپ، جامۇقا بىلەن بىللە يۈرگەن جاداران، قاتاگىن، سالجىغۇت، دۆربەن، تايچىغۇت، ئۇڭگىراتلارنى بېقىندۇرۇپ، ئۇلارنى شۇ يەردە ئۆتكۈزۈۋالدى. چىڭگىز خان تاياڭ خانىنىڭ ئانىسى گۇربەسۇنى چاقىرىپ كېلىپ:

— سەن موڭغۇللارنى سېسىق دەۋاتماتتىڭ؟ ئەمدى بۇ يەرگە نېمە دەپ كەلدىڭ؟ — دەپ سورىدى ۋە ئۇنى خوتۇنلۇققا ئالدى.

197 § چاشقان يىلى ① كۈزدە، چىڭگىز خان قارا دال ② قوجاغۇر دېگەن يەردە، مەركىتلەردىن توغتوغا بەگىنىڭ قوشۇنى بىلەن ئۇرۇشتى، ئۇلارنى مەغلۇپ قىلىپ، ساغرى دالاسىدا ئۇنىڭ ئەل ـ يۇرتىنى بېقىندۇردى. توغتوغا ئىككى ئوغلى قۇتۇ. چىلاغۇن ۋە بىر نەچچە ئادىمى بىلەن قېچىپ كەتتى. مەركىتلەرنى بېقىندۇرغاندىن كېيىن، ئۇۋاس مەركىتلەردىن دايىر ئۇسۇن قىزى قۇلان خاتۇننى چىڭگىز خانغا تارتۇق قىلىش ئۈچۈن كېتىۋاتقاندا، چېرىكلەر ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇۋالدى.

— مۇنۇ قىزىمنى چىڭگىز خانغا تارتۇق قىلاي دەپ كېتىۋاتاتتىم، — دېدى دايىر ئۇسۇن باغارىنلاردىن ناياغا نويانغا ئۇچراپ قېلىپ.

— ئۇنداق بولسا، قىزىڭنى بىز بىللە ئاپىرىشىپ بېرەيلى، — دېدى ناياغا نويان ئۇلارنى سەپەردىن توختىتىپ، — يالغۇز ماڭساڭ، بۇ مالىمانچىلىق كۈنلەردە جېنىڭدىن ئايرىلىشىڭ، قىزىڭمۇ دەپسەندە قىلىنىشى مۇمكىن.

ئۇلارنى ئۈچ كېچە - كۈندۈز ساقلاتقاندىن كېيىن، ناياغا نويان دايىر ئۇسۇن بىلەن قۇلان خاتۇننى چىڭگىز خاننىڭ ئالدىغا ئەكەلدى. چىڭگىز خان ناياغا نويانغا:

— ئۇلارنى نېمە دەپ ساقلاتتىڭ؟ — دەپ ئاچچىقىدا ئۇنى قاتتىق سوراققا تارتىپ، جازالىماقچى بولغاندا، قۇلان خاتۇن:

— ناياغا بىزگە: «مەن چىڭگىز خاننىڭ سەركەردىسى بولىمەن. قىزىڭنى خانغا بىز بىللە ئاپىرىشىپ بېرەيلى. ھازىر جاھان بەك قالايمىقان» دېگەنىدى، — دېدى ئارىغا چۈشۈپ، — ئەگەر ناياغادىن باشقا چېرىكلەرگە ئۇچراپ قالغان بولساق، بۇ قالايمىقانچىلىقتا نېمە كۈنلەرنى كۆرەر ئىدۇق؟ تەلىيىمىزگە ناياغاغا ئۇچراپ قاپتۇق. خان ئالىيلىرى، ناياغانى سوراققا تارتقاندىن كۆرە، تەڭرىنىڭ ئەمرى بىلەن ئاتا - ئانامدىن تۇغۇلغان تېنىمدىن سورىغايلا.

شۇنىڭ بىلەن سوراققا تارتىلغان ناياغا: — پىقىر خان ئالىيلىرىدىن باشقا باش پاناھىم يوق، — دېدى سوراققا تارتىلغان ناياغا، — ئىلگىرى

ياقا يۇرتلۇقلارنىڭ
سەتەڭ قىز - خاتۇنلىرىنى ئۇچراتساق،
ھەدىيە قىلىمىز خانغا،

www.uyghurkitap.com



ساغرىلىق تۇلپار ـ دۇلدۇللارنى تۇتۇۋالساق ،
تارتۇق قىلىمىز ئالىيلىرىغا .

دەپ قەسەم قىلىشقانىدۇق . ئەگەر يامان نىيەتتە بولغان بولسام ، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىشقا رازىمەن !

چىڭگىز خان قۇلان خاتۇننىڭ گېپى بويىچە ، شۇ كۈنى كېچىسى تەكشۈرۈپ كۆرگەندى ، ئېيتقىنىدەك ساق چىقتى ، چىڭگىز خان قۇلان خاتۇنغا ئىلتىپات قىلىپ ، مېھىر ئاتا قىلدى . ناياغا نويانىنىڭ ئېيتقانلىرى توغرا چىققانلىقتىن ، ئۇنىڭغا :

ــ راست گەپ قىلىدىكەنسەن ، چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنى تاپشۇرساق بولغۇدەك ، ــ دەپ ، ئۇنى كەچۈرۈم قىلدى .

① چاشقان يىلى ــ مىلادىيە 1204 ـ يىلى . ــ ت .

② قارا دال ــ Khara dal ، « قارا دالا ، قارا يايلاق » دېگەن مەنىدە . ــ ت .

# سەككىزىنچى باب

198 § ئەلقىسسە، چىڭگىز خان مەركىتلەرنى بېقىندۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، توختوغا بەگنىڭ چوڭ ئوغلى قۇتنىڭ تۆگەي بىلەن دۆرگەنە دېگەن ئىككى خوتۇنىنىڭ بىرى دۆرگەنەنى ئۆگەدەي خانغا ① ئېلىپ بەردى. ئاسىيلىق قىلىپ قېچىپ كەتكەن بىر قىسىم مەركىتلەر تايقالدا ② قورغان قۇرۇۋالدى. چىڭگىز خان سورقان شىرانىڭ چوڭ ئوغلى چىمباينى مەنسەپكە تەيىنلەپ، سول قانات قوشۇنىنى باشلاپ، قورغان قۇرۇپ ئولتۇرغان ئاشۇ مەركىتلەرنى بېقىندۇرۇپ كېلىشكە پەرمان قىلدى. ئۆزى بولسا ئوغلى قۇت، چىلاغۇن ۋە ئاز بىر قىسىم ئادەملىرى بىلەن قېچىپ كەتكەن توختوغانى قوغلاپ، ئالتاي تېغىنىڭ كۈنگەي تەرىپىدە قىشلىدى.

كالا يىلى ③ ئەتىيازدا، چىڭگىز خان ئۇلارنى قوغلاپ ئارايدىن ④ ئاشتى. شۇ چاغدا ئەل - يۇرتلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان نايمانلاردىن كۈچلۈك خان ۋە ئاز بىر قىسىم ئادەملىرى بىلەن جىيىننى ئېلىپ قاچقان مەركىتلەردىن توختوغا ئىككىسى ئېرتىش دەرياسىنىڭ ⑤ باش ئېقىنىدىكى بۇكتۇرما ⑥ دېگەن يېرىدە قوشۇنلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ سەپلەۋاتقاندا، چىڭگىز خان يېتىپ كېلىپ، ئۇلارغا ھۇجۇم قىلدى. ئۇرۇشتا توختوغا غايىپتىن ئوق تېگىپ، شۇ يەردىلا جان ئۈزدى. ئۇنىڭ بالىلىرى ئۆلۈكىنى يا يەرلىككە قويالمىغان، يا ئەكەتەلمىگەنلىكتىن، ئاخىر بېشىنى كېسىپ ئەكەتتى. بىرلىشىپمۇ تەڭ كېلەلمىگەن نايمان، مەركىتلەر ئارقا - ئارقىدىن قېچىپ، ئېرتىش دەرياسىدىن ئۆتكەندە،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئۆلارنىڭ يېرىمى سۇغا غەرق بولۇپ كەتتى . ئامان قالغانلىرى دەريادىن ئۆتكەندىن كېيىن ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتتى . نايمانلارنىڭ كۈچلۈك خانى ئۇيغۇر ۋە قارلۇقلارنىڭ ⑦ يۇرتى ئارقىلىق سارتاغۇللار يۇرتىغا كېلىپ ، چۇي دەرياسى ۋادىسىدىكى قاراقىتانلارنىڭ گۇرخانىغا ⑧ پاناھ تارتىپ باردى . مەركىتلەردىن توغتوغا ئوغلى قۇتۇ ، غال ، چىلاغۇن ۋە بىر قىسىم مەركىتلىرى بىلەن قاڭلى ، قىپچاقلارنىڭ ⑨ يۇرتى ئارقىلىق قېچىپ كەتتى . چىڭگىز خان قوشۇننى يىغىپ ، ئاراي تېغىدىن ئېشىپ ، ئاغرۇقىغا قايتىپ كەلدى . چىمباي تايقالدا قورغان قۇرۇپ ئولتۇرغان مەركىتلەرنى بېقىندۇردى . چىڭگىز خان پەرمان چۈشۈرۈپ ، مەركىتلەرنىڭ ئۆلتۈرىدىغانلىرىنى ئۆلتۈرۈپ ، قالغانلىرىنى چېرىكلىرىگە تالان ـ تاراج قىلغۇزدى . ئىلگىرى بېقىندۇرۇلغان مەركىتلەر ئاغرۇقتا يەنە جېدەل چىقارغانلىقتىن ، ئاغرۇقتىكى كۆتۈچىلەر ⑩ ئۇلارنى جىمىقتۇردى . شۇنىڭ بىلەن چىڭگىز خان :

— بۇلارنى بىر يەرگە يىغىپ قويساق ، جېدەل چىقىرىپ تۇرىدىكەن ، — دەپ پەرمان چۈشۈرۈپ ، مەركىتلەرنى بىرىنى قويماي ھەر قايسى تەرەپلەرگە بۆلۈۋەتتى .

① بۇ چاغدا ئۆگەدەي تېخى خان ئەمەس ئىدى . بۇ سۆزنى كىتابنى كېيىنكى رەتلىگۈچىلەر قوشۇپ قويغان بولۇشى مۇمكىن . — ت .

② تايقال — تاغ نامى . تايقال ( Taikhal ) يەنى « تايغا ، تىك يارلىق تاغ » دېگەن مەنىدە . — ت .

③ كالا يىلى — مىلادىيە 1205 ـ يىلى . — ت .

④ ئاراي — تاغ نامى . ھازىرقى ئالتاي تېغىنىڭ داۋانى ياكى ئېغىزى بولۇشى مۇمكىن . ئورنى ھازىر روسىيە تەۋلىكىدە . — ت .

⑤ ئېرتىش دەرياسى — دەريا نامى . ئېرتىش ( Erdis ) . ھازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئالتاي ۋىلايىتىدىن مەركىزىي ئاسىيادىكى زەيسان كۆلى ئارقىلىق شىمالغا قاراپ ئاقىدىغان دەريا . — ت .

⑥ بوقتۇرما — دەريا نامى. هازىرقى بوختارما دەرياسى. ئېرتىش دەرياسىنىڭ ئوڭ تارماق ئېقىنى. بوقتۇرما «بوكتۇرمە» دېگەن قۇشنىڭ نامىدىن كەلگەن. — ت.

⑦ قارلۇقلار — قەبىلە نامى. قارلۇق ( Kharlu' ud ) ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بالقاش كۆلىنىڭ شەرقىي قاتارلىق جايلاردا ياشىغان كۆچمەن تۈركىي تىللىق قەبىلە. — ت.

⑧ بۇ چاغدىكى قارا قىتان ( Khara Kitad ) لارنىڭ گۇرخانى چۈرۈق ئىدى. كۈچلۈك پاناھ تارتىپ كەلگەندىن كېيىن، چۈرۈق قىزىنى ئۇنىڭغا بەرگەن. — ت.

⑨ قىپچاقلار — قەبىلە نامى. قىپچاق ( Khipchak ) لار ئۇرال تاغلىرى بىلەن ۋولگا دەرياسى ئارىلىقىدا، هازىرقى قازاقىستاننىڭ مەركىزىي ۋە غەربىي قىسىملىرىدا ياشىغان كۆچمەن تۈركىي تىللىق قەبىلە. — ت.

⑩ كۆتۆچى — كۆتەلچىمۇ دېيىلىدۇ. ئات يېتەكلىگۈچى: جەڭ ئاتلىرىنى باشقۇرغۇچى: هەمراھ. — ت.

§ 199 يەنە شۇ كالا يىلى، چىڭگىز خان يارلىق چۈشۈرۈپ، سۇبەگەتەينى تۆمۈر تەلگەنلەرنى ① باشلاپ، توغتوغاننىڭ ئوغلى قۇتۇ، غال، چىلاغۇن قاتارلىقلارغا قوغلاپ زەربە بېرىشكە بۇيرىدى.

— توغتوغاننىڭ ئوغلى قۇتۇ، غال، چىلاغۇن قاتارلىقلار قورۇق چۈشكەن قۇلان، ئوق تەگەن مارالدەك بىزگە ئوق ئۈزۈپ قېچىپ كەتتى، — دېدى چىڭگىز خان سۇبەگەتەيگە مېڭىش ئالدىدا، — ئۇلار ئاسماندا قۇشتەك ئۇچسىمۇ،

سۇبەگەتەي،
سەن شۇڭقاردەك ئېتىلىپ بېرىپ،
كېتىۋاتقان يېرىدىن تۇتساڭ؛
ئۇلار سۇغۇرەك يەرگە كىرىۋالسىمۇ،
سۇبەگەتەي،
سەن تۆمۈر گۈرجەك ـ ئۇچكىدەك پېتىپ،
كىرىۋالغان يېرىدىن كولىساڭ؛

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئۇلار بىلىقتەك دېڭىزغا چۆشۈالسىمۇ ،
سۇبەگەتەي ،
سەن توردەك يېيىلىپ ،
ئۈزۈپ كېتۋاتقان يېرىدىن سۈزسەڭ ؛
قولغا چۈشمەي نەگە باراتتى ؟
سېنى ئېگىز تاغ ـ داۋانلارنى بېسىپ ،
دېڭىز ـ دەريالارنى كېچىپ ئۆتۈشكە بۇيرىدىم .
يول يىراق ، مۇساپە مۈشكۈل .
ئات ـ ئۇلاغلارنى ئورۇقلىتىۋەتمەي ،
ئوبدان ئاسرا ؛
ئوزۇق ـ تۈلۈكلەرنى تۈگىتىۋەتمەي ،
تېجەپ ئىشلەت .
ئات ـ ئۇلاغلار ئورۇقلاپ كەتكەندە ،
ئاسرىغاننىڭ پايدىسى يوق ،
ئوزۇق ـ تۈلۈكلەر تۈگەپ كەتكەندە ،
تېجىگەننىڭ ئۈنۈمى يوق .
باسىدىغان يولۇڭ ناھايىتى ئۇزاق
ياۋايى ھايۋانلار ناھايىتى كۆپ ،
يول بويى پەخەس بول .
چېرىكلىرىڭ ئاتنى قويۇۋېتىپ ،
ئوۋغا خالىغانچە ئېتىلمىسۇن ؛
ئوۋنى تىزگىنسىز ئوۋلىمىسۇن .
چېرىكلەرنىڭ ئوزۇقلۇقى ئۈچۈن ،
ئوۋ ئوۋلىماقچى بولسانلار ،
ئوۋنى چەك قويۇپ مۇۋاپىق ئوۋلاڭلار .
ئوۋغا چەك قويۇشتىن باشقا ،

چېرىكلىرىڭنى ھەرقاچان
قوشقۇنلۇق ۋە يۈگەنلىك ماڭغۇزما.

مانا شۇنداق ياساق قىلساڭ، چېرىكلىرىڭنىڭ قايسىسى ئېتنى چاپتۇرالايدۇ؟ ياساق بولغانىكەن، كىمكى ياسىقىڭغا بويسۇنمىسا، شۇنى ئەدىپلە. كىمكى يارلىقىڭغا بويسۇنمايدىكەن، ئەگەر ئۇ تونۇش ــ بىلىشىمىز بولسا، ئۇنى ئالدىمىزغا ھەيدەپ كەل؛ تونۇمايدىغانرىمىز بولسا، ئۇنىڭ كاللىسىنى شۇ يەردىلا ئال!

بىز بىلەن خوشلىشىپ،
دەريانىڭ ئۇياقىغا ئۆتىسەن،
يوللاردىن ھەرگىز تايما؛
بىز بىلەن خوشلىشىپ،
تاغلارنىڭ ئۇيانىغا ئاشىسەن،
بىزلەردىن ھەرگىز ئەنسىرىمە.

تەڭرىنىڭ مەدەت بېرىشى بىلەن، توغتوغانىڭ باللىرىنى تۇتۇۋالساڭ، ئالدىمىزغا ئەكىلىپ يۈرمەي، تۇتقان يېرىڭدىلا كاللىسىنى ئال!

ــ سېنى سەپەرگە ئۇزىتىۋېتىپ، بالا چېغىمدا ئۈچ مەركىتتىن ئۇدۇيىتلار بورھان خالدۇن تېغىنى ئۈچ قېتىم قورشاپ، قورقىتىپ جېنىمنى ئالغىلى تاس قالغانلىقى ئېسىمگە كېلىپ قالدى، ــ دېدى چىڭگىز خان سۇبەگەتەيگە يەنە، ــ ئۇ قىساسخورلار ھازىر بىزگە تىل تەگكۈزۈپ يەنە قېچىپ كەتتى. ئۇلار يەرگە كىرسە كوكولىسىدىن، ئاسمانغا چىقسا تاپىنىدىن ئېلىپ بولسىمۇ، قىساسىمىزنى ئالماي قويمايمىز. شۇڭا، مۇشۇ كالا يىلىدا، تۆمۈر تەلگەنلەرنى ياسىتىپ، سېنى ئۇلارنىڭ تېگىشلىك جاجىسىنى بېرىشكە يولغا سالدىم!

سەن ئارقا جايدا بولساڭمۇ،

مېنى ئالدىڭدىدەك بىلىپ ،
سەن يىراق جايدا بولساڭمۇ ،
مېنى يېنىڭدىدەك بىلىپ ② ،
سەپىرىڭنى داۋاملاشتۇرىۋەر ! تەڭرىم ساڭا ئاق يول كۆرسەتكەي !

① تەلگەن — ياغاچتىن ياسالغان بىر خىل جەڭ هارۋىسى . — ت .

② بۇ سۆزنىڭ ئومۇمىي مەنىسى : « مەيلى نەگە بېرىشىڭدىن قەتئىينەزەر ، مېنى ھەمسەپەر بولۇپ كېتىۋاتقاندەك بىلىپ ، سەپىرىڭنى داۋاملاشتۇرىۋەر ! » — ت .

200 § نايمانلار ۋە مەركىتلەر بېقىندۇرۇلغاندا ، نايمانلار بىللە يۈرگەن جامۇقانىڭ ئۇلۇسلىرى ئەسىرگە ئېلىنغانلىقتىن ، ئۇ بار - يوق بەش نۆكىرى بىلەن جېنىنى تۇمشۇقىغا تىرەپ ، تاڭلۇ تېغىغا ① كىرىۋالدى . جامۇقا ئۇۋلىغان ئارقارنى كاۋاپ قىلىپ ، نۆكەرلىرىگە :

— بۈگۈنكى كۈندە كىمنىڭ ئوغلانلىرى ئارقار ئۇۋلاپ يەيدۇ ؟ — دەپ ئارقار گۆشىنى يەۋاتقاندا ، يېنىدىكى بەش نۆكىرى ئۇنىڭ پۇت - قوللىرىنى باغلاپ ، چىڭگىز خان تەرەپكە ئەكەلدى . جامۇقانى نۆكەرلىرى باغلاپ كەلگەندىن كېيىن ، ئۇ ئانداسى چىڭگىز خانغا گەپ يەتكۈزۈپ مۇنداق دېدى :

— قارا قارغىلار
قارا ئۆردەككە چاڭ سالدى ،
قارا قۇللار ئۆز خانىغا
تەپ تارتماستىن قول سالدى .
خان ئاندا ،
ئۇلارغا نېمە دېگۈلۈك ؟
كۆل رەڭ لايىخورەك
ياۋا ئۆردەكنى ئولجا ئالدى ،

پەس چاكارلار ئۆز خانىنى
هايا قىلماستىن قەستلىدى ،
پۇت - قوللىرىنى باغلاپ تۇتۇپ ئەكەلدى .
دانىشمەن ئاندا ،
ئۇلارغا نىمە دېگۈلۈك ؟

جاموقانىڭ دېگەنلىرىنى ئاڭلاپ ، چىڭگىز خان :

— ئۆز خانىغا قول سالغان ئادەمگە هاياتلىق نىمە كېرەك ؟ ئۇنداقلار كىمگە هەمراھ بولالايدۇ ؟ ئۆز خانىغا قول سالغانلارنىڭ ئۇرۇق - جەمەتلىرىنى قوشۇپ كاللىسىنى ئېلىۋېتىش كېرەك ! — دەپ پەرمان چۈشۈرۈپ ، جاموقانىڭ ئالدىدا ئۇلارنىڭ كاللىسىنى ئالغۇزدى .

— بېرىپ جاموقاغا مۇنۇ گەپلەرنى يەتكۈزۈپ قويۇڭلار ، — دېدى چىڭگىز خان ، — هازىر ئىككىمىز قايتا ئۇچراشتۇق ، يەنە دوستلىشىپ ئۆتەيلى .

ئىلگىرى ئىككىمىز
بىر هارۋىنىڭ شوتىسى ئىدۇق ؛
لېكىن سەن باشقا غەرەزدە بولۇپ
مېنى تاشلاپ كەتتىڭ .
ئەمدى ئىككىمىز بىللە ئۆتۈپ ،
ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلىشىپ ،
مۇگدەپ قالغىنىمىزنى ئويغۇتايلى .
مېنى تاشلاپ كەتكەن بولساڭمۇ ،
سېنى يەنە ئەزىزلەيمەن
قۇتلۇق ئاندا .
جان تىكىپ ئېلىشقاقچى بولغاندا ،
يەنە چىدىمىدىڭ ماڭا سەن .

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



مېنى تاشلاپ كەتكەن بولساڭمۇ،
قان تۆكۈپ ئېلىشماقچى بولغاندا،
يەنە قىيىمدىلىك ماڭا سەن.

قاچان شۇنداق قىلغانمەن دەپ سورىساڭ: ئەينى چاغدا قارا قالجىت ئەلەت دېگەن جايدا كەرەيلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتقاندا، سەن ۋاڭ خاننىڭ دېگەنلىرىنى ئادەم ئەۋەتىپ يەتكۈزۈپ، مېنى خەۋەرلەندۇرۇپ قويدۇڭ. مانا بۇ سېنىڭ ماڭا قىلغان ياخشىلىقىڭ. سەن يەنە نايمانلارنى ئۇچۇرۇپ ئېيتقان سۆزلىرىڭ بىلەن قورقىتىپ، جېنىنى يەردە قويدىڭ. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ قورقىنىدىن ئۇرۇش قىلغۇدەك ماجالى قالمىغانلىقىنى يەتكۈزدىڭ. بۇمۇ سېنىڭ ماڭا قىلغان ياخشىلىقىڭ.

① تاڭلۇ تېغى — تاغ نامى. تاڭلۇ ( Tanlu ) ، هازىرقى ئالتاي تېغىنىڭ شەرقىدىكى تاڭنۇ تېغى. — ت.

201 § چىڭگىز خاننىڭ دېگەنلىرىنى ئاڭلاپ، جامۇقا دېدى:

— ئىلگىرى بالىلىق چاغلىرىمىزدا، قورقوناغ جۇبۇردا خان ئاندا سەن بىلەن ئاندالىشىپ،
سىڭمەيدىغان تائاملارنى
تەڭ بۆلۈپ يەيتۇق،
قەسەمياد قىلىشىپ،
بىر ئورۇن — كۆرپىنى
تەڭ يېپىپ ياتاتتۇق.
لېكىن خەقلەرنىڭ كۈشكۈرتىشى،
يامانلارنىڭ ئازدۇرۇشى بىلەن
دىلىڭنى يامان گەپلەر بىلەن ئاغرىتىپ،

ئاخىر سېنى تاشلاپ كەتتىم.
شۇ ۋەجىدىن
قارا يۈزۈمنىڭ تېرىسىنى شىلىۋەتسىمۇ،
خان ئاندا سېنىڭ
ئىللىق چېھرىڭگە قاراشقا،
قىزىرىدۇ يۈزۈم.
ئىلگىرى ئىككىمىز
قەسەمياد قىلىشقانىدۇق،
شۇ ۋەجىدىن
قىزىل يۈزۈمنىڭ تېرىسىنى سويىۋەتسىمۇ،
خان ئاندا سېنىڭ
نۇرلۇق جامالىڭغا قاراشقا،
ئۇيۇلىدۇ بېتىم.

ھازىرمۇ خان ئاندا، سەن ماڭا شاپائەت قىلىپ، قايتا دوست بولايلى دېدىڭ، لېكىن مەن بېشىڭغا كۈن چۈشكەندە ھەمراھ بولالمىدىم. مانا ئەمدى ئاندام سەن،

جىمى ئۇلۇسنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ،
ھەممە يۇرتنى تىنچلاندۇردىڭ.
ئەمدى خانلىق تەخت ساڭا تەئەللۇق.
جاھان تىنچلانغان بۈگۈنكى كۈندە،
ساڭا ھەمرا بولسام،
كېچىسى چۈشۈڭنى بۇزىدىغان،
كۈندۈزى كۆڭلۈڭگە ئارام بەرمەيدىغان
ياقاڭدىكى پىتتەك،
يېڭەڭدىكى تىكەندەك بولۇپ قالامدىمەن؟
ئالىكۆڭۈللۈكۈمدىن

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



ئاندا سېنى تاشلاپ كېتىپ،
خاتالىق ئۆتكۈزدۇم.

ئەمدى بۇ جاھاندا، ئىككىمىزنىڭ نامى مەشرىقتىن مەغرىبقىچە پۇر كەتتى. ئاندا، سېنىڭ چېچەن ئاناڭ، قەيسەر، يېتۈك ئىنىلىرىڭ، جەسۇر نۆكەرلىرىڭ، يەنە يەتمىش ئۈچ تۇلپارىڭ بولغانلىقى ئۈچۈن، ساڭا يېڭىلىپ قالدىم. مەن ئاتا ــ ئانامدىن كىچىك ئايرىلىپ قالغان، ئاكا ــ ئىنىلىرىم بولمىغانلىقى، خوتۇنۇم غەيۋەتچى بولغانلىقى، ئىشەنچلىك نۆكەرلىرىم بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ساڭا يېڭىلىپ قالدىم. شۇڭا، ئاندا سەن مېنى ئىلتىپات قىلىشىڭ ئورنىغا ئۆلۈمگە بۇيرۇغىن. ئاندا سېنىڭ كۆڭلۈڭمۇ ئەمىن تاپسۇن. ئاندا مېنى ئۆلتۈرگەندە، قان چىقارماي ئۆلتۈر.

مەن ئۆلگەندىن كېيىن،
جەسىتىمنى ئېگىز تاغقا قوي.
ئەۋلادتىن ئەۋلادلىرىڭغىچە،
مەڭگۈ ئامانلىق، بەخت تىلەپ ياتارمەن!
نەسىل ــ نەسەبىم يات بولغانلىقتىن،
قۇتلۇق ئاندام،
ئېسىل نەسەبىڭلارنىڭ روھى مېنى يەڭدى.
دېگەنلىرىمنى ئۇنتۇماڭلار،
ئەتە ــ ئەخشاملىرى ئېسىڭلارغا كەپ قالسا،
گەپلىرىمنى قىلىپ قويارسىلەر.
ئەمدى مېنى
ئۆلۈمگە تېزرەك بۇيرىغىن!

ــ ئاندام جامۇقا بىزدىن ئايرىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بىزگە زىيانكەشلىك قىلدىغان گەپ ــ سۆزلەرنى قىلغانلىقىنى ئاڭلىمىدىم. ئۇ ئۆگىنىشكە ئەرزىيدىغان ئادەم

ئىكەن ، — دېدى چىڭگىز خان ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ، — بىراق ، ئۇ گەپكە كۆنمەي ، ئۆلۈمنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ ؛ تۆلگەچىمۇ ① ئۇنىڭ سەۋەبىنى پال سېلىپمۇ ئاچالمىدى . سەۋەبسىزلا ئۇنىڭ جېنىغا زامىن بولساق ، قىساسىنى تارتىپ قالىمىز . ئۇ ئېسىل ئادەملەرنىڭ ئەۋلادى ئىدى . بېرىپ ئۇنىڭغا ئېيتىپ قويۇڭلار ، سېنى ئۆلتۈرۈشكە مۇنۇ سەۋەبچى بولدى : ئىلگىرى جوچى دارمالانىڭ ② يىلقىلىرىنى تايچار بۇلاپ كەتكەندە ، ئاندام جامۇقا سەن ئاسىيلىق قىلىپ ، دالان بالجۇتتا ئۇرۇش قوزغاپ ، مېنى جەرەنە جىلغىسىغىچە قوغلاپ كېلىپ قورقىتىۋەتكەنلىكىڭ ئېسىڭدىمۇ ؟ هازىر سېنى ماڭا نۆكەر بول دېسەم ئۇنىمىدىڭ ، بىر قوشۇق قېنىڭدىن كەچسەم يەنە ئۇنىمىدىڭ . شۇڭا ۋەسىيىتىڭ بويىچە ، قان چىقارماي جېنىڭنى ئالايلى . پەرمان ، ئۇنى قان چىقارماي ئۆلتۈرۈڭلار ، جەسىتىنى ئوچۇقچىلىققا تاشلاپ قويماي يەرلىككە قويۇڭلار !

شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆلتۈرۈلۈپ ، جەسىتى يەرلىككە قويۇلدى .

① تۆلگەچى — Tølgechi . پالچى ، رەمچى . تۆلگە ( Tølge ) يەنى پالچىنىڭ كامالىكى . — ت .

② جوچى دارمالا — ئادەم ئىسمى . ئەسلى تېكىستتە شوجى دارمالا ( Shoji Darmala ) . لېكىن 128 § دا « جوچى دارمالا » دەپ ئېلىنغان . بىرخىللاشتۇرۇش ئۈچۈن ، بۇ يەردىمۇ « جوچى دارمالا » دەپ ئۆزگەرتىپ ئېلىندى . — ت .

202 § يولۋاس يىلى ① ، كىگىز ئۆيلۈكلەرنىڭ ھەممىسى تىنچلاندۇرۇلغاندىن كېيىن ، ئونون دەرياسىنىڭ باش ئېقىنىدا توققۇز قۇيرۇقلۇق ئاق تۇغ تىكلىپ ، قۇرۇلتاي ئۆتكۈزۈلدى ۋە

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



چىڭگىز خان « خان » ② سايلاندى . مۇقالىغا « گوۋاڭ » ③ دېگەن نام بېرىلدى . جەبە نايمانلارنىڭ كۈچلۈك خانىنى قوغلاپ زەربە بېرىشكە ئەۋەتىلدى . بارلىق موڭغۇللار باشقىدىن تەشكىللەنگەندىن كېيىن ، چىڭگىز خان :

ــ بارلىق ئۇلۇسنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتە ئەجىر سىڭدۈرۈپ ھەسسە قوشقان تۆھپىكارلار مىڭ بىرلىك قىلىنغان ئاساستا تەشكىللەنگەن مىڭ تۈتۈننىڭ مىڭبېشىلىرى سايلىنىدۇ ، ــ دەپ پەرمان چۈشۈردى ۋە ئۇلارنى تارتۇقلىدى . مىڭبېشىلىققا سايلانغانلار : مەڭلىك چال ، بوغورچۇ ، مۇقالى گوۋاڭ ، قورچى ، يىلۇگەي ، جۇرچەدەي ، غونان ، قۇبىلاي ، جەلمە ، تۇگە ، دەگەي ، تولۇن ، ئۆڭگۈر ، چۈلگەتەي ، بوروغۇل ، شىگى قۇتۇغ ، كۈچ ، كۆكچۈ ، قورغوسۇن ، ئۇسۇن ، قۇيىلدار ، شىلۇقاي ، جەتەي ، تاغاي ، چاغان غوۋا ، ئالاق ، سورقان شىرا ، بۇلۇقان ، قاراچار ، كۆكچۈس ، سۇيكەتۇ ① ، نايىغا ، جۇڭشوي ، كۈچگۈر ، بالا ، ئۆرونارتاي ، دايىر ، مۇگە ، بۇجىر ، مەڭگۇگۇر ، دولغاتاي ، بۆكەن ، قۇدۇس ، مارال ، جەبكە ، يۇرۇقان ، كۆك ، جەبە ، ئۇتتاي ، بالا چەربى ، كەتە ، سۇبەگەتەي ، مەڭگۇ ، غالجا ، قۇرچاقۇس ، گوۋگى ، باداي ، كىشىلىك ، كەتەي ، چاغۇرقاي ، ئۆڭگىران ، توغان تېمۇر ، مەگەتۇ ، قاداغان ، موروقا ، دورى بۇقا ، يىدۇقاداي ، شىراغۇل ، داۋغۇن ، تامچى ، قاغۇران ، ئالچى ، توبساقا ، تۇلغۇيداي ، توبۇقا ، ئاجىناي ، تۇيدەگەر ، سەچەگۇر ، جەدەر ، ئولار كۈرەگەن ⑤ ، كىڭگىياداي ، بۇقا كۈرەگەن ، قۇرىل ، ئاشىق كۈرەگەن ، قاداي كۈرەگەن ، چىگۇ كۈرەگەن ، ئالچى كۈرەگەن بولۇپ ، ئۇلارنىڭ قارىمىقىغا ئۈچ مىڭ تۇتۇن ئوڭگىرات ، بۇت كۈرەگەننىڭ قارىمىقىغا ئىككى مىڭ تۇتۇن يىكىرەس ، ئالاقۇش تىگىت قۇرى

كۆرەگەنىنىڭ قارىمىقىغا بەش مىڭ تۈتۈن ئۆكگۆت ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. ئورمانلاردىكى ئەللەردىن باشقا، يۇقىرىقىلار چىڭگىز خان ئىسمىنى ئاتىغان موڭغۇللارنىڭ توقسان بەش مىڭبېشى ⑤.

① يولۋاس يىلى — مىلادىيە 1206 ـ يىلى. — ت.

② چىڭگىز خان ئالدىنقى قېتىم خان سايلانغاندا، موڭغۇللارنىڭ قىيانلار ئۇرۇقىنىڭ خانى بولغان، بۇ قېتىم پۈتكۈل موڭغۇللارنىڭ خاقانى بولۇپ سايلاندى. — ت.

③ گوۋاڭ — خەنزۇچىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆز. يەنى «国王» بولۇپ، «پادىشاھ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ چىڭگىز خاننىڭ مۇقالىغا بەرگەن ئۇنۋانى نامى ئىدى. — ت.

④ سۈيكەتۈ — ئادەم ئىسمى. سۈيكەتۈ (suyiketu). يەنى سۆكە (سۆكە). قۇلاققا ئاسىدىغان ھالقا. — ت.

⑤ كۆرەگەن — پادىشاھنىڭ كۈيئوغلى دېگەن مەنىدە. — ت.

⑤ (1) مەڭلىك چال — مۆڭلىك دەپمۇ ئاتىلىدۇ. قوڭقۇتان ئۇرۇقىدىن. چاغا چالنىڭ ئوغلى. دەسلەپ 169 §، 204 §، 244 §، 246 § قاتارلىق جايلاردا تىلغا ئېلىنىدۇ.

(2) بوغورچۇ — ئارۇلات ئۇرۇقىدىن، ناقۇ باياننىڭ ئوغلى. چىڭگىز خاننىڭ تۆت كۈلۈكىنىڭ بىرى.

(3) مۇقالى گوۋاڭ — جالايىر ئۇرۇقىدىن. گۇۋۋن غوۋانىڭ ئوغلى. چىڭگىزخاننىڭ تۆت كۈلۈكىنىڭ بىرى.

(4) قورچى — باغارىن ئۇرۇقىدىن. ئۇسۇن چال بىلەن كېلىشىپ، چىڭگىز خانىنى خانلىققا تىكلىگەننىڭ بىرى.

(5) يىلۇگەي — دەسلەپ 226 §، 243 § لاردا تىلغا ئېلىنىدۇ. 226 § دا: «تۇرغاۋۇل، كەبتاۋۇلدىن يەنە مىڭنى كۆپەيتىپ، يىلۇگەينىڭ قېرىندىشى ئالچىدەينىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدۇ» دېگىنىگە قارىغاندا، ئۇ بوغورچۇ، مۇقالى، جۇرچەدەيلەردىن قىلىشمايدۇ.

(6) جۇرچەدەي — ئۇرۇغۇت ئۇرۇقىدىن. ۋاڭ خان بىلەن ئۇرۇشۇشتا ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتكەن. ئۇنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتى چىڭگىز خاننىڭ تۆت كۈلۈكىدىن قېلىشمايدىغان ئاساسلىق پالۋان. 130 § دا تىلغا ئېلىنغان.

(7) غۇنان — گەنىگەس ئۇرۇقىدىن. جوچىنىڭ ئاستىدىكى مىڭبېشى. ئۇ دەسلەپتە 122 § دا تىلغا ئېلىنغان.

(8) قۇبىلاي — بارۇلاس ئۇرۇقىدىن، چىڭگىز خاننىڭ تۆت كۈلۈكىنىڭ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



بىرى ھەممە ئاساسلىق پالۋانلارنىڭ بىرى . دەسلەپ 120 § دا تىلغا ئېلىنغان .

(9) جەلمە — ئۇرىياڭقا ئۇرۇقىدىن ، چىڭگىز خاننىڭ تۆت كۈلۈكىنىڭ بىرى ، دەسلەپ 97 § دا تىلغا ئېلىنغان .

(10) تۇگە — تۆگە دەپمۇ ئاتىلىدۇ ، جالايىر ئۇرۇقىدىن ، مۇقالىنىڭ نەۋرە ئىنىسى . دەسلەپ 137 § دا تىلغا ئېلىنغان .

(11) دەگەي — بەسۇت ئۇرۇقىدىن ، 30 - مىڭبېشى كۆكچۇستىن قېلىشمايدىغان پالۋان . دەسلەپ 120 § ، 210 § ، 216 § لاردا تىلغا ئېلىنىدۇ .

(12) تولۇن — قوڭقوتان ئۇرۇقىدىن ، مەڭلىك چالىنىڭ ئوغلى . دەسلەپ 191 § دا تىلغا ئېلىنغان .

(13) ئۆگگۆر — قىيانلار ئۇرۇقىدىن ، مەگگەتۇ قىياننىڭ ئوغلى .

(14) چۇلگەتەي — سۇلدۇس ئۇرۇقىدىن .

(15) بوروغۇل — جۇركى ئۇرۇقىدىن . ئۆلۈن ئۇجىننىڭ بېقىۋالغان تۆت بالىسىنىڭ بىرى ( تۆتىنچى ئوغلى ) ھەممە چىڭگىز خاننىڭ تۆت كۈلۈكىنىڭ بىرى ، ئۇ ئۇرۇشتا خىزمەت كۆرسىتىپلا قالماستىن ، چىڭگىز خاننىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ، ئەڭ سادىق كۈچلۈك پالۋىنى .

(16) شىگى قۇتۇغ — شىگىكەن قۇتۇغ دەپمۇ ئاتىلىدۇ . تاتار ئۇرۇقىدىن ، ئۆلۈن ئۇجىننىڭ بېقىۋالغان تۆت بالىسىنىڭ بىرى ( ئۇچىنچى ئوغلى ) ، چىڭگىز خاننىڭ يارغۇچىسى ( يەنى ھەق تەلەپ ئىشلىرىنى سورىغۇچى ) بولۇپ ، دەسلەپ مۇھىم سىياسىي ئىشلارنى خاتىرىلەش ئىشلىرىنىمۇ تۇتقان . ئۇ مۇشۇ كىتابنىڭ يازغۇچىسى بولۇشى مۇمكىن . دەسلەپ 135 § دا تىلغا ئېلىنغان .

(17) كۈچ — مەركىت ئۇرۇقىدىن ، ئۆلۈن ئۇجىننىڭ بېقىۋالغان تۆت ئوغلىنىڭ بىرى ( بىرىنچى ئوغلى ) . بېقىۋېلىنغان تۆت ئوغۇل ئىچىدە ئۇنىڭ ئىش ئىزلىرى گەۋدىلىك ئەمەس ، ئۇ دەسلەپ 114 § دا تىلغا ئېلىنغان .

(18) كۆكچۇ — بەسۇت ئۇرۇقىدىن . ئۆلۈن ئۇجىننىڭ بېقىۋالغان تۆت ئوغلىنىڭ بىرى ( ئىككىنچى ئوغلى ) . بېقىۋېلىنغان تۆت ئوغۇل ئىچىدە ، ئۇنىڭ ئىش ئىزلىرى ئانچە گەۋدىلىك ئەمەس ، دەسلەپ 190 § دا تىلغا ئېلىنغان .

(19) قورغوسۇن — چىڭگىز خان ئۇنى چوڭ ئوغلى جوچىنىڭ ياردەمچىسى قىلىپ تەيىنلىگەن . كېيىن 243 § دا تىلغا ئېلىنىدۇ .

(20) ئۇسۇن — كۇسۇن دەپمۇ ئاتىلىدۇ . چىڭگىز خاننىڭ يېقىن قوللىغۇچىسى .

(21) قۇيىلدار — ئۇيىلدارمۇ دەپ ئاتىلىدۇ ، ماڭغۇت ئۇرۇقىدىن . ئۇ ۋاڭ خان بىلەن ئۇرۇشۇشتا ، پىداكارلىق كۆرسىتىپ ، ئېغىر يارىلىنىپ ئۆلۈپ كەتكەن . دەسلەپ 130 § دا تىلغا ئېلىنغان .

(22) شىلۇقاي — جەگۇرەيت ئۇرۇقىدىن ، چىڭگىز خاننىڭ يېقىن

قوللىغۇچىسى .

(23) جەتەي ــ ماڭغۇت ئۇرۇقىدىن ، دەسلەپ 120 § ، 124 § قاتارلىقلاردا تىلغا ئېلىنغان .

(24) تاغاي ــ سۇلدۇس ئۇرۇقىدىن ، چىلگۇتەينىڭ ئىنىسى . دەسلەپ 124 § دا تىلغا ئېلىنغان .

(25) چاغان غوۋا ــ نەگۇس ئۇرۇقىدىن ، ئون ئۈچ كۇرە ئۇرۇشىدا ، ئۇنى جامۇقالار ئۆلتۈرۈۋەتكەن . ئۇنىڭ ئوغلى نارىن توغرىل مىڭبېشىلىققا تەيىنلەندى . كېيىن 129 § ، 218 § لاردا تىلغا ئېلىندۇ .

(26) ئالاق ــ نىچۇگۇتلەرنىڭ باغارىن ئۇرۇقىدىن . شىرگۇگەتۇنىڭ ئوغلى . دەسلەپ 149 § دا تىلغا ئېلىنغان .

(27) سورقان شىرا ــ سۇلدۇس ئۇرۇقىدىن ، چىڭگىز خاننىڭ تۆت كۇلۇكىنىڭ بىرى چىلاغۇننىڭ دادىسى . چىلاغۇن 95 مىڭبېشى ئىچىدە يوق ، ئېھتىمال دادىسى سورقان شىرا بىلەن ئۆز ئۇلۇسىنى باشقۇرىدىغان بولسا كېرەك . دەسلەپ 82 § دا تىلغا ئېلىندۇ .

(28) بۇلۇقان ــ بارۇلاس ئۇرۇقىدىن . دەسلەپ 201 § دا تىلغا ئېلىندۇ .

(29) قاراچار ــ بارۇلاس ئۇرۇقىدىن . سۇغۇ سەچەننىڭ ئوغلى . دەسلەپ 120 § دا تىلغا ئېلىنغان ، 243 § دا چاغاتاينىڭ يېنىدا ۋەزىپە ئۆتەيدۇ دېيىلگەن .

(30) كۆكچۇس ــ باغارىن ئۇرۇقىدىن ، ئۇ ۋەزىيەتنى توغرا مۆلچەرلىيەلەيدىغان ، غونان ، ئۇسۇن ، دەگەيلەر بىلەن ھەق ــ ناھەق ، ياخشى ــ ياماننى توغرا ئايرىيالايدىغانلىقتىن ، چىڭگىز خان ئۇنى ئالاھىدە چاغاتاينىڭ ياردەمچىسى قىلىپ تەيىنلىدى . دەسلەپ 120 § دا ، كېيىن 243 § لاردا تىلغا ئېلىندۇ .

(31) سۇيكەتۇ ــ قوڭقوتان ئۇرۇقىدىن . دەسلەپ 120 § دا تىلغا ئېلىنغان .

(32) ناياغا ــ نىچۇگۇلەرنىڭ باغارىن ئۇرۇقىدىن ، يۇقىرىقى 26 ــ مىڭبېشى ئالاقنىڭ ئىنىسى ، شىگۇگەتۇنىڭ ئوغلى . ئۇ ساداقەتلىكى بىلەن چىڭگىز خاننىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىپ ، كېيىن غول قوشۇننىڭ بېشىلىقىغا تەيىنلەندى . دەسلەپ 149 § دا تىلغا ئېلىنغان .

(33) جۇڭشوي ــ نوياگىن ئۇرۇقىن . دەسلەپ 120 § دا ، كېيىن 243 § لاردا تىلغا ئېلىندۇ .

(34) كۈچگۈر ــ بەسۇت ئۇرۇقىدىن . يۇقىرىقى 11 ــ مىڭبېشى دەگەينىڭ ئىنىسى . دەسلەپ 120 § دا تىلغا ئېلىنغان .

(35) بالا ــ جالايىر ئۇرۇقىدىن . دەسلەپ 120 § دا تىلغا ئېلىنغان .

(36) ئۇرونار ــ ئېنىق ئەمەس .

(37) دايىر ــ مەركىت ئۇرۇقىدىن . دەسلەپ 197 § دا تىلغا ئېلىنغان .

www.uyghurkitap.com



(38) مۇگە — ئېنىق ئەمەس .

(39) بۇجىر — ئېنىق ئەمەس .

(40) مەڭگۈگۇر — 243 § دا : « مەڭگۈگۇر غۇنان . كەتە بىلەن چىڭگىز خاننىڭ چوڭ ئوغلى جوچىنىڭ ياردەمچىسى بولدى » دېيىلگەن .

(41) دولغاتاي — ئېنىق ئەمەس .

(42) بۆكەن — ئېنىق ئەمەس .

(43) قۇدۇس — بارۇلاس ئۇرۇقىدىن . چىڭگىز خاننىڭ تۆت كۇلۇكىنىڭ بىرى قۇبىلاينىڭ ئىنىسى . دەسلەپ 120 § دا ، كېيىن 191 § دا تىلغا ئېلىنغان .

(44) مارال — ئېنىق ئەمەس .

(45) جەبكە — جالايىر ئۇرۇقىدىن ، گۇۋۇن غوۋانىڭ ئىنىسى . چىڭگىز خاننىڭ ئىنىسى قاسارغا نۆكەر بولغان . دەسلەپ 137 § دا ، كېيىن 243 § لاردا تىلغا ئېلىنىدۇ .

(46) يۇرۇقان — ئېنىق ئەمەس .

(47) كۆك — يەنى كۆك بۇقا .

(48) جەبە — بەسۇت ئۇرۇقىدىن ، ئەسلى ئىسمى جىرغوغاتاي . چىڭگىز خاننىڭ تۆت كۇلۇكىنىڭ ۋە غەربكە جازا يۈرۈشى قىلىش سانغۇنىنىڭ بىرى ، نامى سۇبەگەتەيدىن قېلىشمايدۇ . دەسلەپ 147 § دا تىلغا ئېلىنغان .

(49) ئۇتتاي — ئۇ 124 § دىكى توتغارلارغا مەسئۇل دودەي چەربى بولۇشى مۇمكىن .

(50) بالا چەربى — يۇقىرىقى 35 - مىڭبېشى بالا بىلەن ئىسمداش ، تولۇينىڭ ياردەمچىسى . 243 § دا تىلغا ئېلىنغان .

(51) كەتە — چىڭگىز خاننىڭ چوڭ ئوغلى جوچىنىڭ ياردەمچىسى . 243 § دا تىلغا ئېلىنىدۇ .

(52) سۇبەگەتەي — ئۇرىياڭقا ئۇرۇقىدىن . چىڭگىز خاننىڭ تۆت كۇلۇكىنىڭ جىن خانلىقى ۋە غەربكە جازا يۈرۈشى قىلىش سانغۇنىنىڭ بىرى . دەسلەپ 120 § دا تىلغا ئېلىنغان .

(53) مەڭگۈ غالجا — ئېنىق ئەمەس .

(54) قورچاقۇس — ئېنىق ئەمەس .

(55) گوۋگى — 277 § تىلغا ئېلىنىدۇ .

(56) باداي — ئۇ ۋاڭ خان بىلەن سەڭگۈمنىڭ ھۇجۇم قىلىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىپ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكتىن ، چىڭگىز خان ئۇنى تارخان قىلىپ تارتۇقلىدى . دەسلەپ 51 § دا ، يەنە 169 § لاردا تىلغا ئېلىنغان .

(57) كىشلىك — ئۆرونار ئۇرۇقىدىن ، ئۇ ۋاڭ خاننىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىدىغانلىقىنى مەخپىي خەۋەر قىلىپ ، خىزمەت كۆرسەتكەنلىكتىن ، چىڭگىز خان

ئۈنى تارخان قىلىپ تارتۇقلىدى . دەسلەپ 51 § دا ، كېيىن 169 § لاردا تىلغا ئېلىنغان .

(58) كەتەي — ئۇرۇغۇت ئۇرۇقىدىن ، جۇرچەدەينىڭ ئوغلى .

(59) چاغۇرقاي — ئۇرىياڭقا ئۇرۇقىدىن ، چىڭگىز خاننىڭ تۆت كۈلۈكىنىڭ بىرى جەلمەنىڭ ئىنىسى . دەسلەپ 120 § دا ، كېيىن 243 § لاردا تىلغا ئېلىنىدۇ .

(60) ئوڭگىران — ئېنىق ئەمەس .

(61) توغان تېمۇر — مۇشۇ يەردىلا تىلغا ئېلىنىدۇ . ئېنىق ئەمەس .

(62) مەگەتۇ — 270 § دا غەربكە جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئەۋەتىلگەن مەڭگەتۇ بولۇشى مۇمكىن .

(63) قاداغان — تاتار ئۇرۇقىدىن ، چىڭگىز خاننىڭ باۋۇرچىلىرىنىڭ بىرى . دەسلەپ 120 § دا ، كېيىن 124 § ، 174 § لاردا تىلغا ئېلىنغان .

(64) موروقا — ئېنىق ئەمەس .

(65) دورى بۇقا — ئېنىق ئەمەس .

(66) يىدۇقاداي — چىڭگىز خاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى چاغاتاينىڭ ياردەمچىسى . 243 § دا تىلغا ئېلىنىدۇ .

(67) شىراغۇل — ئېنىق ئەمەس .

(68) داۋغۇن — ئېنىق ئەمەس .

(69) تامچى — ئېنىق ئەمەس .

(70) قاغۇران — ئېنىق ئەمەس .

(71) ئالچى — مىڭبېشىلىرى ئىچىدە ، ئۇ قاسار ، جۇرچەدەي . تولۇن ئۈچى بىلەن بىيجىڭنى تىنچلاندۇرغان ، چىڭگىز خاننىڭ يېقىنلىرىنىڭ بىرى . كېيىن 226 § . 253 § لاردا تىلغا ئېلىنىدۇ .

(72) توبساقا — ئېنىق ئەمەس .

(73) تۇڭغۇيداي — ئېنىق ئەمەس .

(74) توبۇقا — ئېنىق ئەمەس .

(75) ئاجىناي — ئېنىق ئەمەس .

(76) تۇيدەگەر — ئېنىق ئەمەس .

(77) سەچەگۈر — قوورولاس ئۇرۇقىدىن ، 120 § دا تىلغا ئېلىنغان .

(78) جەدەر — ئېنىق ئەمەس .

(79) ئولار كۈرەگەن — ئېنىق ئەمەس .

(80) كىڭگىياداي — ئۆلقونۇغۇت ئۇرۇقىدىن ، دەسلەپ 120 § دا تىلغا ئېلىنغان .

(81) بۇقا كۈرەگەن — يۇقىرىقى 3 ـ مىڭبېشى مۇقالىنىڭ ئىنىسى . دەسلەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



137 § دا تىلغا ئېلىنغان .

(82) قۇربل — ئېنىق ئەمەس .

(83) ئاشىق كۆرەگەن — قۇرچى مىڭبېشىنىڭ ئاستىدا ئۇنىڭ بىلەن تاغاي ئىككىسىنىڭ قارىمىقىغا ئۈچ مىڭ تۈتۈن باغارىن ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى . 207 § دا تىلغا ئېلىنىدۇ .

(84) قاداي كۆرەگەن — ئېنىق ئەمەس .

(85) چىڭگۇ كۆرەگەن — ئېنىق ئەمەس .

(86) (87) (88) ئالچى كۆرەگەن — قارىمىقىغا ئۈچ مىڭ تۈتۈن ئوڭگىرات ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى .

(89) (90) بۇت كۆرەگەن — قارىمىقىغا ئىككى مىڭ تۈتۈن يىكىرەس ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى .

(91) (92) (93) (94) (95) ئالاقۇش تىگىت قۇرى كۆرەگەن — قارىمىقىغا بەش مىڭ تۈتۈن ئوڭغۇت ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى . دەسلەپ 182 § دا تىلغا ئېلىنغان . — ت .

203 § — يۇقىرىدا ئىسمىڭلار ئاتالغانلارنىڭ ھەممىسى تۇقسەن بەش مىڭ تۈتۈننىڭ مىڭبېشى بولۇپ سايلاندىڭلار . خىزمەت كۆرسەتكەنلەرنى يەنە ھەسسىلەپ تارتۇقلايمەن ، — دەپ كۈيئوغۇللىرى ۋە مىڭبېشىلىرىغا پەرمان چۈشۈرگەندىن كېيىن ، يەنە — بېرىپ بوغورچۇ ، مۇقالى قاتارلىق مىڭبېشىلىرىنى چاقىرىپ كېلىڭلار ! — دەپ پەرمان قىلىپ تۇرۇشىغا ، شىگى قۇتۇغ ئوردىدا ئىدى ، شۇنىڭ بىلەن يېنىدىكى شىگى قۇتۇغغا :

— سەن بېرىپ ئۇلارنى چاقىرىپ كەل ، — دەپ بۇيرىدى .

— بوغورچۇ ، مۇقالىلار كىمدىن ئارتۇق خىزمەت كۆرسەتكەن ، كىمدىن ئارتۇق كۈچ چىقارغان ؟ — دەپ سورىدى شىگى قۇتۇغ ، — تارتۇقلاشقا توغرا كەلسە ، مېنىڭ كۆرسەتكەن خىزمەتلىرىم ، چىقارغان كۈچلىرىم ئۇلاردىن كەممىدى ؟

بۆشۈكتىكى چېغىمدىن ،

ئېزىز بوسۇغاڭدىن ئايرىلمىدىم .

ئىگەكلەرگە ساقال چىققۇچە،
يامان نىيەتتە بولمىدىم.
زاكىغا يۈگىنىپ ياتقاندىن،
ئالتۇن بوسۇغاڭغا بىقىندىم.
ئىغىزغا بۇرت چىققىچە،
دىلىڭنى رەنجىتمىدىم.
مىنى ئۆز بالاڭدەك كۆرۈپ،
باغاش ئىتىپ ئۆستۇردىڭ.
مىنى ئۆز ئىنىڭدەك كۆرۈپ،
يىنىڭدا ياتقۇزۇپ چوڭ قىلدىڭ.

ئەمدى مىنى نىمە بىلەن تارتۇقلايسەن؟

— سەن مىنىڭ ئالتىنچى ئىنىم تۇرساڭ، نىمە دەپ سىنى تارتۇقلىمايمەن؟ — دىدى چىڭگىز خان شىگى قۇتۇغا، — قىرىنداشلىرىم قاتارىدا تىگىشلىك ئۈلۈشىڭدىن بەھرىمەن بولسەن. يەنە كۆرسەتكەن خىزمەتلىرىڭ ئۈچۈن، توققۇز قىتىم گۇناھ ئۆتكۈزسەڭمۇ كەچۈرۈم قىلىمەن.

— تەڭرىنىڭ مەدەت بىرىشى بىلەن، جىمى ئەللەر ئاسايىش تاپتى؛ سەن مىنىڭ كۆرۈدىغان كۆزۈم، ئاڭلايدىغان قۇلىقىم بولۇپ، ئانىمىز، ئىنىلىرىمىز ۋە باللىرىمىزغا ئىسىملىرى بويىچە پۇتۇن يۇرتتىكى كىگىز ئۆيلۈكلەر، ياغاچ ئىشىكلىكلەرنى مۈۋاپىق ئۈلەشتۇر. گىپىڭنى ھىچكىم يىرالمايدۇ، — دەپ پەرمان چۈشۈرگەندىن كىيىن، ئۇنى ئەڭ يۇقىرى يارغۇچىلىققا ① تەيىنلەپ، يەنە:

— ئەلدىن چىققان ئوغرى - قاراقچىلار، يالغانچى - ئالدامچىلارنى تەكشۈرۈپ چىقىپ، جازالايدىغانلىرىنى جازالا، ئۆلتۈرىدىغانلىرىنى ئۆلتۈر! ئەل بويىچە ئۈلەشتۇرۇلگەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

پۇقرالاردىن سورالغان دەۋا ئىشلىرىنى كۆك دەپتەرگە ② خەتلەپ قوي. ئۇنى رەتلەپ، ئەۋلادتىن ئەۋلادقىچە ساقلايمىز. شىگى قۇتۇغ مەن بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئاق قەغەزگە كۆك سىياھ بىلەن پۈتۈپ چىققاندىن كېيىن، ئۇنى قېلىپلاشتۇرۇپ، مەڭگۈ ئۆزگەرتمەيمىز. ئۇنى كىمكى ئۆزگەرتىدىكەن، شۇ جازاغا تارتىلىدۇ!

مەندەك بۇ ئاسىراندى ئىنىڭىز ئۇلۇشلەردىن قانداق بەھرىمان بولالىسۇن؟ ئەگەر ماڭا بەك شاپائەت قىلغىنىڭ كەلسە، توپا سېپىللىق شەھەردىن خالىغان بىرىنى تارتۇقلىساڭ، شۇنىڭغا رازىمەن.

— چامىڭ يەتسە، ئۆز مەيلىڭچە ئىگىلە! — دېدى. شىگى قۇتۇغ چىڭگىز خاننىڭ ئىلتىپاتىغا مۇيەسسەر بولغاندىن كېيىن، بوغورچۇ، مۇقالى قاتارلىق مىڭبېشىلىرىنى چاقىرىپ كەلدى.

① يارغۇچى — ئەسلى تېكستتە jar’ u. ھەق تەلەپ ئىشلىرىنى سورىغۇچى. ھۆكۈم قىلغۇچى. — ت.

② كۆك دەپتەر — ئەسلى تېكستتە kөkө debder. نوپۇس. چوڭ ئىشلارنى خاتىرىلەيدىغان خاتىرە دەپتەر. بۇ موڭغۇللارنىڭ نايمانلارنى بېقىندۇرغاندىن كېيىن، 13 - ئەسىردىن باشلاپ رەسمىي يېزىق قوللىنىپ، يازما خاتىرە قالدۇرغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. كۆك دەپتەر دېگىنىگە قارىغاندا، شۇ چاغدىن باشلاپ ئۇيغۇر يېزىقىنى رەسمىي قوللانغان بولسا كېرەك. — ت.

§ 204 — تەڭ تۇغۇلۇپ، تەڭ چوڭ بولغانىدۇق، — دېدى چىڭگىز خان مەڭلىك چالغا، — ھەي قۇتلۇق چال، سېنىڭ قىلغان ياخشىلىق - ياردەملىرىڭنى ئۆمۈر بويى قايتۇرالمايمەن! قىسقىسى ۋاڭ خان بىلەن سەگۈم ئاندام ئاتا - بالا ئىككىسى مېنى قىلتاقتا چۈشۈرمەكچى بولۇپ تەكلىپ قىلغاندا، يول ئۈستىدە ئۆيۈڭگە چۈشكەندە، سەن مەڭلىك چال مېنى نەسىھەت قىلىپ

توسۇپ قالمىغان بولساڭ ، ئاللىبۇرۇن قايىنامغا غەرق بولۇپ ، چوغدا پۇچۇلىنىپ كېتەتتىم . ئاشۇ ياخشىلىقىڭنى ئەۋلادتىن ئەۋلادقىچە قانىداقمۇ ئۇنىتارمەن ؟ ئاشۇ ياخشىلىقىڭ ئۈچۈن ، سېنى مۇشۇ ئورۇنىنىڭ تۆرىگە ئولتۇرغۇزۇپ ، مەيلى ئايلار ، يىللار ئۆتسۇن ، تۆھپەڭنى تىلىدىن چۈشۈرمەي ، ئۇرۇق - ئۇرپاقلىرىڭغىچە ھۆرمىتىڭنى قىلىمەن ① .

① مەڭلىك چالىنىڭ تۆتىنچى ئوغلى كۆكچۈ ( تەب تەڭرى ) چىڭگىز خان بىلەن ئوغلان تېكىنلىرى ئارىسىغا سوغۇقچىلىق سالغانلىقى ئۈچۈن ، ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدى . لېكىن ، چىڭگىز خان مەڭلىك چالغا : « ... ئۇرۇق - ئۇرپاقلىرىڭغىچە ھۆرمىتىڭنى قىلىمەن » دەپ ۋەدە بەرگەنلىكى ئۈچۈن ، كەچۈرۈم قىلىندى . تەپسىلاتى 245 § ، 246 لاردا بايان قىلىندۇ . — ت .

205 § — كېچىنىڭ چېغىمدا ، سەككىز شىرغا ئاتنى بۇلاپ كەتكەندە ، كەينىدىن ئۈچ - كېچە كۈندۈز قوغلاپ كېتىۋاتقاندا ، سەن بىلەن ئۇچرىشىپ قالغانىدىم ، — دېدى چىڭگىز خان بوغورچۇغا ، — شۇ چاغدا سەن : « ساڭا ھەمراھ بولۇپ ئىزدىشىپ بېرەي » دەپ ، ئۆيدىكى داداڭغىمۇ خەۋەر قىلماستىن ، بىيە ساغىدىغان ساغلۇنىڭ ئاغزىنى ئەتمەي ، ئوت - چۆپلەر ئارىسىغا تىقىپ قويۇپ ، مىنىپ كەلگەن چولاق شورا قۇلامنى قويغۇزىۋېتىپ ، مېنى قارا سىرت تۆم بوز ئېتىڭغا مىنگۈزدىڭ . ئۆزۈڭ قۇلا ئاتقا مىنىپ ، يىلقىلىرىڭنى تاشلاپ قويۇپ ، كەينىمدىن يەنە ئۈچ كېچە - كۈندۈز ئىزدىشىپ ، ئاتلارنى ئەكەتكەنلەرنىڭ كۈرەسىگىچە بىللە كەلدىڭ . كۈرەدە يايلاپ يۈرگەن ئاتلىرىمنى كۆرۈپ ، ئۇلارنىڭ قولىدىن ھەيدەپ ئەكىلىشىپ بەردىڭ . سەن ناقۇ بايانىڭ تىكەندەك يالغۇز ئوغلى تۇرۇقلۇق ، مەن بىلەن نېمىنى دەپ دوستلاشقانىدىڭ ؟ باتۇر - جەسۇرلۇقىڭ بىلەن ماڭا ھەمراھ بولغان بولساڭ كېرەك . شۇنىڭدىن كېيىن سېنى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



سىغىنىپ، ئالدىڭغا بەلگۈتەينى ئەۋەتىپ چاقىرتتىم ، سەن ھېچ ئىككىلەنمەستىن دوك شورا قۇلاڭنىڭ ئىگىرىگە كۆك ئۆرمەك چاپىنىڭنى غانجۇغىلاپ يېنىمغا نۆكەر بولۇشقا كەلدىڭ . دەل شۇ كۈنلەردە ، ئۈچ مەركىت بىزگە ئۈچ قېتىم ھوجۇم قىلىپ ، بورھان خالدون تېغىنى قورشىۋالغاندا ، سەنمۇ بىز بىلەن قورشاۋدا ئىدىڭ . ئۇنىڭدىن كېيىن دالان نەمۇرگەس دېگەن يەردە تاتارلار بىلەن ئۇرۇشۇپ ، ئۆز ئارا تىركىشىپ شۇ جايدا تۈنەپ قالغىنىمىزدا ، كېچىچە ئاق يىغىن توختىماي ياغقانىدى . شۇ كېچىسى ئامان ـ ئېسەن ئارام ئېلىشىم ئۈچۈن ، ئۈستـ ـ بېشىمغا يامغۇر تەگكۈزمەي ، ھېلىقى ئۆرمەك چاپىنىڭنى يېپىنچاقلاپ ، تۈن بويى بېشىمدا پۇتىڭنى بىرلا قېتىم ئالماشتۇرۇپ ئۆرە تۇرۇپ چىقتىڭ . مانا بۇلار سېنىڭ باتۇر ـ جەسۇرلىكىڭنىڭ ئىسپاتى ① . باشقا قىلغان باتۇرلۇقلىرىڭنى سۆزلەپ تۈگىتەلمەيمەن . بوغورچۇ ، سەن مۇقالى ئىككىڭلار توغرا قىلغانلىرىمنى قۇۋۋەتلەپ ، خاتا قىلغانلىرىمنى تۈسۈپ ، بۇگۈنكى مۇشۇ كاتتا ئورۇنغا ئىگە قىلدىڭلار . ئەمدى سىلەرمۇ تۆردىن ئورۇن ئېلىشقا ھەقلىق . توققۇز قېتىم گۇناھ ئۆتكۈزسەڭمۇ كەچۈرۈم قىلىمەن . بوغورچۇ ، سەن ئوڭ قاناتنى تۇتۇپ ، ئالتاي تەرەپتىكى تۈمەن تۈتۈننى باشقۇر !

① بوغورچۇنىڭ چىڭگىز خانغا ھەمكارلىشىپ ، سەككىز شىرغىسىنى تېپىشىپ بەرگەنلىكى ۋە نۆكەر بولۇپ كەلگەنلىكى ھەققىدىكى ئىشلار 90 § . 91 § . 92 § . 93 § . 95 § لاردا بايان قىلىنغان . ــ ت .

206 § ــ بىز قورقوناغ جۇبۇردىكى بۇككىنە ئۆسكەن بىر تۈپ دەرەخ ئاستىدا ، ــ دېدى چىڭگىز خان مۇقالىغا ، ــ قۇتۇلانىڭ خانلىقتا سايلانغانلىقىنى تەنتەنە قىلىپ تۈنەپ قالغىنىمىزدا ① ، مۇقالى تەڭرى ساڭا بىشارەت بەرگەن ئىشلارنى

ماڭا ئېيتقىنىڭدا، داداڭ گوۋۋون غوۋانى ئەسلەپ، سەن بىلەن خېلىغىچە مۇڭداشقانىدىم. ھازىر مەن بۇ كاتتا ئورۇنغا ئىگە بولدۇم. شۇڭا، مۇقالى ئورۇق - ئورپاقلىرىڭغىچە پۈتۈن ئەلنىڭ پادىشاھى بولۇش ئۈچۈن، ساڭا گوۋاڭ دېگەن نام بەرگەنىدىم ②. مۇقالى گوۋاڭ سەن سول قاتاتنى قاراغۇن جىدۇن ③ ئەتىراپىدىكى تۈمەن تۈتۈننى باشقۇر!

① قۇتۇلا خانلىققا سايلايغاندا. موڭغۇللارنىڭ دەرەخ ئاستىدا تەنتەنە قىلغانلىقى ھەققىدىكى ئىشلار 57 § دا بايان قىلىنغان. — ت.

② چىڭگىز خان جىن خانلىقىغا ھەربىي جازا يۈرۈشى باشلىغاندىن كېيىن، مۇقالىغا «پادىشاھ» دېگەن نام بەرگەن. — ت.

③ قاراغۇن جىدۇن — جاي نامى. ھىڭگان تېغىنى كۆرسىتىدۇ. — ت.

207 § — سەن دانا بىشارەت بەرگۈچى، — دېدى چىڭگىز خان قورچىغا، — كىچىكىمدىن ھازىرغىچە، سەن ھۆل - يېغىن، قار - شىۋىرغانلاردا ھەمراھ بولۇپ، ماڭا مەڭگۈ بەخت تىلەپ كەلدىڭ. شۇ چاغلاردا سەن قورچى: «ئەگەرى راۋا كۆرۈپ، ئىشلىرىڭنى ئوڭغا تارتسا، ئوتتۇز خوتۇن ئالىمەن» دەپ تىلىگەنىدىڭ. مانا ئەمدى تىلىكىڭ بويىچە يېڭىدىن قوشۇلغان ئەل ئىچىدىن ئوتتۇز چىرايلىق قىز - خاتۇنلارنى خوتۇنلۇققا تاللىۋال ①!

— تەۋەلىكىڭدىكى ئۈچ مىڭ تۈتۈن باغارىنىدىن سىرت، يەنە تاغاي، ئاشىقلار بىلەن ئاتارگىن ۋە چىنوس، تۆگۆلۆس، تەلەڭگۈتلەرنى بىرلەشتۈرۈپ تۈمەنگە يەتكۈزۈپ، تۈمەنبېشى بولۇپ ئۇلارنى باشقۇر، — دېدى چىڭگىز خان پەرمان چۈشۈرۈپ يەنە، — ئېرتىش دەرياسىنىڭ قىرغىقىدىكى ئورمانلاردا ماكانلاشقان ئەللەرنىمۇ باشقۇر. ئۇلار سەن قورچىنىڭ رۇخسىتىسىز خالىغانچە يۈرۈشكە يول قويۇلمايدۇ؛ رۇخسەتسىز ئۆز

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بىلگىنىچە يۇرگەنلەرنى بايقىغان هامان دەرهال جازالا !

① قۇرچىنىڭ ئۇتتۇز قىز ـ خاتۇن تالىلىۋالغانلىقى ۋە كېيىن تۇمەتلەرنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىغانلىقى 121 § ، 241 § لاردا توختىلىدۇ . ـــ ت .

208 § ـــ سېنىڭ ئەڭ چوڭ تۆهپەڭ شۇكى ، ـــ دېدى چىڭگىز خان جۇرچەدەيگە ، ـــ قارا قالجىتتىكى ئىدىرلىقتا كەرەيلەر بىلەن ئۇرۇشۇشقا تەييارلىنىپ ، ئۇلارغا قانداق تاقابىل تۇرۇش توغرۇلۇق بېشىمىزقېتىپ تۇرغىنىمىزدا ، ئەڭ ئالدى بىلەن چىش يېرىپ ئەقىل كۆرسەتكەن قۇيىلدار ئاندام بولسىمۇ ، لېكىن ئۇرۇشتا سەن جۇرچەدەي خىزمەت كۆرسەتتىڭ . شۇ چاغدا سەن جۇرچەدەي ئالدىغا ئۆتۈپ ، جۇركىن ، تۇبەگەن ، دوڭغايىتلارنى ، قۇرى شىلەمۈننىڭ مىڭ تۇرغاۋۇلدىن تەشكىللەنگەن ئاساسلىق قوشۇنىنى سۈرۈپ چىكىندۇرۇپ ، غول قوشۇنى تۇرۇشلۇق جايغىچە بېسىپ كىرىپ ، ئۇچما ئوق بىلەن سەڭگۇمنىڭ ئانار دەك قىپقىزىل يۈزىنى يارىلاندۇردىڭ . ئىھ ! تەڭرىم ، سەن بىزگە كۈچ ـ قۇۋۋەت ئاتا قىلىپ ، ئىشلىرىمىزنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەردىڭ ! ئەگەر سەن سەڭگۇمنى يارىلاندۇرمىغان بولساڭ ، بۈگۈنگىچە نېمە كۈنلەرنى كۆرەر ئىدۇق ؟ جۇرچەدەي ، مانا بۇ سىنىڭ كۆرسەتكەن ئەڭ كاتتا خىزمىتىڭ ① ! بىز ئۇ يەردىن قالقا دەرياسىنى بويلاپ كۆچكەندە ، سېنى قالقان قىلىپ ، ھىماتىڭدا بالچۇن كۆلى بويىغا كېلىپ ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇردۇق . كېيىن بالجۇن كۆلىدىن قوزغالغاندا ، كەرەيلەرنى جازالاش ئۈچۈن ، سېنى ئالغىنچى قىلىپ ئەۋەتتىم . تەڭرىنىڭ مەدەت بېرىشى بىلەن ، كەرەيلەرنى بېقىندۇردۇق . شۇنىڭ بىلەن ئاساسلىق ئەل ـ ئۇلۇسلىرى بېسقتۇرۇلغاندىن كېيىن ، نايمان ، مەركىتلەر ئۇرۇش قىلغۇدەك مادارى قالماي تىرىپىرەن بولۇپ ، بىزگە يېڭىلدى .

نايمانلار بىلەن مەركىتلەرنى ئوجۇقتۇرۇشتا ، كەرەيلەردىن جاقا گامبۇ ئىككى قىزىنى بىزگە تارتۇق قىلىپ ، قارىمىقىدىكى ئۇلۇسلارنى ساقلاپ قالدى ، بىراق ئۇلارمۇ ئۇزۇن ئۆتمەي بىزدىن يۈز ئۆرۈپ بۆلىنىپ كەتتى . جۇرچەدەي سەن پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ، بۆلىنىپ كەتكەن جاقا گامبۇنى ئەسىرگە ئېلىپ ئۆلتۈرىۋەتتى . ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇلۇسلىرىنىمۇ ئۆتكۈزىۋالدى . مانا بۇمۇ سەن جۇرچەدەينىڭ يەنە بىر كۆرسەتكەن خىزمىتىڭ .

ئۇرۇش بولغان كۈنلەردە ،
جاننى تىكىپ ئاتلاندىڭ .
هايات ـ ماماتلىق پەيتلەردە ،
قان كېچىپ ئېلىشتىڭ .

شۇ سەۋەبلەردىن چىڭگىز خان ئىباغا بېكەنى جۇرچەدەيگە تارتۇق قىلىشتا ، ئىباغا بېكەگە دېدى :

— سېنى ئەخلاق ـ پەزىلەتسىز دېمىدىم ؛
سېنى هەم سەت ـ كۆرۈمسىز دېمىدىم .
سېنى ئىللىق قوينۇمدا ياتقۇزدۇم ،
سېنى يۇمشاق قۇچىقىمدا ئەركىلەتتىم .
خانىش ـ مەلىكىلەر قاتارىدىن
ساڭا ئورۇن بەردىم ،
سېنى مانا ئەمدى هەدىيە قىلىمەن
تۆهپە قوشقان جۇرچەدەي پالۋانغا .

ئۇنىڭ كۆرسەتكەن باتۇرلۇقىنى هەرگىز ئۇنتۇلمايمەن .

قان كېچىپ ئېلىشقان كۈنلەردە ،
ئالدىمدا قالقان بولۇپ كەلدى .
دۈشمەنلەر ئېتىلىپ كەلگەن چاغلاردا ،
يېنىمدا دالدا بولۇپ كەلدى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بۆلىنىپ كەتكەن ئۇلۇسۇمنى
بىرلىككە كەلتۈرۈپ بەردى ،
توزۇپ كەتكەن خەلقىمنى
بىر يەرگە يىغىپ بەردى .
سېنى مانا ئەمدى ھەدىيە قىلىمەن
ھەسسە قوشقان جۇرچەدەي باتۇرغا .

بۇنىڭدىن كېيىن مېنىڭ ئورنىمدا ئولتۇرغان ئەۋلادلار ئەنە شۇنداق ھەسسە قوشقان تۆھپىكارلارنى ھەرگىز ئۇنتۇماڭلار ، ئېسىڭلاردا بولسۇنكى ، ئەۋلادتىن ئەۋلادقىچە ئىباغا بېكەنىڭ ئورنىنى ئۇزۇپ قويماڭلار .

— داداڭ جاقا گامبۇ ساڭا ئىككى يۈز ئەنچى ② بىلەن باۋۇرچى ئاشىق تېمۇر ، ئالچىق ③ ئىككىسىنى قوشۇپ بەرگەندى . ئەمدى سەن ئۇرۇغۇتلار تەرەپكە بېرىش ئالدىدا تۇرىسەن . ئەستىلىك ئۈچۈن بولسىمۇ ، باۋۇرچى ئاشىق تېمۇر ، ئالچىق ئىككىسى بىلەن يۈز ئەنچىڭنى ماڭا قالدۇرۇپ كېتەرسەن ، — دەپ ئۇلارنى ئېلىپ قالدى .

— ئىباغامنى ساڭا بەردىم ! — دېدى چىڭگىز خان پەرمان چۈشۈرۈپ خۇرچەدەيگە ، — سەن تۆت مىڭ تۇتۇن ئۇرۇغۇتنى باشقۇر !

① جۇرچەدەينىڭ قارا قالجىت ئىدىرلىقىدا ۋاڭ خان بىلەن ئۇرۇشۇشتا كۆرسەتكەن خىزمىتى ۋە سەڭگۈمنى يارىلاندۇرغانلىقى توغرىسىدىكى ئىشلار 171 § ، 185 § لاردا بايان قىلىنغان . — ت .

② ئەنچى — 43 § دىكى ئىزاھات ③ كە قاراڭ . — ت .

③ ئالچىق — ئادەم ئىسمى . ئالچىق « جاسۇس ، ئىشپىيون ، خائىن » دېگەن مەنىلەردە . — ت .

## توققۇزىنچى باب

§ 209 — سەن ماڭا كۈچلۈكلەرنىڭ بويىنىنى قايرىپ، پالۋانلارنىڭ بېلىنى سۇندۇرۇپ بەردىڭ. تۆت كۈلۈكۈم قۇبىلاي، جەلمە، جەبە، سۇبەگەتەي سىلەر

بار دېگەن يەرگە باردىڭلار،
بارغان يەردىكى ئۇيۇل تاشلارنى
كۇكۇم — تالقان قىلىۋەتتىڭلار.
ئاتلان دېگەن يەرگە ئاتلاندىڭلار،
ئاتلانغان يەردىكى چوققىلارنى
يېرىپ پارچىلىۋەتتىڭلار.
تاغلار سىلەرگە باش ئەگدى،
دەريالارمۇ يول بەردى.

تۆت كۈلۈكۈم قۇبىلاي، جەلمە، جەبە، سۇبەگەتەي سىلەر بار دېگەن يېرىمگە بارساڭلار؛ تۆت سەركەردەم بوغورچۇ، مۇقالى، بوروغۇل، چىلاغۇن باتۇر سىلەر يېنىمدا تۇرساڭلار؛ ئۇرۇش كۈنلىرى، جۇرچەدەي، قۇيىلدار ئىككىڭلار ئۇرۇغۇت، ماڭغۇتلارنى باشلاپ ئالدىمدا تۇرساڭلار، كۆڭلۈم خېلى توق تۇرىدىكەن! — دېدى چىڭگىز خان قۇبىلايغا ۋە پەرمان چۈشۈرۈپ يەنە:

— سەن بارلىق چېرىكلەرگە مەسئۇل چېرىكبېشى بول. بەدۈگۈننىڭ مىجەزى چۇس بولغاچقا، ئۇنى ياقتۇرمايمەن، شۇڭا ئۇنىڭغا مىڭ تۈتۈن بەرمىدىم. سەن ئۇنىڭ بىلەن چىقىشالايسەن، ئىككىڭلار مەسلىھەتلىشىپ مىڭ تۈتۈننى باشقۇرىڭلار، بۇنىڭدىن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



كېيىنمۇ ئۇنىڭدىن ھەزەر ئەيلىشىمىز كېرەك !

210 § — بوغورچۇ ، مۇقالى قاتارلىق نويانلار ، دودەي ، دوغولۇ قاتارلىق چەربىلەر ! — دېدى گەنىگەسلەردىن غۇنانغا ، — بۇ غۇنان

كېچىلىرى چىلبۆرىدەك ،
كۈندۈزلىرى بۇر كۇتتەك يۈرىدۇ.
كۆچ دېگەندە قالمىدى كەينىمدە ،
تۇر دېگەندە ماڭمىدى ئالدىغا ،
ھەمراھ بولۇپ كەلدى يېنىمدا ،
ئوچۇق چىراي ئاچمىدى دۈشمەنلىرىگە ،
يان تاياق بولمىدى كۈشەندىلىرىگە .

سىلەر غۇنان ، كۆكچۈس ئىككىسىنىڭ مەسلىھەتىنى ئالماي ئىش قىلماڭلار . ھەممە ئىشتا ئۇلارنىڭ مەسلىھەتىنى ئېلىڭلار !

— جوچى باللىرىمنىڭ چوڭى ، شۇڭا غۇنان ، سەن گەنىگەسلەرنى باشلاپ ، جوچىنىڭ قول ئاستىدا تۇمەن تۇتۇنىڭ تۇمەنبېشى بول ! — دەپ پەرمان چۈشۈردى يەنە ، — ئۇنىڭدىن باشقا ، غۇنان ، كۆكچۈس ، دەگەي ، ئۇسۇن ① چال سىلەر تۆتىڭلار كۆرگەنلىرىڭلارنى ۋە ئاڭلىغانلىرىڭلارنى قىلچە يوشۇرماستىن مەلۇم قىلىپ تۇرۇڭلار .

① ئۇسۇن — ئادەم ئىسمى . ئۇسۇن ( Usun ) « ئۇزۇن » . — ت .

211 § — جەلمە ، جارچىغۇداي چال كۆرىكىنى يۈدۈپ ، بۇشۇكتىكى سەن جەلمەنى ئېلىپ ، بۇرھان خالدون تېغىدىن ئەكەلگەندى . مەن ئونون دەرياسىنىڭ يېنىدىكى دەلىگۈن بولداغ دېگەن يەردە تۇغۇلغاندا ، جارچىغۇداي چال ئۇستۇمگە بۇلۇن

يۆگەك يىپىپ قويغانىدى ①. شۇ كۈندىن باشلاپ سەن ماڭا ئىشىكىمدىكى چاكار، بوسۇغامدىكى قۇلدەك بۈگۈنكىچە ھەمراھ بولۇپ كېلىۋاتىسەن. قوشقان ھەسسەڭمۇ كۆپ، — دېدى چىڭگىز خان جەلمەگە ۋە پەرمان چۈشۈرۈپ يەنە:

— تەڭ تۇغۇلۇپ، تەڭ چوڭ بولغانلىقىمىز، بۇلغۇن يۆگەكنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن، قۇتلۇق جەلمە، توققۇز قېتىم گۇناھ ئۆتكۈزسەڭمۇ، گۇناھىڭدىن كېچىمەن، — دېدى.

① جارچىغۇدايىنىڭ چىڭگىز خاننىڭ ئۈستىگە بۇلغۇن يۆگەك ياپقانلىقى ھەققىدىكى ئىشلار 97 § دا بايان قىلىنغان. — ت.

212 § — ئاتا - بالا ھەر بىرىڭلارغا مىڭ تۇتۇنىدىن ئۆتكۈزۈپ بەرگەنلىكىمنى چۈشىنەمسىلەر؟ ئۇلۇسنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتە، سەن داداڭغا قانات بولۇپ، تېگىشلىك ھەسسەڭنى قوشقانلىقىڭ ئۈچۈن، چەربىلىك ئاتاق بەردىم، — دېدى چىڭگىز خان تولۇنغا ① ۋە پەرمان چۈشۈرۈپ يەنە:

— ئۆزۈڭ يىغقان ئۇلۇسنى مىڭ تۇتۇنگە يەتكۈزۈپ، ئۇلارنى تۇرغان ② بىلەن مەسلىھەتلىشىپ باشقۇر! — دېدى.

① تولۇن — مەڭلىكنىڭ ئوغلى. 12 - مىڭبېشى. — ت.

② تۇرغان — تۇرۇخان دەپمۇ ئاتىلىدۇ. — ت.

213 § — مەڭگۇتۇ قىياننىڭ ① ئوغلى ئۆڭگۈر، — دېدى چىڭگىز خان باۋۇرچى ئۆڭگۈرگە، — ئىلگىرى سەن ئۈچ توغراغۇت قېرىنداشلار ②، بەش تارغۇت قېرىنداشلار ③، ئىككى چاڭشىغۇت، باياغۇتلار بىلەن مەن تەرەپكە كېلىپ، بىر كۈرە بولۇپ تەشكىللەندىڭلار ④. ئۆڭگۈر سەن نى - نى تۇمانلاردا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



پەقەت يولدىن ئاداشمىدىڭ،
تالاي ــ تالاي ئۇرۇشلاردا
قىلچە ئاسىيلىق قىلمىدىڭ،
هۆل ــ يېغىنلاردا
مەن بىلەن تەڭ چىلاشتىڭ،
قار ــ شۇئىرغانلاردا
مەن بىلەن تەڭ ئۇشۇدىڭ،
ئەمدى سەن مەندىن قانداق تارتۇق تەلەپ قىلىسەن؟

ــ ئەگەر تارتۇق تەلەپ قىل دېسىڭىز، ــ دېدى ئۆگگۈر، ــ بايائۇت قېرىنداشلىرىم ھەرقايسى قەبىلىلەرگە چېچىلىپ كەتتى، ئەگەر تارتۇقلايمەن دېسىڭىز، ئاشۇ چېچىلىپ كەتكەن قېرىنداشلىرىمنى بىر يەرگە جەم قىلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىمەن.

ــ بولىدۇ، ئۇنداق بولسا بايائۇت قېرىنداشلىرىڭنى يىغىپ مىڭ تۇتۇنگە يەتكۈزۈپ، ئۇلارنى باشقۇر! ــ دېدى چىڭگىز خان پەرمان چۈشۈرۈپ، ــ ئۆگگۈر، بوروغۇل ئىككىڭلار ئوڭ ــ سولدا باۋۇرچى بولۇپ، ئوزۇق ــ تۈلۈكلەرنى ئۈلەشتۈرگەندە، ئوڭ تەرەپتىكى ئولتۇرغان ۋە ئۆرە تۇرغان؛ سول تەرەپتىكى تىزىلغان ۋە تىزىلمىغانلارغا بىرىنى قويماي تەڭ ئۈلەشتۈردۈڭلار. ئىككىڭلار شۇنداق تەڭ ئۈلەشتۈرۈپ، كارنىيىمنى ئاچچىق قىلماي، كۆڭلۈمنى خاتىرجەم قىلدىڭلار. ئەمدى ئۆگگۈر، بوروغۇل ئىككىڭ بىرىپ كۆپچىلىككە ئوزۇق ــ تۈلۈكلەرنى ئۈلەشتۈرۈڭلار. سورۇنغا كىرگەندە، سىلەر تۇسۇرگەنىڭ ئوڭ ــ سول ئىككى تەرىپىدە ئولتۇرۇپ، ئوزۇق ــ تۈلۈكلەرنى تەييارلاپ، تولۇنلار بىلەن ئالدىڭلارنى شىمالغا قىلىپ ئوتتۇرىدا ئولتۇرىسلەر ⑤.

① مەڭگەتۇ قىيان — ئادەم ئىسمى. چىڭگىز خاننىڭ چوڭ دادىسى. — ت.

② ئۈچ توغراغۇت — 120 § تىكى جالايىرلاردىن قاچىغۇن توغراغۇن، قارغاي توغراغۇن، قارالداي توغراغۇن ئۈچ ئاغا ـ ئىنىنى دېمەكچى. — ت.

③ بەش تارغۇت — 120 § تىكى قاداغان، دالدۇرقان قاتارلىق بەش ئاغا ـ ئىنىنى دېمەكچى. — ت.

④ بۇ ھەققىدىكى ئىشلار 120 § دا بايان قىلىنغان. شۇ چاغدا تېمۇرچىنلار جامۇقالاردىن بۆلۈنۈپ چىقىپ، موڭغۇللارنىڭ ھەرقاسى ئۇرۇقلىرىنى ئۆز ئارا تالىشىۋاتقان چاغ ئىدى. كۆرە بولۇپ تەشكىللىنىش ھەربىي مۇداپىئە جەھەتتىكى مۇھىم بىر ھالقا، تېمۇرچىن ئۈچۈن چوڭ بىر ياردەم ئىدى. — ت.

⑤ موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرى كاتتا توي ـ زىياپەتلەرنى ئۆتكۈزگەندە، قەدىمكى ئەنئەنىسى بويىچە، يوغان بېزەك چېدىر تىكىدۇ. خوجايىن شىمال تەرەپىنىڭ ئەڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئېگىز ئورۇندا ئولتۇرىدۇ، ھەرقايسى ئاقسۆڭەك ۋە شەيخ ـ راھىبلار ھۆرمىتى بويىچە ئوڭ ۋە سول تەرەپلەردە ئولتۇرىدۇ. ئۇدۇلى (كۈنپېتىش تەرەپ) دىكى ئوڭ ـ سول قارمۇقارشى ئىككى قاتار كىگىز سېلىنغان ئورۇندا ھەرقايسى ئەمەلدارلار شىمالغا قاراپ ئولتۇرىدۇ. شىمال تەرەپ بولسا تۆر ھېسابلىنىدۇ. تۆرنىڭ ئالدى تەرەپكە ئادەم ئۆتىدىغان كەڭ ئورۇن بوش قويۇلىدۇ. يولنىڭ ئاياغ (كۈنپېتىش تەرەپتىكى چېدىرنىڭ ئېغىز) تەرىپىگە قىمىز قاچىلانغان ئىدىش ـ كوزا (تۇسۇرگە) لار قويىلىدۇ. ئۇلارنىڭ يېنىدا چىرايلىق كىيىنگەن بىر ياكى بىر قانچە ئەمەلدار ئالدىنى شىمال تەرەپكە قىلىپ، ئىچىملىكلەرنى نارارەت قىلىپ ئولتۇرىدۇ ياكى يۈكىنىپ ئولتۇرىدۇ. مانا مۇشۇ ئورۇن چىڭگىز خاننىڭ ئۆگەي قاتارلىقلارغا كۆرسىتىپ بەرگەن ئورنى. — ت.

214 § — شىگى قۇتۇغ، بوروغۇل، كۈچ، كۆكچۇ، — دېدى چىڭگىز خان بوروغۇلغا، — ئاپام تۆتىڭلارنى

كۆچكەن ئەلنىڭ يۇرتىدىن،

تالادا قالغان يېرىڭلاردىن،

يېنىغا قايتۇرۇپ كەلگەن.

ئۆز بالىسىدىن ئەزىز بىلىپ،

قۇچۇقىدا ياتقۇزۇپ باققان،

بېشىڭلارنى سىلاپ يۇرۇپ،

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



يىگىت قىلىپ قاتارغا قوشقان.
يىشىگلاردىن يېتەكلەپ يۈرۈپ،
ئەر ئېتىپ سەپەرگە قوشقان.

سىلەرنى كۆلەڭگىمىزدەك ئايرىلماس ھەمراھ بولسۇن دەپ، تالاي جاپا ـ مۇشەققەتلەردە بېقىپ چوڭ قىلغانىدى. ھازىر سىلەر ئاپامنىڭ سىڭدۈرگەن ئەجرىنى قانچىلىك ئاقلىدىڭلار؟ بوروغۇل، سەن ماڭا نۆكەر بولۇپ كەلگەندىن بېرى،

ھايات ـ ماماتلىق ئۇرۇشلاردا،
مېنى ئاچ ـ زېرىن قويمىدىڭ؛
جۇدۇن ـ چاپقۇنلۇق تۈنلەردە،
مېنى ئۇيقۇسىز قويمىدىڭ.
تۇشمۇتۇش تۇتۇشقانلاردا،
شورپىسىز قويمىدىڭ.

ئاتا ـ بوۋىمىزنى قەستلىگەن تاتارلاردىن قانغا قان، جانغا جان ئېلىش ئۈچۈن، ئۇلانى ھارۋا ئوقىنىڭ قولىقىغا تەڭلەشتۈرۈپ قىرىۋاتقاندا، ئۇلاردىن قارگىل شىرا ئوغرىدەك قېچىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئاخىر ئاچارچىلىق، ئۇسۇزلۇققا چىدىماي، ئاپامنىڭ ئۆيىگە كىرىپ: « تىلەمچى مۇساپىرمەن » دەپ يېمەكلىك تىلەپ كىرگەندە، ئاپام: « تىلەمچى بولساڭمۇ، كىرىپ ئولتۇر » دەپ ئوڭ تەرەپتىكى كاتىنىڭ ئايىغىدىكى بوسۇغا يېنىنى كۆرسىتىپتۇ ①. ئۇ ئەمدى ئولتۇرۇشىغا بەش ياشلىق تولۇي ئۆيگە يۈگىرىپ كىرىپ چىقىپ كېتىۋاتقاندا، قارگىل شىرا ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، ئۇنى قولتىقىغا قىسىپ، پىچىقنى سۇغىرىپ تالاغا مېڭىۋاتقاندا، ئۆينىڭ سول تەرىپىدە ئولتۇرغان بوروغۇلنىڭ خوتۇنى ئالتانى: « بالا تۈگەشتى! » دەپ ئاپامغا توۋلىغىنىچە ئۇنىڭ كەينىدىن ئېتىلىپ چىقىپ، بىر قولى بىلەن ئۇنىڭ

كۆكـۈلـىسىدىن ئېلىپ، يەنە بىر قولى بىلەن پىچاق سۇغۇرىۋاتقان قولـىغا ئېسىـلـىپ پىچىقنى چۈشۈرىۋېتىپتۇ. شۇ چاغدا ئۆينىڭ كـەينىدە قارا توقال كالا سويىۋاتقان جەتەي بىلەن جەلمە ئالتاننىڭ قـيـا ـ چـياسىنى ئاڭلاپ، قوللىرى قان پېتى پالتا، پىچاقلىرىنى كۆتـەرگـىـنـىچـە ئېتىلىپ كېلىپ، تاتار قاركىل شىرانى چېپىپ ئۆلـتـۈرىـۋېـتـىـپـتـۇ. ئالـتـانـى، جەتەي، جەلمە ئۈچى بالىنى بىز قـۇتـۇلـدۇرىـۋالدۇق، دەپ تالىشىپ قىزىرىشىۋاتقاندا، جەتەي بىلە جەلمە ئىككىسى:

ــ بـىـز يـۈگـرىـپ كېلىپ ئۇنى ئۆلتۈرىۋەتمىگەن بولساق، سـىـزدەك يـالـغۇز بىر ئايال كىشىنـىـڭ قولىدىـن نېمە كېلەتتـى؟ بـالا ئالـلـىـبـۇرۇن ئۆلـۈپ بـولاتـتـى. شۇڭا، بىرىنچـى خىزمەت بىزگە تەن، ــ دېيىشىپتۇ، ئالتانى:

ــ ئەگـەر ئاۋازىـمـنـى ئاڭـلـىـمـىـغان بـولساڭلار، بالىنى ئۆلـتـۈرمەكچـى بـولـغانـلـىقنى نەدىن بىلەتتىڭلار؟ مەن ئۇنىڭ كـۆكـۈلـىسـىـدىـن ئېـلـىـپ، پىچىقنى چۈشۈرۈۋەتمىگەن بولسام، جەتـەي، جـەلمە ئىككىڭلار يۈگرىـپ كەلگىچـە، بالا ئالـلىبـۇرۇن چـېـنـىـدىـن ئايـرىـلـىـپ بولاتتـى، ــ دەپتۇ. شۇنداق قىلىپ، بىـرىـنچى تۆھپە ئاخىر ئالتانغا تەن بولدى. بوروغۇلنىڭ خوتۇنى ئالـتـانـى بـوروغـۇلغا يان شوتا بولۇپ بەرگەنلىكتىن، تولۇي ئامان قـالـدى. بـىـز كـەرەيـلـەر بـىلەن قارا قالجىت ئەلەتتىكى ئۇرۇشتا، ئۆگـەدەيـنـىـڭ بـويـنـىـغا ئوق تـېگـىپ، ئاتتىن يىقىلىپ ياتقاندا، بـوروغۇل يېتىپ كېلىپ، ئۇنىڭ بوينىدىكى ئۇيۇپ قالغان قانلارنى شـوراپ تـازىلاپ، ئۇنـى بـىـر كـېـچـە بـاقـتـى. ئەتىسى ئەتىگەندە ئۆگـەدەي ئاتـقـا چـىـقـالـمـىغانلىقتىن، ئۇنى يۆلەپ ئاتنىڭ ئالدىغا مـىـنـگـۈزۈپ، بوينىدىكى قانلارنى يەنە شوراپ، ئېغىز ـ بۇرۇنلىرى قېپقىزىل قان پېتى ساق ـ سالامەت قايتۇرۇپ كەلدى ②. ئاپامنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مىڭبىر جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى چېكىپ باققان ئەجرىنى ئىككى بالامنىڭ جېنىنى ساقلاپ قېلىش بىلەن ئاقلىدىڭ. بوروغۇل سەن ماڭا نۆكەر بولۇپ كەلگەندىن بېرى، چاقىرغان هامان پەيدا بولدۇڭ. شۇڭا، توققۇز قېتىم گۇناھ ئۆتكۈزسەڭمۇ، گۇناھىڭدىن كېچىمەن.

① كىگىز ئۆينىڭ بوسۇغىسىنىڭ ئوڭ ( كۈنپېتىش ) تەرىپىدە ھۆرمىتى يوق مېھمانلار ئولتۇرىدۇ. سول ( كۈنچىقىش ) تەرىپىدىكى ئىشىككە يېقىن جايدا ئانچە ھۆرمىتى بولمىغان ئاياللار، باللار ياكى خىزمەتكارلار ئولتۇرىدۇ. — ت.

② بۇ ھەقتىكى ئىشلار 173 § دا بايان قىلىنىدۇ. — ت.

215 § — ئەمدى ئۇرۇقىمىزنىڭ خاتۇن ـ قىزلىرىنى تارتۇقلايلى! — دېدى چىڭگىز خان يەنە.

216 § — ئۇسۇن، غۇنان، كۆكچۇس، دەگەي تۆتىڭلار كۆرگىنىڭلارنى قىلچە يوشۇرماستىن؛ ئويلىغىنىڭلارنى قىلچە ئايىماستىن ماڭا ئېيتىپ تۇردىڭلار، — دېدى چىڭگىز خان ئۇسۇن چالغا، — شۇڭا، ئۇسۇن سىز موڭغۇللارنىڭ ئۆلگىلىك نويانى، ھۆرمەتلىك بېگى بولۇشقا ھەقلىقسىز. بىز موڭغۇللار بەگ دېگەن ئەمەلنى چوڭ بىلىمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە، سىز ئارىمىزدىكى باغارىن ئۇرۇقى ئاقساقىلىنىڭ ئەۋلادى بولغاچقا، سىزنى بەگ دېگەن ئەمەل بىلەن تارتۇقلايمەن، بۇنىڭدىن كېيىن ئاق تون كېيىپ، توم بوز ئاتقا مىنىسىز، تۆردىن ئورۇن ئېلىپ، نەزىر ـ چىراغلارغا رىياسەتچىلىك قىلىپ، سەدىقە بېرىدىغان يىل، ئاي، كۈنلەردىن بېشارەت بېرىپ تۇرارسىز.

217 § — قۇيىلدار ئاندام ئىلگىرىكى ئۇرۇشتا باتۇرلۇق كۆرسىتىپ قازا قىلدى، — دېدى چىڭگىز خان پەرمان

چۇشۇرۇپ، — ئۇنىڭ كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ئۇچۇن، ئۇرۇق — ئۇرپاقلىرى نەپەقەدىن بەھرىمەن بولىدۇ.

§ 218 — داداڭ چاغان غوۋا ھەر قېتىمقى ئۇرۇشلاردا مېنى ئەھتىيات بىلەن ئالدىمدا قوغدايتتى، — دېدى چىڭگىز خان يەنە چاغان غوۋانىڭ ئوغلى نارىن توغرىلغا، — لېكىن، دالان بالجۇتتىكى ئۇرۇشتا جامۇقانىڭ قولىدا قازا تاپتى. ئەمدى توغرىل سېنى داداڭنىڭ كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ئۇچۇن، نەپەقە بىلەن تارتۇقلايمەن.

— مېنىڭ نەگۇس قېرىنداشلىرىم ھەرقايسى قەبىلىلەر ئارىسىدا تەمتىرەپ يۈرىدۇ، تارتۇقلايمەن دېسىڭىز، ئاشۇ بىچارە نەگۇس قېرىنداشلىرىمنىڭ بېشىنى بىر يەرگە يىغىشقا رۇخسەت قىلغايسىز.

— ئۇنداق بولسا، نەگۇس قېرىنداشلىرىڭنى يىغىپ ئەۋلادتىن ئەۋلادقىچە باشقۇر، — دەپ پەرمان چۈشۈردى چىڭگىز خان.

§ 219 — كىچىك چېغىمدا، تايچىغۇتلاردىن تارغۇتاي كىرىلتۇغنىڭ قېرىنداشلىرى ھەسەت قىلىپ مېنى تۇتقۇن قىلغاندا، — دېدى چىڭگىز خان سورقان شىراغا يەنە، — سورقان شىرا سىز: «قېرىنداشلىرىڭ ساڭا ھەسەت قىلىۋاتىدۇ» دەپ ئوغۇللىرىڭىز چىلاغۇن، چىمبايلار، قىزىڭىز قاداغان بىلەن ماڭا غەمخورلۇق قىلىپ، مېنى يوشۇرۇپ قويغانىدىڭلار، ئۇلار كەتكەندىن كېيىن يەنە مېنى كەتكۈزۈۋەتكەنىدىڭلار. شۇ قىلغان ياخشىلىق ۋە ئىلتىپاتلىرىڭىز كۈندۈزى ئېسىمدىن، كېچىسى چۈشۈمدىن زادى كەتمەيدۇ. لېكىن، سىز شۇ چاغدا تايچىغۇتلار تەرەپتىن ناھايىتى كەچ قايتىپ كەلگەنىدىڭىز. شۇ ياخشىلىقىڭىز

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئۇچۇن تارتۇقلىسام، نېمە تەلەپ قىلارسىز ؟

— ئەگەر تارتۇقلايمەن دېسەڭ، — دېدى سورقان شىرا بالىلىرى چىلاغۇن، چىمبايلار بىلەن مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، — ماڭا مەركىتلەرنىڭ ماكانى سەلەڭگە دەرياسى تەۋەسىنى سۇيۇرغاللىققا بەر. باشقا ئاتىغان تارتۇقلىرىڭ بولسا يەنە مەيلى.

— مەركىتلەرنىڭ ماكانى سەلەڭگە دەرياسى تەۋەسىنى سىزگە سۇيۇرغاللىققا بەردىم ۋە يەنە تارخانلىق ھوقۇقىنىمۇ بەردىم، — دەپ پەرمان چۈشۈردى چىڭگىز خان، — ئەۋلادتىن ئەۋلادىڭىزغىچە قورچى بولۇپ، توي - زىياپەتلەردە يەپ - ئىچىڭىز. تارخان بولغانىكەنسىز، توققۇز قېتىم گۇناھ ئۆتكۈزسىڭىزمۇ، جازاغا تارتىلمايسىز.

— چىلاغۇن، چىمباي ! ئىككىڭلارنىڭ ئىلگىرى دېگەن گەپلىرىڭلار ھېلىمۇ ئېسىمدە، قىلغان ياخشىلىقىڭلارنى قانداق قايتۇرسام بولار ؟ — دېدى چىڭگىز خان يەنە چىلاغۇن، چىمبايغا ۋە پەرمان چۈشۈرۈپ :

— كۆڭلۈڭلەرگە نېمە پۈككەن بولساڭلار، كەم - كۈت نەرسەڭلەرنى تەلەپ قىلماقچى بولساڭلارمۇ، ئارىغا ئەلچى سېلىپ يۈرمەي، ماڭا ئۆدۈل دەۋېرىڭلار، ئاغزىڭلاردىن چىققانلارنى ئورۇنداپ بېرىمەن.

— سورقان شىرا، بادەي، كىشلىك تارخانلار، سىلەرنىڭ تارخانلىق ھوقۇقىڭلارنى يەنە ئۈستۈرەي.

دۈشمەنلەرنى مۇھاسىرىگە ئالساڭلار،
مال - دۇنيانى ئۈلۈشىڭلار خالىغانچە.
ئوۋدا ئولجا ئالساڭلار قانچە،
ئولجىلارنى بۆلۈشىڭلار شۇنچە.

— سورقان شىرا، سەن تايچىغۇتلاردىن تۆدەگەنىڭ خىزمەتكارى ئىدىڭ. بادەي، كىشلىك! ئىككىڭمۇ يەكە چەرەنىنىڭ يىلقىچىلىرى ئىدىڭلار. ھازىر ماڭا تۈۋرۈك بولغىنىڭلار ئۈچۈن، سىلەرمۇ قۇرچى بولۇپ، توي - زىياپەتلەردە سورۇنلاردىن ئورۇن ئېلىپ يەپ - ئىچىڭلار، تارخانلىقنىڭ پەيزىنى سۈرۈپ كۆڭۈل ئېچىڭلار! — دەپ پەرمان چۈشۈردى چىڭگىز خان يەنە.

§ 220 — شىرگۈگەتۈ ① چال ئۇغلى ئالاق، ناياغالار بىلەن تارغۇتاي كىرىلتۇغنى تۇتۇۋېلىپ بىزگە ئەكىلىۋېتىپ، قۇتۇغۇل نۇغۇ دېگەن يەرگە كەلگەندە، — دېدى چىڭگىز خان ناياغاغا يەنە، — سەن ناياغا: «ئۆز خانىمىزغا ئاسىيلىق قىلىپ، ئۇنى تۇتۇپ ئاپىرىپ بېرىمىزمۇ؟» دەپ، ئاسىيلىق قىلىپ ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىشكە رايىڭلار بارماي، ئۇنى قويۇۋېتىپسىلەر. شۇنىڭ بىلەن، شىرگۈگەتۈ چال ئوغلى ئالاق بىلەن ناياغا ئىككىڭلارنى ئەگەشتۈرۈپ بىز تەرەپكە كەلگەندە، سەن ناياغا بىلجىغۇر ②: «بىز ئۆز خانىمىز تارغۇتاي كىرىلتۇغنى تۇتۇۋالغانىدۇق، بىراق ئاسىيلىق قىلىپ ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىشكە رايىمىز بارماي، ئۇنى يولدا قويۇۋەتتۇق. مانا ئەمدى خىزمەتلىرىنى قىلغىلى كەلدۇق. ئەگەر ئۆز خانىمىزنى ئاسىيلىق قىلىپ ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرسەك، خەقلەر ئۆز خانىغا قول سالغانلارغا كېيىن كىممۇ ئىشەنسۇن؟» دېگەنىدىڭ. «ئۆز خانىمىزغا ئاسىيلىق قىلىشقا رايىمىز بارماي قويۇۋەتتۇق» دېگەن ئاشۇ گېپىڭگە قاراپ، «ساڭا چوڭ ئىشلارنى تاپشۇرساق بولغۇدەك» دېگەنىدىم، ھازىر بوغورچۇغا ئوڭ قانات تۈمەن تۈتۈننى باشقۇرۇشقا تاپشۇرىمەن؛ مۇقالىغا گوۋاڭ دېگەن نامنى بېرىپ، سول قانات تۈمەن تۈتۈننى باشقۇرۇشقا تاپشۇرىمەن؛ ناياغا، ساڭىمۇ غول قوشۇن تۈمەن توننى باشقۇرۇشقا

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



تاپشۇرىمەن

① شىرگۇگەتۇ — ئادەم ئىسمى. ئەسلى تېكىستتە شىرگۆتۇ (shirgətu). لېكىن ئالدىنقى پاراگرافلاردا « شىرگۇگەتۇ » دەپ ئېلىنغانلىقتىن. بىرخىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، « شىرگۇگەتۇ » دەپ ئېلىندى. — ت.

② ناياغا بىلجىغۇر — ئادەم ئىسمى. بىلجىغۇر (Bilji' ur) « قۇچقاچ » دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئۇنىڭ كىچىك چېغىدىكى ئەركىلەتمە ئىسمى بولۇشى مۇمكىن. « ئالتۇن توپچى » 148 - بەتتە ناياغا بىلداغۇر دەپ ئېلىنغان. — ت.

§ 221 — جەبە، سۇبەگەتەي ئىككىڭلارمۇ يىغقان ئەللىرىڭلارنى مىڭ تۇتۇندىن تەشكىللەپ باشقۇرۇڭلار! — دېدى چىڭگىز خان يەنە ①.

① جەبە، سۇبەگەتەي چىڭگىز خاننىڭ تۆت كۆلۈكىنىڭ ئىككىسى، ئۇن تۆھپىكارىنىڭ ئىچىدىكى پالۋانلىرى. ھازىرغىچە تالاي خىزمەتلەرنى كۆرسەتكەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ يەردە تىلغا ئېلىنىپلا ئۆتكەن. قارىغاندا، ئۇلار ئىلگىرى ئۆز ئۇرۇق - قەبىلىلىرى ئارىسىدا ئانچە ئورنى بولمىسا كېرەك. كېيىن چىڭگىز خانغا بېقىنغاندىن كېيىن، شىجائىتى ۋە باتۇرلۇقىغا تايىنىپ نام قازىنىپ. نۇرغۇن ئەللەرنى بېقىندۇرۇپ، چىڭگىز خاننىڭ ئىشەنچلىك تايانچلىرى بولۇپ قالغان. — ت.

§ 222 قويچى دەگەيگىمۇ ① ئۇ يەر، بۇ يەرلەردە رويخەتسىز يۈرگەن ئەللەرنى يىغىپ بېرىپ، مىڭ تۇتۇننىڭ مىڭبېشىلىقىغا قويدى.

① دەگەي — ئۈچىنچى باب 124 § دا قويچىلىققا قويغان قويچى دەگەي. — ت.

§ 223 موچى ① كۈچگۈرگە بېرىدىغان ئەل يېتىشمىگەنلىكتىن، ئۇنىڭغا ئۇ يەر، بۇ يەرلەردىن يىغىپ بەردى. مۇلقالقۇ ئىلگىرى جاداران ئۇرۇقىدىن نۆكەر بولۇپ كەلگەنلىكتىن، چىڭگىز خان:

— كۆچگۈر، مۇلقالقۇ ئىككىڭلار يىغىپ بەرگەن بۇ مىڭ تۈتۈننى مەسلىھەتلىشىپ باشقۇرۇڭلار، — دېدى.

① موچى — 120 § دىكى ئىزاھات ⑪ غا قاراڭ. — ت.

224 § ئۇلۇسنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتە ئەجىر سىڭدۈرۈپ ھەسسە قوشقان تۆھپىكارلار مىڭبېشى بولۇپ سايلاندى؛ مىڭ تۈتۈنگە مىڭبېشى، يۈز بېشى، ئونبېشى؛ تۈمەن تۈتۈنگە تۈمەنبېشى قويۇلدى. ھەر تۈمەن تۈتۈن، مىڭ تۈتۈن بېشىلىرىنىڭ خىزمەت كۆرسەتكەنلىرى تارتۇقلاندى.

— بۇرۇن مەندە سەكسەن كەپتاۋۇل، يەتمىش تۇرغاۋۇل، كېزەكچى بار ئىدى، — دېدى چىڭگىز خان پەرمان چۈشۈرۈپ، — ھازىر تەڭرىنىڭ مەدەت بېرىشى، كۆپنىڭ قوللىشى بىلەن، پۈتكۈل ئۇلۇس تىنچىدى، ھەممىسى بىر تىزگىنگە بېقىنىدىغان بولدى. ھازىر ھەر قايسى مىڭ تۈتۈنلەردىن كەپتاۋۇل، تۇرغاۋۇل، كېزەكچىلەرنى تاللاپ قوشۇن تەشكىللەيمەن. كەپتاۋۇل، قورچى، تۇرغاۋۇللارنى تۈمەنگە يەتكۈزىمەن.

چىڭگىز خان كېزەكچىلەرنى تاللاش ئۈچۈن، ھەر قايسى مىڭ تۈتۈنلەرگە:

— كېزەكچىلەرنى تاللاشتا، تۈمەنبېشى، مىڭبېشى، يۈزبېشى ۋە ھۆر كىشىلەرنىڭ قابىلىيەتلىك، ساغلام ۋە چەبدەس، خىزمىتىمىزدە بولالايدىغان باللىرىنى تاللاپ ئەۋەتىڭلار، — دېدى پەرمان چۈشۈرۈپ يەنە، — مىڭبېشىنىڭ باللىرى ئون نۆكىرى بىلەن بىر ئىنىسىنى؛ يۈز بېشىنىڭ باللىرى بەش نۆكىرى بىلەن بىر ئىنىسىنى؛ ئونبېشىنىڭ باللىرى ۋە ھۆر كىشلەرنىڭ باللىرى ئۈچ نۆكىرى بىلەن بىر ئىنىسىنى ئەگەشتۈرۈپ، ئۆزى قاراشلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



يەردىن ئات ـ ئۇلاغ ۋە لازىمەتلىكلەرنى ① تەق قىلىپ ئالدىمىزغا كەلسۇن . هەر مىڭبېشىلىرىنىڭ بالىلىرىغا ئۆز قارىمىقىدىكى مىڭ تۇتۇن ، يۈز تۇتۇنلەر ئىچىدىن ئوندىن نۆكەر قوشۇپ بېرىسلەر . ئەگەر دادىسى بەرگەن ئەنچى ياكى ئۆزى يىغقان خەلقلەر ، ئات ـ ئۇلاغلار بولسا ، ئۆزىگە تېگىشلىكلىرىدىن باشقا ، قالغان ھەممىسىنى بىز بەلگىلەپ بەرگەن سان چەكلىمىسى بويىچە قوشۇپ بېرىسلەر . يۈزبېشىنىڭ بالىلىرى بەشتىن نۆكەر ؛ ئونبېشىنىڭ بالىلىرى ۋە ھۆر كىشىلەرنىڭ بالىلىرى ئۈچتىن نۆكىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ، يۇقىرىقى چارە بويىچە ، ئۆزىگە تېگىشلىكلىرىدىن باشقا ، قالغان ھەممىسىنى قوشۇپ بېرىسلەر .

— مىڭبېشى ، يۈز بېشى ، ئونبېشى ۋە ئاۋام خەلق ، پەرمانىمنى ئۇققان ۋە ئاڭلىغان ھامان ، كىمكى خىلاپلىق قىلىدىكەن ، شۇ جازاغا تارتىلىدۇ ! — دېدى چىڭگىز خان پەرمان چۈشۈرۈپ يەنە ، — كېزەكچىلىك قىلىشقا تېگىشلىكلەر ئۆزىنى قاچۇرغان ؛ كېزەكچىلىك قىلىدىغانلارنى تەڭ قىسلىقتا قويغان ؛ ياكى ئۆز ئورنىغا باشقىلارنى ئەۋەتىدىغانلار بايقالسا ، ئۇلارنى جازاغا تارتىپ ، كۆزىمىز كۆرمەيدىغان جايلارغا پالىۋېتىمىز ! بىزگە قوشۇلۇشنى ، بىز بىلەن ھەمدەمدە بولۇشنى خالايدىغانلارغا توسقۇنلۇق قىلماڭلار .

① مەخسۇس ئومۇم ئىشلىرى ئۈچۈن سەپەرگە ياكى جەڭگە ئاتلانغاندا ئىشلىتىدىغان ئات ۋە ھارۋىلارنى كۆرسىتىدۇ . — ت .

§ 225 چىڭگىز خاننىڭ پەرمانى بويىچە ، مىڭبېشى ، يۈز بېشى ، ئونبېشىلىرىنىڭ بالىلىرى تاللىنىپ بۇرۇنقى سەكسەن كەپتاۋۇلدىن كېڭىيىپ سەككىز يۈزگە يەتتى .

— سەككىز يۈزنى كۆپەيتىپ مىڭغا يەتكۈزەيلى ، — دېدى

چىڭگىز خان پەرمان چۈشۈرۈپ يەنە، — كەپتاۋۇللۇققا كىرىدىغانلارغا توسقۇنلۇق قىلماڭلار.

— يەكە نەگۈرىن كەپتاۋۇل بېشى بولۇپ، مىڭ كىشىنى باشقۇرىدۇ. ئىلگىرى تاللاپ ئېلىنغان تۆت يۈز قورچىغا جەلمەنىڭ ئوغلى يەسۇن تەگە باش بولۇپ، تۇگەنىڭ ئوغلى بۇگىدەي بىلەن مەسلىھەتلىشىپ باشقۇرىدۇ، — دېدى چىڭگىز خان پەرمان چۈشۈرۈپ يەنە، — تۇرغاۋۇللار بىلەن قورچىلار تۆت كېزەككە بۆلۈنىدۇ، بىر كېزەك يەسۇن تەگەنىڭ باشچىلىقىدا كېزەكچىلىك قىلىدۇ، بىر كېزەك بۇگىدەينىڭ باشچىلىقىدا كېزەكچىلىك قىلىدۇ، بىر كېزەك قورقۇداغىنىڭ باشچىلىقىدا كېزەكچىلىك قىلىدۇ، بىر كېزەك لابلاقانىڭ ① باشچىلىقىدا كېزەكچىلىك قىلىدۇ. قورچىلار قور ئېسىپ، تۇرغاۋۇللار نۆۋەتلىشىپ كېزەكچىلىك قىلىدۇ، ئۇلارنى بەلگىلەنگەن باشلىقلار كېزەكچىلىككە قويىدۇ. قورچى مىڭغا يەتسۇن، يەسۇن تەگە ئۇلارنى باشقۇرىدۇ.

① يەسۇن تەگە، بۇگىدەي، قورقۇداغ، لابلاقا قاتارلىقلار ئالدىنقى قېتىم سايلانغان توقسان بەش مىڭبېشىنىڭ ئىسملىكى ئىچىدە يوق ئىدى. ئۇلار كېيىن تولۇقلانغان بولۇشى مۇمكىن. — ت.

226 § — ئۆگەلە چەربىنىڭ قولىدىكى بۇرۇنقى تۇرغاۋۇللارنى مىڭغا يەتكۈزۈپ، ئۇلارنى بوغور چۇنىڭ ئۇرۇقى ئۆگەلە باشقۇرىدۇ، — دېدى چىڭگىز خان پەرمان چۈشۈرۈپ يەنە، — مۇقالىنىڭ ئۇرۇقى بۇقا مىڭ تۇرغاۋۇلنى؛ يىلۇگەينىڭ ئۇرۇقى ئالچىداي مىڭ تۇرغاۋۇلنى؛ دودەي چەربى مىڭ تۇرغاۋۇلنى؛ دوغولغۇ چەربى مىڭ تۇرغاۋۇلنى؛ جۇر چەدەينىڭ ئۇرۇقى چاناي مىڭ تۇرغاۋۇلنى؛ ئالچىنىڭ ئۇرۇقى ئاغۇتاي مىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



تۇرغاۋۇلنى باشقۇرىدۇ. ئارقاي قاسار تاللانغان مىڭ باتۇرنى باشقۇرۇپ، ئادەتتىكى كۈنلەردە تۇرغاۋۇل بولىدۇ، ئۇرۇش بولغان كۈنلەردە ئالدىمدا قوغدايدۇ.

شۇنداق قىلىپ، ھەر قايسى مىڭ تۈتۈنلەردىن تاللاپ ئەۋەتىلگەنلەر سەككىز يۈز تۇرغاۋۇل، ئىككى مىڭ كەپتاۋۇل ۋە قورچى بولۇپ تەشكىللىنىپ، جەمئىي تۈمەن كېزەكچىگە يەتتى.

— يېنىمىزدىكى تۈمەن كېزەكچىنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنى غول قوشۇن قىلايلى، — دېدى چىڭگىز خان پەرمان چۈشۈرۈپ.

§ 227 — بۇقا بىر كېزەك كېزەكچىلەرنى، ئالچىداي بىر كېزەك كېزەكچىلەرنى، دودەي چەربى بىر كېزەك كېزەكچىلەرنى، دوغولغۇ چەربى بىر كېزەك كېزەكچىلەرنى باشقۇرۇپ كېزەكچىلىككە قويىدۇ، — دېدى چىڭگىز خان پەرمان چۈشۈرۈپ، تۇرغاۋۇللارنىڭ تۆت كېزەك كېزەكچىبېشىلىرىنى تەيىنلىدى ۋە كېزەكچىلىك قىلىش تۈزۈمى توغرىسىدا يەنە:

— كېزەكچىلىك قىلىشتا، — دېدى پەرمان چۈشۈرۈپ يەنە، — ھەر كېزەك كېزەكچىبېشىلىرى قول ئاستىدىكى كېزەكچىلىك قىلىدىغان كېزەكچىلەرنىڭ سانىنى ئېلىپ كېزەكچىلىككە قويىدۇ، ئۇلارنى ئۈچ كۈندە بىر ئالماشتۇرىدۇ. ئەگەر كېزەكچىلىككە كېچىكىپ كەلسە، ئۈچ چۈۋىق ① جازالىنىدۇ. ئۇ ئىككىنچى كېزەك يەنە كېچىكىپ كەلسە، يەتتە چۈۋىق جازالىنىدۇ، ئۇ ھەم ئاغرىق-سىلاقسىز، ھەم كېزەكچىبېشىنىڭ رۇخسىتىسىز ئۈچىنچى كېزەك يەنە كېچىكىپ كەلسە، ئوتتۇز يەتتە چۈۋىق جازالىنىدۇ. يېنىمىزدا خىزمىتىمىزنى قىلىشتىن باش تارتىدىغانلارنى يىراق جايلارغا سۈرگۈن قىلىۋېتىش كېرەك.

— ھەر قايسى كېزەكچىبېشلىرى مەزكۇر پەرمانىمنى كېزەكچىلىرىنىڭ قۇلىقىغا ھەر ۋاقىت قۇيۇپ تۇرۇش كېرەك، — دېدى پەرمان چۈشۈرۈپ يەنە، — ئەگەر ئۇلارنىڭ قۇلىقىغا قۇيۇپ تۇرمىسا، شۇ كېزەكچىبېشى جازاغا تارتىلىدۇ. پەرمانىنى ئاڭلاپ تۇرۇپ، يەنە ئۆز بىلگىنىچە كېزەكچىلىككە كېچىكىپ كەلسە، پەرمانىمدىكى بەلگىلىمە بويىچە، شۇ كېزەكچى كېچىككەنلىكى ئۈچۈن جازاغا تارتىلىدۇ. كېزەكچىبېشلىرى مېنىڭ رۇخسىتىمسىز ئۆزىمىز بىلەن تەڭ كېزەكچىلىك قىلىشقان كېزەكچىلەرنى خالىغانچە جازالاشقا يول قويۇلمايدۇ. ئەگەر جازالاشقا توغرا كەلسە، ئالدىمىزغا ئالغاچ كېلىڭلار؛ ئۆلتۈرۈشكە تېگىشلىكلىرىنى ئۆلتۈرىمىز؛ چېپىشقا تېگىشلىكلىرىنى ياتقۇزۇپ تۇرۇپ چاپقۇزىمىز. كېزەكچىبېشى بولدۇم دەپ، ئۆزىمىز بىلەن تەڭ كېزەكچىلىك قىلىشقان كېزەكچىلەرگە خالىغانچە پۇت-قول تەگكۈزۈشكە يول قويۇلمايدۇ. ئومۇمەن، چېپىشقا تېگىشلىكلىرى چېپىلىدۇ، ئۇرۇشقا تېگىشلىكلىرى ئۇرۇلىدۇ!

① شۇ چاغلاردا، كۆچمەن موڭغۇل چارۋىچىلار رايونلىرىدا، جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەرنى ھەپسىگە ئېلىشتىن باشقا، قامچىلاش، چېپىش جازالىرى بار ئىدى. — ت.

§ 228 — كېزەكچىلىرىم سىرتتىكى مىڭبېشلىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، — دېدى چىڭگىز خان پەرمان چۈشۈرۈپ يەنە، — كېزەكچىلىرىمنىڭ كۆتۈچىلىرى ① سىرتتىكى يۈزبېشى، ئونبېشىلىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. ئەگەر سىرتتىكى مىڭبېشلىرى كېزەكچىلىرىم بىلەن بەستلىشىپ ئۇرۇش-جېدەل قىلىشىدىغان بولسا، شۇ مىڭبېشلىرى جازاغا تارتىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



① كۆتۆچى ــ سۆز يىلتىزى « كۆتۆل » ( كۆتەلمۇ دېيىلىدۇ ) . « يېتەكلەش » دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ . بۇ يەردە نۆكەر ، ھەمراھ دېگەنلەرنى كۆرسىتىدۇ . ــ ت .

229 § ــ قورچى ، تۇرغاۋۇللار كېزەكچىلىك قىلغاندا ، ــ دەپ پەرمان چۈشۈرۈدى يەنە ھەر كېزەك كېزەكچىبېشىلىرىغا ، ــ كۈنلۈك ئىشلارنى تەرتىپ بويىچە ئۆز ئالدىغا بېجىرىدۇ ، كۈنپېتىش ئالدىدا ، ئۆز دائىرىسىدىكى ئىشلارنى كەپتاۋۇللارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ ، سىرتتا تۈنەيدۇ . كۈن پاتقاندا بىزنى كەپتاۋۇللار كېزەكچىلىك قىلىپ قوغدايدۇ . قورچى قور ـ ساداقلارنى ، باۋۇرچىلار قازان ـ قومۇچ ، ئاياق ـ سابالارنى كەپتاۋۇللارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ . سىرتتا تۈنىگەن قورچى ، تۇرغاۋۇل ۋە باۋۇرچىلار بىز ئەتىگەنلىك ناشتىلىق قىلىپ ، شورپىلارنى ئىچىپ بولغىچە ، جىلە ① يېنىدا ساقلاپ ، كەپتاۋۇللارغا ئۆزىنى مەلۇم قىلىدۇ . مەن شورپىلارنى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن ، قورچىلار قور ـ ساداقلارنى ئېسىپ تەييارلىنىدۇ ؛ تۇرغاۋۇللار ئۆز ئورۇنلىرىغا بارىدۇ ؛ باۋۇرچىلار قازان ـ قومۇچ ، ئاياق ـ سابالارنى جاي ـ جايلىرىغا قويۇپ ، ھەر قايسىلىرى ئۆز ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولىدۇ . كىرىپ كېزەكچىلىك قىلىدىغانلارمۇ مۇشۇ تەرتىپ بويىچە ئىش كۆرىدۇ .

ــ كۈن پاتقاندىن كېيىن ، ــ دېدى چىڭگىز خان پەرمان چۈشۈرۈپ يەنە ، ــ كەپتاۋۇللار ئوردا ئالدى ـ كەينلىرىدە مېڭىپ يۈرگۈچىلەرنى قولغا ئېلىپ ، ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا ئۇلارنى سوراققا تارتىدۇ . كەپتاۋۇللار كېزەك ئالماشقاندا ، كېزەك ئۆتكۈزۈۋالىدىغان كەپتاۋۇللار بەلگىنى كۆرسىتىپ كىرىدۇ . كېزەك ئۆتكۈزۈپ بەرگەن كەپتاۋۇللارمۇ بەلگىنى كۆرسىتىپ چىقىپ كېتىدۇ .

كەپتاۋۇللار كېچىسى ئۇردا ئەتراپىدا تۈنەيدۇ. ئىشىك باقىدىغان كەپتاۋۇللار كېچە دېمەي ئۇردىغا ئۇسۇپ كىرگەنلەرنىڭ بېشىنى يېرىپ، مۇرىسىنى چېپىۋېتىشكە ھوقۇقلۇق. كېچىسى جىددىي خەۋەر يەتكۈزگۈچىلەر بولسا، ئالدى بىلەن كەپتاۋۇللارغا خەۋەر قىلىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن كەپتاۋۇل بىلەن ئۆيىنىڭ كەينىدە تۇرۇپ خەۋەر بېرىدۇ.

— ھېچقانداق ئادەمنىڭ كەپتاۋۇللارنىڭ يۇقىرىسىدا ئولتۇرۇشى، ئۇلارنىڭ رۇخسەتسىز ئۇردىغا كىرىشى، ئۇلارنىڭ ئوق تەرىپىدىن ئەگىپ ئۆتىشى، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتىشى چەكلىنىدۇ. كەپتاۋۇللارنىڭ سانىنى سۈرۈشتە قىلغانلار بايقالسا، كەپتاۋۇللار ئۇلارنىڭ مىنگەن ئات - ئۇلىغى، ئېگەر - توقۇمى، نوختا - يۈگەنلىرىدىن تارتىپ، كەيگەن كىيىم - كېچەكلىرىگىچە مۇسادىرە قىلىدۇ. ئەلجىگەدەي يېقىن ئادىمىمىز ئىدىغۇ، كەچتە كەپتاۋۇللارنىڭ ئەتراپىدىن ئۆتكەنلىكتىن، قولغا ئېلىنمىدىمۇ؟

① جىلە — ئاتلارنى باغلاش ئۈچۈن، يەرگە قېقىلغان ئىككى تال قوزۇققا تارتىلغان ئارغامچا. ئەسلى تېكستتە kiru' e. موڭغۇللارنىڭ ئادىتى بويىچە. جىلە ئادەتتە خان ئۇردىسىنىڭ سول تەرىپى ياكى سول تەرەپنىڭ ئاياغ تەرىپىدە بولىدۇ. سىرتتىن كەلگەنلەر شۇ جايدا ئاتتىن چۈشۈپ، ئېتىنى شۇ جايدىكى جىلەگە باغلايدۇ. — ت.

## ئونىنچى باب

230 § ئەلقىسسە، چىڭگىز خان يەنە دېدى:

— تۇمانلىق تۈنلەرنى ئۆتكۈزۈپ،
ئوردامنى قوغداپ يېتىپ،
مېنى غەم - قايغۇسىز ياتقۇزدى،
ھەم مۇشۇ كۈنگەن يەتكۈزدى،
مېنىڭ كونا كەپتاۋۇللىرىم.

يۇلتۇزلۇق كېچىلەرنى ئۆتكۈزۈپ،
ئوردام ئەتراپىنى ئايلىنىپ يۈرۈپ،
مېنى غەم - غۇسسىز ئۇخلىتىپ،
مېنى مۇشۇ تەختكە ئېرىشتۈردى،
مېنىڭ قۇتلۇق كەپتاۋۇللىرىم.

قار - شىۋىرغانلىق،
ھەم جۇدۇن - چاپقۇنلۇق كۈنلەرنى ئۆتكۈزۈپ،
ھاردىم - تالدىم دېمەي،
ئوردامنى ئەگىپ يۈردى،
مېنىڭ سادىق كەپتاۋۇللىرىم.

بېسىپ كەلگەن دۈشمەنلەرنى،
ئوردام ئەتراپىغا يولاتماي،
دۈشمەنلەرگە نەشتەردەك تىكىلىپ تۇردى،
مېنىڭ ئىشەنچىلىك كەپتاۋۇللىرىم.

قىيىن ساداقنى قولغا ئالساق،
سەپ تۈزۈپ تەييار بولدى،
مېنىڭ چېچەن كەپتاۋۇللىرىم.

تال ساداقنى پۇلاڭلاتساق،
شۇزامات يېتىپ كەلدى،
مېنىڭ چاققان كەپتاۋۇللىرىم.

— قۇتلۇق كەپتاۋۇللىرىم كونا كەپتاۋۇللار دەپ ئاتىلىدۇ، — دېدى پەرمان چۈشۈرۈپ يەنە، — ئۆگەلە چەربى بىلەن بىللە سەپكە كىرگەن يەتمىش تۇرغاۋۇل ئۇلۇغ تۇرغاۋۇللار دەپ ئاتىلىدۇ؛ ئارقايىنىڭ قولىدىكى باتۇرلار كونا باتۇرلار دەپ ئاتىلىدۇ؛ يەسۈن تەگە، بۈگىدەي قاتارلىق قورچىلار بۈيۈك مەرگەنلەر دەپ ئاتىلىدۇ.

§ 231 — بۇنىڭدىن كېيىن ئۇرۇن باسار باللىرىم ۋە ئۇرۇق - ئۇرپاقلىرىم، — دېدى چىڭگىز خان پەرمان چۈشۈرۈپ يەنە، — توقسان بەش مىڭ تۈتۈندىن تاللاپ ئېلىنغان كېزەكچىلىرىمنى مىراس قاتارىدا زارلاتماي - قاقشاتماي ئوبدان كۆيىنىپ بېقىڭلار. ئۇلارنى قۇت دەپ سانىسام ئارتۇق كەتمەس؟

§ 232 — كەپتاۋۇللار ئوردا ئايىمىلىرى بىلەن غۇلام - دېدەكلەر، تۆگىچى بىلەن قويچىلار، ئۆي هارۋىلارنى؛ تۇغ - ئەلەم، داقا - دۇمباق، قىلىچ - نەيزىلەرنى؛ ئاياق - سابالارنى؛ ئوزۇق - تۈلۈكلەرنى باشقۇرىدۇ. يەنە يېمەكلىكلەرنى تەكشەيدۇ. گۆش - ئەت قاتارلىق قويۇق يېمەكلىكلەرنىڭ پىشۇرۇلىشىغا ئىگە بولىدۇ. ئەگەر ئوزۇق - تۈلۈكلەر ئىسراپ قىلىنسا، ئىگە بولغان

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



كەپتاۋۇلدىن سورۇشتە قىلىنىدۇ ! قورچىلار ئوزۇق ـ تۈلۈكلەرنى تارقاتقاندا ، ئىگە بولغان كەپتاۋۇللاردىن مەسلىھەت ئالماي تۇرۇپ ، كەلسە ـ كەلمەس تارقىتىشقا يول قويۇلمايدۇ ! يېمەكلىكلەر ئالدى بىلەن كەپتاۋۇللارغا تارقىتىلىدۇ . كەپتاۋۇللار ئوردىغا كىرىپ ـ چىقىش ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ . بالاقاچى كەپتاۋۇللار ئوردا ئەتىراپىدا كۆز ـ قۇلاق بولۇپ يۈرىدۇ . كەپتاۋۇللاردىن ئىككىسى ئوردىغا كىرىپ تۇسۇرگەنى باشقۇرىدۇ . يەنە كەپتاۋۇللار ئەل باشقۇرغۇچىلارنى ئاجرىتىپ ، ئوردىنىڭ جايلاشتۇرۇلۇش ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ .

— بىز ئۇۋغا چىققاندا ، — دېدى يەنە ، — كەپتاۋۇللارمۇ بىللە چىقىپ ، ئۇلارنىڭ بىر بۆلىكى هارۋىلارنى باقىدۇ .

233 § — بىز ئورۇشقا چىقمىساق ، كەپتاۋۇللارمۇ هېچيەرگە قوزغالمايدۇ ، — دېدى چىڭگىز خان پەرمان چۈشۈرۈپ يەنە ، — پەرمانىمغا بويسۇنماي ، كەپتاۋۇللارنى كۈشكۈرتۈپ ئۇرۇشقا چىقارتسا ، چېرىكلەرگە ئىگە چەربى جازاغا تارتىلىدۇ . « نېمە دەپ ئۇلارنى ئۇرۇشقا چىقارمايمىز ؟ » دەپ سورىشىڭلار مۇمكىن . چۈنكى ، ئۇلار مېنىڭ ئالتۇندەك جېنىمنى قوغدايدۇ . ئۇۋغا چىققاندا ئۇلارمۇ بىز بىلەن تەڭ جاپا چېكىپ ، ئوردىنى باقىدۇ ، ئادەتتىكى ۋە كۆچكەن چاغلاردا كۆچىنىڭ هارۋىلىرىنى باقىدۇ ، قونغاندا مېنىڭ ئامانلىقىمنى قوغدايدۇ ، بۇ ئىشلارنى ئاسان چاغلامسىلەر ؟ كۆچكەندە ۋە قونغاندا ئوردىنىڭ كۆچۈرۈش ـ قوندۇرۇش ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ ، بۇ ئىشلارنىمۇ ئاسان چاغلامسىلەر ؟ ئۇلارنى ئىش ئۈستىگە ئىشقا قويماسلىق ئۈچۈن ، تۈركۈم ـ تۈركۈمگە بۆلۈپ ئورۇنلارشتۇردۇق . شۇڭا ، بىز ئۇلارنى ئۇرۇشقا ئالدىراپ چىقارمايمىز .

234 § — كەپتاۋۇللار ئادەم چىقىرىپ شىگى قۇتۇغ بىلەن دەۋا - دەستۇرلەرنى تەك سورايدۇ ، — دېدى چىڭگىز خان پەرمان چۈشۈرۈپ يەنە ، — كەپتاۋۇللار يەنە قۇر - ئوقيا ، ساداق - قۇرۇمساق ، ساۋۇت - قۇيۇق قاتارلىق قورال - ياراغلارنى ساقلاش ۋە تارقىتىش ؛ چېرىك ۋە قوش ئاتلىرىنى تەييارلاش ؛ ئادەم چىقىرىپ چەربىلەر بىلەن مال - مۈلۈكلەرنى تارقىتىپ بېرىش ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ . قۇرچىلار بىلەن تۇرغاۋۇللار ئوردىنى كۆچۈرىدىغان جايىنى تاللايدىغان چاغدا ، يەسۈن تەگە ، بۇگىدەي قاتارلىق قۇرچىلار ، ئالچىدەي ، ئۆگەلە ، ئاقۇتايلار باشچىلىقىدىكى تۇرغاۋۇللار ئوردىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ماڭىدۇ . بۇقا ، دودەي چەربى ، دوغولغۇ چەربى ، چانايلار باشچىلىقىدىكى تۇرغاۋۇللار ئوردىنىڭ سول تەرىپىدە ماڭىدۇ . ئارقاي قاسار باشچىلىقىدىكى باتۇرلار ئوردىنىڭ ئالدىدا ماڭىدۇ . كەپتاۋۇللار ئوردىنى ، هارۋىلارنى قوغداپ ، كۆچنىڭ ئوڭ - سول تەرەپلىرىدە ماڭىدۇ . دودەي چەربى بارلىق كېزەكچى ، تۇرغاۋۇللارنى ئوردىنىڭ ئەتىراپىغا ئورۇنلاشتۇرىدۇ ، ئوردا ئايمىلىرى ، دېدەك - غۇلاملار ، يىلقىچى ، پادىچى ، قويچى ، تۆگىچىلەرنى ، ئوردىنىڭ كەيىدە مال - ئۇلاغلارنى ئوتلىتىش ، تېزەكلىرىدە ئوت يېقىش ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ .

235 § قۇبىلاي نويىنىنى قارلۇقلار ئېلىگە ① ئاتلاندۇردى . قارلۇقلارنىڭ ئارسلان خانى قۇبىلاي نويانغا بېقىندى . قۇبىلاي نويان ئارسلان خانى چىڭگىز خاننىڭ هوزۇرىغا باشلاپ كەلدى . ئارسلان خاننىڭ قارشىلاشماي بېقىنغانلىقىدىن خۇرسەن بولغان چىڭگىز خان ئۇنى تارتۇقلاپ :

— قىزىمنى ساڭا بەردىم ، — دەپ پەرمان چۈشۈردى .

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



① قارلۇقلار ئېلى ــ ئالتاي تېغىنىڭ غەربى ، ئىلىنىڭ غەربىي شىمالىي . بالقاش كۆلىنىڭ شەرقىي جەنۇب قىسمىدىكى جاي . تاڭ دەۋرىدە گۈللىنىپ ، سۇڭ دەۋرىدە خارابلىشىپ . قارا قىتان خانلىقىنىڭ بېقىندىسىغا ئايلانغان . 1211 ـ يىلى چىڭگىز خان ئۆتكۈزۋالغان . كېيىن بۇ جاي ئۇنىڭ ئوغلى ئۆگەدەينىڭ نەۋرىسى قايدۇنىڭ سۇيۇرغالى بولغان . ــ ت .

236 § سۇبەگەتەي باتۇر تۆمۈر تەرگەنلىك چېرىكلەرنى باشلاپ ، مەركىتلەردىن توقتوغانىڭ ئوغلى قۇتۇ ، چىلاغۇنلارنى چۇي دەرياسىغىچە قوغلاپ بېرىپ ، ئۇلارنى ئۇجۇقتۇرۇپ قايتىپ كەلدى .

237 § جەبە نايمانلارنىڭ كۆچلۈك خاننى سارىق يارغىچە قوغلاپ بېرىپ ، ئۇلارنى ئوجۇقتۇرۇپ قايتىپ كەلدى .

238 § ــ بۇلۇتلار تاراپ ئىللىق ئاپتاپ چىققاندەك ،
مۇزلار ئېرىپ سۇلار ئويناقشىپ ئاققاندەك ،.
بۈيۈك چىڭگىز خاننىڭ
مۇبارەك نام ـ شەرىپىنى ئاڭلاپ ،
كۆڭلۈممۇ چەكسىز يايراپ كەتتى .

دېدى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىدىقۇتى ① چىڭگىز خاننىڭ ئالدىغا ئاتكىراق ، داربااي ② دېگەن ئىككى ئەلچىنى ئەۋەتىپ ، ــ ئەگەر خان ئالىيلىرى ماقۇل كۆرسىلە ، ئالتۇن بەلۋاغلىرىنىڭ توقىسى ، قىزىل تونلىرىنىڭ چوچىسى بولاي ، مېنى بەشىنچى ئوغۇللىرى قاتارىدا كۆرسىلە ، خىزمەتلىرىگە جان تەسەدۇق ئېتەي .

ــ بېرىپ ئۇنىڭغا ئېيتىپ قويۇڭلار : قىزىمنى تارتۇق قىلاي ، بەشىنچى ئوغلۇم بولسۇن . ئالتۇن ـ كۆمۈش ، ئۈنچە ـ مەرۋايىت ، سەدەپ ـ مونچاق ، شايى ـ كىمخاب ، تاۋار ـ دۇردۇنلارنى ئېلىپ هوزۇرۇمغا كەلسۇن ، ــ دەپ تەشەككۇر

ئېيتىپ، ئالدىغا ئەلچى ئەۋەتتى چىڭگىز خان. بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ شادلىققا چۆمگەن ئىدىقۇت ئالتۇن ـ كۈمۈش، ئۈنچە ـ مەرۋايىت، سەدەپ ـ مۇنچاق، شايى ـ كىمخاب، تاۋار ـ دۇردۇنلارنى ئېلىپ، چىڭگىز خانىنىڭ ھوزۇرىغا كەلدى. چىڭگىز خان ئىدىقۇتقا ئىلتىپات قىلىپ، ئال ئالتۇن دېگەن قىزىنى بەردى.

① ئىدىقۇت ـــ خان نامى. شۇ چاغدىكى قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىدىقۇتى بارچۇق ئارت تېكىنىنىڭ نامى ئىدى. ـــ ت.

② داربـاي ـــ ئادەم ئىسمى. داربـاي ( Darbai ) يەنى تاربـاي ( Tarbai ) تەكەببۇر، مەغرۇر، كۆرەڭ. چوڭچى قاتارلىق مەنىلەردە. ـــ ت.

§ 239 توشقان يىلى ①، چىڭگىز خان جوچىنى ئوڭ قانات قوشۇنلارنى باشلاپ، ئورماندىكى ئەللەرنى بېقىندۇرۇش ئۈچۈن ئاتلاندۇردى. بۇقانى يول باشلاشقا قويدى. ئويراتلاردىن ② قۇتوغا بەگ تۇمەن ئويراتنى باشلاپ ئەڭ ئاۋۋال بېقىندى ۋە جوچىنى تۇمەن ئويراتى بىلەن شىگشىت دېگەن يەرگە باشلاپ كەلدى. جوچى شۇ يۇرۇشى بىلەن ئويرات، بۇريات ③، بارغۇن ①، ئۇرسۇت، قابقاناس، قاڭقاس، تۇباسلارنى ⑤ بېقىندۇرۇپ، قىرغىزلارنىڭ ئېلىغا ئاتلاندى. قىرغىزلار ئېلىغا بارغاندا، ئۇلارنىڭ يۇرتبېشلىرى يەدى ⑥، ئىنال، ئالدىيار، ئۆربەك تېكىنلەر ⑦ قارشىلاشمايلا بېقىندى ۋە ئاق شۇڭقار، تۇم بوز ئات، قارا بولغۇن تېرىلىرىنى ئېلىپ، جوچى بىلەن كۆرۈشكىلى كەلدى. جوچى يەنە شىبىر، كەسدىيەم، بايت، تۇقاس، تەنلەك، توگەلەس، تاس، باجىك قاتارلىق جايلارنىڭ بېرىسىدىكى ئورمانلاردىكى ھەممە ئەلنى بېقىندۇرۇپ، قىرغىزلارنىڭ تۇمەنبېشى، مىڭبېشىلىرى بىلەن ئورمانلاردىكى ئەلنىڭ يۇرتبېشىلىرىنى باشلاپ، چىڭگىز خانىنىڭ ئالدىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئەكەلدى . ئۇلار چىڭگىز خانغا ئاق شۇڭقار ، تۇم بوز ئات ۋە قارا بۇلغۇن تېرىلىرىنى سوۋغا قىلدى . ئويراتلاردىن قۇتۇغا بەگ تۈمەن ئويراتىنى باشلاپ ئەڭ ئاۋۋال بېقىنغانلىقى ئۈچۈن ، چىڭگىز خان ئۇنى تارتۇقلاپ ، چەچەيگەن ⑧ دېگەن قىزىنى ئۇنىڭ ئىنالچى دېگەن ئوغلىغا بەردى . جوچىنىڭ قولۇيخان دېگەن قىزىنى ئىنالچىنىڭ ئاكىسى تۆرەلچىغا ⑨ بەردى . چىڭگىز خان يەنە ئالغا بېكە دېگەن قىزىنى ئوڭگۇتلارغا ياتلىق قىلدى .

— سەن بالىلىرىمنىڭ چوڭى ئىدىڭ ، — دېدى چىڭگىز خان جوچىنى تارتۇقلاپ ، — سېنى سەپەرگە ئاتلاندۇرسام ، سەپىرىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇپ ، بارغانلىكى جايلاردا چېرىكلەر بىلەن ئات - ئۇلاغلارنى يارىلاندۇرماي ۋە جاپا - مۇشەققەتلەرنى چەككۈزمەي ، ئورماندىكى ئەللەرنى بېقىندۇرۇپ ساق - سالامەت قايتۇرۇپ كەلدىڭ . شۇنىڭ بەدىلىگە ئاشۇ ئەللەرنى ساڭا ئۆتكۈزۈپ بېرەي !

① توشقان يىلى — مىلادىيە 1203 - يىلى . چىڭگىز خاننىڭ 46 ياشقا كىرگەن مەزگىلى ئىدى . — ت .

② ئويرات — قەبىلە نامى . يەنى هازىرقى موڭغۇلىيىنىڭ غەربى ۋە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي شىمالى . ئالتاي رايونلىرىدىكى موڭغۇللارنى كۆرسىتىدۇ . غەرب ئالىملىرى ئۇلارنى قالماق موڭغۇللىرى ( Kalmuck Mongols ) دەپ ئاتايدۇ . — ت .

③ بۇرىيات — قەبىلە نامى . هازىرقى بۇرىياتلار . بايقال كۆلىنىڭ شەرقىي جەنۇبى ، موڭغۇلىيىنىڭ شەرقىي شىمالى ۋە سىبىرىيىنىڭ چېگرىلىرىدا ياشىغان . — ت .

④ بارغۇن — قەبىلە نامى . بارقۇنمۇ دېيىلىدۇ . هازىرقى خۇلۇن بوئىردىكى بارغۇنلار . بايقال كۆلىنىڭ شەرقىدىكى بارغوجىن دەرياسى بويلىرىدا ياشاپ ، مىڭ دەۋرىنىڭ ئاخىرى ، چىڭ دەۋرىنىڭ باشلىرىدا هازىرقى جايىغا كۆچۈپ كەلگەن . — ت .

⑤ تۇباس — قەبىلە نامى . يەنى تاڭنۇ ئۇرانگقاي . رۇسلار ئۇلارنى « Soyone » دەپ ئاتايدۇ ، لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىنى « Tuva » دەپ

ئاتايدۇ . يەنى ھازىرقى Tanu - Tuva . — ت .

⑥ يەدى — ئادەم ئىسمى . يەدى ( Yedi ) يەنى « ئىدى » ( Idi ) . « بايۋەتچە ، بەگ ، خوجايىن ، ئىلاھ » دېگەن مەنىلەردە . — ت .

⑦ ئۆربەك تېگىن — ئادەم ئىسمى . ئۆربەك ( ərebek ) يەنى ئورپاق ( orpaq ) ، « ئۇرۇق ، ئەۋلاد ، جەمەت » دېگەن مەنىدە . — ت .

⑧ چەچەيگەن — ئادەم ئىسمى . چەچەگەن ( Checheyigen ) . چېچەكگەن دەپمۇ ئاتىلىدۇ . مەيلى چەچەگەن ، چەچەيگەن ، چىچگەن بولسۇن ، ھەممىسى « چېچەك » دېگەن مەنىدە . بۇ ئىسىم قىزلارغا كۆپ قويۇلىدۇ . — ت .

⑨ تۆرەلچى — ئادەم ئىسمى . تۆرەلچى ( Tərelchi ) . سۆز يىلتىزى تۆرە ( Təre ) . — ت .

240 § چىڭگىز خان يەنە بوروغۇل نويانىنى قورى تۇمەتلەر ئېلىگە ئاتلاندۇردى . قورى تۇمەتلەرنىڭ يۇرتبېشى دايدۇغۇل سوقۇر ئۆلگەندىن كېيىن ، ئۇنىڭ خوتۇنى بوتوخۇي تارغۇن ① تۇمەتلەرنى باشقۇرىۋاتقانىدى . بوروغۇل نويان قورى تۇمەتلەر ئېلىغا بارغاندا ، ئۈچ ئادەمنى قوشۇنىنىڭ ئالدىدا ماڭغۇزدى . كەچ بولۇپ كەتكەچكە ، ھېچنەرسىنى پەرق ئېتەلمەي ، ئورماندىكى يالغۇز ئاياغ يولنى بېسىپ كېتىۋاتقاندا ، قورى تۇمەتلەرنىڭ قاراۋۇللىرى كەينىدىن توسۇپ كېلىپ ، بوروغۇل ② نويانىنى تۇتىۋېلىپ ئۆلتۈرىۋەتتى . تۇمەتلەرنىڭ بوروغۇل نويانىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ دەرغەزەپكە كەلگەن چىڭگىز خان ئۇلارنى جازالاش ئۈچۈن ئۆزى بارماقچى بولدى . لېكىن بوغورچۇ بىلەن مۇقالى ئىككىسى توسىۋالدى .

— تەگرى ساڭا مەدەت بەرگەي ، چېرىكلەرنى قاتتىق باشقۇرۇپ ، كۈچىڭنىڭ بېرىچە تۇمەتلەرنى بېقىندۇرۇپ كەل ! — دەپ پەرمان چۈشۈردى چىڭگىز خان دۆربېنلەردىن دۆربەي دوغشىننى ئۇلارنى جازالاشقا يولغا سېلىپ . پەرمانغا بىنائەن دۆربەي قوشۇن تارتىپ يولغا چىقتى . ئۇ دۈشمەنلەرگە ھەيۋە قىلىش ئۈچۈن ، ئاۋۋال قوشۇننى باشلاپ ، يول ۋە تاغ ئېغىزلىرىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قاراۋۇل قويۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن قالغان چېرىكلەرنى قىزىل بۇقىلار ③ ماڭىدىغان يالغۇز ئاياغ يول بىلەن باشلاپ ماڭدى. يورەكسىز چېرىكلەرنى ئەدەبلەش ئۈچۈن، چېرىكلىككە تاللانغان يىگىتلەرگە ئون تالدىن چىۋىق، يەنە پالتا، كەكە، ھەرە، ئىسكىنىلەر ۋە باشقا لازىمەتلىك قورال ــ باراغلارنى ئالغۇزۇپ، قىزىل بۇقىلار ماڭىدىغان يالغۇز ئاياغ يول بويىدىكى دەل ــ دەرەخلەرنى كېسىپ يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، تاغ ئۈستىگە چىقتى ــ دە، خۇددى تۈڭلۈكتىن چۈشكەندەك، توپىلىشىپ توي ئۆتكۈزىۋاتقان تۇمەتلەرنى تۇيۇقسىزلا بېسىۋالدى.

① بوتوخۇي تارغۇن ــ ئادەم ئىسمى. بوتوخۇي ( Botohui ) «بەتخۇي»، تارغۇن ( Tarighun ) «سېمىز» دېگەن مەنىدە. ــ ت.
② بوروغۇل ــ ئادەم ئىسمى. Boroghol. ئۆلۈن ئۈجىنىڭ بېقىۋالغان تۆت ئوغلىنىڭ بىرى. 15 ــ مىڭبېشى. ئۇ ئىلگىرى تولۇي. ئۆگەدەي ئىككىسىنى قۇتقۇلدۇرغانىدى. ئۇنىڭ ئۇرۇش تۆھپىلىرى ۋە ئىش ئىزلىرى ناھايىتى كۆپ. بۇ ھەقتە 173 §، 214 § لەردە بايان قىلىنغان. ــ ت.
③ قىزىل بۇقا ــ ئەسلى تېكىستتە khula' an bukha. يازدا جۇلغىغاندىن كېيىن، رەڭگى قىزغۇچ بولىدىغان بولغاچقا، قىزىل بۇقا دەپ ئاتىلىدىغان بولسا كېرەك. ــ ت.

241 § ئىلگىرى قۇرچى نويان بىلەن قۇتۇغا بەگ ئىككىسى تۇمەتلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ، بوتوخۇي تارغۇننىڭ قولىدا ئىدى. ئۇلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىشىدىكى سەۋەب مۇنداق ئىدى: چىڭگىز خان قۇرچى نويانىنىڭ تۇمەتلەردىن چىرايلىق ئوتتۇز خوتۇن تاللىۋېلىشىغا رۇخسەت قىلىغانلىقتىن، ئۇ تۇمەتلەردىن خوتۇن تاللىۋېلىشقا بارغاندا، ئىلگىرى بېقىنغان تۇمەتلەر يۈز ئۆرۈپ، قۇرچى نويانىنى تۇتىۋالغانىدى. ئۇنىڭ تۇتۇلغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان چىڭگىز خان: «ئورمانىدىكى ئەللەرنى قۇتۇغا بىر تەرەپ قىلسۇن» دەپ، قۇتۇغانى ئەۋەتكەنىدى، ئۇمۇ تۇتىلىپ

قالغانىدى. تۇمەتلەر بېقىندۇرۇلغاندىن كېيىن، بوروغۇلنىڭ روھىغا ئاتاپ، يۈز تۇمەتنى بۆلۈپ بەرگەنىدى. قورچى بولسا ئوتتۇز خوتۇن ئالدى. قوتۇغا بەگكە بوتوخوي تارغۇننى بەردى.

§ 242 — ئانام بىلەن باللىرىم ۋە ئىنىلىرىمگە ئەلنى بۆلۈپ بېرەيلى، — دېدى چىڭگىز خان پەرمان چۈشۈرۈپ، — ئەلنى يىغىپ بىرلىككە كەلتۈرۈشتە ئانام نۇرغۇن جاپا - مۇشەققەتلەرنى چەككەن، ئۇنىڭدىن قالسا باللىرىمنىڭ چوڭى جوچى؛ ئىنىلىرىمنىڭ ئەڭ كىچىكى ئوتچىگىن.

شۇنىڭ بىلەن چىڭگىز خان ئانىسى بىلەن ئوتچىگىنگە بىر تۇمەن ئەلنى بۆلۈپ بەردى. ئانىسى ئاز كۆرگەن بولسا كېرەك، ئۇندىمىدى. جوچىغا توققۇز مىڭ ئەلنى؛ چاغاتايغا سەككىز مىڭ ئەلنى؛ ئۆگەدەيگە بەش مىڭ ئەلنى؛ تولۇيغا بەش مىڭ ئەلنى؛ قاسارغا تۆت مىڭ ئەلنى؛ ئالچىتايغا ئىككى مىڭ ئەلنى؛ بەلگۈتەيگە مىڭ ئەلنى بۆلۈپ بەردى.

داغارىتاي ① كەرەيلەر بىلەن ئاپاق - چاقاق بولۇپ يۈرگەندە، چىڭگىز خان:

— كۆز كۆرمەس يەرگە ئاپىرىپ، ئۇنى ئوجۇقتۇرۇۋېتەيلى!» دېگەندە، بوغورچۇ، مۇقالى، شىگى قوتوغ ئۇچى:

— ئۇنداق قىلسىڭىز، ئۆزىڭىزنىڭ ئوتىنى ئۆزىڭىز ئۆچۈرگەنلىك، ئۆزىڭىزنىڭ ئۆيىنى ئۆزىڭىز ۋەيران قىلغانلىق بولمامدۇ! — دەپ نەسىھەت قىلدى، — دانىشمەن ئاتىڭىزدىن مۇشۇ كىچىك دادىڭىز تىكەندەك مىراس قالغان، ئۇنىڭغا قول سېلىشقا قانداق پېتىنىسىز؟ ئۇنىڭ بىلىپ - بىلمەي قىلىپ سالغان ئىشلىرى بولسمۇ، كۆڭلىڭىزدىن چىقىرىۋەتكەيسىز. دانىشمەن

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئاتىنىڭ ئىنىسى بولغاندىكىن ، ئاۋۇلدا ئەل قاتارىدا موربىسىدىن تۈتۈن چىقىرىپ تىرىكچىلىك قىلمامدۇ ، — ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ، بۇرنى ئىچىشكەندەك بولۇپ كۆڭلى يۇمشىغان چىڭگىز خان مەرھۇم دانىشمەن ئاتىسىنى ياد ئېتىپ ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بوغورچۇ ، مۇقالى ، شىگى قۇتۇغ ئۈچىنىڭ نەسىھەت قىلىپ تۇسۇشى بىلەن :

— ماقۇل ئەمىسە ! — دەپ ئاچچىقىدىن ياندى .

① داغارىتاي — ئادەم ئىسمى . داغىرىتايمۇ دېيىلىدۇ . بىرىنچى باب 50 § تىكى داغارىتاي ئوتچىگىن ئىدى . يەسۇگەينىڭ ئەڭ كىچىك ئىنىسى . بارتام باتۇرنىڭ تۆتىنچى ئوغلى . چىڭگىز خاننىڭ كىچىك دادىسى . — ت .

243 § — ئانام بىلەن ئوتچىگىنگە بۆلۈپ بەرگەن بىر تۈمەن ئەلگە ئىگىدارچىلىق قىلىشقا مىڭبېشىلىرىدىن كۈچ ، كۆكچۇ ، جۇڭشۇي ، قورغوسۇن تۆتىنى ؛ جوچىغا غۇنان ، مەڭگۇگۇر ، كەتە ئۈچىنى ؛ چاغاتايغا قاراچار ، مەڭگۇ ، يىدۇقاداي ئۈچىنى قوشۇپ قويدۇم ، — دېدى چىڭگىز خان پەرمان چۈشۈرۈپ ، — چاغاتاينىڭ مىجەزى ئىتتىك ، سەۋىر - تاقەتسىز ، كۆكچۇس سەن ئۇنىڭغا ئەتىگەن - ئاخشاملىرى ھەمراھ بولۇپ ، ئوبدان ئوي - خىياللىرىڭ بولسا كۆرسىتىپ تۇرار سەن . ئۆگەدەيگە يىلۇگەي ، دەگەي ئىككىسىنى ؛ تولۇيغا جەتەي ، بالا ئىككىسىنى ؛ قاسارغا جەبكەنى ؛ ئالچىتايغا چاغۇرقاينى قوشۇپ قويدۇم ① .

① چىڭگىز خان ئانىسى ئۆلۈن ، ئىنىسى ۋە ئوغۇللىرىغا قوشۇپ قويغانلار :
(1) كۈچ — 202 § تىكى 95 مىڭبېشىنىڭ ئون يەتتىنچىسى .
(2) كۆكچۇ — 95 مىڭبېشىنىڭ ئون سەككىزىنچىسى .
(3) جوڭشۇي — 95 مىڭبېشىنىڭ يىگىرمە ئۈچىنچىسى .
(4) قورغوسۇن — 95 مىڭبېشىنىڭ ئون توققۇزىنچىسى .

(5) غۇنان — چىڭگىز خاننىڭ ئەترابىدىكى ئاتاقلىق پالۋان، 95 مىڭبېشىنىڭ يەتتىنچىسى.
(6) مەڭگۇگۇر — 95 مىڭبېشىنىڭ قىرىقىنچىسى.
(7) كەتە — 95 مىڭبېشىنىڭ ئەللىك ئۈچىنچىسى.
(8) قاراچار — 95 مىڭبېشىنىڭ يىگىرمە توققۇزىنچىسى.
(9) مەڭگۇ — 95 مىڭبېشىنىڭ ئەللىك ئۈچىنچىسى.
(10) يىدۇقاداي — 95 مىڭبېشىنىڭ ئاتمىش يەتتىنچىسى.
(11) كۆكچۇس — چىڭگىز خاننىڭ ئاتاقلىق مەسلىھەتچىسى، 95 مىڭبېشىنىڭ ئوتتۇز بىرىنچىسى.
(12) يىلۇگەي — 95 مىڭبېشىنىڭ بەشىنچىسى.
(13) دەگەي — 95 مىڭبېشىنىڭ ئون بىرىنچىسى.
(14) جەتەي — 95 مىڭبېشىنىڭ يىگىرمە ئۈچىنچىسى.
(15) بالا — 95 مىڭبېشىنىڭ ئوتتۇز بەشىنچىسى.
(16) جەبكە — 95 مىڭبېشىنىڭ قىرىق بەشىنچىسى.
(17) چاغۇرقاي — 95 مىڭبېشىنىڭ ئاتمىشىنچىسى.

244 § قوڭقوتانلاردىن مەڭلىك چالىنىڭ يەتتە ئوغلى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە كۆكچۇ تەب تەڭرى ئىدى. بىر كۈنى ئۇ يەتتە قوڭقوتان بىرلىشىپ قاسارنى ئۇردى، يەتتە قوڭقوتاندىن تاياق يەپ خورلانغان قاسار چىڭگىز خانغا تاياق يېگەنلىكىنى يۈكۈنۈپ تۇرۇپ ئېيتتى. شۇ چاغدا، باشقا ئىشتىن ئاچچىقلىنىپ تۇرغان چىڭگىز خاننىڭ تېخمۇ پەرۋايى ئۆچۈپ:

— ھېچكىمدىن يېڭىلمەيدىغان ئادەم، ئەمدى قانداقسىغا تاياق يەپ قالدىڭ؟ — دېدى قاسارغا. قاسار بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۆزىگە ياش ئالغان پېتى چىقىپ كېتىپ، ئۈچ كۈنگىچە چىڭگىز خاننىڭ بوسۇغىسىغا دەسسىمىدى. شۇ ئارىدا، تەب تەڭرى چىڭگىز خانغا:

— تەڭرىنىڭ ئەمرى بويىچە، — دېدى ئارىغا چۈشۈپ، — خانغا: «تېمۇرچىن ئەلنى بىر نۆۋەت باشقۇرسا، قاسارمۇ بىر نۆۋەت باشقۇرىدۇ» دېگەن بېشارەتنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



يەتكۈزىمەن . ئەگەر قاسارنى دەرھال يوقاتمىسىڭىز ، ئاقىۋەتكە بىر نېمە دېمەك تەس .

بۇ گەپنى ئاڭلىغان چىڭگىز خان شۇ كېچىسىلا قاسارنى تۇتقىلى ماڭدى . كۈچ بىلەن كۆكچۈ ئۆلۈن ئانىغا :

— خان قاسارنى تۇتقىلى كەتتى ! — دەپ خەۋەر يەتكۈزدى . بۇنى ئاڭلاپ ئۆلۈن ئانا شۇ كېچىسى ئاق ئاتانى قارا مەپىلىك ھارۋىغا قوشۇپ ، تۈنلەپ ماڭدى . تاڭ ئاتاغا يېقىن ، چىڭگىز خانىنىڭ قاسارنىڭ قولىنى باغلاپ ، مالخىيى بىلەن بەلۋېغىنى ئېلىۋېتىپ ، سوراققا تارتىۋاتقانىنىڭ ئۈستىگە يېتىپ كەلدى . ئانىسىنىڭ يەردىن ئۈنگەندەك پەيدا بولغانلىقىدىن چۆچۈپ كەتكەن چىڭگىز خان داڭ قېتىپ قالدى . ئۆلۈن ئانا ھارۋىدىن غەزەپ بىلەن سەكرەپ چۈشتى ، قاسارنىڭ قولىنى يېشىۋېتىپ ، مالخىيى بىلەن بەلۋېغىنى تۇتقۇزۇپ قويدى . غەزەپتىن ئۆزىنى تۇتالماي :

— مانا بۇ سەنلەر تالىشىپ تۇرۇپ ئەمگەن ئەمچەك ، كۆردىڭلارمۇ ؟ — دېدى ئۆلۈن ئۈچىن باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرغىنىچە ئىككى ئەمچىكىنى كۆرسىتىپ . — تۇغۇلۇپلا ئۆز ھەمرىيىنى ئۆزى تالايدىغان ، ئۆز كىندىكىنى ئۆزى ئۈزۈۋېتىدىغان ھايۋان ! قاسار ساڭا نېمە قىلدى ؟ تېمۇرچىن سەن مۇنۇ بىر ئەمچىكىمنى شوراپ بولغان بولساڭ ، قاچىغۇن بىلەن ئوتچىگىن ئىككىسى بىر ئەمچىكىمنىمۇ شوراپ بولالمايتتى . پەقەت قاسارلا ئىككى ئەمچىكىمنى قۇرغىچە شوراپ جېنىمنى ئارام تاپقۇزاتتى . شۇنىڭ ئۈچۈن ، تېمۇرچىن بالام ، كۆكسى - قارنىڭنى كەڭرەك تۇت . قاسار بالامنىڭ مەرگەنلىكتە ئالدىغا ئۆتىدىغىنى يوق .

يۇپۇرۇلۇپ كەلگەن دۈشمەنلەرنى
ئۇچما ئوقى بىلەن قاچۇرغان ،

ئەندىكىپ كەتكەن دۈشمەنلەرنى
يىراققا ئۈزار ئوقى بىلەن بېقىندۇرغان .
ئەمدى دۈشمەنلەرنى يوقىتىپ بولدۇق دەپ ، قاسارغا زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزمەكچى بولۇۋاتامسەن !

ـــ ئانا ، ـــ دېدى چىڭگىز خان ئانىسىنىڭ ئاچچىقى يانغاندىن كېيىن ، ـــ سېنى رەنجىتىپ ، ئۆزۈممۇ قورقۇپ كەتتىم ، ئۇيالغىنىمدىن كىرەر يەر تاپالماي قالدىم ، بولدى ، ئەمدى كېتەيلى !

ئۇلار كېتىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ، چىڭگىز خان ئانىسىغا بىلدۈرمەي ، قاسارنىڭ ئىلكىدىكى ئەلدىن بىر مىڭ تۆت يۈزنى ئاستىرىتىن قالدۇرۇپ ، قالغانلىرىنى تارتىۋالدى . بۇنى ئۇقۇپ قاتتىق ئازابلانغان ئۆلۈن ئانائۈزۈن ئۆتمەي ئالەمدىن ئۆتتى . قاسارغا قوشۇپ قويغان جالايىرلاردىن جەبكە قورقۇپ كېتىپ ، بارقۇجىنغا قېچىپ كەتتى .

245 § شۇنىڭدىن كېيىن ، توققۇز تىلدا سۆزلىشىدىغان ئەللەر تەب تەڭرىنىڭ قېشىغا يىغىلىدىغان بولدى . ئۇنىڭ قېشىغا يىغىلىدىغانلار چىڭگىز خاننىڭ جىلەسىگە يىغىلىدىغانلاردىنمۇ كۆپىيىپ كەتكەنىدى . ئۇلارغا ئەگىشىپ ، تېمۇگە ئوتچىگىننىڭ بىر بۆلەك ئادەملىرىمۇ تەب تەڭرى تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى . ئوتچىگىن نويان ئادەملىرىنى قايتۇرۇپ كېلىشكە سوقۇرنى ئەلچىلىككە ئەۋەتتى . تەب تەڭرى :

ـــ ئوتچىگىن ، ئىككى ئەلچىگىز ① بار ئىكەن ـ دە ! ـــ دەپ ، سوقۇرنى ئۇردى ۋە ئېگىرىنى دۈمبىسىگە ئارتقۇزۇپ ، پىيادە يولغا سېلىپ قويدى . ئوتچىگىن ئەۋەتكەن ئەلچىسى تاياق يەپ پىيادە قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ ، ئەتىسى تەب تەڭرىنىڭ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئالدىغا ئۆزى باردى.

— سوقۇرنى ئەلچىلىككە ئەۋەتسەم، ئۇنى ئورۇپ پىيادە يولغا سېلىپ قويۇپسىلەر. ھازىر ئادەملىرىمنى ئەكەتكىلى ئۆزۈم كەلدىم، — دەپ گەپنى باشلىشىغىلا، يەتتە قوڭقوتان ئولىشىپ كەلدى، ئوتچىگىننى ئوتتۇرىغا ئېلىۋېلىپ:

— سېنىڭ ئەلچى ئەۋەتىدىغان نېمە ھەققىڭ بار؟ — دېدى.

— ئەلچى ئەۋەتكەنلىك خاتالىق مەندە، — دېدى ئوتچىگىن تاياق ئاستىدا قېلىشتىن قورقۇپ.

— خاتالىق سەندە بولسا، باش ئورۇپ توۋا قىل، — دەپ ئوتچىگىننى تەب تەڭرىنىڭ كەينىدىن باش ئۇرغۇزدى يەتتە قوڭقوتان.

ئادەملىرىنى قايتۇرۇپ كېلەلمىگەن ئوتچىگىن ئەتىسى ئەتىگەندە چىڭگىز خان ئورنىدىن تۇرغىچە ئالدىغا كېلىپ:

— توقۇز تىلدا سۆزلىشىدىغان ئەلنىڭ ھەممىسى تەب تەڭرى تەرەپكە ئۆتۈۋاپتۇ، — دېدى تىزلانغىنىچە ھۆركىرەپ يىغلاپ، — تەب تەڭرىدىن ئادەملىرىمنى قايتۇرۇۋېلىشقا سوقۇرنى ئەلچىلىككە ئەۋەتسەم، ئۇنى ئۇرۇپ، ئېگىرىنى دۈمبىسىگە ئارتقۇزۇپ، پىيادە ھەيدىۋېتىپتۇ. ئۆزۈم بارسام، ھېلىقى يەتتە قوڭقوتان مېنى ئوتتۇرىغا ئېلىۋېلىپ، توۋا قىل دەپ، تەب تەڭرىنىڭ كەينىدىن باش ئۇرغۇزدى.

چىڭگىز خان گەپ قىلغۇچە، بۆرتە ئۇجىن ئورنىدىن تۇردى-دە، يوتقاننىڭ ياقىسى بىلەن كۆكسىنى توسۇپ، تىزلانغىنچە ھۆركىرەپ يىغلاۋاتقان ئوتچىگىننى كۆرۈپ:

— بۇ قوڭقوتانلارنىڭ نېمە قىلغىنى! — دېدى كۆز يېشى قىلىپ، — ئۆتكەندە قاسارنى بىرلىشىپ ئۇردى، ئەمدى

ئوتچىگىننى تىزلاندۇرۇپ، ئۇنىڭ كەينىدىن باش ئۇرغۇزغىنى نېمىسى؟ گەپ قىلمىساق بېشىمىزغا چىقامدۇ نېمە؟ قارغايدەك ئىنىلىرىڭىزنى بوزەك قىلغان يەردە، ئەتە - ئۆگۈن كۆرگۈلۈكىمىز بار ئوخشامدۇ!

قارغايدەك گەۋدىڭىز ئۆرۈلسە،
ئېلىڭىز تېرىقتەك چېچىلسا،
كىممۇ باشقۇرار،
ئىگىسىز بۇ يۇرتنى.
تۈۋرۈكتەك قامىتىڭىز يىقىلسا،
ئېلىڭىز قۇشلاردەك توزىسا،
كىممۇ باشقۇرار،
باشپاناھسىز بۇ ئەلنى.

قارغايدەك ئىنىلىرىڭىزنى خورلىغان يەردە، ئالدىمىزدىكى بۇ ئۈچ، تۆت گۇدەك بالىلىرىمىز چوڭ بولغۇچە، ئۇلار بىزنى ئەلگە يېقىن يولاتمايدىغان ئوخشامدۇ؟ بۇ قوڭقوتانلار بىزنى زادى نېمە قىلماقچى ئىكەن؟ قېرىنداشلىرىڭىزنى شۇنچە بوزەك قىلسا، قاراپ تۇرىسىزمۇ!

— تەب تەڭرى كەلمەكچى ئىكەن، كېلىپ قالسا، ئۆزۈڭ بىلىپ بىر تەرەپ قىل، — دېدى چىڭگىز خان ئوتچىگىنگە بۆرتە ئۇجىننىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن. بۇ گەپتىن كېيىن، ئوتچىگىن ئورنىدىن تۇردى - دە، كۆز ياشلىرىنى سۈرتىۋېتىپ، چىقىپ ئۈچ پالۋاننى تەييارلىدى.

بىر دەمدىن كېيىن مەڭلىك چال يەتتە ئوغلى بىلەن كەلدى. ئۇلار كىرىپ، تەب تەڭرى تۇسۇرگەننىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئولتۇرۇشىغىلا، ئوتچىگىن:

— تۈنۈگۈن مېنى تووۋا قىل دەپ باش قويغۇزغانىدىڭ،

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



قېنى ئەمدى بىر ئېلىشىپ باقمامدۇق ! ــ دەپ ئۇنىڭ ياقىسىدىن ئالدى ـ دە ، ئۇنى سۆرىگەن پېتى تالاغا ئېلىپ چىقتى . تەب تەڭرىمۇ ئوتچىگىننىڭ ياقىسىدىن ئېلىپ تۇتىشىپ كەتتى . شۇ ئارىلىقتا ، تەب تەڭرىنىڭ مالخىيى ئوچاقنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ كەتتى ، مەڭلىك چال مالخاينى يەردىن دەرھال ئالدى ، پۈراپ قويۇپ قوينىغا سالدى .

ــ تالاغا چىقىپ ئېلىشىڭلار ! ــ دېدى چىڭگىز خان . ئوتچىگىن تەب تەڭرىنى تالاغا سۆرەپ ئېلىپ چىققاندا ، ئالدىن تەييارلاپ قويغان ئۈچ پالۋنى تەب تەڭرىنى سۆرەپ ئېلىپ چىققان پېتى بېلىنى سۇندۇرۇۋېتىپ ، سول تەرەپتىكى هارۋىلارنىڭ ئاياغ تەرىپىگە ئاپىرىپ تاشلىۋەتتى .

ــ تەب تەڭرى مېنى باش ئۇرغۇزغانىدى ، ئەمدى ئېلىشىپ باقايلى دېسەم ، خۇپسەنلىك قىلىپ ، هارۋىنىڭ يېنىدا يېتىۋالدى ، تازىمۇ كارغا كەلمەيدىغان بىر نېمە ئىكەن ! ــ دېدى ئوتچىگىن مەڭلىك چالغا . ئىشنىڭ تېگىگە يەتكەن مەڭلىك چال كۆزىگە ياش ئېلىپ :

ــ زېمىن ئالقانچىلىك ،
دېڭىز ئېرىقچىلىك چاغدا ،
ئەزىز جېنىمنى ئايىماي
ساڭا ھەمراھ بولۇپ كەلگەنىدىم .

دەپ ، ئالتە بالىسى بىلەن ئىشىكنى توسىۋالدى ، ئوچاق ئەتراپىغا ئولىشىپ كېلىپ ، يەڭلىرىنى تۈرۈشتى . ئوتتۇرىدا قېلىشتىن ئەنسىرىگەن چىڭگىز خان :

ــ ئۆتۈڭلار ، مەن چىقىۋالاي ! ــ دېدى . ئۇ چىقىشىغىلا ، قورچى بىلەن تۇرغاۋۇللار ئۇنى قورشىۋالدى . هارۋىلارنىڭ ئاياغ تەرىپىدە بېلى سۇنۇۋۇپ ياتقان تەب تەڭرىنى كۆرگەن چىڭگىز

خان ئارقا تەرەپتىن بىر بوز قوشنى ئەكەلدۈرۈپ، تەب تەڭرىنىڭ ئۈستىگە تىككۈزۈپ قويغاندىن كېيىن:

— ھارۋىلارنى تەييارلاڭلار، بىز كۆچەيلى! — دېدى ۋە ئۇلار ئۇ جايدىن كۆچتى.

① ئىككى ئەلچى — سوقۇر بىلەن سۇقۇرنىڭ مىنىپ كەلگەن ئېتىنى دېمەكچى. — ت.

§ 246 چىڭگىز خان تەب تەڭرىنىڭ ئۆلۈكى ياتقان بوز قوشنىڭ تۈڭلۈكىنى يېپىپ، ئىشىكىنى ئېتىپ، ئۇنىڭغا كۆزەتچى قويدى. ئۈچىنچى كۈنى تاڭ سەھەردە، قوشنىڭ تۈڭلۈكى ئوچۇق تۇراتتى، تەب تەڭرىنىڭ ئۆلۈكىمۇ يوقاپ كەتكەنىدى. كىرىپ تەكشۈرۈۋېدى، راست كۆرۈنمەيتتى.

— تەب تەڭرى ئىنىلىرىمغا قول تەگكۈزۈپ، قېرىنداشلار ئارا ئۆچەكەشتۈرگەنلىكتىن، تەڭرىنىڭ قارغىشىغا ئۇچراپ، جېنى بىلەن تېنى بىراقلا يوقاپ كەتتى، — دېدى چىڭگىز خان.

— بالىلىرىڭنىڭ مىجەزىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇلارغا نەسىھەت قىلماي، بىز بىلەن ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرىمەن دەپ، ئاخىر تەب تەڭرىنىڭ بېشىنى يېدىڭ. سىلەرنىڭ بۇنداق خۇي - پەيلىڭلارنى بالدۇرراق بىلگەن بولسام، ئالىبۇرۇن جامۇقا، ئالتۇن، قۇچارلاردەك بىر ياقلىق قىلار ئىكەنمەن! — دېدى چىڭگىزخان مەڭلىك چالنى ئەيىبلەپ. لېكىن، ئۇنىڭغا يەنە كەڭچىلىك قىلىپ:

— ئەتىگەن دېيىشكەن گەپتىن كەچ يېنىۋالساق، بۇگۈن دېيىشكەن گەپتىن ئەتە يېنىۋالساق ئۇيات بولىدۇ دەپ ۋەدىلەشكەنىدۇققۇ! شۇنداق ئىكەن، ۋەدىمىزدىن يانمايلى ①. ئەگەر ئۆزۈڭلارنى تۇتۇپ يۈرگەن بولساڭلار، مەڭلىك چال، بالىلىرىڭغا كىم تەڭ كېلەلەر ئىدى، — دېدى ئاچچىقى يانغاندىن

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



كېيىن چىڭگىز خان. تەب تەڭرى ئۆلگەندىن كېيىن، قوڭقوتانلارنىڭ ھەيۋىسى بېسىلدى.

① ۋەدىلەشكەنلىكى ھەققىدىكى ئىشلار 204 § دە بايان قىلىنغان. — ت.

# 《 موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى 》 نىڭ داۋامى

## بىرىنچى باب

247 § ئەلقىسسە ، قوي يىلى ① ، چىڭگىز خان جۇرجىتلارنى بېسۇۋېلىپ ، فۇجۇنى ② ئالدى . ھۇنەگەن داۋانىدىن ③ ئېشىپ ، شۇەندېفۇ مەھكىمىسىنى ④ ئالغاندىن كېيىن ، جەبە بىلەن گۈيگۈنەك باتۇر ئىككىسىنى چاپچال ⑤ قوۋۇقىغا ئالغىنچى قىلىپ ئەۋەتتى . قوۋۇق چىڭ ساقلانغانلىقتىن ، ئۇلار بۆسۈپ ئۆتەلمىدى .

— بىز ئاۋۋال ئۇلارنى ئالداپ چىقىرايلى ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئېلىشايلى ! — دەپ قوشۇننى چېكىندۈردى جەبە . ئۇلارنىڭ چېكىنگەنلىكىنى كۆرگەن جۇرجىت چېرىكلىرى :

— ئۇلارنىڭ كەينىدىن قوغلايلى ! — دەپ ، تاغ - جىلغىلارنى بېسىپ قوغلاپ كەلدى . ئۇلار شۇەندېفۇ مەھكىمىسىنىڭ تاغ ئېغىزىغا كەلگەندە ، جەبە قوشۇننى كەينىگە بۇراپ قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ ، قوغلاپ كەلگەن دۈشمەنلەرنى تىرىپىرەن قىلىۋەتتى . شۇ ئارىلىقتا چىڭگىز خاننىڭ غول قوشۇنمۇ يېتىپ كېلىپ ، قارا قىتان ، جۇرجېت ، جۈيىنلارنىڭ ⑥ جەسۇر قوشۇنلىرىنى چاپچالغىچە سۈرۈپ چاپ - چاپ قىلىپ ، سايىنىڭ تېشىدەك ياتقۇزىۋەتتى . جەبە چاپچال ئېغىزىنى ئالغاندىن كېيىن ، نەچچە داۋانلاردىن ئېشىپ ، چىڭگىز خان بىلەن شىرا دەكتۇر ⑦ دېگەن جايدا تۈنىدى . ئۇنىڭدىن كېيىن قوشۇنلىرىنى

جۇڭدۇ ⑧ ۋە باشقا شەھەرلەرنى ئېلىشقا ئاتلاندۇردى. جەبەنى دوڭچاڭ ⑨ شەھىرىنى ئېلىشقا ئاتلاندۇردى. جەبە بېرىپ دوڭچاڭ شەھىرىنى ئالالماي، قوشۇننى ئالتە كۈنلۈك جايغا چېكىندۇردى، تۇساتتىن قوشۇننى يەنە كەينىگە بۇراپ، ھەر قايسىسىغا بىردىن كۆتەل ئاتنى يېتەكلىتىپ، كېچىلەپ بېرىپ دوڭچاڭ شەھىرىنى بېسىۋالدى.

① قوي يىلى — مىلادىيە 1211 ـ يىلى. — ت.

② فۇجۇ — ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ جاڭبېي ناھىيىسى. قارا بالغاسۇن ( Khara Balkhasun ) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. — ت.

③ ھۈنەگەن داۋانى — Hunegen ( 野狐岭 )، ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ جاڭجياكۇ ( بۇرۇنقى ۋەنچۈەن « 万全 » ناھىيىسى ) شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالى قىسمىدا. — ت.

① شۈەندېفۇ مەھكىمىسى — 宣德府، ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ شۈەنخۇا ( 宣化 ) شەھىرى. چىڭ دەۋرىدە موڭغۇللار Bayan Sume ( باي بۇتخانا ) دەپ ئاتايتتى. — ت.

⑤ چاپچال — Chapichal ( 居庸关 )، ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسى چاڭپىڭ ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى جۈيۇڭشەن ( 居庸山 ) تېغىدا. — ت.

⑥ جۈيىنلار — لياۋ ـ جىن دەۋرىدە تاللانغان ئاتلىق چېگرا مۇداپىئە ئەسكەرلىرىدىن تەشكىللەنگەن ئالاھىدە قوشۇن. — ت.

⑦ شىرا دەكتۈر — Shira Dektur ( 龙虎台 )، ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسى چاڭپىڭ ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالى، چاپچالنىڭ جەنۇبىدا. شىرا دەكتۈر « سېرىق پەلەمپەي » دېگەن مەنىدە. — ت.

⑧ جۇڭدۇ — 中都، ھازىرقى بېيجىڭ. — ت.

⑨ دوڭچاڭ — 东昌، ھازىرقى شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ لياۋچېڭ ناھىيىسى. — ت.

§ 248 جەبە دوڭچاڭ شەھىرىنى ئالغاندىن كېيىن، قايتىپ كېلىپ چىڭگىز خان بىلەن ئۇچراشتى. جۇڭدۇ شەھىرى قورشاۋدا قالغاندا، ئالتۇن خانىنىڭ ① ۋەزىرى ۋاڭ جىڭ ②:

— تەڭرىنىڭ ئەمرى بويىچە، ئورۇن ئالماشتۇرىدىغان چاغ

يېتىپ كەلگەن ئوخشىمامدۇ ؟ — دەپ تەكلىپ بەردى ئالتۇن خانغا ، — موڭغۇللار شىددەتلىك بىلەن بېسىپ كېلىپ ، قارا قىتان ، جۇرجىت ، جۇيىن قاتارلىق ئاساسلىق قوشۇنلارنى قىرىپ تاشلاپ ، شۇنچە مۇستەھكەم چاپچالنى تارتىۋالدى . ھازىر بىز يەنە قوشۇن ئاتلاندۇرۇپ ، موڭغۇللارغا يەنە يېڭىلىپ قالساق ، چېرىكلىرىمىز تىرىپىرەن بولۇپ ، ھەر قايسى شەھەرلەرگە تېزىپ كېتىدۇ ، ئۇلارنى يىغىمىز دەپ ، ئەكسىچە ئۆزىمىزگە دۈشمەنلەشتۈرىۋېلىشىمىز مۇمكىن . شۇنىڭ ئۈچۈن ، خان ئالىيلىرى ، ماقۇل كۆرسىلە ، بىز ھازىرچە موڭغۇللارغا بەيئەت قىلىپ سۈلھە تۈزەيلى ، موڭغۇللار سۈلھىمىزنى قوبۇل قىلىپ چېكىنىپ كەتكەندىن كېيىن ، باشقىچە ئويلىشارمىز . ئاڭلىشىمچە ، سۇ ـ ھاۋالار موڭغۇل چېرىكلىرى ۋە ئات ـ ئۇلاغلىرىغا ياقماي جۇما كېسىلى بولۇپ قاپتۇدەك . ئەگەر موڭغۇل خانىغا قىزىمىزنى بېرىپ ، چېرىكلىرىگە ئالتۇن ـ كۈمۈش ، تاۋار ـ دۇردۇن ، مال ـ مۈلۈكلەرنى ھەدىيە قىلساق ، ئۇلار بىز بىلەن سۈلھ تۈزۈشكە ئۇنىماي قالامدۇ ؟

— بولىدۇ ، دېگىنىڭ بويىچە قىلايلى ! — دېدى ئالتۇن خان ۋەزىر ۋاڭ جىڭنىڭ تەكلىپىنى ماقۇل كۆرۈپ . شۇنىڭ بىلەن ، موڭغۇللارغا بەيئەت قىلىش ئۈچۈن ، چىڭگىز خانغا بىر مەلىكىسىنى ③ ، چېرىكلىرىگە جۇڭدۇدىن يېتەرلىك ئالتۇن ـ كۈمۈش ، تاۋار ـ دۇردۇن ، مال ـ مۈلۈكلەرنى ئېلىپ ، ۋەزىر ۋاڭ جىڭ ئەلچى سۈپىتىدە چىڭگىز خانىنىڭ ئالدىغا كەلدى . چىڭگىز خان ئۇلارنىڭ بەيئەت قىلغانلىقى ئۈچۈن ، سۈلھىنى قوبۇل قىلىپ ، ھەر قايسى شەھەرلەرگە ئەۋەتكەن قوشۇنلىرىنىڭ ھەممىسىنى قايتۇرۇپ كەلدى . ۋەزىر ۋاڭ جىڭ چىڭگىز خانىنى موجۇ ④ ، فۇجۇنىڭ تاغ ئېغىزلىرىغىچە ئۇزىتىپ قويۇپ قايتىپ كەتتى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



چېرىكلىرىمىز ئەكەلگەن سوۋغا ـ سالاملارنى شايى ـ كىمخابلارغا تېڭىپ، ئاتلىرىغا ئارتىشىپ كېتىشتى.

① ئالتۇن خان — جىن خانلىقىنىڭ ۋەزىرى ۋەنيەن شۈن (1213 — 1233). — ت.

② ۋاڭ جىن — جىن خانلىقىنىڭ ۋەزىرى ۋەنيەن شىنفۇ. — ت.

③ ۋېيشاۋ ۋاڭنىڭ مەلىكىسى جىگو ئىدى. — ت.

④ موجۇ — 莫州، خېبېي ئۆلكىسىنىڭ رېنچيۇ (任邱) ناھىيىسى. — ت.

§ 249 چىڭگىز خان ئۇ يەردىن چىققان پېتى قاشىن ئېلىگە ① يۈرۈش قىلدى. ئۇلار بارغاندىن كېيىن، قاشىن ئېلىنىڭ بۇرخانى ② چىڭگىز خانغا بەيئەت قىلدى.

— خان ئالىيلىرىنىڭ ئوڭ قانىتى بولۇپ، خىزمەتلىرىدە بولۇشقا تەييارمەن، — دەپ، چىڭگىز خانغا چاغا دېگەن قىزىنى بەردى.

— ئۇلۇغ نام ـ شەرەپلىرىنى ئاڭلاپ، بىزنى سۈر باسقانىدى، — دېدى بۇرخان يەنە، — ئەمدى يەر ـ جاھاننى تىترىتىدىغان سەلتەنەتىڭىز بىلەن يېتىپ كەلگەندە، يۈكسەك ھەيۋىتىڭىزدىن ئەيمىنىپ، بىز تاڭغىتلار ئوڭ قاناتلىرى بولۇپ، خان ئالىيلىرى ئۈچۈن ئۆزىمىزنى بېغىشلايمىز. خان ئالىيلىرى ئۈچۈن خىزمەت كۆرسىتەيلى دېسەك، بىز شەھەر ـ سېپىللاردا مۇقىم ماكان تۇتۇپ ياشايدىغان ئەل بولغاچقا،

جىددىي يۈرۈشلەردە،
ئىزنىڭلاردا يېتىشىپ ماڭالماسىمىز.
شىددەتلىك ئۇرۇشلاردا،
يېنىڭلاردا ھەمدەم بولالماسىمىز.
ئەگەر بىز تاڭغىتلارنى كەچۈرسىلە،

تارتۇق قىلار ئىدۇق
چىغلىقلاردىكى تۆگىلەرنى .
سوۋغا قىلار ئىدۇق
توقۇپ كۆركەم تاۋار – دۇردۇنلارنى .
ھەدىيە قىلار ئىدۇق
كۆندۈرۈلگەن ئېسىل قۇشلارنى .

شۇنىڭ بىلەن ، تاڭغىتلار لەۋزىگە ئەمەل قىلىپ ، ئۈيۈر – ئۈيۈر تۆگىلەرنى تارتۇق قىلدى .

① قاشىن ئېلى — Khashin . غەربىي شىيا ( تاڭغىتلار قۇرغان ) زېمىنىنى كۆرسىتىدۇ . — ت .
② بۇرخان — Burkhan . غەربىي شىيانىڭ شىياگزۇڭى لى ئەنچۈەن (1206 — 1211) نى كۆرسىتىدۇ . — ت .

250 § چىڭگىز خان شۇ قېتىمقى يۈرۈشىدە ، جۇرجىتلارنىڭ ئالتۇن خانىنى بېقىندۇرۇپ ، ھەدى – ھېسابسىز تاۋار – دۇردۇنلارغا ؛ قاشىن ئەللىرىنىڭ بۇرخانىنى بېقىندۇرۇپ ، ئۈيۈر – ئۈيۈر تۆگىلەرگە ئېرىشتى . شۇنداق قىلىپ ، چىڭگىز خان قوي يىلقى ① يۈرۈشىدە ، قىتانلارنىڭ ئاغۇتاي ② خانىنى ، تاڭغىتلارنىڭ يىلۇقۇ بۇرخانىنى ③ بېقىندۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ، ساغرى دالاسىغا قايتىپ كەلدى .

① قوي يىلى — مىلادىيە 1211 – يىلى . — ت .
② ئاغۇتاي — Aghutai . جىن خانلىقىنىڭ خانى ۋەنيەن شۈنىنى كۆرسىتىدۇ . — ت .

251 § ئۇنىڭدىن كېيىن ، جۇرجىتلارنىڭ ئالتۇن خانى ئاغۇتاي جاۋ گۈەنى ① بېقىندۇرۇشقا ئەۋەتكەن جۇبخان قاتارلىق ئەلچىلەرگە توسقۇنلۇق قىلغانلىقى ئۈچۈن ، ئىت يىلى ② چىڭگىز

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



خان : « جۇرجىتلار بىزگە بەيئەت قىلغان تۇرۇقلۇق ، جاۋ گۇەن تەرەپكە ئەۋەتكەن ئەلچىلىرىمىزگە توسقۇنلۇق قىلغىنى نېمىسى ؟ » دەپ ئاچچىقلىنىپ ، ئۇلارغا جازا يۈرۈشى قىلدى . چىڭگىز خان ئۆزى تۇڭگۇەن ③ قورغىنىغا ھۇجۇم قىلدى ، جەبەنى چاپچال ئارقىلىق بېسىپ كىرىشكە بۇيرۇدى . « چىڭگىز خان تۇڭگۇەن قورغىنى تەرەپكە بېسىپ كېلىۋاتىدۇ » دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىغان ئالتۇن خان يىلە ، قادا ، ھۆبۆگەتۇر ئۈچىگە :

— خىللانغان چېرىكلەر ئالدىنى توسسۇن ، قىزىل تونلۇقلار ① باش بولۇپ ئاتلىنىپ ، قورغاننى مەھكەم ساقلاپ ، ئۇلارنى داۋاندىن بېرى ئۆتكۈزمىسۇن ! — دەپ ، ئۈچىنى دەرھال ئاتلاندۇردى . چىڭگىز خان تۇڭگۇەن قورغىنىغا كەلگەندە ، جۇرجىت چېرىكلىرى قارا چۇملىلەردەك ئېتىلىپ كېلىۋاتقانىدى . چىڭگىز خان يىلە ، قادا ، ھۆبۆگەتۇرلارنى چېكىندۇردى . تولۇي بىلەن چۇگۇ كۈرەگەن ⑤ ئىككىسى توغرىسىغا بېسىپ كېلىپ ، قىزىل تونلۇقلارنى چېكىندۇرۇپ ، يىلە ، قادا ، ھۆبۆگەتۇرلەر ۋە جۇرجىت چېرىكلىرىنى قىرىپ ، سايىنىڭ تېشىدەك ياتقۇزۇۋەتتى . جۇرجىت چېرىكلىرى قىرىلىپ كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان ئالتۇن خان جۇڭدۇدىن نەنجىڭ شەھىرىگە ⑥ قېچىپ كەتتى . قالغان چېرىكلىرىمۇ ئۇزۇق - تۈلۈكلىرى تۈگەپ ، بىرىنىڭ گۆشىنى بىرى يەپ قىرىلىپ كەتتى . چىڭگىز خان تولۇي بىلەن چۇگۇ كۈرەگەن ئۇرۇشتا باتۇرلۇق كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن ، ئىككىسىنى ھەسسىلەپ تارتۇقلىدى .

① جاۋگۇەن — سۇن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى جاۋ كونى كۆرسىتىدۇ . — ت

② ئىت يىلى — مىلادىيە 1214 - يىلى ، چىڭگىز خاننىڭ 53 ياشقا كىرگەن مەزگىلى . — ت .

③تۇڭگۇەن — شەنشى ئۆلكىسى تۇڭگۇەن ناھىيىسىنىڭ 潼关

شىمالىدا. — ت.

④ قىزىل تونلۇقلار — Khula' an degelen. جىن خانلىقىنىڭ ياڭ ئەنشىر. ليۇ ئېرزۇ قاتارلىقلارنىڭ قىزىل تونلۇق قوشۇنى. — ت.

⑤ چۇگۇ كۆرەگەن — يەنى 95 مىڭبېشىنىڭ سەكسەن بەشىنچى مىڭبېشى چىگۇ كۆرەگەن. — ت.

⑥ نەنجىڭ شەھىرى — بيەنلياڭ ( 汴梁 ) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. خېنەننىڭ كەيفېڭ مەھكىمىسى. — ت.

§ 252 چىڭگىز خان خوسىۋۇ ① دېگەن جايىنى ئالغاندىن كېيىن، جۇڭدۇدىكى شىرا كەگەر ② دېگەن يەرگە چۈشتى. جەبە چاپچالدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئۇ يەردىكى قالدۇق چېرىكلەرنى قىرىپ بولغاندىن كېيىن، چىڭگىز خان بىلەن ئۇچراشتى، ئالتۇن خان جۇڭدۇدىن قېچىپ كەتكەندە، قادانى جۇڭدۇنى ساقلاشقا قويۇپ كەتكەنىدى، چىڭگىز خان باۋۇرچى ئوڭگۈر، ئارقاي قاسار، شىگى قۇتۇغ ئۈچىنى جۇڭدۇدىكى ئالتۇن - كۈمۈش، تاۋار - دۇردۇن ۋە باشقا مال - مۈلۈكلەرنى ساناپ ئۆتكۈزۈۋېلىشقا ئەۋەتتى. ئۇلارنىڭ كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپقان قادا جۇڭدۇدىن ئالتۇن زەرلىك تاۋار - دۇردۇنلارنى ئېلىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ كۈتىۋالدى.

— ئىلگىرى، جۇڭدۇ ۋە جۇڭدۇدىكى بارلىق بۇ مال - مۈلۈكلەر ئالتۇن خانغا تەۋە ئىدى، لېكىن جۇڭدۇ ئەمدى چىڭگىز خانغا تەۋە. سېنىڭ چىڭگىز خاننىڭ مال - مۈلۈكلىرىنى بىزگە ئوغرىلاپ بېرىشكە نېمە ھەققىڭ بار؟ كۆتەر بۇ نېمىلىرىڭنى! — دېدى شىگى قۇتۇغ رەت قىلىپ. باۋۇرچى ئوڭگۈر، ئارقاي قاسار ئىككىسى قادانىڭ سوۋغىلىرىنى قوبۇل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۈچى جۇڭدۇدىكى خەزىنە - مۈلۈكلەرنى ساناپ تىزىملىكى بويىچە ئۆتكۈزۈۋېلىپ قايتىپ كەلدى. باۋۇرچى ئوڭگۈر، ئارقاي قاسار، شىگى قۇتۇغ ئۈچى قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، چىڭگىز خان:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



— قادا سىلەرگە نېمە سوۋغا قىلدى ؟ — دەپ سورىدى .
— ئۇ ماڭا ئالتۇن زەرلىك تاۋار - دۇردۇنلارنى سوۋغا قىلغانىدى ، — دېدى شىگى قۇتوغ چىڭگىز خانغا ، — مەن : « ئىلگىرى ، جۇگدۇ ۋە جۇگدۇدىكى بارلىق بۇ مال - مۈلۈكلەر ئالتۇن خانغا تەۋە ئىدى ، لېكىن جۇگدۇ ئەمدى چىڭگىز خانغا تەۋە بولدى . سېنىڭ چىڭگىز خاننىڭ مال - مۈلۈكلىرىنى بىزگە ئوغرىلاپ بېرىشكە نېمە ھەققىڭ بار ؟ » دەپ رەت قىلىۋەتتىم . ئوڭگۇر بىلەن ئارقاي قاسار ئىككىسى ئۇنىڭ بەرگەن سوۋغىلىرىنى قوبۇل قىلدى .

بۇ گەپنى ئاڭلاپ چىڭگىز خان ئوڭگۇر ، ئارقاي قاسار ئىككىسىنى قاتتىق ئەيىبلەپ ، شىگى قۇتوغا :
— سەن ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇپسەن ، — دېدى ماختاپ ، — بۇنىڭدىن باشلاپ مېنىڭ كۆرۈدىغان كۆزۈم ، ئاڭلايدىغان قۇلۇقۇم بول ، — دېدى يەنە پەرمان چۈشۈرۈپ .

① خوسىۋۇ — Hosiwu（河西务）، ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسىدىكى ۋۇجىڭ بازىرىنىڭ شىمالىي . قانالنىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى سۇ ، قۇرۇقلۇق قاتنىشى قولايلىق بولغان بىر سودا بازىرى . — ت .

② شىرا كەگەر — Shira ke’ er « سېرىق دالا » دېگەن مەنىدە بولۇپ . ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسىدىكى ۋۇجىڭ ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدىكى قەدىمكى بازار . — ت .

253 § ئالتۇن خان نەنجىڭ شەھىرىگە بارغاندىن كېيىن ، ئۆزلۈكىدىن باش ئېگىپ بەيئەت قىلىش ئۈچۈن ، تەگرى دېگەن ئوغلىنى يۈز نۆكەر قوشۇپ ، چىڭگىز خانغا تۇرغاۋۇل بولۇشقا ئەۋەتتى . ئۇبەيئەت قىلغاندىن كېيىن ، « چېكىنىپ كېتەيلى ! » دەپ ، چاپچالدىن چېكىنىشتە ، چىڭگىز خان :
— سەن سول قانات قوشۇنلارنى باشلاپ ، دېڭىزنى بويلاپ

بېيجىڭ شەھىرىنى ئال، — دەپ بۇيرۇدى قاسارنى، — ئۇنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئېرىسىدىكى جۇرجىتلاردىن فۇقاناغا ① يولۇقۇپ ئۆت. ئەگەر ئۇ قەستەن قارشىلىق كۆرسەتسە، ئۇنى زورلۇق كۈچ بىلەن بويسۇندۇر، بويسۇنسا، ئۇنىڭ چېگرا شەھەرلىرى ئارقىلىق، ئۇلا دەرياسى ②، ناغۇ دەرياسىنى ③ بويلاپ، تاۋغۇر دەرياسىنى ④ ئۆرلەپ تاغ ئېشىپ، چوڭ ئاغرۇقتا ئۇچرىشايلى.

ئۇنىڭغا يەنە ھەرقايسى نويانلاردىن جۇرچەدەي، ئالچى، تولۇن چەربى ئۇچىنى قوشۇپ بەردى. قاسار بېيجىڭ شەھىرىنى ئېلىپ، فۇقانانى بويسۇندۇردى، يەنە يول بويىدىكى شەھەرلەرنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، تاۋغۇر دەياسىنى ئۆرلەپ، چوڭ ئاغرۇققا قايتىپ كەلدى.

① جۇقانا — ئەسلى تېكىستتە Jurched un Wukhana، ۋۇقانا (Wukhana) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. جورجىتلارنىڭ يۇرتبېشى. — ت.
②ئۇلا دەرياسى — Ula، ھازىرقى سوڭخۇاجياڭ دەرياسى. — ت.
③ناغۇ دەرياسى — Na’ u، ھارىرقى نېنجياڭ دەرياسى. — ت.
④تاۋغۇر دەرياسى — ھازىرقى تاۋئېر دەرياسى. — ت.

254 § ئۇنىڭدىن كېيىن، سارتاۋۇللار ① ئېلىگە ئەۋەتكەن ئۇقۇنا قاتارلىق يۈز ئەلچىنى ئۆلتۈرىۋەتكەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلىغان چىڭگىز خان:

— سارتاغۇللارغا ئالتۇن ئارغامچامنى ئاشۇنداق ئۈزگۈزىۋېتىمەنمۇ؟ ئۇقۇنا قاتارلىق يۈز ئەلچەمنىڭ قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن، سارتاۋۇللار ئېلىگە دەرھال ئاتلىنايلى! — دەپ پەرمان چۈشۈرۈپ تەييارلىق قىلىۋاتقاندا، يەسۈي خاتۇن چىڭگىز خانغا ئەسكەرتىپ دېدى:

— خان ئېگەم،

www.uyghurkitap.com



تاغ ـ داۋانلارنى ئېشىپ ،
دەريا ـ دېڭىزلارنى كېچىپ ،
ئەللەرنى جىمقتۇرۇش ئۈچۈن ،
ئۇزۇن سەپەرگە تەييارلىنىۋاتىسىز .
ئۆلمەيدىغان بەندە بولمايدۇ ،
ئامانەتكە قويغان جان بولمايدۇ .
قارغايدەك گەۋدىڭىز ئۆرۈلسە ،
كىمگىمۇ ئامانەت قىلارسىز
تېرىقتەك چېچىلغان بۇ ئېلىڭىزنى ،
تۈۋرۈكتەك ۋامىتىڭىز يىقىلسا ،
كىمگىمۇ ھاۋالە قىلارسىز
قۇشتەك توزۇغان بۇ ئېلىڭىزنى ؟

شۇڭا ، بىر قورساقتىن تۇغۇلغان تۆت بالىڭىزنىڭ قايسىسىنى ئورنىڭىزغا تىكلەيسىز ؟ بۇنىڭدىن بالىلىرىڭىز ، ئىنىلىرىڭىز ، ئەل ـ جامائەتلىرىڭىز ۋە بىزدەك نادان مەزلۇملار خەۋەردار بولۇشى كېرەك . نەچچە ۋاقىتتىن بېرى كۆڭلۈمدە ساقلاپ كەلگەن گەپنى ئېيتتىم ، قالغىنىغا ئەمدى ئۆزىڭىز بىر نېمە دېگەيسىز .

— يەسۈي مەزلۇم بولسىمۇ ، ناھايىتى ئورۇنلۇق گەپ قىلدى ، — دېدى چىڭگىز خان ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ، — نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئىنىلىرىم ، بالىلىرىم ، ھەتتا بوغۇرچۇ ، مۇقالى سىلەرمۇ بۇ توغرۇلۇق ھېچقايسىڭلار ئېغىز ئاچمىغان ، مەن خۇددى ئاتا ـ بوۋامنىڭ كەينىدىن بارمايدىغاندەك ، ئەجەل سىرتىمقىنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن . شۇڭا ، جوچى سەن بالىرىمنىڭ چوڭى ، بۇ ھەقتە قانداق ئويلايسەن ؟

جوچى گەپ قىلغىچە ، چاغاتاي :

— تېخى جوچىنى قانداق ئويلايسەن دەيسەنغۇ ، ئۇنىڭغا

بىزنى تاپشۇرۇپ بەرمەكچىمۇسەن ؟ بۇ مەركىتلەر پۇشتىنىڭ ② بىزنى باشقۇرىدىغان نېمە ھەققى بار ؟ — دەپ تۇرۇۋشىغا ، جوچى :

— خان ئاتام ياتىلىمىغان يەردە ، سەن نېمە دەپ مېنى ياتلايسەن ! — دەپ چاغاتاينىڭ ياقىسىدىن ئالدى ، — سېنىڭ تەرسالىقىڭدىن باشقا يەنە نېمە ھۈنرىڭ مەندىن ئارتۇق ؟ ئەگەر ئوقيا ئېتىشىشتا ساڭا يېڭىلىپ قالسام ، باشمالتىقىمنى كېسىۋېتىمەن ؛ ئېلىشىشتىمۇ ساڭا يېڭىلىپ قالسام ، ياتقان جايىمدىن تۇرمايمەن ! قېنى ، خان ئاتام پەرمان چۈشۈرسۇن !

بۇ ھالنى كۆرگەن بوغورچۇ جوچىنىڭ قولىنى ، مۇقالى چاغاتاينىڭ قولىنى تارتىپ ئاجراتتى . لېكىن ، چىڭگىز خان بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى . شۇئان سول تەرەپتە تۇرغان كۆكچۇس ③ :

— چاغاتاي ، نېمانچە قىلىپ كېتىسەن ؟ — دەپ نەسىھەت قىلدى ، — خان ئاتاڭ بالىلىرى ئىچىدە ساڭا بەكرەك ئۈمىد باغلىغان . سىلەر تۇغۇلمىغاندا ،

يۇلتۇزلۇق ئاسمان ئايلىناتتى ،
ئەللەر ئارا غەلۋە ـ ئىسيان كۆتۈرۈلەتتى ،
ئارامچىلىق بەرمەيتتى
ئۆز ئارا قىلىشقان بۇلاڭ ـ تالان .
يەر ـ جاھاننى چاڭ ـ تۇزان قاپلايتتى ،
يۇرتلار ئارا جېدەل ـ توپىلاڭ بېسىقمايتتى ،
تىنىم تاپقۇزمايتتى
ئۆز ئارا بولۇشقان ئۇرۇش ـ غەليان .
مانا شۇنداق كۈنلەردە ،
ھېچنېمىنى ئويلاشماي
ئۆز ئارا تۇتۇشاتتى ؛

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئۆزلىرىنى قاچۇرماي
ئۆز ئارا قىرىشاتتى ؛
كېچە ـ كۈندۈز كۆز يۇماي
ئۆز ئارا ئېلىشاتتى .
ھەي ، چاغاتاي !
بوغدا ئاناڭنى رەنجىتىپ ،
سېرىق مايدەك كۆڭلىنى قاتۇرۇۋەتتىڭ ؛
ئاق سۈتتەك قەلبىنى ئۇيۇتۇۋەتتىڭ !
سەن ئاناڭنىڭ ئىللىق قورسىقىدىن ،
ئوتتەك ئىسسىق ئېشىدىن
تۇغۇلغان ئەمەسمىدىڭ ؟
ئاناڭنىڭ دىلىغا ئازار بېرىپ ،
رەنجىتمەسلىكىڭ كېرەك ئىدى ؛
ئاناڭنىڭ يۈرىكىگە سۇ سېپىپ ،
سوۋۇتماسلىقىڭ كېرەك ئىدى !
خان ئاتاڭ ئەلنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ،
باش كېيىشتىن قورقمىغان ،
قان تۆكۈشتىن يانمىغان ؛
كىرپىك قېقىپ چىقمىغان ،
ياستۇق كۆرۈپ باقمىغان ،
يېڭىنى ياستۇق قىلىپ ،
پېشىنى يوتقان قىلغان ؛
چىش ئارىسىدىكى گۆشلەرنى ئوزۇق ،
شۆلگەيلىرىنى ئۇسۇزلۇق قىلغان .

چېكە تەرلىرىنى تاپاندىن ، تاپان تەرلىرىنى چېكىسىدىن ئاققۇزۇپ ، ئەھتىياتچانلىق بىلەن ئالغا بېسىپ ئىلگىرىلىگەن

كۆنلەردە، ئاناڭمۇ بىز بىلەن جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى تەڭ تارتقان.

چاچلىرىنى ئېگىز تۈگۈپ،
بېلىنى چىڭ باغلاپ؛
چاچلىرىنى مەھكەم بوغۇپ،
بېلىنى پۇختا چىگىپ،
سىلەرنى بېقىپ چوڭ قىلغان.
ئاغزىدىكى ئاشنى يەۋەتمەي
سىلەرگە يېرىمىنى بەرگەن؛
گېلىدىكى نەرسىنى يۇتۇۋەتمەي
سىلەرنى يېگۈزۈپ تويغۇزغان؛
كۆن بويى ئاچ ـ زېرىن يۈرۈپ،
سىلەرنى ئاش ـ تاماقتىن قىسمىغان!
يېگەڭلەردىن سۆرەپ يۈرۈپ،
ئەرلەر قاتارىغا قوشقان؛
يەلكەڭلەرنى سىلاپ يۈرۈپ،
ئەل قاتارىغا قوشقان ئىدىغۇ؟
ئاستىڭلارنى تازلاپ پاكىزلاپ،
تاپىنىڭلاردىن كۆتۈرۈپ بېقىپ،
يىگىت قاتارىدىن قالدۇرماي،
تۇلپارغا مىندۇرگەن.
بىزنىڭ بۇغدا خاتۇنىمىز،
كۆندەك يارقىن كۆڭلى بىلەن،
بۇلاقتەك پاك قەلبى بىلەن،
يىگىتلىكىڭلارنى كۆرۈشكە،
تەشنا بولۇپ كۆتمەكتە!

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



①سارتاۋۇل — Sarta' ul ، بۇ يەردە خارازىمنى كۆرسىتىدۇ . — ت .
② بۆرتە ئۈجىننى مەركىتلەر بۇلاپ كەتكەنلىكى ھەققىدىكى ئىشلار ئىككىنچى باب 101 § ، 103 § لەردە بايان قىلىنغان . — ت .
③ چىڭگىز خان كۆكچۇسنى چاغاتايغا ياردەمچىسى ۋەزىر قىلىپ تەيىنلەپ ، ئۇنى چۇس مىجەزلىك چاغاتايىنى ھەر ۋاقىت ئەسكەرتىپ تۇرۇشنى بۇيرۇغانىدى . بۇ ھەقتىكى ئىشلار 216 § دە بايان قىلىنغان . — ت .

255 § — جوچىنى ئۇنداق دېيىشكە قانداق ئاغزىڭ باردى ؟ — دېدى چىڭگىز خان ، — ئۇ بالىلىرىمنىڭ چوڭى ئەمەسمۇ ؟ بۇنىڭدىن كېيىن ئىككىنچى ئۇ گەپلەرنى دېگۈچى بولما !

— جوچىنىڭ جاسارەت ، ماھارەت جەھەتلەردە ئالدىغا ئۆتىدىغىنى يوق ، — دېدى چاغاتاي بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كۈلۈمسىرەپ ، — گەپ بىلەن ئۆلتۈرگەننى يۆلەپ تۇرغۇزغىلى بولماس ، تىل بىلەن ئۆلتۈرگەننىڭ تېرىسىنى شىلىۋالغىلى بولماس . جوچى ئىككىمىز بالىلارنىڭ چوڭى ، شۇڭا بىز خان ئاتىمىزنىڭ خىزمىتىدە بولايلى . ئەگەر قايسىمىز باش تارتىدىكەنمىز ، شۇنىڭ كالىسى ئېلىنسۇن ؛ قايسىمىز كەينىدە قالىدىكەنمىز ، شۇنىڭ پايخىنى چېقىۋېتىلسۇن ! ئۆگەدەي سەممىي ، ئاق كۆڭۈل بولغاچقا ، بىز شۇنى تەۋسىيە قىلىمىز ! ئۇ خان ئاتىمىزنىڭ يېنىدا تەلىم - تەربىيە ئالسۇن .

— جوچى ! سەن قانداق قارايسەن ؟ — دەپ سورىدى چىڭگىز خان جوچىدىن .

— چاغاتاي ئېيتقاندەك ، ئىككىمىز خان ئاتىمىزنىڭ خىزمىتىدە بولايلى ، — دېدى جوچى ، — مەنمۇ ئۆگەدەينى تەۋسىيە قىلىمەن !

— خىزمىتىمدە بولايلى دېگىنىڭلار نېمىسى ؟ يەر - زېمىنلار شۇنچە كەڭتاشا ، دەريا - ئېقىنلار شۇنچە كۆپ تۇرسا ، ئاشۇ

جايلارنى ھەرقايسىڭلارغا سۇيۇرغاللىقا بەرسەم، ئۆز ئالدىڭلارغا يۇرت سوراپ باشقۇرامسىلەر، — دەپ پەرمان چۈشۈردى چىڭگىز خان، — جوچى، چاغاتاي ئىككىڭلار دوستقا كۆلكە، دۈشمەنگە مەسخىرە بولماي، لەۋزىڭلاردا چىڭ تۇرۇڭلار! ئىلگىرى ئالتۇن بىلەن قوچار ئىككىسى سۆزىدە تۇرالمىغانلىقتىن، قانداق جازالىنىپ، قانداق ئاقىۋەتتە قالغانلىقى ئېسىڭلاردىمۇ؟ ھازىر ئالتۇن بىلەن قوچارنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادلىرىنى سىلەرگە بۆلۈپ بېرەي، سىلەر شۇلاردىن ئىبرەت ئالساڭلار، ئۇلارنىڭ تۇتقان يولىدا ھەرگىز ماڭمايسىلەر! ھە، ئۆگەدەي، دەيدىغان گېپىڭ بارمۇ؟

— خان ئاتا ئىلتىپات قىلىپ گېپىڭ بارمۇ دېدىڭ، — دېدى ئۆگەدەي، — نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەيۋاتىمەن، نېمە دېسەم بولار؟ ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە ئېھتىياتچلىق بىلەن ئىشلەرمەن. بىراق، كېيىنكى ئەۋلادلىرىمنىڭ چۆپكە ئوراپ بەرسە كالا يېمەس، مايغا ئوراپ بەرسە ئىت يېمەس بەزدەك، قانداغاي ئالدىدىن ئۆتسە ئوقى تەگمەس، چاشقان كەيىندىن ماڭسا ئۆلتۈرەلمەس لەقۋا بولۇپ چىقارمىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن. مانا بۇ مېنىڭ دەيدىغانلىرىم، بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق يەنە نېمە دەرمەن؟

— ئۆگەدەي خېلى جايىدا گەپ قىلدى، — دېدى چىڭگىز خان ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، — تولۇي سېنىڭمۇ دەيدىغانلىرىڭ بارمۇ؟

— خان ئاتام ئاتىغان ئاكىلىرىمنىڭ يېنىدا، — دېدى تولۇي جاۋابەن، —

ئۇنتۇپ قالغاندا ئەسكەرتىپ،

ئەل - يۇرتلىرىنىڭ جارچىسى بولاي؛

ئۇخلاپ قالغاندا ئۇيغۇتۇپ،

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



تورۇق ئاتىنىڭ قامچىسى بولاي .
لەۋزىنى ھەرگىز يەردە قويماي ،
ئورنىنى زىنھار بوش قالدۇرماي ؛
سەپەرگە بىرلىكتە ئاتلىنىپ ،
دۈشمەنلەر بىلەن باش كەتكۈچە ئېلىشىمەن !

ئۇنىڭ كېيىنى دۇرۇس كۆرگەن چىڭگىز خان :

— قاسارنىڭ ئورنىغا بالىلىرىنىڭ بىرى ، ئالچىداينىڭ ئورنىغا بالىلىرىنىڭ بىرى ، ئوتچىگىنىنىڭ ئورنىغا بالىلىرىنىڭ بىرى ، بەلگۈتەينىڭ ئورنىغا بالىلىرىنىڭ بىرى ئىز باسار بولسۇن ، — دېدى چىڭگىز يان پەرمان چۈشۈرۈپ ، — بايا ئېيتىپ ئۆتكىنىمدەك ، ئورنۇمغا بالىلىرىمنىڭ بىرى چىقسۇن ! پەرمانىمغا خىلاپلىق قىلمىساڭلار ۋە زىت يول تۇتمىساڭلار ، ئېغىپ كەتمەيسىلەر ، سەۋەنلىكمۇ ئۆتكۈزمەيسىلەر . ئۆگەدەينىڭ ئۇرۇق ـ ئۇرپاقلىرىدىن چۆپكە ئوراپ بەرسە كالا يېمەس ، مايغا ئوراپ بەرسە ئىت يېمەس بەزدەك يارامسىزلار تۇغۇلسا ، مېنىڭ باشقا ئۇرۇق ـ ئەۋلادلىرىمدىن يارىملىق بىرەر بالا تۇغۇلماسمۇ ؟

256 § — ئىلگىرى : « ئوك قاناتلىرى بولاي » دېگەنىدىڭ ، — دېدى چىڭگىز خان قوشۇن تارتىپ ئاتلىنىش ئالدىدا ، تاڭغىتلارنىڭ بۇرھانىغا ئەلچى ئەۋەتىپ ، — ھازىر سارتاۋۇللار ئالتۇن ئارغامچامنى ئۈزۈۋەتتى ، شۇڭا ئۇلاردىن ھېساب ئېلىش ئۈچۈن ئاتلانماقچى بولۇۋاتىمەن ، سەن مېنىڭ ئوك قانىتىم بولۇپ ئاتلان .

— چامى يەتمەيدىغان ئادەم ، نېمە دەپ خان بولىكەن ؟ — دېدى ئاشا گامبۇ ① بۇرخان بىر نېمە دېگۈچە گەپنىڭ يوغىنىنى قىلىپ ، چېرىك چىقىرىپ ياردەم بېرىشنى خالىماي ، ئەلچىنى تەنە

سۆزلەر بىلەن قايتۇرىۋەتتى.

— ئاشا گامبۇنىڭ ئۆزىنى چاغلىماي نېمە دېگىنى ئۇ! — دېدى چىڭگىز خان، — شۇ تاپتىلا بېرىپ ئۇ بىر نېمىلەرنىڭ جاجىسىنى بېرىش قانچىلىك ئىش ئىدى؟ باشقا يەرگە ئاتلىنىش ئالدىدا تۇرۇپتىمىز، خەير، بوپتۇ! تەڭرى ئىگەمنىڭ پاناھىدا، ئالتۇن تىزگىنىنى قولغا ئېلىپ، زەپەر قۇچۇپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن جاجاڭنى بېرەرمەن!

① ئاشا گامبۇ — ئادەم ئىسمى. Asha Ghambu. تىبەتچە سۆز بولۇپ، «دانىشمەن ياكى ئاقسالى» دېگەن مەنىدە. ئۇ مۇشۇ بۆلۈمدىن باشقا جايلاردا تىلغا ئېلىنمايدۇ. — ت.

257 § توشقان يىلى ①، چىڭگىز خان ئارايدىن ② ئېشىپ، سارتاۋۇللارغا جازا يۈرۈشى قىلىش ئۈچۈن، ئىنىلىرىدىن ئوتچىگىننى ئاغرۇقنى ساقلاشقا قالدۇرۇپ، خاتۇنلاردىن قۇلان خاتۇننى ئەگەشتۈرۈپ ئاتلاندى. جەبەنى ئالغىنچى قىلىپ ئاتلاندۇردى، جەبەنىڭ كەينىدىن قۇيرۇق چىشلەشتۈرۈپ سۇبەگەتەينى، سۇبەگەتەينىڭ كەينىدىن توقۇچارنى ئاتلاندۇردى. ئۇلار ئۈچىنى ئاتلاندۇرۇشتا، چىڭگىز خان:

— شەھەرنى ئەگىپ سۇلتانىنىڭ ③ ئۇ تەرىپىگە ④ ئۆتۈپ ساقلاپ تۇرۇڭلار، بىز بارغاندىن كېيىن، قورشاپ ھۇجۇم قىلايلى، — دېدى. جەبە پەرمانغا بىنائەن خان مەلىكنىڭ شەھەر ـ كەنتلىرىگە چېقىلماي ئەگىپ ئۆتتى. ئۇنىڭ كەينىدىن سۇبەگەتەيمۇ چېقىلماي ئەگىپ ئۆتۈپ كەتتى. لېكىن، ئۇلارنىڭ كەينىدىن يېتىپ كەلگەن توقۇچار خان مەلىكنىڭ شەھەر ـ كەنتلىرىگە بېسىپ كىرىپ، دېھقانلارنى تالان ـ تاراج قىلدى. بۇ ئىشتىن قورقۇپ كەتكەن خان مەلىك شەھەرنى تاشلاپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



جالالىدىن سۇلتانىنىڭ ⑤ يېنىغا قېچىپ بېرىۋالدى. جالالىدىن سۇلتان خان مەلىك بىلەن بىرلىشىپ، چىڭگىز خانغا قارشى ھوجۇمغا ئاتلاندى. چىڭگىز خانىنىڭ ئالدىدا شىگى قۇتۇغ ئالغىنچى بولۇپ ئاتلانغانلىقتىن، جالالىدىن سۇلتان بىلەن خان مەلىك شىگى قۇتۇغ بىلەن ئېلىشىپ، ئۇنى تارمار قىلىپ، چىڭگىز خان تەرەپكە غەلبىسېرى ئىلگىرىلەپ كېتىۋاتقاندا، جەبە، سۇبەگەتەي، توقۇچار ئۇچى جالالىدىن سۇلتان بىلەن خان مەلىكنىڭ كەينىدىن قوغلاپ كېلىپ، ئۇلارنى بىتچىت قىلدى. ئۇلار بۇخار ⑥، سەمىسكەپ ⑦ ئۇدارار ⑧ قاتارلىق شەھەرلەردە ئۇچرىششقا ئۈلگۈرمەي، شىن دەرياسىغىچە ⑨ سۈرۈپ توقاي قىلىنىپ، نۇرغۇنلىرى دەرياغا ئۆزلىرىنى ئېتىپ ئۆلدى. جالالىدىن سۇلتان بىلەن خان مەلىك شىن دەرياسىنى ئۆرلەپ قاچتى. چىڭگىز خانمۇ شىن دەرياسىنى ئۆرلەپ ئىلگىرىلەپ، باتكەسەن ⑩ شەھرىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، يەكە غورقان، كەگۈن غورقان ⑪ دېگەن كىچىك دەريااللار ئەتىراپىدىكى باروغان دالاسىغا كېلىپ چۈشتى. ئۇنىڭدىن كېيىن جالايىر ئۇرۇقىدىن بالانى جالالىدىن سۇلتان، خان مەلىك ئىككىسىنى قوغلاپ زاربە بېرىشكە ئەۋەتتى.

— جەبە، سېنىڭ ئەسلى ئىسمىڭ جىرغوتاي ئىدى. تايچىغۇتلار تەرەپتىن كەلگەندىن كېيىن ساڭا جەبە ⑫ دەپ ئىسىم قويغانىدىم. توقۇچار، سەن پەرمانىمغا خىلاپلىق قىلىپ، خان مەلىكنىڭ چېگرا شەھەرلىرىگە بىلگىنىڭچە بېسىپ كىرىدىڭ، خەلقىنى تالان ـ تاراج قىلىپ، خان مەلىكنى قاچۇرۇپ قويدۇڭ، ياساق بويىچە كاللاڭ ئېلىنىدۇ! — دېدى چىڭگىز جەبەنى ماختاپ، توقوچاقنى ئەيىبلەپ، لېكىن ئۇنىڭ كاللىسىنى ئالماي، قاتتىق ئەيىبلەپ، چېرىكبېشىلىك ۋەزىپىسىنى ئېلىپ تاشلىدى.

① تـوشقان يىلى ــ مىلادىيە 1219 ـ يىلى . يەنى چىڭگىز خاننىڭ 58 ياشقا كىرگەن مەزگىلى . ــ ت .

② سەككىزىنچى باب ئىزاھات ① كە قاراڭ . ــ ت .

③ سۇلتـان ــ خارازىم پادىشاھى مۇھەممەد Ⅱ ( Muhammed Ⅱ ) نى كۆرسىتىدۇ . ــ ت .

④ خارازىمنىڭ پايتەختى ئۈرگەنچنى دېمەكچى . ــ ت .

⑤ جالالىـددىن سۇلتان ــ ئادەم ئىسمى . جالالىددىن مۇھەممەد Ⅱ نىڭ ئوغلى . ــ ت .

⑥ بۇخـار ــ جـاي نـامـى . Bukhar . ھازىـرقـى ئۆزبېكىسـتانـدىكى بۇخارا شەھىرى . ــ ت .

⑦ سـەمىـسكەپ ــ جاي نامى . Semiskep . ھازىرقى ئۆزبېكىستاندىكى سەمەرقەنت شەھىرى . ــ ت .

⑧ ئۇدارار ــ جـاي نـامـى . Udarar . يەنـى ئوترار . سىر دەرياسىنىڭ ئوتـتـۇرا ئېقىمـىـدا بـولـۇپ . سودا مەركىزى ئىدى . خارابىلىرى ھازىرقى تۆمۈرلەڭ تۆمۈريول ۋوگزالى ئەتراپىدا . ــ ت .

⑨ شـىـن دەريـاسـى ــ دەريـا نـامـى . Shin Mören . ھـازىـرقـى ھىنـدى دەرياسى . ــ ت .

⑩ بـاتـكـەسـەن ــ جـاي نـامـى . Batkesen . ھازىـرقى ئافغانىستاننىڭ شـەرقـىـدىـكـى بەدەخـشان ئۆلكـسـى .بۇ يەردىكى تاغلاردا ياقۇت . بولۇپمۇ قىزىل يـاقـۇت ( balakhaschan ) كـۆپ چـىـقـىـدىـغـانـلىـقـتـىـن . بەدەخـشـان دەپ ئاتالغـان . پارس سودىگەرلىرىنىڭ سودا قىلىدىغان ئاساسلىق يولى . ــ ت .

⑪ يـەكـە غـورقان . كەگۈن غورقان ــ دەريا نامى . eke ghorkhan . ke'un ghorkhan . يـەكـە « ئانـا » . كـەگـۈن « بـالا » . غـورقـان « كىچىك دەريا » دېگەن سۆز بولۇپ . ئانا ـ بالا دەريا دېگەن مەنىدە . ــ ت .

⑫ ئۆنـىـگـغا جەبە دەپ ئىسىم قويغانلىقى ھەققىدىكى ئىشلار 147 § دە بايان قىلىنغان . ــ ت .

258 § چىـڭـگـىـز خـان بـارۇغـان دالاسىدىن قوزغىلىشتا ، جـوچـى ، چـاغـاتـاي ، ئۆگەدەي ئۈچ ئوغلىنى ئوڭ قانات قوشۇنىنى بـاشلاپ ، ئامۇ دەريـاسـىـدىـن ① ئۆتـۈپ ، ئۈرگەنچ ② شەھىرىنى ئىشغـال قـىـلـىـشـنـى ؛ تـولـۇيـنـى ئىرۇ ③ ، ئىسەبۇر ① قاتارلىق شەھەرلەرنى ئىشغال قىلىشنى بۇيرۇدى . چىڭگىز خان ئۆزى ئۇدارار

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



شەھىرىنى ئىشغال قىلىشقا ئاتلاندى. شۇ ئارىلىقتا جوچى، چاغاتاي، ئۆگەدەي ئۈچى:

— قوشۇنىمىزنى تەقلەپ قويدۇق. ئۈرگەنچ شەھىرىگىمۇ يېتىپ كەلدۇق. ئەمدى كىمنىڭ دېگىنىگە بويسۇنىمىز؟ — دەپ ئەلچى ئەۋەتتى.

— ئۆگەدەينىڭ دېگىنىگە بويسۇنۇڭلار! — دەپ پەرمان چۈشۈردى چىڭگىز خان.

① ئامۇي دەرياسى — دەريا نامى. ئەسلى تېكىستتە ئامۇي دەرياسى ( Amui məren )، يەنى ئامۇ دەرياسى. — ت.

② ئۈرگەنچ — جاي نامى. ئەسلى تېكىستتە ئۈرۈڭگەنچى ( urungenchi ). خارازىمنىڭ مەركىزى. — ت.

③ ئىرۇ — جاي نامى. Iru. شۇ چاغدىكى خوراساندىكى تۆت چوڭ شەھەرنىڭ بىرى بولغان مەرۋى بولۇشى مۇمكىن. — ت.

④ ئىسەبۇر — جاي نامى. Isebur. شۇ چاغدىكى خوراساننىڭ مەركىزى نىشابۇر بولۇشى مۇمكىن. قەدىمكى تىلدا ni نىڭ n سى تاشلىنىپ i دەپ ئوقۇلۇپ‌پىرىلىدۇ. — ت.

259 § چىڭگىز خان ئۇدارار شەھىرىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، ئۇ يەردىن ئاتلىنىپ سەمىسكەپ شەھىرىنى ئىشغال قىلدى. ئۇ يەردىن يەنە ئاتلىنىپ بۇخار شەھىرىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، ئۇ يەردە بالانىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ، ئالتۇن غورقان ① تېغى قىرىدىكى سۇلتاننىڭ بۇرۇنقى يازلىق ئارامگاھىدا يازلاپ، تولۇيغا:

— كۈن بەك ئىسسىپ كېتىۋاتىدۇ، باشقا قوشۇنلار قايتىپ كېلىپ بولدى. سەنمۇ قايتىپ كېلىپ بىز بىلەن دەم ئال! — دەپ ئەلچى ئەۋەتتى. تولۇي شۇ چاغدا ئىرۇ، ئىسەبۇر قاتارلىق شەھەرلەرنى ئىشغال قىلىپ، سىستەن شەھىرىنى ۋەيران قىلىپ، چۇغ چەرەن شەھىرىنى ئىشغال قىلىۋاتقاندا، ئەلچىلەر چىڭگىز

خاننىڭ گېپىنى يەتكۈزدى. تولۇي چۇغ چەرەن شەھىرىنى ئىشغال قىلىپ بولغاندىن كېيىن، چىڭگىز خاننىڭ قېشىغا كېلىپ يازلىدى.

① ئالتۇنغورقان — دەريا نامى. Altan Ghorkhan. ئالتۇن كېچىك دەريا دېگەن مەنىدە. — ت.

§ 260 جوچى، چاغاتاي، ئۆگەدەي ئۈچى ئۈرگەنچ شەھىرىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، شەھەر خەلقىنى ئۆز ئارا بۆلۈشۈۋېلىپ، چىڭگىز خانغا ھېچنېمە قالدۇرمىدى. ئۈچ ئوغلان تېخى قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، چىڭگىز خان ئۇلارنى قاتتىق ئەيىبلەپ، ئۈچ كۈنگىچە بوسۇغىسىغا يولاتمىدى. بۇ ھالنى كۆرگەن بوغورچۇ، مۇقالى، شىگى قۇتۇغۇ:

— بىز بويۇنتاۋلىق قىلىپ يۈرگەن سارتاۋۇللارنىڭ سۇلتانىنى بويسۇندۇرۇپ، ئۇنىڭ شەھىرى بىلەن خەلقىنى ئېقىندۇردۇق، — دېدى ئارىغا چۈشۈپ، — بۆلۈنگەن ئۈرگەنچ ۋە ئۇنى بۆلۈشىۋالغان ئوغلان تېكىنلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى سىزگە مەنسۇپتۇ. تەڭرى بىلەن يەر مەدەت بېرىپ، سارتاۋۇللارنى زاۋال تاپقۇزۇپ، بارلىق چېرىكلىرىمىز شادلىققا چۆمگەن كۈندە، خان ئالىيلىرى، يەنە نېمىشقا خاپا بولىسىز؟ ئوغلان تېكىنلىرىڭىز ئۆز گۇناھىنى تونۇپ قورقۇپ يۈرمەمدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن ئىبرەت ئېلىپ ئېھتىيات قىلسۇن. بىزمۇ ئوغلان تېكىنلەرنىڭ جاسارىتىگە سوغۇق سۇ سەپمەيلى. خان ئالىيلىرى، ئۇلارنى گۇناھىدىن كېچىپ قوبۇل قىلغايسىز.

ئۇلار ئارىغا چۈشكەندىن كېيىن، چىڭگىز خاننىڭ ئاچچىقى يېنىپ، جوچى، چاغاتاي، ئۆگەدەيلەرنى قوبۇل قىلدى. لېكىن، كونىلارنىڭ سۆزلىرىنى نەقىل كەلتۈرۈپ نەسىھەت قىلىپ،

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئۆلارنى چىكە تەرلىرىنىمۇ سۈرتۈشكە پۇرسەت بەرمەي، تۇرغان ئورۇنلىرىدا ياغاچتەك قاتۇرۇپ قويدى.

ئۇلارنى شۇنداق ئەيىبلەۋاتقاندا، قورچى قوڭقاي، قوڭتاغار، شورماقان ئارىغا چۈشۈپ:

— ئوغلان تېكىنلىرىڭىز تۇنجى ئوۋغا چۈشكەن بالا قارچىغىدەك ئورۇشقا ئەمدى ئاتلىنىپ، ئاق - قارىنى پەرقلەندۈرۈۋاتقاندا، ئۇلارنى نېمىشقا گۇناھكارلاردەك ئەيىبلەيسىز؟ ئۇلار تەڭلىكتە قېلىپ رايى قايتىپ كەتمىسۇن يەنە، — دېدى چىڭگىز خانغا، — ھازىر مەشرىقتىن مەغرىبقىچە دۈشمەنلەردىن تولا نەرسە يوق. ئەگەر بىزنى تىبەت ئىتلىرىدەك كۈشكۈرتۈپ قويىۋېتىدىغان بولسىڭىز، تەڭرىنىڭ مەدەت بېرىشى بىلەن، دۈشمەنلەرنى بېقىندۇرۇپ، ئالتۇن - كۈمۈش، تاۋار - دۇردۇن، مال - مۈلۈك، ئەل - جامائەتلەرنى سىزگە تارتۇق قىلايلى. قايسى ئەلنى دەمسىز؟ ئاۋۇ مەغرىب تەرىپىمىزدىكى باغدات ① شەھرىدە خەلىپە سۇلتان ② دېيدىغان بىرى بار ئىمىش، بىز شۇنى بېقىندۇرايلى.

ئۇلارنىڭ مەسلىھەتىنى توغرا كۆرۈپ، ئاچچىقى سەل بېسىققان چىڭگىز خان قوڭقاي، قوڭتاغار، شورماقان ئۈچ قورچىغا:

— ئادارگىنلاردىن قوڭقاي، دۆلۆڭگىنلاردىن قوڭتاغار ئىككىڭلار يېنىمدا قېلىڭلار! — دېدى پەرمان چۈشۈرۈپ. ئۆتەگەدەيلەردىن شورماقاننى باغداتتىكى خەلىپە سۇلتاننى بېقىندۇرۇشقا ئاتلاندۇردى.

① باغدات — جاي نامى. ھازىرقى ئىراقنىڭ پايتەختى. — ت.

② خەلىپە سۇلتان — شۇ چاغدىكى خەلىپە ئاباسىيلار سۇلالىسىدىكى نەسىردىن ئاللاھ ( an Nasir li Din Allah ) ئىدى. — ت.

§ 261 يەنە دۆربەنلەردىن دۆربەي دوغشىننى ھىندۇس ① ۋە باغدات ئارىلىقىدىكى ئارۇ، مارۇ، ماداسارىلارنىڭ ئابتۇ شەھىرىنى ② ئېلىشقا ئەۋەتتى.

① ھىندۇس — جاي نامى. Hindus، ھازىرقى ھىندىستاننى كۆرسىتىدۇ. — ت.

② خېنىش ( Prof. E. Haenisch ) نىڭ قارىشىچە، ئارۇ ياكى ئىرۇ ھېرات ئىكەن. مارۇ مارۇ شاھىدجان ( Maru Shahidjan ) دەپمۇ ئاتىلىدىغان بولۇپ، مۇرغاب ( Murghab ) دەرياسى بويىدا ئىكەن. ماداسارى بىلەن ئابتۇ شەھىرى يۇقىرىقى ئىككى جاينىڭ ئارىلىقىدا ئىكەن. ساچاسەچەننىڭ ئىزاھلىشىچە، جۇۋەينىنىڭ «تارىخى جاھان كۇشاي» ناملىق ئەسىرىدە بۇ ۋەقە خېلى تەپسىلىي بايان قىلىنغانىكەن. ئومۇمەن ئېيتقاندا، چىڭگىز خان دۆربەي دوغشىننى تۈمەن كىشىلىك قوشۇن بىلەن ئاتلاندۇرغاندا، ئۇ ھىندى دەرياسىدىن ئۆتۈپ، جالالىدىننى قوغلاپ زەربە بېرىشتە، ناندانا ( Nandana )، مۇلتان ( Multan )، لاھور ( Lahore ) قاتارلىق جايلارنى بېسىپ ئۆتكەنىكەن. ئۇ يەرلەر بەك ئىسسىق بولغانلىقتىن، غەزنە ( Ghazna ) ئارقىلىق چىڭگىز خاننىڭ چوڭ قوشۇنى بىلەن ئۇچراشقانىكەن. بۇ جاي ناملىرى گەرچە مەزكۇر كىتابدىكىلەرى بىلەن تەلەپپۇز جەھەتتە خېلى چوڭ پەرقلەنسىمۇ، لېكىن ئوخشىشىدىغان يەرلىرىمۇ بار بولۇپ. پروفېسسور بويېل ( Prof. Boyel ) بۇ جاي ناملىرى ھەققىدە يازغان « Iru and Maru in the Secret History of the Mongols » دېگەن مەخسۇس ماقالىسىدا توختالغانىدى. — ت.

§ 262 يەنە سۇبەگەتەي باتۇرنى شىمال تەرەپتىكى قاڭلى ①، قىپچاق ②، باجىگىت ③، ئۇرۇسلار، ماجارلار ④، ئاسۇلار ⑤، ساسۇلار ⑥، سەركەسلەر ⑦، كەشمىر، بۇلار ⑧، رارال ⑨ قاتارلىق ئون بىر يات يۇرتلىقلارنى بېقىندۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئىدىل ⑩، يايىق ⑪ قاتارلىق دەريالاردىن ئۆتۈپ، كىۋامەن كەرمەن ⑫ قاتارلىق چوڭ شەھەرلەرنى ئېلىشقا ئەۋەتتى.

① قاڭلى — قەبىلە نامى. ئەسلى تېكىستتە Khanglin، يايىق ( ئۇلار ) دەرياسىنىڭ شەرقى، خارازىم ( ئارال دېڭىز ) نىڭ شىمالىدىكى كەڭ رايوندا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com


ياشىغان قەبىلە . — ت .

② قىپچاق — قەبىلە نامى . Kibcha ud . قارا دېڭىز ، كاۋكاز ، كاسپىي دېڭىزنىڭ شىمالى ، جەنۇبىي روسىيە رايونلىرىدا ياشىغان قەبىلە . — ت .

③ باجىگىت – قەبىلە نامى . Bajigid . قاڭقىللارنىڭ شىمالى ، ۋولگا دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى رايوندا ياشىغان قەبىلە . زاگدىسچەننىڭ قارىشىچە ، باجىگىت بايگىت ياكى باياغۇتنىڭ باشقىچە ئاتىلىشى بولۇپ ، تىللارنىڭ تارمىقى بولغان بايىرقۇ بولۇشى مۇمكىن . — ت .

④ ماجارلار — قەبىلە نامى . Majarad . ھازىرقى ۋېنگرىيىلىكلەرنى كۆرستىدۇ . ماجار ، يەنى ماگيار ( Magyar ) نىڭ كۆچمە ئاھاڭى . — ت .

⑤ ئاسۇلار — قەبىلە نامى . Asud . تاشقى كاۋكاز تېغىنىڭ شىمالىي رايونىدا ياشىغان ئالانلار ( Alans ) نى كۆرستىدۇ . — ت .

⑥ ساسۇلار — قەبىلە نامى . Sasud . ۋولگا دەرياسى ۋادىلىرىدا ياشىغان قەبىلە . — ت .

⑦ سەركەسلەر — قەبىلە نامى . Serkesud . يەنى چېركەسلەر ، ئالانلار ( ئاسۇلار ) نىڭ جەنۇبى . كاۋكاز تېغىنىڭ شەرقىدىكى رايوندا ياشىغان قەبىلە . — ت .

⑧ بۇلار — قەبىلە نامى . Bolar . ھازىرقى بۇلغارلارنى كۆرستىدۇ . — ت .

⑨ رارال — ۋېنگرىيە پادىشاھىنىڭ نامى . ۋېنگرىيىلىكلەر پادىشاھنى « kiraly » دەپ ئاتايدىغانلىقتىن . موڭغۇللار ئۇنى دۆلەت نامى دەپ بىلگەن بولسا كېرەك . رارال ئەسلى تېكست 270 § دە « كەرەل » دەپ ئېلىنغان . — ت .

⑩ ئىدىل — دەريا نامى . Idil . ھازىرقى ۋولگا دەرياسىنى كۆرستىدۇ . ئىدىل . يەنى ئەدىل . « دەريا » دېگەن مەنىدە . « ئالتۇن توپچى » 84 ـ بەتتە ئىچىل ( Ichil ) دەپ ئېلىنغان . موڭغۇللار ھازىرمۇ بۇ دەريانى ئىجىل غول ( Ijil Ghol ) دەپ ئاتايدۇ . — ت .

⑪ يايىق — دەريا نامى . Jayagh . ھازىرقى ئۇرال ( Ural ) دەرياسىنى كۆرستىدۇ . يايىق « كەڭ ، بىپايان » دېگەن مەنىدە . — ت .

⑫ كېۋامەن كەرمەن — جاي نامى . ھازىرقى ئۇكرائىنادىكى كىيېۋ شەھىرىنى كۆرستىدۇ . مەن قەدىمكى تىلدا « چوڭ ؛ سېپىل » ، كەرمەن « شەھەر ، قوغان » دېگەن مەنىدە . كېۋامەن « ئالتۇن توپچى » 84 ـ بەتتە كەيۋا ( Keiwa ) دەپ ئېلىنغان . بۇ دەل كىيېۋ ( Khev ) نىڭ ئاھاڭىغا توغرا كېلىدۇ . كەرمەن « ئالتۇن توپچى » 84 ـ بەتتە مەن كەرمە ( Men Kerme ) دەپ ئېلىنغان . — ت .

263 § چىڭگىز خان سارتاۋۇللارنى بىقىندۇرغاندىن كېيىن، ھەر قايسى شەھەرلەرگە داروغاچ قويۇش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈرگەندە، قورۇمشى ئەۋلادىدىن بولغان سارتاۋۇل يالاۋاچ، مەسئۇت ئاتا ـ بالا ئىككىسى ئۈرگەنچ شەھىرىدىن كېلىپ، چىڭگىز خانغا شەھەر ـ سېپىللارنى باشقۇرۇش قائىدە ـ يوسۇنلىرى توغرىسىدا مەسلىھەت بەردى. ئۇلار شەھەر ـ سېپىللارنى باشقۇرۇش قائىدە ـ يوسۇنلىرىنى ئوبدان بىلىدىغان بولغاچقا، چىڭگىز خان يالاۋاچنىڭ بالىسى قورۇمشى مەسئۇتقا بىزنىڭ داروغاچىلار بىلەن بۇخار، سەمىسكەن ①، ئۈرگەنچ، ئۇدان ②، كىسقار ③، ئۇرىياڭ ④ كۇسەن دارىل ⑤ قاتارلىق شەھەرلەرنى، يالاۋاچقا قىتانلارنىڭ جۇڭدۇ شەھىرىنى باشقۇرۇشقا ئۆتكۈزۈپ بەردى. سارتاۋۇللاردا، يالاۋاچ بىلەن مەسئۇت شەھەر ـ سېپىللارنى باشقۇرۇشنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرىنى ياخشى بىلىدىغان بولغاچقا، ئۇلارنى قىتانلار ئېلىغا قويغان داروغاچىلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ قىتانلارنى باشقۇرۇشقا بەلگىلىدى ⑥.

① سەمىسكەن — Semisken، يەنى سەمىسكەپ. 157 § ئىزاھات ⑦ گە قاراڭ. ئەسلى تېكىست 157 § دە «سەمىسكەپ» ئىدى. لېكىن بۇ يەرگە كەلگەندە «سەمىسكەن» دەپ ئېلىنغان. شۇنىڭ ئۈچۈن. بۇ يەردە ئۆزگەرتىلمەي ئەسلى تېكىستىكىسى بويىچە «سەمىسكەن» دەپ ئېلىندى. — ت.

② ئۇدان — جاي نامى. Udan، ھازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى خوتەننى كۆرسىتىدۇ. — ت.

③ كىسقار — جاي نامى. Kiskhar، ھازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى قەشقەرنى كۆرسىتىدۇ. — ت.

④ ئۇرىياڭ — جاي نامى. Uriyang، ھازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى يەكەننى كۆرسىتىدۇ. — ت.

⑤ كۇسەن دارىل — جاي نامى. Gusen Taril، ھازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى كۇچانى كۆرسىتىدۇ. — ت.

⑥ ياۋ سوگۆۋنىڭ ئىزاھلىشىچە، بۇ پاراگرافتا يالاۋاچ بىلەن چىڭگىز خان شەھەر - سېپىللارنى باشقۇرۇشنىڭ قائىدە - يوسۇنلىرىنى مۇزاكىرە قىلغانلىقى ئىنتايىن موھىم ئىدى. ئەپسۇسكى، تەپسىلىي يېزىلماي، يالاۋاچنىڭ شەھەر - سېپىللارنى باشقۇرۇش نەزەرىيىسىدىن خاتىرە قالمىغانلىقىدىن بەكمۇ ئۆكۈنىمىز. ئۇنىڭدىن باشقا، يالاۋاچنى قىتانلارنىڭ ئېلىگە داروغاچىلىققا قويغانلىقى غەربىي يۇرتلىقلارنىڭ ئوتتۇرا تۈلەڭلىكتە ھەمكارلىشىپ ھۆكۈمران قىلغانلىقىنىڭ باشلانغانلىقىمۇ ئىنتايىن موھىم ئىدى، بۇمۇ تەپسىلىي يېزىلمىغان. — ت.

264 § چىڭگىز خان سارتاۋۇللار ئېلىدە جالايىرلاردىن بالانى كۈتۈپ يەتتە يىل ① تۇردى. شۇ مەزگىلدە بالا شىن دەرياسىدىن ئۆتۈپ، جالالىدىن سۇلتان بىلەن خان مەلىك ئىككىسىنى ھىندىلار ئېلىغىچە قوغلاپ بېرىپ، ئەل ئارىسىنى ئاختۇرۇپمۇ تاپالمىدى. قايتاشىدا ھىندىلار ئېلىنىڭ چېتىدىكى ئەللەرنى بۇلاپ، نۇرغۇن تۆگە، ئۆشكىلەرنى ھەيدەپ كەلدى، چىڭگىز خان ئۇ يەردىن قايتاشىدا، ئېرتىش دەرياسىنىڭ بويىدا يازلىدى. يەتتىنچى يىلى، توخۇ يىلى ② كۈزدە، تۇلا دەرياسىنىڭ قارا تۈندىكى ئوردىسىغا قايتىپ كەلدى.

① مىلادىيە 1219 - يىلىدىن 1225 - يىللىرىغىچە. — ت.
② توخۇ يىلى — مىلادىيە 1225 - يىلى. — ت.

## ئىككىنچى باب

265 § ئەلقىسسە، چىڭگىز خان شۇ يىلى قىشنى ئۆتكۈزۈپ، ئىت يىلى ① كۈزدە، تاڭغۇتلارنى بىقىندۇرۇش ئۈچۈن، قوشۇنلىرىنى قايتا رەتلەپ، خاتۇنلىرىدىن يەسۈي خاتۇننى ئەگەشتۈرۈپ ئاتلاندى. يول ئۈستىدە قىش چۈشۈپ كەتكەنلىكتىن، ئاربۇقا دېگەن يەردە قۇلانلارنى ئوۋلاۋاتقاندا، دۆپۈرلەپ قاچقان بىر ئۈيۈر قۇلانلاردىن چىڭگىز خاننىڭ بوغرۇل ئېتى ھۈركۈپ كېتىپ، ئاتتىن چۈشۈپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنى ئالالماي، شۇ كېچىسى شوغورقات دېگەن يەردە كەچلىدى. ئەتىسى ئەتىگەندە يەسۈي خاتۇن:

— خان كېچىچە قىزىپ چىقىتى، ئوغلان تېكىنلەر بىلەن نويانلارنى چاقىرىڭلار، مەسلىھەت بار! — دېدى. ئوغلان تېكىنلەر بىلەن نويانلار يىغىلغاندىن كېيىن، قوڭقۇتانلاردىن تولۇن چەربى:

— تاڭغۇتلار مۇقىم شەھەر ـ ئىمارەتلەرنى ماكان تۇتۇپ ئولتۇرىدىغان خەلق، — دېدى تەكلىپ بېرىپ، — ئۇلار ھەرگىز شەھەر ـ ئىمارەتلىرىنى كۆتۈرۈپ ياكى ئۇلارنى تاشلاپ كېتەلمەيدۇ. بىز ھازىرچە قايتىپ كېتەيلى. خاننىڭ تەن سالامەتلىكى شىپا تاپقاندىن كېيىن، قايتا ئاتلىنايلى.

ئوغلان تېكىنلەر بىلەن نويانلار بۇ تەكلىپنى توغرا كۆرۈپ چىڭگىز خانغا يەتكۈزدى.

— ئۇنداق قىلساق، تاڭغۇتلار بىزنى قورقۇپ قايتىپ كەتتى دەپ ئويلايدۇ، — دېدى چىڭگىز خان ئۇ تەكلىپنى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېتى



ئاڭلىغاندىن كېيىن، — بىز ئۇلارغا ئەلچى ئەۋەتەيلى. ئۇلاردىن خەۋەر كەلگىچە مۇشۇ شوغورقاتتا كىسلىمنى داۋالىغاچ كۈتۈپ تۇرايلى، ئۇلارنىڭ جاۋابىنى ئالغاندىن كېيىن قايتساقمۇ ئۈلگۈرىمىز!

— ئۆتكەندە، بۇرخان سەن: «بىز تاڭغۇتلار ئوڭ قاناتلىرى بولايلى» دېگەنىدىڭ، — دېدى چىڭگىز خان ئەلچى ئەۋەتىپ، — شۇ ۋەدەڭ بويىچە، سارتاۋۇللار بىزگە بويسۇنماي تىركىشكەندە، سېنىڭدىن قوشۇن چىقىرىشنى تەلەپ قىلىپ ئەلچى ئەۋەتسەم، بۇرخان سەن ۋەدەڭدە تۇرماي، قوشۇن چىقىرىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەلچەمنى ھاقارەتلىك تىللار بىلەن يولغا سېلىپسەن. شۇ چاغدا سەپەرگە تەييارلىنىۋاتقانلىقىم ئۈچۈن، كېيىن ھېسابلىشايلى دەپ، سارتاۋۇللار ئىلىگە ئاتلانغانىدۇق. قۇدرەتلىك تەڭرىنىڭ مەدەت بېرىشى بىلەن، سارتاۋۇللارنى ئىزغا سالدۇق. ئەمدى ھېسابلىشايلى دەپ بۇرخان ساڭا ئەلچى ئەۋەتتىم.

— ھاقارەتلىك تىللارنى قىلغىنىم يوق، — دېدى بۇرخان.

— ھاقارەتلىك تىللارنى مانا مەن قىلغان، — دېدى ئاشا گامبۇ، — سەن موڭغۇللار ئۇرۇشۇپ ئۆگىنىپ قالغانلىقتىن، ھەقىچان بىز بىلەلمىگەن ئۇرۇشقىلار بار ئوخشايدۇ. ئەگەر ئۇرۇشقىلار بولسا، ئالاشايدا ② كىگىز ئۆيلۈك، تۆگە يۈكلۈك ئېلىم بار. مېنى شۇ يەرگە ئىزدەپ بارساڭلار، شۇ يەردە ئۇرۇشايلى! ئەگەر ئالتۇن - كۈمۈش، تاۋار - دۇردۇن، مال - مۈلۈكلەر لازىم بولسا، ئېرغاي ③، ئېرجەۋگە ① بېرىڭلار!

ئەلچى بۇ سۆزلەرنى كېلىپ چىڭگىز خانغا يەتكۈزدى.

— مانا، دېمىدىممۇ! ئۇلار ئۆزىنى چاغلىماي شىلتىڭ ئاتقان يەردە، چېكىنىپ كەتسەك سەت ئەمەسمۇ! — دېدى قىزىپ ياتقان چىڭگىز خان ئۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، —

ئۆلسەممۇ چاغلىماي دېگەن گەپلىرىگە ئاللا ـ تۇۋا دېگۈزىۋەتمەيدىغان بولسام. قۇدرەتلىك تەڭرى ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن!

چىڭگىز خان پەرمان چۈشۈرۈپ، ئاشا گامبۇ بىلەن ئۇرۇشىش ئۈچۈن ئالاشايغا ئاتلاندى. ئۇ ئاشا گامبۇنى مەغلۇپ قىلىپ ئالاشايدا قوش تىكتى. ئاشا گامبۇنى تۇتۇپ، ئۇنىڭ كىگىز ئۆيلۈك، تۆگە يۇكلۈك ئەللىرىنى كۆل سورىغاندەك تىرىپىرەن قىلىۋەتكەندىن كېيىن، چىڭگىز خان:

ــ تاڭغۇتلارنىڭ باتۇرلىرىنى قىرىۋېتىڭلار! ــ دېدى پەرمان چۈشۈرۈپ، ــ قالغانلىرىنى تېگىشچە بۆلۈشۈۋېلىڭلار!

① ئىت يىلى ــ مىلادىيە 1226 ـ يىلى، بۇ چاغدا چىڭگىز خان 65 ياشقا كىرگەنىدى. ــ ت.

② ئالاشاي ــ تاغ نامى. Alashai، ئالاشەن ( Alashan ) دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ھازىرقى خېلەنشەن تېغى بولۇپ، نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونىنىڭ غەربىي شىمال چېگرىسى ۋە ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى بىلەن چېگرىلىنىدىغان جايدا. ــ ت.

③ ئېرغاي ــ جاي نامى. ئەسلى تېكىستتە ئېرغايا ( Erighaya. 银川 ). ھازىرقى نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونىنىڭ مەركىزى يىنچۈەننى كۆرسىتىدۇ. ــ ت.

④ ئېرجەۋ ــ جاي نامى. ئەسلى تېكىستتە ئېرجەگۇ ( Erije' u. 西凉 )، ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى ۋۇۋېي ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىغا توغرا كېلىدۇ. ــ ت.

266 § چىڭگىز خان چاسۇتۇ تېغىدا يازلىدى. چېرىك ئەۋەتىپ ئاشاگامبۇ بىلەن تاغقا چىقىۋېلىپ قارشىلاشقان كىگىز ئۆيلۈك، تۆگە يۇكلۈك تاڭغۇتلارنى بىرىنى قويماي بېقىندۇردى.

ــ تاڭغۇتلارنى چامڭلارنىڭ يېتىشچە بۆلۈشۈۋېلىڭلار! ــ چىڭگىز خان پەرمان چۈشۈرۈپ، بوغورچۇ، مۇقالى ئىككىسىنى

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



تارتۇقلىدى، — سىلەرگە جۇرجىتلارنى بۆلۈپ بېرەلمىگەنىدىم. مانا ئەمدى ئۇلارنىڭ جۇيىنلىرىنى بۆلۈشۈپلىڭلار! قىران يىگىتلىرىنى شىباۋچى ① قىلىپ، كەينىڭلارغا سېلىپ يۈرۈڭلار؛ چىرايلىق قىزلىرىنى بېقىپ چوڭ قىلىپ، خوتۇن - توقاللىرىڭلارنىڭ ئېتەك - پەشلىرىنى تۈزەيدىغان ئىشلارغا سېلىڭلار. جۇرجىتلارنىڭ پادىشاھى ② تايانغان ۋە ئىشەنگەن، موڭغۇللارنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىنى ئۆلتۈرگەنلەر، مۇشۇ قارا قىتانلارنىڭ جۇيىنلىرى ئىدى. لېكىن، مېنىڭ بۈگۈنكى كۈنلۈكتە تايىنىدىغان ۋە ئىشىنىدىغان يېقىنىم بوغورچۇ بىلەن مۇقالى ئىككىڭلار!

① شىباۋچى — ئوۋ قۇشلىرىنى باشقۇرغۇچى. — ت.
② جۇرجىتلار پادىشاھى — ئالتۇن خانىنى كۆرسىتىدۇ. — ت.

267 § چىڭگىز خان چاسۇتۇدىن قوزغىلىپ ئۇراقاي شەھىرىگە چۈشتى، ئۇراقاي شەھىرىدىن يەنە قوزغىلىپ دۆرمەگەي شەھىرىنى ① ئېلىپ بولغاندا، بۇرخان ② ئالتۇن بۇتتىن باشلانغان توقسان توققۇز ③ ئالتۇن، كۈمۈش ئاياق - سابا، توقسان توققۇز ئوغۇل - قىز، توقسان توققۇز ئات - تۆگە، يەنە توقسان توققۇز باشقا ھەر خىل سوۋغا - سالاملارنى ئېلىپ، چىڭگىز خاننىڭ ئالدىغا سالامغا كەلدى. ئۇ كەلگەندە، چىڭگىز خاننىڭ كۆڭلى بىئارام بولۇپ تۇرغاچقا، بوسۇغىسىدىن ئاتلىغۇزمىدى. ئۈچىنچى كۈنى چىڭگىز خان پەرمان چۈشۈرۈپ، ئىلۇقۇ بۇرخانغا شىدۇرغۇ ④ دېگەن نامنى بەردى ھەمدە ئۇنى چاقىرىپ كىرىپ، تولۇن چەربىگە:

— ئىلۇقۇنى ئۆز قولۇڭ بىلەن ئۆلتۈرىۋەت! — دەپ بۇيرۇدى. تولۇن چەربى:

— ئۇنى ئۆز قولۇم بىلەن ئۆلتۈرۈۋەتتىم ، — دەپ مەلۇم قىلىپ كىرگەندە ، چىڭگىز خان :

— تاڭغۇتلاردىن ھېساب ئېلىش ئۈچۈن كېتىۋېتىپ ، ئاربۇقاغا كەلگەندە ، — دېدى پەرمان چۈشۈرۈپ ، — قۇلان ئوۋلاپ ئاتتىن يىقىلىپ چۈشۈپ قىمىراماي قالغاندا ، جېنىمغا كۆيۈنۈپ كېتەيلى دەپ تەكلىپ بەرگەن تولۇن سەن ئىدىڭ ، لېكىن دۈشمەنلەرنىڭ ھاقارەتلىرىگە چىدىماي ، قوشۇن تارتىپ بېسىپ كىرىپ ، تەڭرىنىڭ مەدەت بېرىشى بىلەن دۈشمەنلەرنى بېقىندۇرۇپ ئەنتىمىزنى ئالدۇق . ئىلۇقۇ كۆچمە ئوردا ، ئاياق - سابا قاتارلىق سوۋغاتلارنى ئەكەپتۇ ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ساڭا مەنسۇپ .

① دۆرمەگەي شەھىرى — جاي نامى . دۆرمەگەي ( Dərmegei . 灵州 ) ھازىرقى نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونىدىكى لىڭجۇنىڭ غەربىي جەنۇپ تەرىپىگە توغرا كېلىدۇ . — ت .

② بۇرخان — تاڭغۇتلارنىڭ پادىشاھى لى دېۋاڭ ئۆلگەندىن كېيىن . ئۇنىڭ ئورنىغا چىققان ئوغلى لى شيەننى دېمەكچى . — ت .

③ ئالدى تەرەپتە ئىزاھاتلاپ ئۆتكەندەك ، موڭغۇللارنىڭ ئادىتى بويىچە ، توققۇز ئەڭ چوڭ ۋە ئەڭ خاسىيەتلىك سان ھېسابلىنىدۇ . مەيلى تارتۇق قىلىنىدىغان ياكى گۇناھ ئۈچۈن تۆلىنىدىغان مال - چارۋىلارنىڭ سانى توققۇز بىرلىك قىلىنىدۇ ، مەسىلەن ، ئون توققۇز ، يىگىرمە توققۇز ... توقسان توققۇز قاتارلىقلار . جۈملىدىن توقسان توققۇز ئەڭ چېكىگە يەتكەن سان . — ت .

① شىدۇرغۇ — Shidurghu « ئىتائەتمەن ، ئىتائەتچان : بويسۇنغۇچى ، بويسۇنىدىغان » دېگەن مەنىلەردە . — ت .

§ 268 تاڭغۇتلارنى بېقىندۇرۇپ ، ئىلۇقۇ بۇرخانغا شىدۇرغۇ دېگەن نامنى بېرىپ ، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتى ؛ ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانا ، بالا - چاقا ۋە نەۋرە - چەۋرىلىرىنى پاكىپاكىز قىرىپ تاشلىغاندىن كېيىن ، چىڭگىز خان :

— ھەر قېتىم ناشتا قىلغاندا ، « تاڭغۇتلارنىڭ نەسلى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قۇرسۇن ! » دەڭلار ! ــ دەپ پەرمان چۈشۈردى . تاڭغىتلار ئۆزىنى چاغلىماي پو ئېتىپ ، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمىغانلىقتىن ، چىڭگىز خان قايتا ئاتلىنىپ ، ئۇلارنى يوقىتىپ قايتىپ كېلىپ ، توڭگۇز يىلى ① ئالەمدىن ئۆتتى . ئۇ ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن كۆپ ساندىكى تاڭغىتلار يەسۈي خانىمغا بۆلۈپ بېرىلدى .

① توڭگۇز يىلى ــ مىلادىيە 1227 ــ يىلى ، چىڭگىز خان 66 ياشقا كىرگەن يىلى . ــ ت .

269 § چاشقان يىلى ① ، چاغاتاي ، باتۇ ② قاتارلىق ئوڭ قانات قوشۇندىكى ئوغلان تېكىنلەر ، ئوتچىگىن نويان ، يەگۈ ، يەسۈڭگە ③ قاتارلىق سول قانات قوشۇندىكى ئوغلان تېكىنلەر ، مەركىزىي ئورۇندىكى تولۇي قاتارلىق ئوغلان تېكىنلەر ، مەلىكە ، كۈيئوغۇل ، تۈمەنبېشى ، مىڭبېشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى كەلۈرەن دەرياسىنىڭ كۆدەگە ئارال ④ دېگەن جايدا قۇرۇلتاي ئېچىپ ، چىڭگىز خاننىڭ ۋەسىيىتى بويىچە ، ئۆگەدەينى خان سايلىدى . ئاكىسى چاغاتاي ئىنىسى ئۆگەدەي خاننى خانلىق تەختىگە ئولتۇرغۇزدى . ئاكىسى چاغاتاي بىلەن تولۇي ئىككىسى خان ئاتىسى چىڭگىز خاننىڭ ئالتۇندەك جېنىنى قوغداپ كەلگەن كەپتاۋۇل . قۇرچى سەككىز مىڭ تۇرغاۋۇل ھەمدە خان ئاتىسىغا نۆكەر بولۇپ كەلگەن تۈمەن جان كۆيەر كېزەكچىنى ئۆگەدەي خانغا سانى بويىچە ئۆتكۈزۈپ بەردى . مەركىزىي خەلقنى ⑤ قائىدە بويىچە سانى بويىچە ئۆتكۈزۈپ بەردى .

① چاشقان يىلى ــ مىلادىيە 1228 ــ يىلى ، ئۆگەدەي 43 ياشقا كىرگەن يىلى . ــ ت .

② باتۇ ــ ئادەم ئىسمى ، Batu . جوچىنىڭ چوڭ ئوغلى . ــ ت .

③ يەگۈ ، يەسۈڭگە ــ ئادەم ئىسمى ، Yegu ، Yesuŋge ئىككىسى قاسارنىڭ ئوغلى . ــ ت .

④ كۆدەگە ئارال — Kǝde’ ge Aral ، ئۇلانباتور شەھرىنىڭ سەرقىي جەنۇبىدىكى بايان ئۇلاغان ( Bayan Ulaghan ) تېغى . بۇ تاغ موڭغۇلىيىنىڭ مەركىزىي تۇلەگىلىكىنىڭ ئالدىدا بولۇپ ، سۇ - ئوتلىرى ناھايىتى مۇنبەت . — ت .

⑤ ئۆز قوۋمىدىكى خەلقنى كۆرسىتىدۇ . — ت .

270 § ئۆگەدەي خان ① بولۇپ ، ئوردىدىكى تۇمەن كېزەكچى بىلەن مەركىزىي خەلقنى ئۆتكۈزۈۋالغاندىن كېيىن ، ئاۋۋال ئاكىسى چاغاتاي بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ، خان ئاتىسى تېخى پۈتتۈرەلمەي بېقىندۇرۇپ بولالمىغان باغداتلىق خەلىپە سولتانىنىڭ قۇرچىسى شورماقاننى بېقىندۇرۇش ئۈچۈن ، ئوغوتۇر بىلەن مەڭگۈتۇ ئىككىسىنى ئاتلاندۇردى .

ئىلگىرى سۇبەگەتەي باتۇرنى قاڭلى ، قىپچاق ، باجىگىت ، ئۇرۇس ، ئاسۇ ، ساسۇ ، ماجار ، كەشمىر ، سەركەس ، بۇخار ② ، كەرەل ③ قاتارلىقلارنى بېقىندۇرغان ھەمدە ئىدىل ، يايىق دەريالىرىدىن ئۆتۈپ ، مەكەتمەن كەرمەن ، كەيبە ④ قاتارلىق شەھەرلەرنى ئېلىش ئۈچۈن ئاتلاندۇرغانىدى . ئۇ يەرلەردىكى خەلقلەرگە سۇبەگەتەي باتۇرنىڭ تەك كېلەلمىگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان ئۆگەدەي خان كەينىدىن باتۇ ، بۇرى ، كۈيۈك ، مەڭگۇ قاتارلىق ئوغلان تېكىنلەرنى ياردەمگە ئاتلاندۇردى .

— ئاتلانغان ئوغلان تېكىنلەرگە باتۇ باش بولىدۇ ، — دېدى پەرمان چۈشۈرۈپ ، — مەركىزى خەلقتىن تەشكىللەنگەنلەرگە كۈيۈك باش بولىدۇ . بۇ قېتىمقى ئۇرۇشقا ، ئۇلۇس باشقۇرۇۋاتقانلار باللىرىنىڭ چوڭىنى ئەۋەتىدۇ . ئۇلۇس باشقۇرمايدىغانلار ، ھەر قايسى تۇمەنبېشى ، مىڭبېشى ، يۈزبېشى ، ئونبېشى قاتارلىقلار ، مەيلى كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر باللىرىنىڭ چوڭىنى ئەۋەتىدۇ . مەلىكە ، كۈيئوغۇللارمۇ مۇشۇ قائىدە بويىچە باللىرىنىڭ چوڭىنى ئەۋەتىدۇ .

www.uyghurkitap.com



— باللارنىڭ چوڭىنى ئەۋەتىش چارىسىنى چاغاتاي ئاكام ئوتتۇرىغا قويغان ، — دېدى ئۆگەدەي خان يەنە ، — چاغاتاي ئاكام : « سۇبەگەتەينىڭ كەينىدىن باللىرىمىنىڭ چوڭى بۇرىنى ئاتلاندۇرىمەن . باللارنىڭ چوڭىنى ئاتلاندۇرساق ، قوشۇن ئۇلغىيىدۇ . قوشۇن ئۇلغايسا ، جاسارىتى ئېشىپ ، هەيۋەت بىلەن ئىلگىرىلەيدۇ . ئۇ تەرەپتىكى يات ئەللەرنىڭ خەلقى قەيسەر كېلىدىكەن . غەزەپى قوزغالسا ئۆزىنىڭ ئادىمىنى ئۆزى ئۆلتۈرۈۋېتىشتىن يانماس ئىمىش . يەنە ئۆتكۈر قورال - ياراغلىرى بار ئىمىش » دەپ خەۋەر يەتكۈزدى . بىز مانا مۇشۇ سەۋەبتىن چاغاتاي ئاكامنىڭ ئېهتىياتچان پىكرى بويىچە باللىرىمىزنىڭ چوڭىنى ئاتلاندۇرايلى دەپ ، باتۇ ، بۇرى ، كۈيۈك ، مەڭگۇ قاتارلىق باللارنىڭ چوڭىنى ئاتلاندۇرماقچى بولىۋاتىمىز .

① ئۆگەدەي خان خانلىق تەختىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن ، هۆرمەت نامى قاغان خان ( Khaghan Khan ) دەپ ئاتالدى . — ت .

② بۇخار — ئەسلى تېكىستتە بۇخار ( Buhar ) . لېكىن 262 § دا « بۇلار » ئىدى . 262 § ئىزاهات ⑧ گە قاراڭ . — ت .

③ كەرەل — ئەسلى تېكىستتە كەرەل ( Kerel ) ، لېكىن 262 § دا « رارال » ئىدى . 262 § ئىزاهات ⑨ غا قاراڭ . — ت .

④ كەيبە - ئەسلى تېكىستتە كەيبە . لېكىن 262 § دە كىۋامەن ئىدى . 262 § ئىزاهات ⑫ گە قاراڭ . — ت .

271 § ئۆگەدەي خان ئاكىسى چاغاتايغا ئادەم ئەۋەتىپ :

— مەن خان ئاتام چىڭگىز خاننىڭ تەييار ئورنىدا ئولتۇردۇم ، — دېدى مەسلىهەت سىلىپ ، — خەقلەر مېنى نېمە كارامىتىگە تايىنىپ تەختتە ئولتۇرىدىكىنە ؟ دەپ ئەيىپلىشى مۇمكىن . خان ئاتام جۇرجىتلارنىڭ ئالتۇن خانىنى پۈتۈنلەي يىقىندۇرۇپ بولالمىغانىدى . چاغاتاي ئاكا ، ئەگەر پىكرىمگە

قوشۇلساڭ ، هازىرلا جۇرجىتلارنى بېقىندۇرۇشقا ئاتلانساق دەپ ئويلاۋاتىمەن .

— مەسلىھەتلىشىشنىڭ نېمە هاجىتى بار دەيسەن ، — دېدى ئۆنىڭ پىكرىگە قوشۇلغان چاغاتاي خان خەۋەر بېرىپ ، — چوڭ ئوردىمىزنى ئىشەنچلىك بىرىگە تاپشۇرۇپ بېرىپ ئاتلانامدۇق . مەنمۇ بۇ يەردىن قوشۇن ئاتلاندۇرىمەن .

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار چوڭ ئوردىلارنى ئولداقار قۇرچىغا تاپشۇردى .

272 § توشقان يىلى ① ، ئۆگەدەي خان جۇرجىلارنى بېقىندۇرۇش ئۈچۈن ، جەبەنى ئالغىنچى قىلىپ ئاتلاندۇردى . ئۇ جۇرجىتلار قوشۇننى قىرىپ ، ساينىڭ تېشىدەك ياتقۇزىۋەتتى . ئۇنىڭدىن كېيىن چاپچالدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ ، قوشۇن ئەۋەتىپ هەر قايسى شەهەرلەنى ئىشغال قىلدى . ئۆگەدەي خان شىرا دەكتۇرگە چۈشتى . ئۇ يەردە ئۆگەدەي خان ئاغرىپ قېلىپ ، تىلى گەپكە كەلمەي قالدى . دەرهال تۆلگەچىلەرنى ② چاقىرتىپ پال ئاچقۇزدى .

— جۇرجىت ئەللىرى بۇلاڭ - تاراج قىلىنغان ، شەهەر - سېپىللىرى ۋەيران قىلىنغانلىقتىن ، ئۇلارنىڭ يەر - سۇ جىنلىرى ③ چاپلىشىۋاپتۇ ، — دېدى تۆلگەچىلەر ، — ئۇلارغا ئەل - يۇرت ، ئالتۇن - كۈمۈش ، مال - ئۇلاغ ، ئوزۇق - تۈلۈك ۋە يولغىلارنى ④ سەدىقە قىلساقمۇ رازى بولماي ، تېخىمۇ چىڭ چاپلىشىۋېلىپ بارىدۇ . ئۇرۇق - تۇغقانلاردىن بىرەرىنى يولغا قىلساق قانداق بولار ئىكىن ؟ دەپ پال ئېچىۋېدۇق . . .

ئۆگەدەي خان كۆزىنى ئېچىپ ، سۇ ئەكەلدۇرۇپ ئىچىۋېتىپ :

— نېمە دەۋاتىسىلەر ؟ — دەپ سورىدى .

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



— جۇرجىتلارنىڭ يەر - سۇلىرى ۋەيران قىلىنغان، ئەللىرى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىنغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ يەر - سۇ جىنلىرى چاپلىشىۋاپتۇ، — دېدى تۆلگەچىلەر يەنە، — يولغا سەدىقە قىلساقمۇ رازى بولماي، ئېخىمۇ چىڭ چاپلىشىۋېلىپ بارىدۇ. ئۇرۇق - تۇغقانلاردىن بىرەرىنى يولغا قىلساق قانداق بولار ئىكىن؟ دەپ پال ئېچىۋىدۇق، بىر ئاز ئوڭشىلىپ قالدىلا. شۇڭا، پەرمانلىرىنى كۈتۈپ تۇرماقتىمىز.

— يېنىمدا باللاردىن قايسىڭلار بار؟ — دەپ ۋارقىرىدى ئۆگەدەي خان.

— دانىش ئاتىمىز چىڭگىز خان ئالدىڭىزدا ئاكىلىرىڭىز، كەينىڭىزدە ئىنىلىرىڭىز تۇرسىمۇ، — دېدى يېنىدا تۇرغان تولۇي، — خان ئاكا سىزنى تولپار تاللىغاندەك تاللاپ، ئېرىكنى سىلىغاندەك سىلاپ، سىزگە خاسىيەتلىك ئورنىنى ۋە ئەل - يۇرتلىرىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىپ كېتىپ قالدى. ماڭا ئاكاڭنىڭ يېنىدا تۇرۇپ، « ئۇنتۇپ قالغاندا ئەسكەرتىپ، ئۇخلاپ قالغاندا ئويغۇتۇپ تۇر » ⑤ دەپ تاپشۇرغانىدى. ھازىر خان ئاكامدىن ئايرىلىپ قالسام، كىمنى ئۇنتۇپ قالغاندا ئەسكەرتىپ، كىمنى ئۇخلاپ قالغاندا ئويغۇتىمەن؟ خان ئاكا ناۋادا ياخشى كۈنىنىڭ يامىنى بولۇپ كۆزىڭىز يۇمۇلۇپ قالسا، پۈتكۈل موڭغۇللار يېتىم-سىرەپ، جۇرجىتلارنىڭ گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كېتىدۇ. شۇڭا، خان ئاكا مېنى يولغا قىلىڭلار. مەن تۇلنىڭ ⑥ بېلىنى ئۈشتۈپ، كىلمەنىڭ ⑦ ئومۇرتقىسىنى سۇندۇرىۋەتكەن؛ ئالدىمدىن يوپۇرۇلۇپ كەلگەن دۈشمەنلەرنى قىرىپ، كەينىمدىن قوغلاپ كەلگەن دۈشمەنلەرنى باش ئەگكۈزگەن. چىراي - شەكلىم، تەقى - تۇرقۇممۇ كېلىشكەن. شۇڭا، تۆلگەچىلەر مېنى يولغا قىلىڭلار!

شۇنىڭ بىلەن تۆلگەچىلەر پال ئېچىپ دەم سالغان سۇنى

ئوغلان تېكىن تولۇيغا ئىچكۈزدى.

— مەن مەست بولۇپ كېتىۋاتىمەن، — دېدى تولۇي سۈنى ئىچىپ بىردەم ئولتۇرغاندىن كېيىن، — خان ئاكا، مەستلىكىم يېشىلگىچە، تۇل قالغان خوتۇنۇم، يېتىم قالغان باللىرىمغا ئىگىدارچىلىق قىلىپ قويارسىز! بۇنىڭدىن ئارتۇق يەنە نېمىلەرنى دەي؟ مەست بولۇپ كەتتىم.

ئۇ گېپىنى تۈگىتىپ چىقىپ كېتىپ قازا تاپتى. مانا بۇ ئۇنىڭ قازا تاپقانلىقىنىڭ جەريانى.

① تۇشقان يىلى — مىلادىيە 1231 - يىلى. بۇ چاغدا ئۆگەدەي خان 46 ياشتا ئىدى. — ت.

② تۆلگەچى — Tølgechi، پالچى، رەمچى، رەممال. — ت.

③ ئەسلى تېكستتە ghajir usun u ejed khad (تاغ - سۇلار مۇئەككىلى) ئىدى. بۇ شامان دىنى مۇئەككەللىرىنىڭ بىر قىسمى. يەنى موڭغۇل رايونلىرىدا ئاتايدىغان لوئوس (Loos). ئۇلار ئوبو (obo' a) لاردا يۈرىدىكەن. يەر - سۇ مۇئەككەللىرى نىبداغ شىبداغ (nibdagh shibdfgh) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. — ت.

① يولغا — Joli' a، شامان داخانلىرى ۋە لامالار كېسەل كىشىگە تائەت - ئىبادەت قىلغاندا، خېمىردىن ئادەم شەكلىنى ياساپ، كېسەلگە چاپلىشىۋالغان جىن - ئالۋاستىلارنى يوقىتىش ئۈچۈن، تالاغا ئاچىقىپ كۆيدۈرىدۇ. خېمىردىن ياسالغان ئاشۇ ئادەم شەكلى «يولغا» (jooligha) دەپ ئاتىلىدۇ. — ت.

⑤ بۇ ھەقتىكى ئىشلار 255 § دە بايان قىلىنغان. — ت.

⑥ تۇل — بېلىق نامى. — ت.

⑦ كىلمە — بېلىق نامى. — ت.

273 § ئۆگەدەي خان جىن خانلىقىنى يوقاتقاندىن كېيىن، ئۇلارنى ئۇششاق چاكارلار دەپ ئاتاپ، ئالتۇن - كۈمۈش، ئالتۇن زەرلىك تاۋار - دۇردۇن، مال - مۈلۈك، ئات - ئۇلاغ ①، ئۇششاق چاكارلارنى ئۆتكۈزىۋالدى. ئۇنىڭدىن كېيىن نەنجىڭ، جۇڭدۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قاتارلىق شەھەرلەرنى ساقلاش ئۈچۈن ئالغىنچى، تامغاچى، داروغاچىلارنى قويۇپ، قارا قورۇمغا ② ئامان ـ ئېسەن قايتىپ كەلدى.

① ئەسلى تېكستتە ئالاشاس ( alashas ) ئىدى. ئالاشاس « ئالاشا » نىڭ كۆپلۈك شەكلى. چاڭجيان دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنى. خۇەيخې دەرياسى بويلىرىدىكى جايلاردا ياشايدىغان بىر خىل ئات. ــ ت.

② قارا قورۇم ــ Khara Khurum، موڭغۇلىيىدىكى ئۇخۇن دەرياسىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى جاي. ئىلگىرى ئۇيغۇرلار ئوردا قۇرغان. كېيىن موڭغۇللار پايتەخت قىلىپ تۇرغان. ــ ت.

274 § قورچى شورماقان باغداتلىقلارنى بېقىندۇرغاندىن كېيىن، ئۆگەدەي خان ئۇ جاينىڭ يەر ـ سۇلىرى ياخشى، مال ـ مۈلۈكلىرى مول ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ:

ــ قورچى شورماقاننى ئۇ يەرگە تامغاچىلىققا قويايلى، ــ دەپ پەرمان چۈشۈردى، ــ ئۇ بىزگە ئالتۇن بۇيۇم، كىمخاب، كەشتە، ئۈنچە ـ مەرۋايىت، توبچاق، كۇرەك نار تۆگە، قېچىرلارنى يىل بويى يەتكۈزۈپ تۇرسۇن.

سۇبەگەتەينىڭ كەينىدىن ئەۋەتكەن باتۇ، بۇرى، كۈيۈك، مەڭگۇ قاتارلىق ئوغلان تېكىنلەر قاڭلى، قىپچاق، باجىگىت قاتارلىقلارنى بېقىندۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئىدىل، يايىق دەريالىرىدىن ئۆتۈپ، مەكەتمەن شەھىرىنى ئىشغال قىلىپ، ئۇرۇسلارنى بۇلاڭ ـ تاراج قىلىپ قىرىۋەتتى. ئاسۇلار، ساسۇلار بۇلارلارنى ۋە مەن كەرمەن، كىۋامەن كەرمەن شەھىرىدىكىلەرنىمۇ بېقىندۇرۇپ، ئۇ يەرگە داروغاچ، تامغاچىلارنى قويۇپ قايتىپ كەلدى.

ئىلگىرى جۇرجىت، سولاڭقاسنى ① بېقىندۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتكەن قورچى جالايىرتاينىڭ كەينىدىن قورچى يەسۇدەرنى

ئەۋەتىپ :

— ئۇ شۇ جايدا تامغاچى بولۇپ ، شەھەرنى ساقلىسۇن ، — دەپ پەرمان چۈشۈردى .

① سولاڭقاس — Solaŋkhas ، كورېيىنى كۆرسىتىدۇ . — ت .

275 § باتۇ قىپچاقلار ئېلىدىن ئەلچى ئەۋەتىپ :

— قۇدرەتلىك تەڭرىنىڭ مەدەت بېرىشى ، كىچىك خان ئاتامنىڭ تاجۇدۆلىتى بىلەن مەكەتمەن شەھىرىنى ئالدۇق . ئۇرۇسلارنى بېقىندۇرۇپ ، ئون بىر يات يۇرتنىڭ خەلقىنى ئىزغا سالدۇق ، — دېدى ئۆگەدەي خانغا ، — لېكىن ئالتۇن تىزگىننى تارتىپ ، ئاتىنىڭ بېشىنى كەينىمىزگە بۇرىغاندا ، ھەممەيلەن : « خوشلىشىش تويى ئۆتكۈزەيلى » دېيىشتى ، شۇنىڭ بىلەن چېدىر تىكىپ توي ئۆتكۈزدۇق . مەن ئوغلان تېگىنلەرنىڭ چوڭى بولغانلىقىم ئۈچۈن ، ئاۋۋال بىر ، ئىككى ئۆتۈك شاراب ئىچىۋېدىم ، بۇرى بىلەن كۈيۈك ئىككىسى رەنجىپ ، تويغا قارىماي ئاتلىرىغا مىنىپ كېتىپ قالدى . مېڭىشىدا بۇرى : « باتۇ بىز بىلەن تەڭ تۇرۇپ ، نېمە دەپ ئاۋۋال ئىچىدۇ ؟ ئۆزىنى كەمپىر - مومايلاردەك تەڭ تۇتقىنىنى قارا ، ئۇنى شۇنداق قىلغانلىقىغا دەسسەپ - چەيلىۋەتسەم دەيمەن ! » دېدى . كۈيۈكمۇ : « ئاشۇ قۇر - ساداق ئاسقان كەمپىرلارنىڭ كۆكرىكىنى تېشىۋەتسەم دەيمەن ! » دېدى . ئەلجىگەدەينىڭ ئوغلى قارغاسۇن : « ئۇلارغا ياغاچ قۇيرۇق ئېسىپ قويساق بولغۇدەك ! » دېدى . بىز قارا نىيەتلىك دۈشمەنلەرنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ ، قىلغانلىرىمىزنىڭ چەكتىن ئاشقان - ئاشمىغانلىقى توغرىسىدا پىكىرلىشىۋاتساق ، بۇرى بىلەن كۈيۈك ئاشۇنداق گەپلەرنى قىلىپ ، ھەممەيلەننى كۆڭۈلسىز قىلىپ قويدى . ئەمدى ئۇلارنى قانداق بىر ياقلىق قىلىشقا كىچىك خان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئاتام ئۆزىڭىز بىر نېمە دەڭ !

276 § باتۇدىن كەلگەن خەۋەرنى ئاڭلىغان ئۆگەدەي خان قاتتىق ئاچچىقلىنىپ كەتتى .

— بۇ مەرەز كىمنىڭ پوقىنى يەپ ، ئاكىسىغا ئاغزىغا كەلگەننى دېگىنىنى قارا ، ئاكىسىنىڭ ئاغزىنى غېرىچلىگۇدەك بوپتۇمۇ بۇ قوڭالتاق ؟ — دېدى كۈيۈكنى قوبۇل قىلماي ، — ئۇنى يات يۇرتلارغا ئالغىنچىلىققا ئەۋەتىپ ، ئون بارمىقىنىڭ تىرناقلىرى ئۇپۇراپ كەتكىچە تاغدەك ئېگىز شەھەر سېپىللىرىغا ياماشتۇرايلى ؛ تامغاچىلىققا ئەۋەتىپ ، بەش بارمىقىنىڭ تىرناقلىرى تىتىلىپ كەتكىچە تاشتەك مۇستەھكەم شەھەر قورغانلىرىغا چىقارغۇزايلى ! تېخى ئاشۇ قوڭالتاق قارغاسۇنمۇ ئۇلارنى دوراپ ، بىزنىڭ ئۇرۇقلىرىمىزغا تىل تەگكۈزدىمۇ ؟ ئەسلى ئۇنىڭ كاللىسىنى ئېلىش ھەقلىق ئىدى ، لېكىن ئۇنداق قىلسام مېنى يات كۆرۈپ شۇنداق قىلدى دەيدىغانلار چىقىشى مۇمكىن . شۇڭا ، قارغاسۇننى گۈيۈككە قوشۇپ بىللە ئەۋەتەيلى ! بۇرىگە كەلسەك ، باتۇغا چاغاتاي ئاكامغا ئادەم ئەۋەتىپ ، ئۇنى چاغاتاي ئاكام بىر ياقلىق قىلسۇن ! دەيدۇ دەگلار .

277 § — خان ئاتىڭىز چىڭگىز خان : « تالادا بولغان ئىشنى تالادا ، ئۆيدە بولغان ئىشنى ئۆيدە بىر ياقلىق قىلىش كېرەك » دەپ ئەمىر قىلىدىغان ، — دېدى ئوغلان تېكىنلەردىن ماڭلاي ① ، نويانلاردىن ئالچىداي ، قوڭقۇرتاي ، جاڭگىلار ② تەكلىپ بېرىپ ، — كۈيۈككە ئاچچىقلانغان ئىش تالادا بولغان . شۇڭا ، خان ئالىيلىرى ، ئۇ ئىشنى باتۇغا تاپشۇرۇپ بەرسىڭىز بولماسمۇ ؟

بۇ تەكلىپنى توغرا كۆرگەن ئۆگەدەي خان كۈيۈكنى

چاقىرتىپ :

ـــ سەپەردە ، سېنى چېرىكلەرنىڭ ئېقىمىغا خالىغانچە ئۇرۇپ ، ئۇلارنىڭ جاسارىتىنى سۇندۇردى دەيدىغۇ ، ـــ دېدى تەنبىھ بېرىپ ، ـــ ئورۇسلار ئېلى سېنىڭ ھەيۋەڭدىن قورقۇپ بېقىندى دەپ ئويلامسەن ؟ ئورۇسلار ئېلىنى ئۆزۈڭ يالغۇز بېقىندۇرغاندەك ئاكاڭنى كۆزگە ئىلمىغۇدەك بولدىڭمۇ ؟ بىزنىڭ خان ئاتىمىز چىڭگىز خان : « ئادەم كۆپ بولسا باشقىلار قورقىدۇ ، سۇ تېرەن بولسا ئادەم ئۆلىدۇ » دەيدىغانغۇ ؟ ئۆزۈم يالغۇز بېقىندۇردۇم دەپ ئويلاپ قالما ، ئەمەلىيەتتە سۇبەگەتەي بىلەن بۇجەك ئىككىسىنىڭ قانات ئاستىدا ، كۆپنىڭ تەڭ كۈچ چىقىرىشى بىلەن ، ئورۇس ، قىپچاقلارنى بېقىندۇرغان . سەن ئەمدى تېخى بوسۇغاڭدىن ئاتلاپ ، بىرەر ئورۇس ، قىپچاق تۇتۇل ، چىشقاق ئوغلاقنى ئولجا ئالالماي تۇرۇپ ، ئۆزۈڭچە ئەرلىكىڭنى كۆرسىتىپ ، ئەمەس گەپلەرنى قىلىپ يۈردىڭمۇ ؟ ماڭلاي ، ئالچىداي ، قوڭقورتاي ، جاڭگىلار :

ئۆرلەۋاتقان ئاچچىقىمنى ،
نۆكەر بولۇپ توستى ؛
قايناۋاتقان قازاننى ،
چۆمۈچ بولۇپ باستى .

خەير ! تالادا بولغان ئىشقا باتۇ ئىگە بولسۇن . ئۇ كۈيۈك ، قارغاسۇن ئىككىسىنى بىر ياقلىق قىلسۇن ! بۇرىنى چاغاتاي ئاكام بىر ياقلىق قىلسۇن !

① ماڭلاي ـــ يەنى مەڭگۈ . ـــ ت .
② جاڭگى ـــ يەنى ذذ ـ مىكبېشى گوۋگى . ـــ ت .

278 § ـــ ئاتام چىڭگىز خاننى قوغداپ كەلگەن بارلىق

www.uyghurkitap.com



كەپتاۋۇل ، قورچى تورغاۋۇل ۋە كېزەكچىلەرگە شۇنى جاكارلايمەنكى ، — دېدى ئۆگەدەي خان پەرمان چۈشۈرۈپ ، — ھەممە ئىش ھازىرمۇ خان ئاتامنىڭ بۇرۇنقى پەرمانى بويىچە بولىدۇ ، قورچى تورغاۋۇللار بۇرۇنقى قائىدە بويىچە ، كۈندۈزلۈك كېزەكچىلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ بولغاندىن كېيىن ، كۈن پېتىشتىن ئىلگىرى كېزەكچىلىكنى كەپتاۋۇلغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ سىرتتا تۈنەيدۇ !

— كەپتاۋۇللار ئىشكلىرىمىزنىڭ يېنىدا ۋە ئۆيلىرىمىزنىڭ ئەتىراپلىرىدا تۇرۇپ ، بىز بىلەن بىللە تۈنەيدۇ ، — دېدى پەرمان چۈشۈرۈپ يەنە ، — ئۇلار يەنە ئوردىنىڭ ئالدى ـ كەينىلىرىنى كۆزىتىدۇ . كۈن پاتقاندىن كېيىن ، ئوردا ئەتىراپىدا يۈرگەنلەرنى قولغا ئالىدۇ . ئەل تارقالغاندىن كېيىن ، كېزەكچىلەردىن باشقا ئوردىغا سوقۇنۇپ كىرگەنلەرنى قولغا ئېلىپ ، كالللىسىنى شۇ جايدىلا ئالىدۇ . تۈندە جىددىي خەۋەر ئەكەلگەن ئادەم بولسا ، ئۇ ئاۋۋال كەپتاۋۇلغا ئەھۋال مەلۇم قىلغاندىن كېيىن ، ئاندىن كەپتاۋۇل بىلەن ئۆينىڭ كەينىدە تۇرۇپ خەۋەر يەتكۈزىدۇ . قوڭقۇرتاغاي بىلەن شىراقان قاتارلىقلار كېزەكچى كەپتاۋۇللار بىلەن بىللە ئوردىغا كىرگۈچىلەرنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ . ئەلجىگەدەي شۇنچە يېقىنلىرىمىز تۇرۇقلۇق ، كېچىسى كەپتاۋۇللارنىڭ يېنىدىن ئۆتكەنلىكتىن قولغا ئېلىنغانىدى . پەرمانغا ئىتائەتمەن كەپتاۋۇلغا ئىشەنچ باغلاشقا بولىدۇ . كەپتاۋۇللارنىڭ سانىنى ئېلىشقا ، ئۇلار ئولتۇرغان جاينىڭ يۇقىرى تەرىپىدىن ئۆتۈشكە ، ئارىلىرىدىن مېڭىشقا بولمايدۇ . كەپتاۋۇللار ئولتۇرغان جاينىڭ يۇقىرىسىدىن ئۆتكەنلەرنى قولغا ئالىدۇ . سانىنى ئالغانلارنىڭ شۇ كۈنى مىنگەن ئېتى ، ئېگەر ـ توقۇمى ، نوختا ـ يۈگەنلىرى ۋە كىيىم ـ كېچەكلىرىنى مۇسادىرە قىلىدۇ . ھېچقانداق ئادەمنىڭ كەپتاۋۇللار

ئۆلتۈرگەن جايىنىڭ يۇقىرىسىدا ئۆلتۈرۈشىغا بولمايدۇ. كەپتاۋۇللار تۇغ ـ ئەلەم، داقا ـ دۇمباق، نەيزە ـ ئىلمەك، ئاياق ـ سابالارنى باشقۇرىدۇ. ئىچىملىك، ئوزۇق ـ تۈلۈك، گۆش ـ ئەتلەرنى تولۇقلاپ بېرىدۇ.

ـــ كەپتاۋۇللار ئوردا ھارۋىلىرىنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ، ـــ دېدى پەرمان چۈشۈرۈپ يەنە، ـــ بىز قوشۇن تارتىپ يۈرۈش قىلمىساق، كەپتاۋۇللار بىزگە ھەمراھ بولغاندىن سىرت، ئۆز ئالدىغا يۈرۈش قىلىشقا بولمايدۇ. بىز قوش سېلىپ ئوۋغا چىققاندا، بىر بۆلەك كەپتاۋۇللار ئوردا ھارۋىنى قوغداشقا قالىدۇ، بىر بۆلەك كەپتاۋۇللار بىز بىلەن ئوۋغا چىقىدۇ. كەپتاۋۇللار ئوردىنى كۆچۈرۈش ـ تىكىش ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ. كەپتاۋۇللار، بالاقاچىلار ئىشىك ئەتىراپىدا كۆزەتچىلىك قىلىدۇ. ھەممە كەپتاۋۇللارنى قاداغان ① مىڭبېشى باشقۇرىدۇ.

ـــ قاداغان، بولا قادار ئىككىسى بىر كېزەك كېزەكچىلەرنى ئوردىنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرىپىگە كېزەكچىلىككە ئورۇنلاشتۇرىدۇ، ـــ دېدى يەنە كېزەكچىبېشىلىرىنى بەلگىلەپ، ـــ ئامال، چانار ئىككىسى بىر كېزەك كېزەكچىلەرنى ئوردىنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرىپىگە كېزەكچىلىككە ئورۇنلاشتۇرىدۇ. يالباغ، قاراغۇدار ئىككىسى بىر كېزەك كېزەكچىلەرنى ئوردىنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرىپىگە كېزەكچىلىككە ئورۇنلاشتۇرىدۇ. يەنە قاداغان، بولقادار ئىككىسىنىڭ كېزەكچىلىرى بىلەن ئامال، چانار ئىككىسىنىڭ كېزەكچىلىرى ئوردىنىڭ سول تەرىپىدە قوش تىكىپ كېزەكچىلىك قىلىدۇ. قاداي ② نورى قاچار ئىككىسىنىڭ كېزەكچىلىرى بىلەن يالباغ، قاراغۇدار ئىككىسىنىڭ كېزەكچىلىرى ئوردىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە قوش تىكىپ كېزەكچىلىك قىلىدۇ. قاداغان بۇ تۆت

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



چىڭگىز خاننىڭ يەسۈن تۆگە بىلەن بىللە تەيىنلىگەن بىر كېزەك كېزەكچىلەر باشلىقى . — ت .

279 § — ئاتىمىز چىڭگىز خان تالاي قان – تەرلەرنى تۆكۈپ ئۇلۇسنى جاپا – مۇشەققەتلەردە قويماي ، تىنچ – ئامانلىق ، بەخت – سائادەتلىك تۇرمۇشتىن ھوزۇرلاندۇرايلى ، — دېدى ئۆگەدەي خان ، — مەن خان ئاتامنىڭ تەييار ئورنىنى ئىگىلەپ ئولتۇرۇپ ، خەلقنى زارلاتسام بولمايدۇ . شۇڭا ، شورپىلىق ① ئۈچۈن خەلقتىن ② يىلىغا ھەر قورۇ قويىدىن بىردىن ئېرىك ، مۇھتاج – يوقسۇللار ئۈچۈن ھەر يۈز قويىدىن بىردىن توقلى ئالۋان ئېلىنىدۇ . ئاغا – ئىنىلەر ③ ئاتلىق قوشۇننىڭ موھاپىزىتىدە يىغىلىشقا كەلگەندە ، شۇ جايدىكى خەلققە ئوزۇق – تۈلۈك ، يېمەك – ئىچمەكلەرنى سېلىق سالسا بولامدۇ ؟ ئۇلارغا ھەر قايسى جايلاردىكى مىڭ تۈتۈنلەر بىيە باغلاپ سېغىنچىلارنى چىقىرىپ ، يىلقىچىلارنى بەلگىلىسە ، نۇنتۇغچىنى ④ ئالماشتۇرۇپ ئۇنۇغۇچىلىققا ⑤ قويۇپ تۇرسا بولىدۇ . ئاغا – ئىنىلەر يىغىلىشقا كەلگەندە سوۋغا – سالاملارنى ئالغاچ كېلىش ھەمدە تاۋار – دۇردۇن ، سۆكە ، ساداق – قۇرۇمساق ، ئوق – جەبە ، قۇياق – ساۋۇت ، قورال – ياراغ قاتارلىقلارنى ئامبارغا تولدۇرۇپ ، ھەر قايسى جايلاردىن تاللاپ قويغان بالاقاچى ⑥ ، ئامۇچىلارغا ⑦ ئۆتكۈزۈپ بېرىش كېرەك . پۈتۈن ئۇلۇس خەلقىگە يەر – ماكان بۆلۈپ بېرىپ ، ئۇلارنى يەر – ماكانلىق قىلىشىمىز كېرەك . ھەر قايسى مىڭ تۈتۈنلەردىن نۇنتۇغچى تاللاپ بەلگىلىنىدۇ . چۆللۈكلەردە ، ياۋايى ھايۋانلاردىن باشقا ئادەمزات يوق ، شۇڭا خەلقنى كەڭ – كۇشادە ماكانغا ئىگە قىلىش ئۈچۈن ، چاناي بىلەن ئۇيغۇرتاي ئىككىسى نۇنتۇغچى بولۇپ ، چۆللۈلەردە قۇدۇق قازدۇرۇپ ، سۇ چىقىرىش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولىدۇ . ئەلچىلىرىمىز

باردى ـ كەلدىلەردە ، يول بويى خەلقنى كەينىگە سېلىۋېلىپ سوكۇلداپ ، بەزى ئىشلاردا كېچىلىپ قالىدىكەن ، خەلقنىمۇ ئاۋارە قىلىدىكەن . شۇنىڭ ئۈچۈن ، بىز ھازىر مەلۇم جايلارنى بەلگىلەپ ، ھەر قايسى مىڭ تۇتۇنلەردىن جامچى ⑧ ، ئۇلاغچىلارنى ⑨ تاللاپ ، ھەر قايسى جايلارغا جام ـ ئۆتەڭلەرنى تەسىس قىلىمىز . ئەلچىلەر ئالدىراش ئىشلىرى بولمىسا ، يول بويى خەلقنى ئاۋارە قىلماي ⑩ ، جام ـ ئۆتەڭلەرگە چۈشۈپ ماڭىدۇ . ماڭا بۇ تەكلىپنى چاناي بىلەن بولقادار بەرگەن ، ئويلاپ باقسام ، بۇمۇ بولىدىغان ئىش ئىكەن . چاغاتاي ئاكا ، بۇ ئىش دۇرۇس بولىدىمۇ ـ يوق ، مەسلىھەتىڭىزنى ئالاي دەپ ئالدىڭىزغا ئادەم ئەۋەتتىم .

ــ بولىدۇ ، تەكلىپىڭگە قوشۇلىمەن ، ــ دېدى چاغاتاي ئۆگەدەينىڭ ئەلچى ئارقىلىق يەتكۈزگەن تەكلىپىنى قوللاپ ، ــ مەنمۇ سەن تەرەپكە تۇتاشتۇرۇپ جام ـ ئۆتەڭلەرنى سالغۇزاي ، باتۇغىمۇ ئەلچى ئەۋەتىپ ، ئۇنىڭغىمۇ بىز تەرەپكە تۇتاشتۇرۇپ جام ـ ئۆتەڭلەرنى سالغۇزايلى .

ــ ھەممە ئىشلاردىن جام ـ ئۆتەڭلەرنى سالغۇزۇش ئەڭ توغرا ئىش بولدى ، ــ دېدى ئۇ يەنە ئادەم ئەۋەتىپ تەكىتلەپ .

① شورپىلىق ــ ئەسلى تېكستتە shulen e ( شورپا ) . خان ئوردىسىغا تاپشۇرىدىغان قويلارنى كۆرسىتىدۇ . ــ ت .

② بۇ يەردە باي ، پاراۋان ، قول ـ ئىلكىدە بار ھاللىق خەلقنى كۆرسىتىدۇ . ــ ت .

③ ئاغا ـ ئىنىلەر ــ خان جەمەتىدىكىلەرنى كۆرسىتىدۇ . ــ ت .

④ نۇنتۇغچى ــ Nuntughuchin . نۇنتۇغ : ( 1 ) يۇرت ، جاي ، قورۇ ؛ ( 2 ) يايلاق ، ئوتلاق ؛ ( 3 ) مەھەللە ، يېزا ، رايون قاتارلىق مەنىدە . بۇ يەردە نۇنتۇغچى يۇرتبېشى دېگەن مەنىدە . ــ ت .

⑤ ئۇنۇغۇنچى ــ Unughunchin . ئاتنىڭ يېڭى تۇغۇلغان ياكى بىر ياشقا توشمىغان تايچىقىنى باققۇچى . ــ ت .

⑥ بالاقاچى ــ Balakhachin . بۇ يەردە ئامبارچىنى

www.uyghurkitap.com



كۆرسىتىدۇ . — ت .

⑦ ئامۇچى — Amuchin ، ئاشلىق باشقۇرغۇچىنى كۆرسىتىدۇ . — ت .

⑧ جامچى — Jamchin ، يەنى ئۆتەڭچى ، جام ـ ئۆتەڭ ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى . — ت .

⑨ ئۇلاغچى — Ulaghachin ، بۇ يەردە جام ـ ئۆتەڭنىڭ ئات ـ ئۇلاغلىرىنى باشقۇرغۇچىنى كۆرسىتىدۇ . — ت .

⑩ ئادەمزات شالاڭ يايلاقلاردا سەپەر قىلغاندا ، چارۋىچىلار قوش تىكىپ ئولتۇرغان جايلارنى بويلاپ ماڭمىسا ، ئوزۇقلۇق ۋە قونالغۇدىن قىينىلىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ، سەپەرگە چىققۇچى يول بويىدىكى چارۋىچىلارنىڭ ئۆيىگە چۈشۈپ قونىدۇ ۋە تاماق يەيدۇ . بۇ بەزى قول ئىلكىدە يوق چارۋىچىلارغا ئېغىر كېلەتتى . — ت .

§ 280 — بۇ ئىشقا چاغاتاي ئاكام ، باتۇ قاتارلىق ئوڭ قانات ئاغا ـ ئىنىلەر ، ئوتچىگىن نويان ، يەگۇ قاتارلىق سول قانات ئاغا ـ ئىنىلەر ، ئوردىدىكى مەلىكە ، كۈيئوغۇللار ، تۈمەنبېشى ، مىڭبېشى ، يۈزبېشى ، ئونبېشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى قوشۇلدى ، — دېدى ئۆگەدەي خان .

— دالاي خانىمىزنىڭ ① شورپىلىقى ئۈچۈن ، يىلىغا ھەر قورۇ قويدىن بىردىن ئېرىك يەتكۈزۈپ تۇرۇشقا قولىمىزدىن كېلىدۇ . موھتاج ـ يوقسۇللار ئۈچۈن ھەر يۈز قويدىن بىردىن توقلا بېرىش ساۋابلىق ئىش ، — دېدى ھەممەيلەن رازى بولۇپ ، — يوللار ياسالسا ، جام ـ ئۆتەڭلەر سېلىنسا ، جامچى ، ئۇلاغچىلار بەلگىلەنسە ، ئەل ـ يۇرتلار خاتىرجەم بولىدۇ ، ئەلچىلەرگىمۇ باردى ـ كەلدىلەردە قولايلىق بولىدۇ .

— چاغاتاي ئاكام بىلەن مەسلىھەتلىشىش ۋە ئۇنىڭ ماقۇللىقىنى ئېلىش بىلەن شۇنى جاكارلايمەنكى ، — دېدى ئۆگەدەي خان پەرمان چۈشۈرۈپ ، — پۈتۈن ئۇلۇسنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ھەر قايسى مىڭ تۈتۈنلەر شورپىلىق ئۈچۈن يىلىغا ھەر قورۇ قويدىن بىردىن ئېرىك ؛ موھتاج ـ يوقسۇللار ئۈچۈن ھەر يۈز قويدىن بىردىن توقلا ئايرىدۇ . يەنە بىيە باغلاپ ،

ئۈنۈغۇچى قويىدۇ ، ئۈنىڭدىن باشقا بالاقاچى ، ئاموْچىلارنى قويىدۇ . يەنە جامچى ، ئۇلاغچىلارنى بەلگىلەپ ، ھەر قايسى جام ـ ئۆتەڭلەرگە ئورۇنلاشتۇرىدۇ . ئاراچەن بىلەن توقۇچار ئىككىسى بۇ ئىشلارغا مەسئۇل بولىدۇ . بىر جامغا يىگىرمە ئۇلاغچى قويۇلىدۇ . ھەربىر جام ـ ئۆتەڭلەرگە يىگىرمىدىن ئۇلاغچى قويۇلىدۇ . جام ـ ئۆتەڭلەردىكى زاپاس ئاتلار ، شورپىلىق قويلار ، سېغىن بىيىلەر ، هارۋىغا قوشىدىغان ئۆكۈزلەر ۋە هارۋىلارنى بەلگىلىگەن سانىمىزدىن

كىمكى بىر تال شوينىسىنى قىسقارتسا ،
شۇنىڭ كالپۇكىنى يېرىۋېتىمەن .
كىمكى بىر تال شادىسىنى كېمەيتسە ،
شۇنىڭ بۇرنىنى كېسىۋېتىمەن ② !

① دالاي خان — Dalai yin Khaghan ، هۆرمەت نامى . دالاي : ( 1 ) دېڭىز ، ئوكيان : ( 2 ) ئۇلۇغ ، چوڭ ، بۈيۈك : ( 3 ) جاھان ، چەكسىز : ( 4 ) تالاي ، كۆپ ، نۇرغۇن ، روشەنكى ، تېمۇرچىن زامانىسىدا ئۇنىڭغا « چىڭگىز خان » ( ئەسلى تېكستتە « چىڭگىز قاغان » ) دېگەن هۆرمەت نامىنى بەرگەن . لېكىن ئۆگەدەي زامانىسىغا كەلگەندە ئۇنىڭغا « دالاي خان » ( ئەسلى تېكستتە « دالاي قاغان » ) دېگەن هۆرمەت نامى بەرگەن . مەيلى « چىڭگىز » ياكى « دالاي » بولسۇن ، ھەممىسى « دېڭىز ، جاھان » قاتارلىق مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ . — ت .

② بۇنىڭ ئومۇمىي مەنىسى : بۇرۇنى بىلەن ئاغزىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىن ئىككىگە بۆلۈۋەتكەندەك ، ئائىلە مال ـ مۈلكلىرىنىڭ تەڭ يېرىمىنى مۇسادىرە قىلىمەن دېگەندىن ئىبارەت . — ت .

281 § — خان ئاتامنىڭ كاتتا ئورنىدا ئولتۇرغاندىن كېيىن ، — دېدى ئۆگەدەي خان ، — قىلغان تۆنجى ئىشىم ، جاغۇتلارنى ① يوقاتتىم . ئىككىنچى ئىشىم ، ئەلچىلىرىمىز باردى ـ كەلدىلەردە ۋە لازىمەتلىك نەرسىلەنى يۆتكەش ـ توشۇشلاردا قولايلىق بولۇش ئۈچۈن ، جام ـ ئۆتەڭلەرنى سالدۇردۇم .

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئۈچىنچى ئىشىم، چۆللەردە قۇدۇق قازدۇرۇپ، ئەل-يۇرتۇمنى يېتەرلىك سۇ ۋە جاي-ماكانلار بىلەن قامدىدىم. تۆتىنچى ئىشىم، ھەر قايسى شەھەرلەرگە ئالغىنچى، تامغاچىلارنى قويۇپ، ئەل يۇرتنى تىنچ-ئامان، تۇرمۇشنى خاتىرجەم قىلدىم. بۇ مېنىڭ خان ئاتامدىن كېيىن قىلغان تۆت ئىشىم بولدى. خان ئاتام مېنى كاتتا ئورنىغا ئولتۇرغۇزۇپ، پۈتۈن ئەل-يۇرتنى ماڭا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن بور ② ھاراقلىرىغا بېرىلىپ كېتىپ خاتالىق ئۆتكۈزدۈم. بۇ مېنىڭ بىر خاتالىقىم. ئاياللارنىڭ گېپىگە ئۇرۇنسىز ئىشىنىپ كېتىپ، كىچىك ئاتام ئوتچىگىننىڭ قارىمىقىدىكى ئەللەرنىڭ قىزلىرىنى ئەكەلدۈرۈپ خاتالاشتىم. بىر ئەلنىڭ ئىگىسى، خانى تۇرۇقلۇق، يوقىلاڭ ئىشلارغا ئارىلاشتىم، بۇ مېنىڭ بىر خاتالىقىم. دوغولقۇدىن گۇمانلىنىپ، ئۇنىڭغا بىگۇناھ زىيانكەشلىك قىلىپ خاتالىق ئۆتكۈزدۈم. قانداق خاتالىق ئۇ؟ خان ئاتامنىڭ ئالدىدا قان كېچىپ ئىلگىرىلەپ باتۇرلۇق كۆرسىتىپ كەلگەن دوغولقۇغا زىيانكەشلىك قىلغان خاتالىق. ئەمدى مېنىڭ ئالدىمدا كىم قان كېچىپ ئىلگىرىلەر؟ خان ئاتامنىڭ يېنىدا باشقىلارغا ئۈلگە تىكلەپ، تالاي خىزمەتلەرنى كۆرسىتىپ كەلگەن ئىتائەتچان ئادەمنىڭ قەدرىگە يەتمەي، ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلغانلىقىمغا ھازىرغىچە ئۆكۈنمەن! يەنە تەڭرى ئۆزى ياراتقان ياۋايى ھايۋانلارنىڭ باشقا ئاغا-ئىنىلەرنىڭ جايلىرىغا كېتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، قورۇق چۆرۈتۈپ، قاشا ياسىتىپ، ئاغا-ئىنىلىرىمنىڭ تىل-ئاھانىتىدە قالدىم، بۇ مېنىڭ تۆتىنچى خاتالىقىم. دېمەك، خان ئاتام ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، تۆت ياخشى ئىش قىلدىم، ھەم تۆت خاتالىق ئۆتكۈزدۈم.

①جاغۇت — Jakhud، جۇرجىتلارنى كۆرسىتىدۇ. — ت.

② بور ھارىقى — bor darasu، يەنى ئۈزۈم ھارىقى. — ت.

282 § چوڭ قۇرۇلتاي ئۆتكۈزۈلۈۋاتاتتى. چاشقان يىلى ① 7 ـ ئايدا، ئوردىلار كەلۈرەن دەرياسىنىڭ كۆدەگە ئارال ② دېگەن جايىدىكى دولوغان بولداغ ۋە شىلگىنچەگ دېگەن ئىككى تاغ ئارىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان چاغدا، بۇ كىتاب يېزىلىپ بولدى.

① چاشقان يىلى — ئۆگەدەي خاننىڭ 12 ـ يىلى، يەنى 1240 ـ يىلى. — ت.

② كۆدەگە ئارال — Kөde' e aral. ئىلگىرى ئۆگەدەي خان خانلىق تەختىگە چىققان چاغدا قۇرۇلتاي ئېچىلغان جاي. — ت.

پايدىلانغان كىتابلار :

① بايىر : « موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى » ( 1 ، 2 ، 3 ) ، ئىچكى موڭغۇل خەلق نەشرىياتى ، 1980 ـ يىلى 5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى .
② ساچاسەچەن : « ‹ موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى › نىڭ يېڭى شەرھىسى ۋە ئىزاھاتى » ، جۇڭخۇا مىڭگو 68 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى .
③ « تارىخى جاھان كۇشاي » ( 2 ) ، ئىسملار ئىندېكسى ( 867 ـــ 957 ـ بەتلەر ) .
④ « شىنجاڭ تارىخى لۇغىتى » ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1994 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى .
⑤ « خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە تارىخىي ئاتالغۇلار لۇغىتى » ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1990 ـ يىلى 11 ـ ئاي 1 ـ نەشرى .
⑥ « بەش تىللىق مانجۇچە لۇغەت » ( I II III ) ، مىللەتلەر نەشرىياتى .